بسم الله الرحمن الرحيم

مۇقاۋا ۋە گرافىك لايىھىلىگۈچى:
راسىم شاكىروۋ
ISBN : 978-9967-419-10-5
ئالاقىلىشىش ئادرېسى:
yamgur5@gmail.com

ئوسمان نۇرى توپباش

ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ پەزىلەت نەمۇنىلىرىدىن

# ۋەقىپ، ئىنفاق، خىزمەت

تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: مۇھەممەد سىدىق

ئەركام نەشرىياتى

# كىرىش سۆز

بىز ئاجىز بەندىلىرىگە ئىمان نېمىتى ئاتا قىلغان ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھتائالاغا چەكسىز ھەمدۇ ـ سانالار بولسۇن.

ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن كائىناتنىڭ پەخرى ئەبەدىسى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دۇرۇت ۋە سالام بولسۇن.

ئىسلامنىڭ ئاساسى ئەقىدىدىكى تەۋھىد، يەنى ئاللاھنىڭ بىرلىگىدۇر. ئەمەل بولسا ئەدەپ، توغرا يول ۋە مەرھەمەتتىن ئىبارەت. مەرھەمەت ئىماننىڭ تۈنجى مېۋىسىدۇر. ئۇنىڭدىن يىراق كۆڭۈل تىرىك ھېسابلانمايدۇ. ھەر خەيرلىك ئىشنىڭ بېشى بىسمىللاھ ۋە قۇرئانى ـ كەرىمنىڭ بىرىنچى سۈرىسى فاتىھە ئاللاھنىڭ مەرھېمىتىنى ئىپادىلەيدىغان «راھمان»، «رەھىم» ئىسىملىرى بىلەن باشلىنىدۇ. پەيغەمبەرلەر ۋە مۇتتەقى زاتلارنىڭ ھايات ھېكايىلىرىمۇ مەرھەمەت داستانلىرى بىلەن تولغان. مەرھەمەتنىڭ مۇھىم ئالامەتلىرىدىن بىرى «ئىنفاق[1]»تۇر.

ئەدەپلىك ۋە ئەخلاقلىق ئىنسان يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق تىنچ جەمئىيەت بەرپا قىلىش دىنىنىڭ ئاساسى غايىلىرىدىن بىرىدۇر. بۇنداق كامالەتكە يېتىش كۆڭۈلنىڭ شەپقەت، مەرھەمەت تۇيغۇسىغا ئىگە بولۇشى؛ زاكات، ئىنفاق قاتارلىق سالىھ ئىشلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن مۇمكىندۇر. چۈنكى بۇنداق گۈزەل ئىشلار بەندىنىڭ رەببىگە بولغان تەشەككۇر بۇرچىدۇر.

پىداكارلىق ھەقىقىي سۆيگۈنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئالامىتىدۇر. سۆيگۈچى سۆيۈلگۈچىنىڭ يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدۇ. شۇڭا، مۇسۇلمان بىر كۆڭۈل ياراتقۇچىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن پۈتكۈل مەخلۇقاتنى شەپقەت ۋە مەرھەمەت تۇيغۇسى بىلەن قۇچاقلىشى كېرەك.

قېرىنداشلىق مېھرى ـ مۇھەببەت ئاجىزلاۋاتقان، جەمئىيەتنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقى بوزۇلۇۋاتقان، ھەسەتخورلۇق كۈچىيىۋاتقان بۇ دەۋىردە ئىنفاق ۋە خىزمەت سەپەرۋەرلىكىگە جىددى ئېھتىياج بار. ئەپسۇسكى، بۈگۈن ياشاۋاتقان شۇ جەمئىيىتىمىزدە بىر تەرەپتىن

1. ئىنفاق: خالىسانە ياردەم، خەيرى ـ ساخاۋەت ۋە ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن قىلىنغان پىداكارلىق.

ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي بوھرانلار، يەنە بىر تەرەپتىن ئىنسانلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ماددىياتقا رام بولۇشى تۈپەيلىدىن ئەڭ كۆپ سەل قارىلىۋاتقان ئەمەللەرنىڭ بېشىدا، دىنىنىڭ ماددىي پىداكارلىق بىلەن ئىجرا قىلىنىدىغان ئەمرى كېلىۋاتىدۇ. بۇ جەھەتتە ئېسىمىزگە ئالدى بىلەن زاكات، ئىنفاق قاتارلىق ئەمرلەر بىلەن بىرگە ۋەقىپكە ئوخشاش شەپقەت مۇئەسسەسەلىرى كېلىدۇ.

بۈگۈنكى قەبىرگىچە ھاياتىنىڭ پۈتكۈل باسقۇچلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئىسلام ھەر دەۋرنىڭ تەلەپ، ئېھتىياجلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، قايتىدىن يېڭىلىنىشى كېرەك. ئەگەر بۇنداق قىلىنمىغان تەقدىردە ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى ۋە ھاياتنىڭ ئاچچىق-ساۋاقلىرى ئىچىدە ئىسلامنىڭ ئەخلاقى گۈزەللىكىدىن ئىنسانلارنىڭ قانچىلىك يىراقلىشىۋاتقانلىقىنى پەرقە-تكىلى بولمايدۇ. مەسىلەن: بۇلاردىن بىرى كىتابىمىزدا قىسقىچە بايان قىلىنىدىغان «ئۆشرە»گە ئوخشاش مەسىلىلەردۇر.

ۋەقىپ، زاكات قاتارلىق دىنىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرىپى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردىكى ئاساسى ھۆكۈملەرنى ئەسلىتىش ۋە بىرگە ياشاۋاتقان شۇ جەمئىيەتنىڭ رىئاللىقىنى بۇ پرىنسىپلار ئاساسىدا مۇلاھىزە قىلىش ئۈچۈن بۇ ئەسەرنى تەييارلاش ئېھتىياجىنى ھېس قىلدۇق. مەقسىتىمىز، ماددىي-مەنىۋىي بوھران ئىچىدە بوغۇلۇپ كېتىۋاتقان شۇ جەمئىيىتىمىزدە ۋەقىپ، ئىنفاق، زاكات قاتارلىق ۋەزىپىلىرىمىز بىلەن يارىلارغا قايتىدىن مەلھەم بولىدىغان ئىشتىياق قوزغىتىشتىن ئىبارەت.

كىتابىمىزدا تېمىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ھەقىقەتلەرنى يورۇتۇشنى ئۆزىمىزنىڭ ۋىجدانى بۇرچى دەپ قارىدۇق. پۈتكۈل جاھان ئالدىدا باشقىلارغا قەتئىي ئوخشىمايدىغان دۇنيا قاراشنى مۇداپىئە قىلىشنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئالتە يېرىم ئەسىر دىن، تىل، ئىرق جەھەتتىن بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان مىللەتلەرنى خاتىرجەملىك ئىچىدە بىر يەردە باشقۇرغان ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ بۇ مۇۋەپپەقىيىتىدىكى ئاساسى ئامىللاردىن بىرى «خەير مۇئەسسەسەسى» ۋە بۇلار ئارىسىدا ۋەقىپلەرگە بەرگەن ئەھمىيىتىدۇر.

شۇنى ئېيادىلەيمىزكى، مىللىي تەجرىبىلەر توپلىمى بولغان تارىخ مىللەتلەرنىڭ ئۆتمۈشى دېگەنلىكتۇر. بۇ سەۋەپتىن كېلەچەككە قاراپ مېڭىشتا، ئۇنىڭ رەھبەرلىكىگە موھتاج بولمايدىغان بىر مىللەتنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ تارىخ كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن ئىشەنچ ئاتا قىلىدىغان تەڭداشسىز ماددىي، مەنىۋىي غەلبىلەر بىلەن تولۇپ تاشقان بولسا...

بۇ ئۆلچەم بىلەن قارىغان ۋاقتىمىزدا، بىزنىڭ تارىخىمىز ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ تارىخى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ھەربى، ئىلمىي ۋە ئەخلاقى گۈزەللىكلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىققان. لېكىن كۈنىمىزدە ماددىياتقا رام بولغان بەزى نادانلار مىللىتىمىزنىڭ تارىخىغا داغ چۈشۈرۈۋاتىدۇ. بۇ جەننەتتەك ۋەتىنىمىزدە ياشاۋاتقان، ئەمما ئۆز جىسمىدا ئەجداتلىرىنىڭ قېنى بولمىغان؛ روھىدا ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشىگە قارىتا مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولمىغان كىشىلەرنىڭ شەرەپلىك تارىخىمىزغا قارا سۈرتىشى ئەسلىدە ئۇلارنىڭ مەنىۋى (ئىچكى) دۇنياسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، ئەلۋەتتە.

بىزنى مىللىي، مەنىۋى ئاساسلىرىمىز بىلەن يوغۇرۇلغان مۇقەددەس مەنبەدىن لايىق پايدىلىنىش ئىمكانىدىن مەھرۇم قويۇشقا تىرىشىۋاتقانلار ئاللىبۇرۇن ئۆز پائالىيىتىنى باشلىغان ئىدى. ئۇلار، تەخمىنەن 1000 يىل ھۆكۈم سۈرگەن جاھان ھاكىمىيىتىمىزنىڭ ئەسلى ئامىللىرى بولغان مىللى، مەنىۋى كۈچىمىزنى ئاجىزلىتىش ئۈچۈن پۈتۈن ھىيلىگەرلىكىنى ئىشقا سالدى. بۇ جەرياندا دۈشمەنلەرنىڭ ئۇدا ئېلىپ بارغان ھەرىكەتلىرى نەتىجىسىدە، ۋاقتىنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئۇلارنىڭ بەزىسىنىڭ غاپىل، بەزىسىنىڭ خائىنلارچە ھەرىكەتلىرى ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇلارنىڭ تەسىرى بىلەن ئىنسانلارنىڭ تارىخ ئېڭى ئاجىزلىشىپ، ئۆز ئەنئەنىسىگە قارشى چىقىدىغان بىر قىسىم نەسىللەر ئوتتۇرىغا چىقتى. بۈگۈن بۇ پاجىئەنىڭ ئەڭ دەھشەتلىك باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىمىز. تارىخ سەھنىسىدە قايتىدىن ئەجدادىمىزغا لايىق سۈرەتتە ئوتتۇرىغا چىقىشىمىز ئۈچۈن يۈزىمىزنى قايتىدىن ئۇ بەرىكەتلىك مەنبەگە قارىتىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا غەرپ دۇنياسى ئېرىشكەن تېخنىكا تەرەققىياتى ئالدىدا مەيۈسلىنىش ۋە ئۆزىمىزنى كەمسىتىش تۇيغۇسىدىن قۇتۇلۇپ، قايتىدىن شاخلىنىش كۈچىگە ئىگە بولالايمىز. بۇ مىللىتىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ماددىي-مەنىۋى جەھەتتە ئويغۇنىشىغا تۈرتكە بولىدىغان يېگانە ئامىلدۇر. بۇنىڭدىن مەھرۇم قېلىش ھايات نېمىتىدىن مەھرۇم قېلىش، ھەتتا يۇقۇلۇپ كېتىشكە سەۋەپ بولىدۇ.

تارىخ ئېڭىدىن مەھرۇم قېلىشنىڭ نەتىجىسىدە جان تالىشىۋاتقان دەرتلىك كۆڭۈللەرگە داۋا بولۇش بىلەن مىللىتىمىزنىڭ يېقىن كېلىچەكتە بۇ ھەقىقەتنى تونۇپ يېتىپ، ئەجدادىنى جاھانشۇمۇل قۇدرەتكە ئىگە قىلغان ئامىللارنىڭ ئىنكاسى بولغان تارىخقا ئىشتىياق بىلەن قارايدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز. بۇ خىل مۇھىتتا تەييارلانغان بۇ ئەسەرنىڭ ئەسلى غايىسىدىن بىرى، ئۇ بەرىكەتلىك مەنبەگە ئىشىك ئېچىشتىن ئىبارەت.

تارىخىي مىراسلىرىمىزنىڭ مەدەنىي جەھەتتىن ئەڭ پارلاق سەھىپىلىرىدىن بىرى بولغان ۋەقىپلەر، ئىنسانلىرىمىزنىڭ مەنىۋىي تەربىيە بىلەن يېتىشتۈرۈلۈپ مۇكەممەللەشتۈرۈلۈشىدۇر. بۇ ئىنسانىنى يارىتىلىش غايىسنى مۇكەممەل سۈرەتتە ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغان مەنىۋىي پەزىلەتلەر بىلەن بېزەشكە ۋەسىلە بولىدىغان پائالىيەتلەردۇر. بۇ ئەسەردە تارىخىي مىراسىمىزدىن باشقا بۇ تەرەپلەرنى ئېچىپ بېرىشكە تىرىشتۇق.

بۇ ئەسەردە ۋاقتى كەلگەندە بايان قىلىنغىنىدەك، مۇبارەك ئەجدادىمىز ھاجەتمەنلەرنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ، مەرھەمەت ۋە خىزمەتنى ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرى ئىچىدە ئاجىز ھايۋانلارغىچە يەتكۈزگەن. بۇ سەۋىيەگە كۈنىمىزدە دۇنيانىڭ ھەر قانداق بىر يېرى كېلەلمىدى. بۇ سەۋەپتىن شانلىق تارىخىمىزدىن ئېلىشقا تېگىشلىك كۆپلىگەن گۈزەللىكلەر بار.

ئۇلار ئەدەپ بىلەن «مۆھتەرەم ئاجىزلار» دەپ ئاتىغان نېرۋا كېسەللەرنى ئۇۋ ھايۋانلىرىنىڭ گۆشى بىلەن بېقىپ، مۇزىكا بىلەن داۋالاشتەك، كۈنىمىزدە تەڭدىشى تېپىلمايدىغان مەرھەمەتلە خىزمەت قىلىدىغان مەدەنىيەت بەرپا قىلغان.

يوقۇملۇق ۋە خەتەرلىك كېسەللىك بولىشى تۈپەيلىدىن ئىنسانلاردىن يىراق تۇتۇلىدىغان جۇزام كېسىلى بار كىشىلەرگە ئوسمانىيە دۆلىتى ۋەقىپ مەدەنىيىتىدە شەپقەت قولى ئۇزۇتۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر تۈرلۈك ئېھتىياجىنى ھەل قىلىدىغان «مىسكىنلەر تەككىسى» ناملىق مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلغان.

ئۆيلەرنىڭ پىشايۋان ئاستىلىرىدا قۇشلارنىڭ ئۇۋا سېلىشى ئۈچۈن ئەپلىك «قۇش ئۇۋىلىرى» تەييارلاپ، ۋاقتى كەلگەندە كۆچۈپ كېتەلمىگەن ياردار تۇرنا قۇشلار ئۈچۈنمۇ ئوسمانىيە دۆلىتى ۋەقىپ قۇرغان. ئوسمانىيلارنىڭ بۇ خىل خىزمەتلىرىنى ياخشى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئۆزىمىزنى ئۇلارنىڭ ئۆلچەملىرى بىلەن ئۆلچەپ بېقىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

ئەجدادىمىز يەنە مەرھەمەتنى ۋەقىپ خىزمەتلىرى، خەيرى-ساخاۋەت ئىشلىرىدا مۇۋاپىق ئۇسۇللاردا كۆرسىتىپ، يوقسۇللارنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئالاھىدە دىققەت قىلغان. سەدىقە بەرگۈچى بىلەن ئالغۇچىنىڭ بىر-بىرىنى كۆرمەسلىكىگە دىققەت قىلىپ، جامەلەردە «سەدىقە تاشلىرى» ئورناتقان. موھتاجلارغا بېرىلىدىغان تاماقلارنى ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىگە دەخلى يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن كېچە قاراڭغۇلۇقىدا تارقىتىپ، مەرھەمەتنى لايىق شەكىلدە ئىپادىلىگەن. ھەتتا خىزمەتكارلارنىڭ كۆڭلى ئاغرىتىلمىسۇن دەپ، دىققەتسىزلىكتىن چېقىلىپ كەتكەن ئەشيالارنىڭ ئورنىغا يېڭىسىنى تولۇقلاپ

بېرىدىغان ۋەقىپلەرمۇ قۇرۇلغان. بۇ خىل ۋەقىپلەرنىڭ قۇرۇلۇشى ھەقىقەتەن ئالىيجاناپلىق. بۇلار كۈنىمىزدىكى ئىنسانىيەتنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى ساقلاپ قېلىشتا ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك ھايات دەستۇرلىرىدۇر.

ھاياتىمىز، سۆز-ھەرىكەتلىرىمىز، ھېس-تۇيغۇلىرىمىزدا ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان بۇ مەلۇماتلار، مەزمۇنىدىكى ھەقىقىي مەرھەمەت ۋە ئىنچىكىلىكى جەھەتتىن، كۈنىمىزدە بىز ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان ئويغۇنۇشنىڭ بىرەر ئاگاھلاندۇرۇش ۋاستىلىرىدۇر.

كىتابىمىزدا بۇ خىل مىساللارنى كۆپلەپ كەلتۈرۈشىمىزنىڭ سەۋەبى ئەجدادىمىزغا ۋىجدانى جەھەتتىن مەسئۇل بولغان «ۋاپا ۋە ئالقىش» بۇرچىمىزنى ئىپادىلەش بولماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ خىسلەتلىرىنى ئۆرنەك ئېلىپ، ئىجرا قىلىشقا باشلىشىمىز ئۈچۈندۇر.

ۋەقىپلەر بۇ خىل سۆيگۈ ۋە مەرھەمەتنىڭ جەمئىيەتتە ئومۇملىششى ئۈچۈن، بولۇپمۇ ئەجدادىمىزنىڭ بۇ ھەقتىكى خىزمەتلىرى بۈگۈنكى ئىنسانىمىز ئۈچۈن ئىبرەتلەر مەيدانىدۇر.

بىز بۇ ئەسەردە ئوقۇرمەنلىرىمىز بىلەن بىرلىكتە تارىخى بىر ئىنفاق كۆرگەزمىسىنى زىيارەت قىلماقچىمىز. رەببىمىز بۇ ئىنفاق كۆرگەزمىسىدىن لايىقىدا پايدىلىنىشنى نېسىپ قىلسۇن!

بۇ يەردە بېرىلگەن بىر نەچچە مىسالدىكى گۈزەل ئىشلار، بۇ خىزمەتلەرنى قىلالايدىغان پىداكار ئىنسانلار سايىسىدا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ياخشى ئىشلار، ئۇلارنى قىلماقچى بولغان كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل دۇنياسى ۋە قابىلىيىتىگە قاراپ نەتىجە بېرىدۇ. قابىلىيەتلىك، يېتىشكەن بىر ئىنساننىڭ قولىغا تاپشۇرۇلغان ئىشلار مۇكەممەل سۈرەتتە تاماملانسا؛ پىشىپ يېتىلمىگەن، قابىلىيەتسىز كىشىلەرنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلغان ئىشلار ئىنسانغا نۇرغۇن ئاۋارىگەرچىلىك كەلتۈرىدۇ. بۇ ھەقىقەتكە ئاساسەن كىتابىمىزغا خىزمەت ۋە ئۇسۇلغا مۇناسىۋەتلىك بىر باپنى قوشۇمچە قىلدۇق. بۇ باپتا خىزمەتكە رەھبەرلىك قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ كېرەكلىك قابىلىيەت ۋە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇشتا زۆرۈر بولغان شەرتلەرنى ئوتتۇرىغا قويدۇق.

12 ماددا شەكىلدە بايان قىلىنغان ئەدەپ ۋە ئۆلچەملەر خىزمەت ئەھلى ئۈچۈن مۇھىم بولغان زاھىرى (تاشقى)، باتىنى (ئىچكى)، ئىلىم-ئىرپان، ئەقىل، كۆڭۈل، دۇنيا ۋە ئاخىرەت قاتارلىق ساھەلەرنى تەشكىل قىلىدىغان ئىككى تەرەپلىملىك قابىلىيەتنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ. بىز بۇ ئەسەردە ئىنسانلارنى كامالەتكە، ئەبەدىي گۈزەللىكلەرگە

ئېرىشتۈرۈشكە نامزات بولغان كىشىلەرنىڭ ئىككى قاناتلىق قۇش مىسالىغا ئوخشاش يېتىشىپ، لاياقەتلىك شەخسلەر بولۇشىنى غايە قىلدۇق.

يا رەببى! بۇ قابىلىيەتلەرنى بىزگە ئاتا قىلغىن!..

بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ ئەسەرنىڭ تەييارلىنىشىدا كۈچ چىقارغان م. ئاكىف گۈنداي ۋە باشقا ئاكادېمىك قېرىنداشلىرىمغا تەشەككۈر ئېيتىش بىلەن بىرگە خىزمەتلىرىنىڭ سەدىقە-جارىيە[2] سۈپىتىدە ئاللاھ جەللا جەلالۇھە تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشىنى تىلەيمەن.

**ئەي مۈلۈكنىڭ ھەقىقىي ساھىبى بولغان ئاللاھىم! سېنىڭ يولۇڭدا ئىنفاق ۋە شەپقەتنىڭ پۈتۈن ئالامەتلىرى كۆڭۈل ھاياتىمىزنىڭ تۈگىمەس خەزىنىسى بولسۇن! ئامىن!**

ئوسمان نۇرى توپباش

2. سەدىقە-جارىيە: بىر ئىنساننىڭ ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ ئەمەل دەپتىرىگە داۋاملىق ساۋاب يېزىلىپ تۇرىدىغان ياخشى ئىشلىرى.

# مۇندەرىجە

**كىرىش سۆز** ........................................................ 5

بىرىنچى باپ
**ۋەقىپ مەدەنىيىتىمىز**

**ۋەقىپ مەدەنىيىتىمىز** .............................................. 15

ئىككىنچى باپ
**ئىنفاق ۋە ئۇسۇلى**

**زاكات ۋە ئىنفاق** ...................................................47
A ـ زاكات ...............................................................47
زاكاتنىڭ شەخسىي ۋە ئىجتىمائىي پايدىسى .............................. 50
زاكات بەرمىگۈچىلەرنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتى ............................57
يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدىن ئېلىنىدىغان زاكات: ئۆشرە ................74
B ـ ئىنفاق .............................................................. 78
1 ـ ماھىيىتى ...........................................................78
2 ـ ئىنفاقتا ئەدەپ ...................................................... 91
فىقھ دېرىزىسىدىن **زاكات** ..............................................101
زاكات پەرز بولۇشىنىڭ شەرتلىرى ...................................... 101
زاكىتى بېرىلىدىغان ماللار ۋە مىقدارى ...................................104
زاكات بېرىلىدىغان يەرلەر ...............................................106
زاكات بېرىلمەيدىغان يەرلەر .............................................107
ئۆشرە: يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ زاكىتى ..............................107
ۋەقىپ، زاكات ۋە ئىنفاققا مۇناسىۋەتلىك بىر سۆھبەت: **بايلىق ئامانەتتۇر** ..........110

ئۈچىنچى باب

## خىزمەت ۋە ئەدەبى


مەنىۋىي كامالەتنىڭ تۈنجى قەدىمى خىزمەت ........ 129
ئىسلام ئىنساننىڭ تەربىيىلىنىشى دېمەكتۇر ........ 141
خىزمەتتە ھىدايەت ۋە رەھمەت مېتودى ........ 158
خىزمەتتە ھېلىم (يۇمشاقلىق) ۋە شەپقەت مېتودى ........ 171
خىزمەتتە ئەدەپ ۋە ئۆلچەملەر ........ 185
1. خىزمەتنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇپ يېتىش ........ 187
2. كۆڭۈلنى مەنىۋىي خىسلەتلەر بىلەن زىننەتلەش ........ 192
1) كۆڭۈلنىڭ ئاللاھ بىلەن بىرگە بولىشى ........ 194
2) كۆڭۈل ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ سۆيگۈسى بىلەن تولغان بولىشى ........ 195
3) كۆڭۈلنىڭ دىن قېرىنداشلىرىغا مۇھەببەت بىلەن تولغان بولىشى ........ 200
4) كۆڭۈل مەخلۇقاتقا قارىتا سۆيگۈ-مۇھەببەتكە تولغان بولۇشى ........ 208
3. ئىخلاس ۋە توغرا يولنى مۇھاپىزەت قىلىش ........ 209
4. مەرھەمەتلىك ۋە ئەپۇچان بولۇش ........ 215
5. ئىستىشارە (مەسلەھەت) بىلەن ئىش قىلىش ........ 220
6. خىزمەت قىلىنغۇچىنى ياخشى تونۇش ........ 223
7. مۆتىدىل بولۇش ........ 227
8. قۇرئان خىزمىتىگە بىرىنچى دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش ........ 236
9. ئۆزىنى ئىلمىي ۋە ئەخلاقى جەھەتتىن داۋاملىق تەرەققى قىلدۇرۇش ........ 244
1) ئىلمىي تاكامۇللۇق ........ 245
2) مەنىۋىي تاكامۇللۇق ........ 246
3) كەسپىي تاكامۇللۇق ........ 249
10. خاتالىقىنى نەپسىدىن، مۇۋەپپىقىيەتلەرنى ئاللاھتىن بىلىش ........ 251
11. خىزمەتتە ئۆرنەك بولۇشقا تىرىشىش ........ 259
12. خىزمەت ھاياجىنىنى يۇقاتماسلىق ۋە چىدامچان بولۇش ........ 262
ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئەمرنامىسىدىن پارچىلار ........ 271
ئەدىبالى ھەزرەتلىرىدىن نەسىھەتلەر ........ 277
لۇغەتچە ........ 281

ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ پەزىلەت نەمۇنىلىرىدىن



# ۋەقپ مەدەنىيىتىمىز

(بىرىنچى باپ)



«يوقسۇللۇق ۋە موھتاجلىق دەردىنى تارتىۋاتقان كۆڭۈللەر تۇمان توشقان ئۆيگە ئوخشايدۇ. سەن ئۇلارنىڭ دەردىنى تىڭشاش بىلەن ئۇ تۇمانلىق ئۆيگە بىر دېرىزە ئاچقىنىڭ، ئۆيىنىڭ تۇمانى چىقىپ كەتسۇن ۋە سېنىڭ قەلبىڭمۇ نازۇكلىشىپ، روھىڭ ئىنچىكىلەشسۇن.»

- ھەزرىتى مەۋلانا

# ۋەقىپ مەدەنىيىتىمىز

ۋەقىپ ياراتقۇچى تەرىپىدىن يارىتىلغۇچىلارغا مەرھەمەت ۋە سۆيگۈنىڭ ئالامىتى بولغان ئىنفاقنىڭ داۋاملىشىش مۇئەسسەسىدۇر. بۇ بىر مالنىڭ ئاللاھقا ئاتىلىشى يەنى، بىر نەرسىنى باشقىسىغا مۈلۈك قىلىپ بېرىش ياكى مۈلۈك ئىگىسى بولۇشتىن مەنئى قىلىپ، ئەبەدىي بىر غايە ئۈچۈن ئىشلىتىلىشىنى ئىپادىلەيدۇ. بۈنىڭدىكى غايە پۈتۈن مەخلۇقاتتىكى موھتاجلارغا مەرتىلەرچە ئىكرام قىلىش، شەپقەت ۋە مەرھەمەت بىلەن يېقىنلىشىپ، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر. ئەمىلىيەتتە، مال ھەتتا ۋاقتى كەلگەندە جاننىڭ ئاللاھ جەللە جەلالۇھۇ[3] يولىدا پىدا قىلىنىشى، ھەر مۇئمىن ئىجرا قىلىشقا تېگىشلىك ئىلاھىي ئەمىردۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

**«شۈبھىسىزكى، (ھەقىقىي)مۆمىنلەرئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئاندىن (ئىمانىدا) شەك كەلتۈرمىگەن، ماللىرى**

3. جەللە جەلالۇھۇ: ئاللاھنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغاندا ئېيتىلىدىغان ھۆرمەت سۆزى. «جەلال» بۈيۈك، ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىدىن بىرىدۇر. «جەللە» بۈيۈك ۋە ئۇلۇغ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «جەللە جەلالۇھۇ» ئاتالغۇسى شانى، كۈچ-قۇدرىتى يۈكسەك ۋە ئۇلۇغ دېگەنلىكتۇر.



**بىلەن، جانلىرى بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغانلاردۇر، ئەنە شۇلار (ئىمان دەۋاسىدا) راستچىللاردۇر»** (ھۇجۇرات سۈرىسى، 15 ـ ئايەت)

**«ئۇلار غەيىپكە ئىشىنىدۇ، نامازنى ئادا قىلىدۇ، ئۇلار بىز بەرگەن مال ـ مۈلۈكتىن (خۇدا يولىغا) سەرپ قىلىدۇ.»** (بەقەرە سۈرىسى، 3 ـ ئايەت)

**«شۈبھىسىزكى، ئاللاھ مۆمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى. ئۇلار ئاللاھنىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىپ (دۈشمەنلەرنى) ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ (يەنى دۈشمەنلەر بىلەن جىھاد قىلىپ شېھىد بولىدۇ)، (جىھاد قىلغۇچىلارغا جەننەتنى ۋەدە قىلىش) تەۋراتتا، ئىنجىلدا ۋە قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان (ئاللاھنىڭ) راست ۋەدىسىدۇر، ۋەدىسىگە ئاللاھتىنمۇ بەك ۋاپا قىلغۇچى كىم بار؟ (يەنى ئاللاھتىنمۇ ۋاپادار ئەھدى يوق) قىلغان بۇ سوداڭلاردىن خۇشال بولۇڭلار، بۇ زور مۇۋەپپىقىيەتتۇر.»** (تەۋبە سۈرىسى، 111 ـ ئايەت)

**«بەزى كىشىلەر باركى، ئۇلار ئاللاھنىڭ رىزاسى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدۇ (قىلغان ئەملى بىلەن پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنىلا تىلەيدۇ) ئاللاھ بەندىلىرىگە تولىمۇ مەرھەمەتلىكتۇر.»** (بەقەرە سۈرىسى، 207 ـ ئايەت)

ئىسلام دۇنيانى ئاخىرەتنىڭ تەييارلىق ماكانى، ئاخىرەتنى بۇ دۇنيانىڭ داۋامى دەيدۇ. ئىسلام بۇ ئىككى ئالەم ئوتتۇرىسىدا تەن ـ روھ، ماددا ـ ئاڭ جەھەتتىن گۈزەل ۋە مۇكەممەل تەڭپۇڭلۇق ئورناتتى. بۇنىڭ بىلەن خاتىرجەم ۋە باياشات جەمئىيەتنىڭ ساغلام زېمىنىنى بەرپا قىلدى.

دائىرىسى كەڭ ساھەگە تارقىلىپ، خىزمەت قىلىۋاتقان ۋەقپلەر ئەڭ گۈزەل ئىنفاق مۇئەسسەسەلىرىدۇر. ۋەقىپ يارىتىلغان ھەر نەرسىگە قارىتا ئىسلامنىڭ شۇئارى بولغان شەپقەت ۋە مەرھەمەتنىڭ

«ئىنسان ۋاپات بولغاندا، شۇ ئۈچ ئەمەلدىن باشقا ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى توختايدۇ. بۇلار: سەدىقە ـ جارىيە، پايدىلىق ئىلىم ۋە ۋاپاتىدىن كېيىن دۇئا قىلىدىغان ياخشى ئەۋلاد.»

(مۇسلىم، «ۋاسىيە»، 14)

ئەڭ گۈزەل ئىپادىلىنىشىدۇر. قۇرئانى-كەرىمدە تەقۋا بىر مۇسۇلمان بولۇشتا ئىلاھىي رىزانى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى كۆرۈدىغان نەرسىلەرنى ئىنفاق قىلىش ئەمىر قىلىنغان.

ئىنسان ئۈچۈن دۇنياغا ئائىت نەرسىلەر ئىچىدە ئەڭ قىممەتلىك نەرسە «جان» ۋە «مال»دۇر. جەننەتنى سېتىۋېلىش ۋە ئىلاھىي رىزاغا نائىل بولۇش ئۈچۈن، بۇ قىممەتلىك نەرسىلەرنى ئاللاھ يولىدا ئىنفاق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ سەۋەپتىن جان ۋە مېلىنى ئاللاھ يولىدا مەرتلەرچە سەرپ قىلغان كىشىلەر «ۋەقىپ ئىنسانى» دەپ ئاتىلىدۇ. ھەقىقەتەن، بۇ كىشىلەر پۈتۈن ئىمكانلىرىنى خەيرى-ساخاۋەت ئىشلىرىغا بېغىشلىغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇنداق ئاتىلىشقا لايىقتۇر.

جەمئىيەتتە تىنچلىق ۋە ئامانلىقنىڭ بەرپا قىلىنىشىدا بۇ خىل ئادەملەر مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. چۈنكى، بۇ خىل كىشىلەرنىڭ خىزمەتلىرى ۋاقىتلىق دۇنيا ھاياتىغا خاس بولماي، بەلكى ئۇلار تەسىس قىلغان مۇئەسسەسەلىرى ۋاستىسى بىلەن كەلگۈسىگىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ۋەقىپ ئىنسانلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدە تۇرۇۋاتقانلار پەيغەمبەرلەر، ۋەلىلەر ۋە ئۇلارنىڭ تەربىيەسىدە كامالەتكە يەتكەن مۇئمىنلاردۇر. ئۇلار كۆڭلىدىكى ئىمان ھاياجىنىنى دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىگە تارقىتىپ، تارىخنى ئالتۇن سەھىپىلەر بىلەن تولدۇردى.

دەۋرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي سەۋەپلەر بىلەن كۈرمىگۈلگەن كۆڭۈلسىزلىكلەرگە سەھنە بولىشى، قەدىمقى باي ۋەقىپلەرنىڭ خانىۋەيران قىلىنىشى ۋە يېڭىدىن قۇرۇلغانلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇلماسلىقىدىن كېلىپ چىقىۋاتىدۇ. بۇ خىل يېتەرسىزلىكنى تولۇقلاش ئۈچۈن، كۈنىمىزدە ئىمكانى بار كىشىلەر غەيرەت كۆرسىتىشى كېرەك. چۈنكى، بۇ ئىشلاردىكى مەسئۇلىيەت ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ زىممىسىدە.

بىر ھەدىستە:

«ئىنسان ۋاپات بولغاندا شۇ ئۈچ ئەمەلدىن باشقا ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى توختايدۇ.



مال ساھىبى، مۈلۈك ساھىبى،
قېنى بۇنىڭ دەسلەپكى ئىگىسى؟
مالمۇ يالغان، مۈلۈكمۇ يالغان،
كېتىپ سەنمۇ بىر ئاز ئالدان.

- يۇنۇس ئەمرە

بۇلار: سەدىقە-جارىيە، پايدىلىق ئىلىم ۋە ۋاپاتىدىن كېيىن دۇئا قىلىدىغان ياخشى ئەۋلاد.» (مۇسلىم، «ۋاسىييە»، 14) دېيىلگەن.

ئىسلام ئالىملىرى سەدىقە-جارىيەنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن ۋەقىپنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. سەدىقە-جارىيە ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن داۋاملىق سۈرەتتە خىزمەت قىلىدىغان ئەسەر قالدۇرۇشتۇر.

بەزى ئېرىق، بۇلاقلار باركى، دۇنيا يارىتىلغان ۋاقىتتىن باشلاپ، سۈزۈك ۋە روھانىي نەغمىلەر بىلەن ئېقىۋاتىدۇ. بۇ خىل ئۆستەڭ-بۇلاقلار سۇسىز قالغانلارغا ھايات، ئاشىق روھلارغا ئىلھام ئاتا قىلىپ، قىيامەتكىچە ئاقىدۇ. ئاللاھ رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھ يولىدا قىلىنغان خەيرلىك ئىشلارنى بۇ ئېقىنلارغا ئوخشاتقان. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بايان قىلغان ئاقار سۇ بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئەبەدىيەتكە قەدەر ئېقىپ، ئىنسانغا ئەجىر ئاتا قىلىدىغان خەير ئېقىنىدۇر. ئاققان مۇددەتكىچە ئىگىسىنىڭ ئەمەل دەپتىرىنى تولدۇرۇپ، ئەبەدىي نۇرغا چۆمدۈرىدىغان بىر شىپا، يەنى سەدىقە-جارىيەدۇر.

ئاللاھتائالا كائىنات ۋە كائىناتتىكى نەرسىلەرنى ئىنساننىڭ ئەمرىگە بېرىپ، ئۇنى مەسئۇل قىلدى. ئەۋلاد، مال-مۈلۈك، سالامەتلىك قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بۇ مەسئۇلىيەت دائىرىسىدە ئامانەت قىلىندى. ئىنسان بۇ نەرسىلەرنى ئەستايىدىللىق بىلەن مۇھاپىزەت قىلىشى كېرەك. ئامانەتكە لايىقىدا رىئايە قىلىپ، ئۇنى ھەقىقىي ئىگىسى بولغان ئاللاھنىڭ رىزاسى يولىدا سەرپ قىلىش ئىلاھىي رەھمەتنى جەلپ قىلىشنىڭ يېگانە ۋەسىلىسىدۇر. بۇ ھەقتە، يۇنۇس بىر شېئىرىدا:

مال ساھىبى، مۈلۈك ساھىبى،
قېنى بۇنىڭ دەسلەپكى ئىگىسى؟
مالمۇ يالغان، مۈلۈكمۇ يالغان،



«ئاللاھنىڭ يولىدا پۇل-مېلىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ (سەرپ قىلغان نەرسىسى يەرگە تېرىلىپ) يەتتە باشاق چىقارغان، ھەر باشقىدا 100 دان تۇتقان بىر دانغا ئوخشايدۇ. ئاللاھ خالىغان بەندىسىگە ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىدۇ. ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى (چەكلىك ئەمەس) كەڭدۇر (ئاللاھ مال سەرپ قىلغۇچىنىڭ نىيىتىنى بىلگۈچىدۇر)»

(بەقەرە سۈرىسى، 261-ئايەت)



كېتىپ سەنمۇ، بىر ئاز ئالدان.

دەپ، گۈزەل ئۇسلۇبتا تەسۋىرلىگەن مۈلۈك، ھەقىقىي مەنادا ئاللاھقا ئائىتتۇر. بۇ مۈلۈك بەندىگە پەقەت مەلۇم بىر ۋاقىت ئۈچۈن بېرىلگەن.

كامىل مۇئمىن بولۇشنىڭ شەرتلىرىدىن بىرى «بايلىق ئامانەتتۇر» چۈشەنچىسى بىلەن ياشاشتۇر. شۇڭا، بايلىقنى ئىنفاق ئۆلچىمىنىڭ سىرتىدا ئىشلىتىش ئامانەتكە خىيانەت ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىيانەتنىڭ ئاخىرەتتىكى ھېسابى ئېغىر بولغانلىقى ئۈچۈن دۇنيادىمۇ شەخسىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتە كۆپلىگەن يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئىنفاق سەرمايىنىڭ راك مىكروبىغا ئايلانماسلىقى، جەمئىيەت ئامانلىقىنىڭ بۇزۇلماسلىقى ۋە شەخسلەر ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىكنىڭ يوقۇتۇلىشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

مال-مۈلك ئىگىلىرى ئۆزىنى داۋاملىق بىچارە ۋە موھتاج ئىنسانلارنىڭ ئورنىدا بولۇش مۇمكىنلىكىنى ھەر ۋاقىت ئېسىدىن چىقارماسلىقى لازىم. شۇڭا، ئىمكانى نىسبىتىدە ئىنفاق سەپەرۋەرلىكىگە قېتىلىش غەيرىتىدە بولىشى كېرەك. چۈنكى بۇنداق قىلىش ئاللاھتائالانىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە قارىتا ئەمەلىي شۈكۈر قىلغانلىق بولىدۇ.

ئاللاھ يولىدا ۋە ئۇنىڭ رىزاسى ئۈچۈن قىلىنغان خەيرلىك ئىشلارنىڭ ھەقىقىي بەرىكىتى نىيەتكە باغلىقتۇر. چۈنكى ئاللاھتائالا ئۆزىنىڭ رىزاسى يولىدا قىلىنغان كىچىك بىر ئىشقىمۇ بۈيۈك نىسبەتتە بەرىكەت ئاتا قىلىدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئانى-كەرىمدە:

**«ئاللاھنىڭ يولىدا پۇل-مېلىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ (سەرپ قىلغان نەرسىسى يەرگە تېرىلىپ) يەتتە باشاق چىقارغان، ھەر باشىقىدا 100 دان تۇتقان بىر دانىغا ئوخشايدۇ. ئاللاھ خالىغان بەندىسىگە ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىدۇ. ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى**

ۋەقىپ ياراتقۇچىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن يارىتىلغۇچىلارغا مەرھەمەت قىلىشنىڭ مۇئەسسەسە-لىشىش شەكلىدۇر.



**(چەكلىك ئەمەس) كەڭدۇر (ئاللاھ مال سەرپ قىلغۇچىنىڭ نىيىتىنى بىلگۈچىدۇر)»** (بەقەرە سۈرىسى، 261-ئايەت) دېيىلگەن.

ئاللاھ رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«كىم ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن بىر مەسجىد بىنا قىلسا، ئاللاھتائالا ئۇ ئىنسان ئۈچۈن جەننەتتە بىر تەخت بىنا قىلىدۇ.» (مۇسلىم: «مەساجىد»، 24) دېگەن.

ۋەقپلەرنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكىدىن بىرى بايلىق ئىگىلىرىنى ئىسراپچىلىق، كەيپ-ساپاغا بېرىلىپ كېتىشتىن ساقلاپ قېلىشتۇر. ۋەقپ تەسىس قىلىشتىكى ئاساسلىق غايە ئاللاھنىڭ رىزاسىغا نائىل بولۇپ، ئاخىرەت سائادىتىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت. ئەڭ دەسلەۋىدىلا ۋەقپلەر بۇ غايە ئاساسىغا قۇرۇلۇپ داۋاملاشقان. بۇ شۇنداق بىر غايىكى، «ئەتتەئاررۇبۇ ئىلەللاھ» (ئاللاھقا يېقىنلىشىش ۋەسىلىسى) دەپ ھېكمەتلەشتۈرۈلۈپ، ۋەقپىنىڭ ساغلام بولۇش شەرتلىرىدىن بىرى قىلىنغان.

ۋەقپكە قارىتا ئەستايىدىل بولۇپ، بۇ ئىلاھىي ئامانەتنى باشقا نەرسىلەردىن ئۈستۈن تۇتۇش كېرەك. تارىختىن كۈنىمىزگىچە بۇ ھەقتە ناھايىتى ئەستايىدىللىق كۆرسىتىلگەن. بۇ ئامانەتلەرگە رىئايە قىلىنمىغان ۋاقىتلاردا ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىققان. سالىھ ئەلەيھىسسالامغا مۆجىزە قىلىپ بېرىلگەن تۆگە باشقىلارغا ئائىت بولماستىن ئاللاھتائالانىڭ پەيغەمبىرى ۋاستىسى ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ پايدىلىنىشىغا تەقدىم قىلىنغان بىر ئامانەت ئىدى. بۇ ئەينى زاماندا بىر ۋەقپ بولۇپ، سۈتى شىپالىق، ئىگىسى جانابى ئاللاھ ئىدى. ئەمما ئازغۇن قەۋم تۆگىنى ئۆلتۈرۈپ، ئامانەتكە خىيانەت قىلدى، نەتىجىدە ھالاك بولدى.

خەلق ئارىسىدا قىسسە شەكلىدە رىۋايەت قىلىنغان سۇلايمان ئەلەيھىسسالام بىلەن ئاق قۇشقاچ ئوتتۇرىسىدىكى شۇ ھادىسىمۇ كۆپلىگەن ئىبرەتلەر بار.

خىزمەت قىلغۇچىلار تەرىپىدىن ۋەقپ مېلى لايىق بولمىغان بىر يەرگە ئىشلىتىلگەندە، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا خەير ئىگىسى بىلەن رازىلىشىش مۇمكىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن بۇنىڭ ھېسابى ئىلاھى مەھكىمىگە قالىدۇ.

بىر كۈنى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام بىر ئاق قۇشقاچقا ئازار بەردى. بۇنىڭ بىلەن ئاق قۇشقاچ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا تەھدىت قىلىپ:

ـ سېنىڭ سەلتەنەتىڭنى يوقۇتىمەن! ـ دېدى.

سۇلايمان ئەلەيھىسسالام:

ـ سېنىڭ گەۋدەڭ قانچىلىككى، مېنىڭ سەلتەنەتىمنى گۇمران قىلالىغۇدەك؟!

كىچىك قۇش بۇنى ئاڭلاپ:

ـ قاناتلىرىمنى ھۆل قىلىپ، بىر ۋەقىپ توپرىقىغا سۈرتىمەن. كېيىن قاناتلىرىمغا يۇققان توپراقنى، سارىيىڭنىڭ تېمىغا كۆتىرىپ كېلىمەن. بۇنىڭ بىلەن كەلگەن ئۇ توپراق، سېنىڭ سارىيىڭنى يىقىشقا يېتىدۇ. ـ دېدى.

بۇ قىسسەدىن ۋەقىپ مېلىغا قانچىلىك دىققەت قىلىش لازىملىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز: «ۋ ھەرپى بىلەن باشلانغان سۆزلەردىن (يەنى ۋەللاھى[4] دەپ پايدىسىز يەرلەرگە قەسەم قىلىشتىن، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولمىغان ۋالى بولۇشتىن، ھەققىنى بېرەلمەيدىغان ۋارىس بولۇشتىن، غايىسگە ئۇيغۇن سەرپ قىلىنمىغاندا ئېغىر مەسئۇلىيەت ئاستىدا قالىدىغان ۋەقىپ مېلىدىن) يىراق تۇرۇڭلار، مەسئۇلىيىتىدىن قورقۇڭلار.» دېگەن.

بۇ ئىپادىدىكى مەنانى خاتا چۈشەنمەسلىك كېرەك. خىزمەتنىڭ مەسئۇلىيىتىدىن چىقالايدىغان كىشىلەرنىڭ ۋەقىپ خىزمىتىدىن يىراق تۇرۇشى بۈيۈك گۇناھلاردىن بىرىدۇر. بۇ يەردىكى مەسئۇلىيەتتىن قورقۇش دېگەنلىك، بۇ مۇئەسسەسەلەردىن پايدىلىنىدىغانلارنىڭ ھەقلىرى جايىغا بېرىلىشى، ۋەقىپ ماللىرىنىڭ لايىقىدا مۇھاپىزەت قىلىنىشى دېگەنلىكتۇر. چۈنكى ۋەقىپنىڭ ئىگىدارچىلىقى

«بۇ ۋەقىپنىڭ شەرتلىرىنى بۇزغان ياكى ئۆزگەرتكەنلەرگە ئاللاھنىڭ، پەيغەمبەرلەرنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە بارلىق مەخلۇقاتنىڭ لەنىتى بولسۇن!»

ـ فاتىھنىڭ ۋەقپىيەسىدىن

4. ۋەللاھى: ئاللاھ نامىدا قەسەم قىلىش.



ئاللاھتائالاغا، پايدىسى ئۇممەتنىڭ موھتاج كىشىلىرىگە ئائىت، مۇقىم ۋە يۆتكىلىشچان مال-مۈلۈكلەردۇر.

ۋەقىپ قىلىنغان مال ئىگىسىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىن چىقىدۇ، سېتىلمايدۇ، ھەدىيە قىلىنمايدۇ، مىراسخورلۇق قىلىشقا بولمايدۇ. بۇلارنىڭ مەقسىدىگە ئۇيغۇن ئىشلىتىلىشى ھەققىدىكى ئەھمىيەتنى داۋاملىق ئەستە تۇتۇش ئۇچۇن، ئادەتتە ۋەقىپنامىلارنىڭ بېشى ياكى ئاخىرىدا خەيىر دۇئا ھەم بەددۇئا قىلىنىدۇ. خەيىر دۇئا، ۋەقىپ خىزمىتىدە خاتالىق ئۆتكۈزمىگەنلەر ئۈچۈن. بەددۇئا ۋەقىپىيەدە كۆرسىتىلگەن خىزمەتلەرنى جايىدا قىلمىغان ۋە زىيان سالغان كىشىلەر ئۈچۈندۇر. بۇنداق كىشىلەر ئۇچۇن ئادەتتە شۇ بەددۇئا قىلىنىدۇ:

«بۇ ۋەقىپنىڭ شەرتلىرىنى بۇزغان ياكى ئۆزگەرتكەنلەرگە ئاللاھنىڭ، پەيغەمبەرلەرنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە بارلىق مەخلۇقاتنىڭ لەنىتى بولسۇن!»

فاتىھ سۇلتان مەھمەت خان ئايا سوفيا ۋەقپىيەسىدە يۇقىرىدىكى بەددۇئانى قىلغان.

ۋەقىپنامىلەرگە يېزىلغان بۇ خىل بەددۇئالار مەنىۋى تەھدىتتۇر. چۈنكى ئەبەدىي ئىستىقبالىدىن غەم قىلىدىغان مۆمىنلەر، ئاخىرەتتىكى ھېسابىنىڭ ئازاب بىلەن نەتىجىلىنىشىدىن قورقۇپ، بۇنداق بەددۇئاغا ئۇچراشنى خالىمايدۇ، داۋاملىق بۇ ئەندىشىدە ھەرىكەت قىلىدۇ.

ئىسلامدا ۋەقپلەرنىڭ ئىدارە قىلىنىشى ۋە مۇھاپىزەت قىلىنىشىدىكى ئەستايىدىللىق شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى: «شَرْطُ الْوَاقِفِ كَنَصِّ الشَّارِعِ» (بىر مالنى ۋەقىپ قىلغۇچىنىڭ قويغان شەرتى ئاللاھ قويغان ھۆكۈمدەكتۇر) دېگەن سۆز دەستۇر بولدى. بىر ئايەتنىڭ ئۆزگەرتىلىشى مۇمكىن بولمىغاندەك، ۋەقىپ قىلغۇچىنىڭ شەرتلىرىنىڭ ئۆزگەرتىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەستۇر. ئەسىرلەر ئىلگىرى سېلىنغان كۆپلىگەن ۋەقپلەرنىڭ ماھىيىتى ئۆزگەرتىلمەي بىزگە قەدەر ساقلىنىپ كېلىشى بۇ شەرتلەرگە رىئايە قىلغانلىقنىڭ بەرىكىتىدۇر.

«يەر-زېمىندىكىلەرگە مەرھەمەت قىلىڭلاركى، ئاسماندىكىلەرمۇ سىلەرگە مەرھەمەت قىلسۇن.»

(تىرمىزى، «بىرر»، 16)



ۋەقىپ تارىختا ھەممە ئادەم بىرلىكتە ئىبادەت قىلالايدىغان ماكانلاردىن باشلىنىپ، كېيىن كۆپلىگەن ئىجتىمائىي ساھەلەرگە كېڭەيگەن.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنى چىن يۈرىكىدىن ئۈچ قېتىم زىكىر قىلغانلىقىدىن ھاياجانلىنىپ، بارلىق چارۋا ماللىرىنى ھەدىيە قىلغان. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ پەرىشتە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ ماللىرىنى ئالمىغان. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ ماللارنى سېتىپ، ئۇنىڭ پۇلىغا كەڭ بىر زېمىن سېتىۋېلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ پايدىلىنىشىغا تەقدىم قىلغان. بۇنىڭ بىلەن ۋەقىپ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن باشلانغان.

ئالەملەرگە رەھمەت ۋە ئۇسۋەئى ھەسەنە (گۈزەل ئۆرنەك) قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە:

«يەر-زېمىندىكىلەرگە مەرھەمەت قىلىڭلاركى، ئاسماندىكىلەرمۇ سىلەرگە مەرھەمەت قىلسۇن.» (تىرمىزى، «بىرر»، 16) دەپ، ۋەقىپنىڭ ئەمىلىي ئۆرنىكىنى ئۆز ھاياتىدا كۆرسىتىپ بەرگەن. ھەممىمىزگە مەلۇم بولغاندەك، ئۇ ھەر ساھەدە ئۈممىتىگە مۇكەممەل ئۆرنەك بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنە مۇنەۋۋەردە ئىگە بولغان يەتتە دانە خورمىلىق بېغىنى، كېيىن فەدەك ۋە خەيبەر خورمىلىقىدىن ئۆزىگە تەۋە بولغان قىسمىنى، ئاللاھ يولىدا ۋەقىپ قىلغان. بۇنى كۆرگەن ساھابىلار قولىدىكى كۆپ پايدا كەلتۈرىدىغان بىنالارنى ۋەقىپ قىلغان.

بۇ ھەقتە جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

«مۇھاجىر ۋە ئەنساردىن ئىمكانى بار تۇرۇپ، ۋەقپى بولمىغان بىر كىشىنىمۇ كۆرمىدىم.» (ئىبنۇ قۇدامە، «ئەل مۇغنى»، 5-جىلد، 598) دېگەن.

ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەيبەر ئۇرۇشىدا غەنىمەتتىن ھەققىگە چۈشكەن خورمىلىق يەرگە ئىگە بولغان. چۈشىدە قايتا-

«ھەقىقىي دوستلۇق بەدەنلىرى ئايرىم بولغان ئىككى كىشىنىڭ بىر كۆڭۈلدە ياشىشىدۇر، يەنى مۇھاجىر ۋە ئەنسارغا ئوخشاش.

ھەزرىتى جابىر مۇنداق دەيدۇ: مۇھاجىر ۋە ئەنسارلاردىن ئىمكانى بار تۇرۇپ، ۋەقپى بولمىغان بىرمۇ كىشىنى كۆرمىدىم.»



قايتا بۇ يەرنى ئىنفاق قىلىش ئىشارەت قىلىنغان. ھەزرىتى ئۆمەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

- ئەي ئاللاھنىڭ رەسۇلى! ھازىرغىچە كۆرۈپ باقمىغان بىر خورمىزارلىققا ئىگە بولدۇم. بۇ ھەقتە نېمە دېسىڭىز، شۇنى قىلىمەن. - دېدى. ئاللاھ رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- خالىساڭ بۇ خورمىلىقنىڭ ئىگىدارچىلىقىنى ئاللاھ ئۈچۈن تەسەددۇق قىل (ۋەقپەت)، ئۇ خورمىلىق بۇنىڭدىن كېيىن ئېلىپ-سېتىلمايدۇ، باشقىلارغا ھەدىيە قىلىپ بېرىلمەيدۇ، مىراسچىسى بولمايدۇ، ئۇنىڭ مەھسۇلى پەقەتلا ئىنفاق قىلىنىدۇ. - دېدى.

بۇنىڭغا ئاساسەن، ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزى ئىگە بولغان بۇ خورمىلىقنى ۋەقپەتتى. ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغانلار، قۇللۇقتىن قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلغان قۇللار، مېھمانلار ۋە كۆپلىگەن موھتاج كىشىلەر بۇ باغدىن پايدىلاندى. (بۇخارى، «ۋەسايە»، 22، 28)

ئاللاھ يولىدا ئىنفاق قىلىشتا ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەرنى يۈرەكتىن ئارزۇ قىلىپ بېرىشكە دىققەت قىلىش كېرەك. بىر كۈنى ئەسھابى-كىرام مەسجىدى نەبەۋىدە توپلىنىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ سۆھبىتىنى تىڭشاۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئازدىن كېيىن شۇ ئايەتنى تىلاۋەت قىلدى:

لَنْ تَنَالُوا الْبِرَّ حَتّٰى تُنْفِقُوا مِمَّا تُحِبُّونَ وَمَا تُنْفِقُوا
مِنْ شَيْءٍ فَإِنَّ اللّٰهَ بِهِ عَلِيمٌ

**«ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغىچە (يەنى ماللىرىڭلارنىڭ ياخشىسىنى سەرپ قىلمىغىچە) ھەرگىز ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشەلمەيسىلەر، (ئاللاھنىڭ يولىدا) نېمىنى سەرپ قىلماڭلار، ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.»** (ئال ئىمران سۈرىسى، 92-ئايەت)

جەمئىيەتنىڭ تىنچ ۋە خاتىرجەملىكىنى داۋاملاشتۇرالىشى پەقەت ۋەقىپ ئىنسانلىرى بىلەنلا مۇمكىندۇر. ئەينى شەكىلدە مىللەتلەرنىڭ شان-شەرەپلىرىمۇ كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ۋەقىپ ئىنسانلىرىنىڭ ئۆمۈرلىرى قەدەردۇر.



چوڭقۇر ھاياجاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى تىڭشاۋاتقان ئەسھابى-كىرام، بۇ ئىلاھىي دەۋەتنىڭ روھىدىن تەسىرلىنىپ، قولىدا نېمە بولسا، ھەممىسىنى ئىنفاق قىلىشنىڭ ھېسابىنى قىلدى. بۇ مۇبارەك ساھابىلاردىن بىرى ئەبۇ تەلھا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىدى. ئۇنىڭ مەسجىدى سائادەتكە يېقىن بىر يەردە، ئالتە يۈز تۈپ خورما دەرىخى بار بىر بېغى بار ئىدى. بۇ يەرنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. بۇ يەرگە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى پات-پات دەۋەت قىلىپ، بېغىنى بەرىكەتلەندۈرەتتى.

ئەبۇ تەلھا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئايەتنىڭ تەسىرى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، مۇنداق دېدى:

- يا رەسۇلەللاھ! ئاللاھتائالا كىتابىدا: **«ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغىچە (يەنى ماللىرىڭلارنىڭ ياخشىسىنى سەرپ قىلمىغىچە) ھەرگىز ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشەلمەيسىلەر** (ئال ئىمران سۈرىسى، 92-ئايەت) دېگەن. شۈبھىسىزكى، مال-مۈلكۈم ئارىسىدا ئەڭ قىممەتلىك ۋە ئەڭ سۆيۈملۈك بولغىنى بەيرۇھا دەپ ئاتالغان خورمىلىق بېغىمدۇر. ھازىردىن باشلاپ ئۇنى ئاللاھ ۋە رەسۇلىغا بېرىمەن. ئۈمىد قىلىمەنكى، رەببىم مېنى بىرر (ياخشى ئىشلارنىڭ كامالى)غا يەتكۈزەر ۋە ئۇنى ماڭا ئاخىرەت ئۇزۇقى قىلار. يا رەسۇلەللاھ! بۇ باغنى ئاللاھ ساڭا كۆرسەتكەن يولدا ئىشلەتكىن.- دېدى.

رىۋايەتلەردە دېيىلىشىچە، ئەبۇ تەلھا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ قارارىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن باغقا كەلدى. باغقا كەلگەندە، ئايالىنىڭ بىر دەرەخنىڭ سايىسىدا ئولتۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئەبۇ تەلھا باغقا كىرمىدى. ئايالى:

- يا ئەبۇ تەلھا! نېمىشقا سىرتتا تۇرىسەن؟ باغقا كىرگىن. - دېدى. ئەبۇ تەلھا:

- مەن باغقا كىرەلمەيمەن، سەنمۇ نەرسە-كېرەكلىرىڭنى يىغىشتۇرۇپ، بۇياققا چىققىن. - دېدى.

ئاللاھ بىزگە لۇتۇف قىلغان مال-مۈلۈك، ئەۋلاد قاتارلىق ئامانەتلەرگە رىئايە قىلىپ، ئۇلارنى ھەر نەرسىنىڭ ئەسلى ئىگىسى بولغان ئاللاھنىڭ رىزاسى يولىدا ئىشلىتىش ئىلاھى رەھمەتنى جەلپ قىلىدۇ.



ئايالى كۈتمىگەن بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ:

ـ يا ئەبۇ تەلھا! بۇ باغدىن نېمشقا چىقمەن؟ بۇ باغ بىزنىڭ ئەمەسمۇ؟ ـ دەپ سورىدى.

ئەبۇ تەلھا:

ـ ياق، بۇ باغ بۇنىڭدىن كېيىن مەدىنە يوقسۇللىرىنىڭ. ـ دەپ، ئايەتنىڭ خوشخەۋىرىنى ۋە ئىنفاقنى خۇشاللىق ئىچىدە بايان قىلدى.

ئايالى:

ـ باغنى ئىككىمىزنىڭ نامىغا ئىنفاق قىلدىڭمۇ ياكى ئۆزەڭنىڭ نامىغا ئىنفاق قىلدىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئەبۇ تەلھا:

ـ ئىككىمىزنىڭ نامىغا. ـ دەپ جاۋاب بەردى. بۇنىڭ بىلەن ئايالى ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ:

ـ ئاللاھ سەندىن رازى بولسۇن ئەي ئەبۇ تەلھا! ئەتراپىمىزدىكى يوقسۇللارنى كۆرگەن ۋاقتىمدا، مەنمۇ سەندەك ئويلاپ، بۇنى ساڭا ئېيتالمىغان ئىدىم. ئاللاھ خەيرىمىزنى قوبۇل قىلسۇن. مەنمۇ باغنى تەركېتىپ چىقىپ كېتىمەن. ـ دېدى.

ئەبۇ تەلھاغا بۇ پىداكارلىقنى قىلدۇرغان گۈزەل ئەخلاقنىڭ مەنىۋىياتتا يىلتىز تارتىشى نەتىجىسىدە، ئىنسانىيەت تارىخىدا مەيدانغا كېلىدىغان گۈزەللىكلەر بىلەن يەر يۈزىدە قانداق بىر ئەسرى سائادەتنى بەرپا قىلغىلى بولىدىغانلىقنى تەخمىن قىلىش تەس بولمىسا كېرەك.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلارنىڭ يولىدىن مېڭىشتا بۈيۈك پىداكارلىق كۆرسەتكەن ئوسمانىيلار، ئۆز دەۋرلىرىگىچە بولغان ئارىلىقتا، مەلۇم نىسبەتتە داۋاملىشىۋاتقان ۋەقىپ خىزمەتلىرىدە يۇقىرى پەللىگە چىققان. ئوسمانىيلاردا ۋەقىپ خەلقنىڭ ئەمگىكى نەتىجىسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن بايلىقلارنى، تەكرار ئۇ خەلقنىڭ پايدىلىنىشىغا ئىشلىتىدىغان، ۋاپا مۇئەسسەسەسى شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىققان. بۇلار ھالال يولدىن تاپقان مال-مۈلۈكلەرنى ئۆز

ئوسمانىيلاردا ۋەقىپ خەلقنىڭ ئەمگىكى نەتىجىسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن بايلىقلارنى، تەكرار ئۇ خەلقنىڭ پايدىلىنىشىغا ئىشلىتىدىغان ۋاپا مۇئەسسەسەسى شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىققان.



«بايلىقنىڭ تەمىنى تېتىش، مال ـ مۈلۈكنى خاتا يەرلەرگە ئىشلىتىشتىن ساقلاپ قېلىش بىلەن مۇمكىندۇر. بۇ موھتاج ۋە يېتىملەرنى ئويلاش، يېنىدىن ئايرىماسلىق دېگەنلىكتۇر. يوقسۇلنى تاشلىۋەتكەن جەمئىيەت سائادەتكە ئېرىشەلمەيدۇ، ۋىجدانى راھەت بولالمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئىنسانلارغا پايدىلىق بولغىنىدۇر.» دېگەن. (سۈيۈتى، «ئەل جامىئۇس سەغىر»، 2 ـ جىلد، 8)

ئائىلىسىگە ئىشلىتىشتىن كۆپرەك، ئۇمۇمنىڭ پايدىلىنىشىغا ئىشلىتىپ، ئاللاھتائالانىڭ رىزاسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ۋەسىلە بولىدىغان مۇئەسسەسەلەر قۇرغان.

بۇ ھەقتە شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنكى، ۋەقىپ ئەسلىھەلىرىدە يىلتىز تارتقان شەپقەتنى ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجلىرىنى ھەل قىلىشقا يەتكۈزۈپلا قالماي، ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەرگىچىمۇ يەتكۈزگەن.

ئىسلامنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتكەن بۇ ئەزىز مىللەت، مۇسۇلمانلار قەلبىدىكى چوڭقۇر مۇھەببەتنى پۈتۈن جاھانغا كۆرسەتكەن. ئۇلار ۋەقىپلار ۋاستىسى ئارقىلىق جەمئىيەتنى تورغا ئوخشاش توقۇپ، تېڭىقسىز يارا قالدۇرمىغان.

ئوسمانىيلار:

«ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئىنسانلارغا پايدىلىق بولغىنىدۇر.» (سۈيۈتى، «ئەلجامىئۇس سەغىر»، 2 ـ جىلد، 8) دېگەن ھەدىسنى ئۆزىگە دەستۇر قىلىپ، ۋەقىپ ۋاستىسى ئارقىلىق سان ـ ساناقسىز ئۆلمەس ئەسەرلەر بارلىققا كەلتۈرگەن.

ئوسمانىيلار خىزمەت دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولغان ۋەقىپلار قۇرغان. بۇلارنىڭ جەمئىيەتكە پايدىلىق بولۇشى ئۈچۈن، جۇغراپىيىۋى شەرت ـ شارائىتلىرىغا قاراپ كۆپ خىل بولىشى، سىستېمىسىنىڭ تۈرغۈن بولماستىن بەلكى ھەرىكەتچان بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

❀

ئوسمانىيلاردا قۇرۇلغان ۋەقىپلارنىڭ تۈرلىرى ۋە خىزمەت ساھەلىرىنى تولۇق ئېنىقلاپ چىقىش مۇمكىن بولمىسىمۇ، ئەمما بۇلارنىڭ تەسىر دائىرىسى ھەققىدە بىر چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن بىر نەچچە ئەھمىيەتلىك مىسالنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز. بۇلار:

جامە، مەسجىد قاتارلىق يەرلەرنى بىنا قىلىش ۋە قەبرىستانلارغا قاراش؛



مەدرىسە ، قارىخانا ، دارۇل ھەدىس (ھەدىس ئوقۇتۇش يېرى) ۋە باشقا ئىلىم مۇئەسسەسەلىرى؛

ئىمارەتلەر ، كارۋان ـ سارايلار ، ئۆتەڭلەر ، ھامماملار ، دارۇل ـ شىفا (دوختۇرخانىلار) خىزمەتلىرى؛

نامازگاھ ، كۇتۇپخانا ۋە مېھمانسارايلار؛

قۇدۇق ، سۇ يوللىرى ، ئېرىق ـ ئۆستەڭ ۋە شىپالىق سۇلار؛

ئاشخانا ، بوۋاق ئېمىتىش ۋە بېقىش يەرلىرى؛

ئەسىر ۋە قۇل ئازاد قىلىش؛

مالايلارنىڭ خوجايىنلىرى تەرىپىدىن تىل ـ ئازار ئاڭلىماسلىقى ئۈچۈن ، ئۇلار سۇندۇرىۋەتكەن قاچا ـ قۇچىلارنىڭ ئورنىغا يېڭىسىنى ئېلىش؛

قەرزدارلارنىڭ قەرزىنى تۆلەپ بېرىش؛

تۇل ـ خوتۇن ، يوقسۇل ۋە موھتاجلارغا ياردەم قىلىش؛

مەكتەپ بالىلىرىغا يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەك تارقىتىش؛

يوقسۇل ۋە ئىگە ـ چاقىسىز كىشىلەرنىڭ جىنازا نامىزىنى ئوقۇش؛

ھېيت ـ ئايەملەردە بالىلار ۋە ئىگە ـ چاقىسىز كىشىلەرنى خوش قىلىش؛

ياشانغان ۋە ئىگە ـ چاقىسىز ئاياللارنى ھىمايە قىلىش قاتارلىقلار .

ئوسمانىيلار بۇلارغا قوشۇمچە قىلىپ ، ئەقىلگە ئۇيغۇن بولغان ھەر ساھەدە ئۆز مەدەنىيىتىنى بىر «ۋەقىپ مەدەنىيىتى» شەكلىگە كەلتۈرۈدىغان خەيرى ـ ساخاۋەت تۈرلىرىنى بەرپا قىلغان .

ئەجدادىمىزنىڭ دىنىي سۆيگۈسىنى ئىزھار قىلىشىغا ۋەسىلە بولىشى ئۈچۈن شۇ نەرسىنى ئېيتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ . مەككە مۇكەررەمە ۋە مەدىنە مۇنەۋۋەرگە ئائىت مىڭلارچە ۋەقىپ قۇرۇلغان بولۇپ ، بۇلار «ھەرەمەين (ئىككى ھەرەم) ۋەقىپلىرى» دەپ

بۈگۈنكى ۋە ئەتىدىكى ئىنسانلىرىمىزنىڭ ئېھتىياجىنى قامدايدىغان جامە ، مەكتەپ ، دوختۇرخانا ، مېھمانخانا ، دارىلئىتام قاتارلىق ۋەقىپلەر ئەجدادىمىزنىڭ ئەزىز روھلىرىنى شاد قىلىدىغان بىرەر سەدىقە ـ جارىيەدۇر .



دۇنيا جۇغراپىيەسىنىڭ بۈيۈك قىسمىغا ھۆكۈمران بولۇپ، ھادىسىلەرگە بىۋاستە قول تىققان ئوسمانىيلار، جەمئىيەتنىڭ تىنچ ۋە خاتىرجەملىكىنى ۋەقىپلەر ۋاستىسى ئارقىلىق بەرپا قىلغان. بۇ دەۋىردىكى باي-كەمبەغەل، ساق-كېسەل، كۈچلۈك-ئاجىز قاتارلىق كىشىلەر، مەنىۋى قېرىنداشلىق تۇيغۇسىدا ياشىغان.

ئاتالغان. مۇقەددەس تۇپراقلاردا پاراۋانلىق بەرپا قىلىش ئۈچۈن قۇرۇلغان بۇ خىل ۋەقىپلەرنى ئوتتۇرا ياۋرۇپادىن باشلاپ يەمەنگىچە ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بۇ ماكانلار ئۈچۈن ئايرىم بىر ۋەقىپ قۇرۇلغان. بۇ ۋەقىپلەرنىڭ كىرىمىگە قوشۇمچە قىلىپ، ھەر بىر ئوسمانىيە سۇلتانى ئىستانبۇلدا توقۇلغان كەبە يوپۇقىنى ئەۋەتىشتە ئىككى ھەرەم ۋە ئەتراپىدا ياشاۋاتقان ئاھالىلارغا ھەر خىل قىممەتلىك ھەدىيەلەرنى بىرگە ئەۋەتكەن. سۇررە ئالايى[5] دەپ ئاتالغان بۇ ئەنئەنە ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ پارچىلىنىشىغا قەدەر داۋاملاشقان. بۇ ھەدىيەلەر ۋاقتىنىڭ ئۆتىشى بىلەن ھەرەمەين ئەتراپىدا بۈيۈك يىغىندا ھاسىل قىلغان. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ۋاقتىدا شەرىپ ھۈسەين ۋە قولچۇماقچىلىرى ئىنگلىزلەرنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ، ئوسمانىيلارغا قارشى ئىسيان قىلغان. بۇ ئىسيانغا قارشى مەدىنىنى مۇداپىئە قىلغان پەھرەتتىن پاشا (گېنىرال) مەدىنە ھەرەمىندە ساقلىنىۋاتقان بۇ قىممەتلىك ھەدىيەلەرنىڭ بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇلارنى ساندۇقلارغا سېلىپ، ئىستانبۇلغا ئەۋەتكەن. بۇ ساندۇقلارنىڭ 300 دىن كۆپ بولىشى ئوسمانىيلارنىڭ پەقەتلا مەدىنىگە كۆرسەتكەن ھۆرمىتىنىڭ قانچىلىق يۇقىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىشكە كۇپايە قىلىدۇ.

باشتا ئوسمانىيە پادىشاھلىرىدىن باشلاپ، كۆپلىگەن دۆلەت رەھبەرلىرى، ساخاۋەتلىك كىشىلەرنىڭ ئۇ مۇقەددەس يەرلەردە تەسىس قىلغان ۋەقىپلىرى پۈتۈن ئەھلى ئىسلامنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن.

---

5. سۇررە ئالايى: پادىشاھلار ھەج مەۋسۇمىدىن ئىلگىرى رەجەپ ئېيىدا ئىستانبۇلدىن مەككە، مەدىنىگە، ئۇيەرنىڭ يۇقىرى تەبىقىدىكى كىشىلىرى بىلەن ئەڭ تۆۋەن قاتلامدىكى يوقسۇل كىشىلىرىگىچە تارقىتىپ بېرىش ئۈچۈن تەييارلانغان پۇل، ئالتۇن-كۈمۈش ۋە ھەدىيەلەرنى مەخسۇس مۇراسىم تەشكىللەپ، بىر قىسىم ئادەملەر بىلەن يولغا سېلىشى. (مۇنىر ئاتالار يازغان «سۇررەئى ھۇمايۇن ۋە سۇررە ئالايى» دېگەن كىتاب، 2-بەت)



ياشانغان ۋە ئىگە-چاقىسىز ئاياللارنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن قۇرۇلغان ۋەقىپلەرمۇ دىققەتنى تارتىدۇ. بۇ ۋەقىپلەر بىۋاستە ياردەم قىلىش ئارقىلىق ياشىنىپ قالغان ئاياللارنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرمەسلىك ئۈچۈن ئۇلارغا پاكىز، يۇيۇپ تارالغان يۇڭ بېرىپ، بۇلارنى ئىگىرىپ، يىپ قىلىشنى تەۋسىيە قىلغان. ئۇلارنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىنى باياشاتلىق ئىچىدە ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن قىلغان ئەمگىكىنىڭ ھەققىنى يۇقىرى باھادا سېتىۋالغان. بۇنداق قىلىش ئارقىلىق ۋەقىپ مەسئۇللىرى، ياشىنىپ قالغان ئاياللارنىڭ باشقىلارغا موھتاج بولماي ھاياتىنى ئۆز ئەمگىكى بىلەن ئۆتكۈزىشىگە ياردەم قىلغان. ئوسمانىيە دۆلىتىدە ۋەقىپ قۇرۇش قىزغىنلىقى شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنكى، ۋەقىپ قۇرۇش ئىنسانلارغىلا خاس بولۇپ قالماستىن يەنە ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەرگە قەدەر كېڭەيگەن. ئوسمانىيلاردا يارىدار قۇشلار، كېسەل ھايۋانلار ۋە ئۇچۇپ كېتەلمىگەن تورنا قۇشلار ئۈچۈنمۇ داۋالاش مەركەزلىرى قۇرۇلۇپ، چىقىملىرى ۋەقىپلەر تەرىپىدىن بېرىلگەن.

بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئوسمانىيە تۇپراقلىرىنى زىيارەت قىلغان ۋاقتىدا، كۆرگەنلىرى ئالدىدا ھەيران قالغان فرانسوز كومتەدە بوننەۋال مۇنداق دېگەن:

«ئوسمانىيە دۆلىتىدە مېۋە بولمايدىغان دەرەخلەرنى، ئىسسىقتىن ساقلاپ قېلىشتا ھەر كۈنى سۇغۇرۇش ئۈچۈن ئىشچىلارغا پۇل بېرىدىغان دەرىجىدە ئەقىلدىن ئېزىپ قالغان تۈركلەرنى ئۇچرىتىش مۇمكىن.».

ۋەقىپ تەسىس قىلىش ساغلام ئىمانلىق ئىنسانلارنىڭ رەھبەرلىكىدىكى خەلقلەردە تېخىمۇ كەڭ ئومۇملاشقان. چۈنكى غەمگۈزارلىق، مەرتلىك، ئىخلاس، سەممىيەت كامىل مەنادا روھى تەرەققىياتنىڭ نەتىجىسى بىلەن مەيدانغا كېلىدۇ.

ئوسمانىيە دۆلىتى ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا تەككەلەر (زىكىر مەجلىسى) مەنىۋىي تەربىيە مەركىزى سۈپىتىدە كەڭ تارقالغان مۇئەسسەسە بولغان. بۇ يەرلەر «شىپاھى مەدەنىيەت» ئۆگىنىدىغان

مەرىپەت ئىگىسىنىڭ كۆڭلىدە ئىبادەت ۋە خىزمەت ھارغىنلىق ئەمەس، بەلكى خۇشاللىق ۋەسىلىسىدۇر.



ئاللاھ رەسۇلىنىڭ دىگىنىدەك، ئۇسسۇز قالغان بىر ئىتقا سۇ بەرگەن گۇناھكار بىر ئادەم، قىلغان بۇ مەرھەمىتى ئۈچۈن گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىپ، جەننەتكە نائىل بولغان. بۇنىڭ ئەكسىچە، بىر مۈشۈككە مەرھەمەتسىزلىك قىلىپ، ئۇنىڭ ئاچ قېلىشى بىلەن كارى بولمىغان بىر ئايال، جەھەننەمگە دۇچار قىلىنغان.

(مۇسلىم، «سەلام»، 151، 153)

ۋە ئەخلاقى تەربىيە ئالىدىغان مەركەز ھالىتىگە كەلگەن. ئۇ مەنبەدىن ئېتىلىپ چىققان مەنىۋىي تەربىيە بىلەن ۋەقىپ تەسىس قىلىش، ئىجتىمائىي ھەمكارلىقنى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقىرىدىغان ئامىللار بولغان. ئەمىلىيەتتە بۇ مۇئەسسەسەلەرنىڭ ئۆزىمۇ بىر ۋەقىپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ يەرلەردىن مەنىۋىي تەربىيە ئالغان كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ۋەقىپ ئىنسانى سۈپىتىنى قازىنىپ، باشقا يەرلەردە كۆپلىگەن ۋەقىپ تەسىس قىلغانلىقىغا تارىخ شاھىتتۇر.

بۇ ۋەقىپلەر شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنكى، بۇ بەرىكەتلىك خىزمەتلىرىنىڭ نەتىجىسى بولغان مۇئەسسەسەلەرنىڭ كۆپ قىسمى زىيانغا ئۇچرىتىلغان بولسىمۇ، ئەمما كۈنىمىزدە بىر قىسمى مەۋجۇدلىقىنى ساقلاپ، جەمئىيىتىمىزنىڭ مەنىۋىي ئىللىتىنى داۋالاشتا كۈچلۈك رول ئويناماقتا. ھەقىقەتەن، جامەلەر، قۇدۇقلار، بۇلاقلار، ھەربى لاگىرلار، دوختۇرخانىلار، ھەتتا ئىچىۋاتقان سۇلىرىمىز ۋە ئىسمى تىلغا ئېلىنمىغان كۆپلىگەن خەيرلىك ئىشلار، ئۇلاردىن بىزگە قالغان قىممەتلىك خاتىرە ئەسەرلەردۇر.

ئوسمانىيە دۆلىتىدە پادىشاھتىن پۇخراغىچە ھەممە ئادەم ۋەقىپ روھىغا ئىگە ئىدى. جەمئىيەتكە مەنىۋىي جەھەتتىن يول كۆرسىتىدىغان ئۇستازلار، ئىنسانلارنى داۋاملىق بۇ ئىشقا تەشۋىق قىلغان. مەسىلەن: ئەزىز مەھمۇت ھۇدايى ھەزرەتلىرى 3-مۇرادقا يازغان بىر مەكتۇبىدا:

«سۇلتانىم! بوۋاڭ قانۇنىي سۇلتان سۇلايمان ئىستىرانجىلاردىن سۇ ئەكىلىپ، ئىستانبۇل خەلقىنى سۇغا ئېرىشتۈرگەن بولسا، سەنمۇ بولو ئورمانلىقىدىن ئۇتۇن ئەكىلىپ، بۇ قىش ئىستانبۇل خەلقىگە تارقىتىپ بەرگىن!» دەپ، تەۋسىيە قىلغان.

دۇنيا زېمىنىنىڭ كۆپ قىسمىغا ھۆكۈمران بولۇپ، ھادىسلەرگە بىۋاستە ئارىلاشقان ئوسمانىيلار، جەمئىيەتنىڭ تىنچ-ئامانلىقىنى ۋەقىپلار ۋاستىسى ئارقىلىق بەرپا قىلغان. باي-كەمبەغەل، ساق-

كېسەل، كۆچلۈك-ئاجىز قاتارلىق ئىنسانلار، ۋەقىپلار سايىسىدا مەنىۋي قېرىنداشلىق ھېسسىياتىدا ياشىغان.

ئوسمانىيە خەلقى بۇ خىل ۋەقىپلەر سايىسىدا كۈنىمىزدىكى مەدەنىي مىللەتلەرنىڭ شۇئارى بولغان «ئىجتىمائىي ئادالەت»نى بەرپا قىلىشتا، ئەسىرلەر ئىلگىرى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان. بۇ سەۋەپتىن ئوسمانىيە ئەدەبىياتىدا، ئوسمانىيەنىڭ پارچىلىنىش دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتىچە «رومان» مەۋجۇد بولمىغان. مەرھۇم جەمىل مەرىچ بىزدىكى رومانچىلىقنىڭ كېچىكىشىنى:

«ئوسمانىيە ھاياتىدا دىراما يوقكى، رومان بولسۇن» دەپ، گۈزەل ئىپادىلىگەن.

مەرھەمەت خىرىستىئانلىقتا شۇئار قىلىنغان ئامىل بولسىمۇ ئەمما شەپقەت، مەرھەمەت مۇئەسسەسى بولغان ۋەقىپلەر، غەرب دۇنياسىدا بىزدىكىگە ئوخشاش كۆپ ئەمەس. مەۋجۇت بولغانلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئوسمانىيە دۆلىتىدە باش ئەلچىلىك قىلغان غەرپلىك دىپلوماتلارنىڭ تەۋسىيە، غەيرىتى بىلەن بىنا قىلىنغانلىقىنى، بۇ ئەلچىلەرنىڭ ئەسلىمىلىرىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەشھۇر فرانسوز باش ئەلچىسى بۇسبەرگىنىڭ ئەسلىمىلىرى بۇ خىل ئېتىراپلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەسەرلەرنىڭ تىپىك ئۆرنىكىدۇر.

ئوسمانىيە دۆلىتىدە ۋەقىپلەر ۋاستىسى ئارقىلىق قىلىنغان ياخشى ئىشلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدىكى مۇھىم ئالاھىدىلىكلەردىن بىرى ياردەم ئالغۇچى ۋە ياردەم قىلغۇچىنىڭ بىر-بىرىنى كۆرمەسلىكىدۇر. بۇنىڭ بىلەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلار رىيا ئىللىتىدىن قۇتۇلۇپ، تېخىمۇ مەقبۇل بولىدىغان غىيابى[6] دۇئالاردىن نېسىۋىسىنى ئالغان.

بۇ ياردەملەر مەسجىد ۋە جامە ۋاستىسى ئارقىلىق قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، خەلقىنىڭ ئەقىدىسىنىڭ كۈچلىنىشىگە سەۋەپ بولغان.

6. غىيابى: بىر مۇسۇلماننىڭ باشقا بىر مۇسۇلمان قېرىندىشى ئۈچۈن خالىس دۇئا قىلىشى.



«سۇلتانىم! بوۋاڭ قانۇنىي سۇلتان سۇلايمان ئىستىرانجىلار-دىن سۇ ئەكىلىپ، ئىستانبۇل خەلقىنى سۇغا ئېرىشتۈرگەن بولسا، سەنمۇ بولو ئورمانلىقىدىن ئوتۇن ئەكىلىپ، بۇ قىش ئىستانبۇل خەلقىگە تارقىتىپ بەرگىن!»

-ئەزىز مەھمۇت ھۇدايى ھەزرەتلىرى



بۇ خىل پىداكارلىقنىڭ مۇھىم ئالامەتلىرىدىن بىرىنى فاتىھ سۇلتان مەھمەدخان ھەزرەتلىرىنىڭ ۋەقپىيەسىدىكى شۇ قۇرلاردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

«مەنكى، ئىستانبۇل فاتىھى ئاجىز بىر بەندە فاتىھ سۇلتان مەھمەدخان مەن، ھالال كۈچۈم بىلەن قازانغان ئاقچىلىرىمغا سېتىۋالغان، چەك-چېگراسى ئايرىلغان ئىستانبۇلنىڭ تاشلىق مەھەللىسىدىكى 136 دۇكىنىمنى تۆۋەندىكى شەرتلەر ئاستىدا ۋەقىپ قىلىمەن. شۇنى دېيمەنكى:

بۇ دۇكانلاردىن كېلىدىغان كىرىم بىلەن ئىستانبۇلنىڭ ھەر كوچىسىغا ئىككىدىن مەمۇر تەيىنلىدىم. بۇلار ياغنى ئېرىتىدىغان تۇز ۋە كۆمۈر كۈلى بار بىر قاچىنى قولىدا كۆتىرىپ، كوچىلارنى ئايلىنىدۇ. بۇ كوچىلارغا تۈكۈرگەنلەرنىڭ تۈكۈرۈكلىرىنىڭ ئۈستىگە بۇ تۇزنى تۆكىدۇ. بۇلارنىڭ كۈنلۈكى ئۈچۈن 20 دانە ئاقچە بېرىلىدۇ.

يەنە 10 ئوپېراتسىيەچى، 10 دوختۇر ۋە ئۈچ نەپەر تېڭىقچى تەيىنلىدىم. بۇلار مەلۇم كۈنلەردە ئىستانبۇلنىڭ كوچىلىرىغا چىقىدۇ. ھەر ئىشىكنى چېكىپ، ئۆيدە كېسەل بار-يوقلۇقىنى سورايدۇ. ئەگەر كېسەل بولسا داۋالايدۇ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمىسە، ھەق ئالماي، دارۇل ئاجىزىنغا ئەكىلىپ باقىدۇ. ئەگەر شىپالىق بىر ئوزۇقلۇق كەم بولسا، بۇ ئەھۋال ئاستىدا قوييۇپ قويۇلغان 100 ئوۋ مىلتىقى ھاجەتمەنگە بېرىلىدۇ. بۇلار ۋەھشى ھايۋانلار تۆللەنمىگەن ۋە ئوۋ ئوۋسىدا بولمىغان ۋاقىتلاردا ئورمانلىقلارغا بېرىپ، ئوۋچىلىق قىلىدۇ؛ بىنا قىلىنغان پاراۋانلىق ئورنىدا شېھىدلەرنىڭ ئائىلىسى، مەدىنە ۋە ئىستانبۇلنىڭ يوقسۇل كىشىلىرى تاماق يەيدۇ. تاماق يېيىشكە ۋە تاماق ئېلىشقا ئۆزى كېلەلمەي باشقىلارنى ئەۋەتكەنلەر ھاۋا قارايغان ۋاقىتلاردا كېلىپ، ئېغىزى ئېتىلگەن قاچىلاردا تاماقلارنى ئېلىپ كېتىشى كېرەك.»

فاتىھ يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، جەمئىيەتنىڭ ھىمايىگە موھتاج كىشىلىرى ئۈچۈن ئەڭ ئىنچىگە قائىدە-تۈزۈملەرنى بېكىتكەن. ئەينى ۋاقىتتا ناھايىتى ئاز سادىر بولىدىغان «يەرگە تۈكۈرۈش»كە

«بىزگە مەرھەمەت قىلىڭلار!» پەريادىنى ئاڭلىمىغانلار ھاياتنىڭ ئازغۇن مۇساپىرلىرىدۇر. مەرھەمەت ۋە خىزمەتنى پانىي سەۋدالارنىڭ ئۈستىگە قۇيالمساق، ئۆزىمىزگە زۇلۇم قىلغان بولىمىز.



دەرتلىك كىشىلەرنىڭ دەردى سەۋەپلىك قىلىنغان خىزمەتلەر، ئىنسانغا مەھشەرنى ئەسلىتىدۇ، ئاللاھتائالاغا ئېچىلغان دېرىزىنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ، بەلكىم ئۇ يەردە نېمىنى ئاڭلايدۇ، نېمىنى كۆرىدۇ. بۇ شۇنى كۆرسىتىدۇكى، سەممى خىزمەتلەر كۆڭۈل سايلىقىنىڭ شاھ ئەسەرىدۇر.

ئوخشاش، قارشى ئېلىنمايدىغان قىلىقلارغىمۇ تەدبىر ئالغان. بىتاب كىشىلەرنىڭ ئۇۋ گۆشى بىلەن ئۇزۇقلاندۇرۇلۇپ، سالامەت بولۇشىنى ئەمىر قىلىش بىلەن بىرگە «ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق»نى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن ئۇۋ ھايۋانلىرىنى تۇخۇم چىقارغان ۋە يارغان ۋاقىتلاردا ئوۋلاشنى چەكلەپ، ئۈممەتكە بولغان مەرھەمىتىنىڭ يېنىدا ھايۋانلارنىڭمۇ ھەققىنى قوغدىغان.

بۈگۈن دۇنيانىڭ كەلگۈسىنى قارايتىۋاتقان «مۇھىت كىرىزىسى» ۋە «ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى»غا قارشى بەش يۈز يىل ئىلگىرى تەدبىر قوللىنىلىشى، كۆنىمىز ئىنسانلىرى ئۈچۈن بۈيۈك ئىبرەتتۇر.

شېھىد ئائىلىلىرىگە ئېغىزى ئېتىلگەن قاچىلاردا ۋە قاراڭغۇ چۈشكەندە تاماق تارقىتىلىشى، ئۇلارنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى ساقلاش جەھەتتە تەرىپلىگۈسىز ۋاپا ئۆرنىكى، كەلگۈسى نەسىللەرگە تەڭدىشى بولمىغان ئەدەپ تەربىيەسىدۇر.

بۇ مۇناسىۋەت بىلەن شۇنى ئېپادىلەيمىزكى، ئىسلام توغرا چۈشىنىلىپ، تەتبىق قىلىنغان ئوسمانىيە دۆلىتىدە، ئىنسانلارنىڭ كامالەتكە يەتكەنلىكى، بىر-بىرىگە تەسەۋۋۇردىن يىراق مەرھەمەت تۇيغۇسى بىلەن باغلانغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ۋەقپىيەلەرنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ بېقىش كۇپايە قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەستايىدىللىقىنىڭ مەھسۇلى بولغان ۋەقپىيەلەر ۋە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەر مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئىلغار ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرىسىدۇر.

شۇنى تەپەككۇر قىلىڭلاركى، بىر ئۆيدە كېسەل بولغان تەقدىردە ئۇ ئۆيىنىڭ دېرىزىسىگە قىزىل بىر گۈل قويۇپ قويىلىدۇ. بازارچىلار ھەتتا مەھەللىنىڭ بالىلىرى ئۇ ئۆيىنىڭ ئالدىدىن ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلماي، كېسەلنى بىئارام قىلىدىغان ھەرىكەتلەردىن يىراق تۇرىدۇ.

ئوسمانىيە دۆلىتىدە قۇرۇلغان ۋەقپىلەرنىڭ ھەققىي سانىنى ئېنىقلاپ چىقىش مۇشكۇلدۇر. ئەمما بۇلارنىڭ ئىچىدە 26300 ئى



ئېھتىياجىنى ئېيتقان موھتاجنى تېپىش ئاسان. ئەمما خىجىللىقىدىن ئەھۋالىنى ئېيتالمىغان مەھرۇم كىشىلەرنىمۇ ئىزدەپ تېپىشىمىز كېرەك.

تىزىملاپ چىقىلدى. بۇ سان ئەجدادىمىزنىڭ غەمگۈزارلىقىنى ئىپادىلەشكە كۇپايە قىلىدۇ.

ۋەقپىلارنىڭ خىزمەتلىرى دۆلەت ئاجىزلاپ، ئىچكى ۋە تاشقى مەسىلىلەردە ئىختىلاپقا ئۇچرىغان ۋاقىتلاردا تېخىمۇ بۈيۈك ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى. توقسان ئۈچ ئۇرۇشى (1877 ـ 1878 ـ يىللار ئارىسىدىكى تۈرك ـ روس ئۇرۇشى)دا رۇمەلى (بالقان)دە كۆپلىگەن زېمىندىن ئايرىلىپ قېلىشىمىز بىلەن، ئىستانبۇلغا كۆچكەن يۈزمىڭلارچە كۆچمەن قەبىلىلەرنىڭ ئېھتىياجلىرىنى ھەل قىلىشتا، دۆلەتكە قارىغاندا ۋەقپىلەرنىڭ رولى تېخىمۇ كۈچلۈك بولدى. ئۇلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ۋە ياتاق ئېھتىياجلىرى ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە ۋەقپىلەر تەرىپىدىن تەمىنلەندى. ئەينى خىزمەتلەر بالقان ئۇرۇشى ۋە بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى جەريانىدىكى خانىۋەيرانچىلىقتىن كېيىنمۇ داۋاملاشتى. ۋەتىنىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر قالغان مىليونلارچە ئىنسان، باي ئوسمانىيە ۋەقپىلىرى سايىسىدا ھاياتىنى داۋاملاشتۇرالىدى. بۇنىڭ يېقىنقى دەۋردىكى مىسالى 1999 ـ يىلى 17 ـ ئاۋغۇستتىكى مارمارادا يۈز بەرگەن يەر تەۋرەشتە كۆرۈلدى. بۇ ۋاقىتتا ۋەقپىلەر تەشەككۈرگە سازاۋەر خىزمەتلەرنى قىلدى. بۇ خىزمەتلەر مىللەتنىڭ ئېسىدىن چىقىپ كەتمىدى. ئەمما ۋەقپىلەر بۇ خىل ئومومىي بۆھرانلار ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئېھتىياجىنى ھەل قىلىشتا ئاجىز قالغان كىشىلەر ئۈچۈن تەسىس قىلىنىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال دۆلەت ۋە مىللەت ئەڭ كۈچلۈك بولغان ۋاقىتلاردىمۇ داۋاملىشىدۇ.

دۆلەت ۋەزىپىسىنى جايىدا ئورۇنلىغان ۋە مىللەت باياشاتلىقتا تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان ۋاقىتلاردىمۇ ئېھتىياجلىرىنى تەمىن قىلالمايدىغان كىشىلەرنىڭ مەۋجۇد بولىدىغانلىقى، بۇ خىل كىشىلەرنىڭ ئۇنداق شەرت ـ شارائىتلاردىمۇ ئونۇتۇلمايدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. ئوسمانىيە دۆلىتى ئەڭ قۇدرەت تاپقان ۋاقىتىدا باش ۋەزىرلىك قىلغان، ئەسلى مىللىتى سىرىپ بولۇشىغا قارىماي، سەممى مۇسۇلمان ۋە مۆۋەپپىقىيەتلىك دۆلەت رەھبىرى



بولغان سوقۇللۇ مەھمەت پاشانىڭ ۋەقىپ تەسىس قىلىشتىكى ئەستايىدىللىقىنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ. ئۇ ئىنسان جامە، مەدرىسە، قۇدۇق قاتارلىق خەيرى-ساخاۋەت ئەسلىھەلىرىنى بەرپا قىلىپ، بۇلارنى ۋەقىپ شەكلىدە ئەبەدىلەشتۈرگەن[7]. ئۇنىڭ بىر ۋەقپىيەسىگە بېغىشلانغان ئەۋلىيا چەلەبى بەرگەن شۇ مەلۇماتنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى بۈيۈكتۇر:

«ئەگەر تەڭ كېچىدە شەھەر سىرتىدىن بىر مۇساپىر كەلسە، ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە باشلاڭلار. بىر نەرسىلەر بىلەن مېھمان قىلىڭلار، جەمئىيەت تىنچ بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ھەر قانداق بىر ئادەم يولغا چىقمىسۇن. كېچىدە مۇتلەق دەم ئالسۇن.»

ئەتىگەن ئايرىلىش ۋاقتى كەلگەندە، كارۋانسارايدىكى مۇلازىملار جارچىلارغا ئۇخشاش:

- ئەي ئۈممەتى مۇھەممەد! مېلىڭلار، جېنىڭلار ۋە ئاتلىرىڭلار ساقمۇ؟ بىر ئېھتىياجىڭلار بارمۇ؟ - دەپ توۋلىغاندا، مۇساپىرلارنىڭ ھەممىسى:

- ھەممە نەرسىمىز ساق-سالامەت، ئاللاھتائالا خەيىر ئىگىسىگە رەھمەت قىلسۇن! - دېگەن. ئىشىك باققۇچىلار بامدات ۋاقتىدا ئىشىكلەرنىڭ ئىككى قانىتىنى ئېچىپ:

- دىققەت قىلىڭلار! بېھۇش ماڭماڭلار، تونىمايدىغان كىشىلەر بىلەن دوست بولماڭلار، يولغا چىقىڭلار، ئاللاھ سەپىرىڭلارنى ئوڭۇشلۇق قىلسۇن! - دەپ، دۇئا بىلەن ئۇزۇتۇپ قويغان.

7. سوقۇللۇ مەھمەت پاشانىڭ رۇمەلىدىكى خەيرى-ساخاۋەت ئەسلىھەلىرىگە قوشۇلۇپ، يەنە ئىستانبۇلدا ئىككى بۈيۈك جامە مەۋجۇتتۇر. بۇلاردىن بىرى ئۇخششى بولمىغان، شىپالىق سۈيى بولغان ئازاپكاپىدىكى جامەدۇر. يەنە بىرى سۇلتانئەھمەتتىن قۇمكاپىغا چۈشۈشتە، تۆپىلىككە سېلىنغان «شېھىد مەھمەد پاشا جامە ۋە مەدرىسەسى»دۇر.

بۇرۇنقى ئەدەپ ۋە نازاكەتلىرىمىزدىن بىر نەمۇنە: بىر ئۆيدە كېسەل بولغان تەقدىردە ئۇ ئۆينىڭ دەرىزىسىگە قىزىل بىر گۈل قويۇپ قويىلىدۇ. بازارچىلار ھەتتا مەھەللىنىڭ باللىرى ئۇ ئۆينىڭ ئالدىدىن ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلمايدۇ. كېسەلنى بىئارام قىلىدىغان ھەرىكەتلەردىن يىراق تۇرىدۇ.



ناقىبۇل ئەشراف[8] ئەساد ئەپەندىنىڭ ۋەقپىيەسىدىن ئېلىنغان شۇ قۇرلار، بىر مۇئمىنىنىڭ روھى دۇنياسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ:

«كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدىن يىراق يەرلەردە ياشايدىغان، ياشىنىپ قالغان، يوقسۇل كىشىلەر ياكى كېسەللىك سەۋەبىدىن ئىش قىلىشقا قۇدرىتى يەتمىگەن ئاجىزلارغا ئوتۇن، كۆمۈر ۋە باشقا ئېھتىياجلىق نەرسىلەر بېرىلسۇن. ئىگە-چاقىسىز ، يوقسۇل قىزلاردىن ئۆيلىنىش يېشىغا كەلگەنلەرنىڭ تويلۇقى تەييارلانسۇن.»

گورۇھۋازلىق بىلمەيدىغان ئىنسانپەرۋەر ئاتىلىرىمىز ئىرق ۋە مەزھەپ پەرقىگە قارىماي، پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن تەسىس قىلغان خەيرى-ساخاۋەت مۇئەسسەسەلىرى خرىستىئان غەرپنىڭ تەرەپسىز مۇئەللىپلىرىنىلا ئەمەس، ئەكسىچە ھەر خىل سەۋەپلەر بىلەن تۈركلەرگە سەلبى قارايدىغان تەتقىقاتچىلىرىنىمۇ ھەيران قالدۇرغان. بۇ ھەقتە ئىسمائىل ھامى دانىشمەند يازغان «قەدىمقى تۈرك خارەكتېرى ۋە ئەخلاقى» ناملىق ئەسىرىدە، سان-ساناقسىز مىساللار بەرگەن. بۇلارنىڭ بىر قىسمىنى بايان قىلىمىز:

مەشھۇر سەيياھ دۇلوئىر پارىژدا نەشر قىلىنغان بىر ساياھەتنامىسىدا:

«تۈرك ئۆرپ-ئادەتلىرىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىنى مۇنداق خۇلاسە قىلىمەن: ئۇلارنىڭ خەيرى-ساخاۋىتى ئىنسانلار بىلەن چەكلىنىپلا قالماي، ھايۋانلارغىچە يېتىپ بارىدۇ.

پۈتۈن ئوسمانىيە دۆلىتىدە «ئىمارەت» دەپ ئاتىلىدىغان مېھمانخانىلار مەۋجۇت. بۇ يەرلەردە ۋەقىپ قىلغۇچى قويغان شەرتلەرگە ئاساسەن، قايسى دىنغا مەنسۇپ بولسا بولسۇن، پۈتۈن يوقسۇللارغا ئېھتىياجلىرى نىسبىتىدە ياردەم قىلىنىدۇ. بارلىق

8. ناقىبۇل ئەشراف: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جەمەتىدىن بولغان كىشىلەرنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ئۈچۈن ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن مەمۇرلار.

شۇ ئۈچ كىشىگە ئىچ ئاغرىتىش كېرەك: باي بولۇپ، كېيىن كەمبەغەللەش-كەن، شەرەپلىك تۇرۇپ، خارلىققا چۈشكەن، نادانلار ئارىسىدا قالغان ئەھلى قەلب.



يولوچىلار ئىمارەتخانىلاردا ئۈچ كۈن قالىدۇ ۋە قالغان مۇددەتكىچە ھەر ۋاخلىق تامىقىدا بىر تەخسە پولۇ بىلەن مېھمان قىلىنىدۇ.

شەھەرلەردە، يول ياقىلىرىدا بۇ ئىمارەتلەردىن باشقا ھەر خىل كىشىلەرگە ئوچۇق بولغان «كارۋانساراي» دەپ ئاتالغان ئومۇمىي بىنالارمۇ مەۋجۇت.

بەزى تۈركلەر ساۋابلىق ئىش دەپ، يول بويلىرىدا يولوچىلارنىڭ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇش ئۈچۈن قۇدۇق قازىدۇ. بەزىلەر، شەھەرلەردە كوچىلاردىن ئۆتىدىغانلار ئۈچۈن شىپالىق سۇ تەييارلايدۇ. بۇ يەرلەردە رەسمى ھۆكۈمەت يەرلىرىگە ئوخشاش ئايلىق مەمۇرلار قويىدۇ. بۇلارنىڭ ۋەزىپىلىرى سۇ تەلەپ قىلغان كىشىلەرگە سۇ بېرىشتىن ئىبارەت.

بايلار تۈرمىلارغا بېرىپ، قەرزىنى تۆلىيەلمەي تۈرمىغا كىرىپ قالغانلارنىڭ قەرزىنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئېھتىياجىنى ئېيتالمىغان موھتاجلارنى ئىزدەپ تېپىپ، ياردەم قىلىدۇ.»

بۇ ھەقتە دەلا موترايا مۇنداق دەيدۇ:

«ئوسمانىيە دۆلىتىدە بىرسىنىڭ ئۆيىگە ئوت كېتىپ، بارلىق مال-مۈلكى كۈلگە ئايلىنىپ كەتسىمۇ، باشقا خەلقلەردىكىگە ئوخشاش پەريات-پىغان بولمايدۇ. مال-مۈلكى مۇشۇنداق يوق بولغان كىشىلەر ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە رازى بولىدۇ. ساخاۋەتچىلەر ئوت كەتكەن ئاھالە ئۆيلىرىنىڭ قايتىدىن سېلىنىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا يېتىدىغان دەرىجىدە ھەتتا بەزى ۋاقىتلاردا ئېھتىياجىدىن ئارتۇق ياردەم قىلىدۇ.»

كورنەئىللە لە برويىنى تەسراتىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

«تۈركلەرنىڭ خەيرى-ساخاۋەت ئىشلىرىغا ناھايىتى ئامراق ئىكەنلىكىنى، بۇ ھەقتە خرىستىئانلاردىن كۆپ خەيرى-ساخاۋەت ئىشلىرىنى مەيدانغا كەلتۈرگەنلىكىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. ئوسمانىيە جەمئىيىتىدە تىلەمچىنى ئاز ئۇچرىتىشىمىزنىڭ سەۋەبى بۇنىڭدىن ئىبارەت. يوقسۇللارغا يېنىدىن پۇل چىقىرىپ ياردەم

ئەڭ ساۋابلىق ئەمەل قايسى؟ دەپ سورىغان بىر ساھابىغا، ئاللاھ رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «تونىغان-تونىمىغان ھەر كىشىنى تويغۇزۇش ۋە سالام قىلىش» دېگەن.

(بۇخارى، «ئىمان»، 6)



قىلالمايدىغان تۈركلەر، كۆچىنى ئىشقا سېلىپ بولسىمۇ ياردەم قىلىدۇ. چوڭ يوللار بۇزۇلغاندا رېمونت قىلىدۇ، يول بويلىرىغا تىزىپ قويۇلغان تۇلۇملارغا سۇ تولدۇرىدۇ، ئەتراپىنى سۇ بېسىۋالغان دەريا بىلەن كەلكۈننىڭ يېنىدا تۇرۇپ، يولوچىلارغا ئۆتۈش يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يولوچىلار بىر قانچە ئاقچە بەرسىمۇ قەتئىي ئالماي، بۇ ئىشنى ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن قىلغانلىقىنى ئېيتىدۇ.»

مۇرادگى د وهسوننىڭ شۇ قاراشلىرىمۇ دىققىتىمىزنى تارتىدۇ:

«جەمئىيەتنىڭ ھەر تەبىقىسىدىكى ئاتا-ئانىلار بالىلىرىغا ئۈرنەك بولۇپ، ئۇلارنى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ خەير ئىشلىرىغا كۆندۈرىدۇ. خەيرى-ساخاۋەت دەپ ئاتىلىپ، ئىنسانىنىڭ شەخسىيىتىنى ئالىجاناپلاشتۇرىدىغان بۇ پەزىلەتلەر سايىسىدا، ئىنساندىكى شەخسىيەتچىلىك ۋە تاماخورلۇق قاتارلىق سەلبىي ئىللەتلەر يوقۇلىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە ئىنسانلارغا ياردەم قىلىش تۇيغۇسى، كۆڭۈلدە يەرلىشىدۇ. بۇ سايىدا خەير ئىشلىرى، مۇسۇلمانلارغا پەقەت ئېغىر كەلمەيدۇ. ئۇلار بۇ ساھەدە باشقا مىللەتلەردىن ئېشىپ كەتتى. غەرپلىك سەيياھ ھۆنكەنىڭ مۇسۇلمانلار دوختۇرخانىسىدا داۋالىنىۋاتقان بىر ياشنىڭ دادىسىغا يازغان مەكتۇپتىكى پارچىلار، ۋەقپلەرنىڭ يوقسۇل كىشىلەرنى ھىمايە قىلىش جەھەتتىكى مۇئامىلىسىنىڭ مۇكەممەللىكىگە مىسالدۇر:

«ھۆرمەتلىك دادا! ماڭا پۇل كېرەك ياكى ئەمەسلىكىنى سورىدۇڭ، دوختۇرخانىدىن چىقسام، دوختۇرخانا ماڭا بىر قۇر كىيىم ۋە دەرھال ئىشلەشكە مەجبۇر بولۇپ قالماسلىقىم ئۈچۈن ماڭا بەش ئالتۇن بېرىدۇ. شۇڭا، قۇتاندىن قوي-كالا ساتمىساڭمۇ بولىدۇ.

كۆڭلۈم بۇ يەردىن چىقىشنى خالىمايدۇ. ياتاقلىرى يۇمشاق، كىرلىكلىرى ئاق، ئەدىياللىرىمۇ يۇمشاق، ھەر ئۆيدە سۇ بار. سوغۇق كېچىلەردە پۈتۈن ئۆيلەر ئىسسىتىلىدۇ. بىزنى داۋالايدىغان دوختۇرلار ناھايىتى مېھرىبان. ئادەتتە ھەر كۈنى ئاشقازىنى ھەزىم قىلالمىغانلارغا ئۆي ھايۋانلىرى ۋە قوي گۆشى قورمىلىرى بېرىلىدۇ.

«سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، ئاللاھ ئۆلۈمنى ۋە تىرىكلىكنى ياراتتى، ئاللاھ غالىبتۇر، (تەۋبە قىلغۇچىنى) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.»

(مۇلۇك سۈرىسى، 2-ئايەت)

قوشنام لەززەتلىك توخۇ كاۋىپىدىن بىر نەچچە كۈن يېيىش ئۈچۈن چىقىپ كېتىشنى بىر ھەپتە ئۇزاتتى. ئەمما باش دوختۇر بۇنىڭدىن شۈبھىلىنىپ، ساقايغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن چوڭ بىر نان بىلەن پۈتۈن بىر توخۇنى يېيىشكە رۇخسەت قىلىپ، ئۇنى ئۆيىگە ئەۋەتتى. مېنىڭ ئالدىمغا ئاخىرقى توخۇ قورىمىسى كېلىشتىن ئىلگىرى يېنىمغا كەل.»

ئوسمانىيە دۆلىتىدە قۇرۇلغان ۋەقىپلەردىن 26300 ئى ئېنىقلاپ چىقىلدى. بۇنىڭ 1400نى ئاياللار قۇرغان. بۇلارنىڭ ئىچىدىن نۇر بانۇ ۋالىدە خانىش[9] ئىستانبۇل، ئاناتولىيە ۋە رۇمەلى يېقىنلىرىدا بىر قانچە ۋەقىپ بىنا قىلغان. ئۈسكۈدار توپتاشتىكى ئاتىك ۋالىدە جامەسى، ئىماراتى، مەدرىسىسى، دوختۇرخانىسى، قوش كىشىلىك ھاممامى بىلەن مەشھۇر. ئويلاپ بېقىڭلار، بۇ ئايالنىڭ ئەسلى كېلىپ چىقىشى يەھۇدى. دادىسى ياسىپ ناسسى ئىسپانىيەنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدىن چىقىشى بىلەن قەتلىئامغا ئۇچرىماسلىق ئۈچۈن ئوسمانىيە دۆلىتىگە ئىلتىجا قىلغان يەھۇدى جامائىتىنىڭ ئالدىن قاتاردىكى كىشىلىرىدىن بىرى ئىدى. قانۇنى سۇلتان سۇلايماننىڭ ئاخپارات ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلەتكەنلىكى بىلىنگەن ياسىپ ناسسى، ئۇنىڭ ئوغلى سۇلتان سەلىم دەۋرىدە سەلبى رول ئويناپ، پادىشاھنىڭ قېيىن ئاتىسى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن كۆپلىگەن ئىمتىيازلارغا ئېرىشىپ، ئىنتايىن باي بولغان. ئىسلامى ئەخلاق شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، ئۇنىڭ قىزى نۇر بانۇ خانىش ساخاۋەتچى مۇسۇلمان خانىملار ئارىسىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ.

9. ئوسمانىيە دۆلىتى خانىدانىغا مەنسۇپ ئاياللار ھەققىدە رەسمىي لەقەم «سۇلتان ئەپەندى»دۇر. بۇ دادىسىنىڭ خانىدان مەنسۇبى يەنى، شاھزادە ياكى پادىشاھ ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنداق بىر ئايال خانىدان مەنسۇبى بولمىغان بىر ئەر بىلەن ئۆيلەنسە بۇلارنىڭ قىز بالىلىرىغا «خانىم سۇلتان»، ئوغۇللىرىغا «بەگزادە»، ئانىلىرى «سۇلتانزادە» دېيىلگەن.



بىر مۇسۇلمان بىر دەرەخ تىكسە، ئۇنىڭدىن ئىنسان ياكى ھايۋان پايدىلانسا، پايدىلانغان بۇ نەرسە قىيامەت كۈنىگىچە ئۇ مۇسۇلمان ئۈچۈن سەدىقە بولىدۇ.»

(مۇسلىم، «مۇساقات»، 10)



بۇنداق خانىملاردىن بىرى ماھىپەكار كۆسەم ۋالىدە خانىشتۇر. ئۇمۇ يېڭى جامەنىڭ ئۇلىنى قويغان. ئۇسكۇدار چىنىلى جامە ۋە ئۇنىڭ يېنىدا مەكتەپ، قۇدۇق، دارۇل ھەدىس، قوش كىشىلىك ھامام ۋە سەبىل (شىپالىق سۇ) بىنا قىلدۇرغان. يەنە ئاناتولىيە دەرىخى يېنىدىكى جامەنىمۇ بىنا قىلغان. ئۇنىڭ يېتىم ۋە يوقسۇل قىزلارنى ئۆيلەندۈرۈش ئۈچۈن قۇرغان ۋەقىپلىرى مەشھۇردۇر. بۇنىڭدىن باشقا يەنە كۆپلىگەن خەيىر بىنالىرىمۇ بار. دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، ۋالىدە خانىشلار ئارىسىدا جەلاللى (قاتتىق خۇيلۇق) تەبىئىتى بىلەن تونۇلغان كۆسەم خانىش ۋەقىپ تەسىس قىلىش ئارقىلىق ئاجىزلارغا مەرھەمەت قىلىشتا، مەشھۇر بولغان بىر شەخسىيەت ئىدى.

كۆسەم خانىش ئۇلىنى قۇرۇپ، تاماملاشقا ئۆمرى يەتمىگەن يېڭى جامەنى پۈتكۈزۈش ئىشى خەدىچە خانىشقا نېسىپ بولغان. بۇنىڭ يېنىدا مەكتەپ، مەدرىسە، ئىمارەت، كۇتۇپخانا ۋە قۇدۇق قاتارلىق خەيرلىك ئىشلىرىمۇ بار. يەنە يېڭى جامە ۋەقپىيەسىدە دىققەتنى تارتىدىغان بىر ئەھۋال تۇنەش ۋە رامىزان كېچىلىرىدە بەزى تۈربىلاردىن ھەسەل شەربىتى ئاققۇزۇشتۇر. ھەسەلنىڭ ساپىتى ۋەقپىيەدە تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەن. ئۇ دەۋرنىڭ ئەڭ ساپەتلىك ھەسلى بۈگۈن ئىسمى «پازار» دەپ ئۆزگەرتىلگەن رىزەنىڭ ئاتىنا يېزىسىدىن كەلگەن. ۋەقپىيەدە قانچىلىك قىممەت بولىشىدىن قەتئى نەزەر داۋاملىق بۇ خىل ھەسەلنى ئىشلىتىشنى شەرت قىلىشى، ياخشى ئىشلاردىكى ئەستايىدىللىقنىڭ قانچىلىك دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى كۆرستىشكە تىپىك مىسالدۇر. بۇ خانىش ۋەقپلەرنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ مال-مۈلۈك ۋەقىپ قىلغان. بۇ ۋەقپلەرنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن 116 مەمۇر تەيىنلىگەن.

ئەۋلادلىرىمىز مۈلۈكىنىڭ ھەقىقىي ئىگىسىنىڭ ئاللاھتائالا ئىكەنلىكى چۈشەنچىسىدە، ئۆسۈپ يېتىلىشى كېرەك. بىز ئەۋلادلىرىمىزنى كىچىك ۋاقتىدا نامازغا قانداق ئادەتلەندۈرگەن بولساق، ئەينى ۋاقتتا ئۇلارغا ئىنفاق ھاياجىنىنى بېرىپ، بىر قەلبى سۇنۇق كىشىنى سۆيۈندۈرۈش ئىبادىتىنىمۇ ئۆگىتىشكە مەجبۇرمىز.



پەرتەنۋىيال ۋالىدە خانىش ئىستانبۇل ئاقسارايدىكى «ۋالىدە جامە» بىلەن «ياۋەدۇد مەسجىدى»نى بىنا قىلدۇرغان. يەنە كۇتۇپخانا، تۇربا، مەكتەپ سالدۇرۇپ، بۇلارنى ۋەقىپ قىلغان.

ئەدىرنەكاپى ۋە ئۇسكۇداردا «سەلاتىن جامە» بىنا قىلدۇرغان مىھرىماھ مەلىكە، بۈيۈك ۋەقىپ بىنالار قۇرۇشقا قارىماي، ناھايىتى كەمتەر بىر ئايال ئىدى. بۇنى شۇ مىسال گۈزەل تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. مەككە ۋە ئەراپاتنىڭ سۈيى ھارۇن رەشىدنىڭ ئايالى زۇبەيدە خانىم تەرىپىدىن باغداتتىن كەلتۈرۈلگەن. ئەمما قانۇنى سۇلتان دەۋرىدە، بۇ سۇ يوللىرى بۇزۇلۇپ، قوغاچىلاردىن يېتەرلىك مىقداردا سۇ ئاقمىغانلىقى مەلۇم بولغان. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان مەلىكە مىھرىماھ دادىسى پادىشاھ قانۇنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، بۇ قەدىمقى سۇ يولىنىڭ باش ئېنژېنېر سىنان تەرىپىدىن رېمونت قىلىنىشىنى، بۇ خىزمەتنىڭ مەخپى قىلىنىشىغا دىققەت قىلىنىشىنى تەلەپ قىلغان. بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ بارلىق زىبۇ-زىننەتتىنى بۇ ئىشقا سەرپ قىلغان. مىمار سىناننىڭ سۇلايمانىيە جامەسىنىڭ ئۇلىنى قۇرغاندىن كېيىن بىر مۇددەت يوقاپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى بىلىنمەي، جامە بىناسىنىڭ ئۇلىنى سىلىش ئۈچۈن يوقاپ كەتكەنلىكى ئېيتىلغان. ھالبۇكى، بۇنىڭ سەۋەبى «ئەينى زۇبەيدە» دەپ ئاتالغان مەزكۇر سۇ قاناللىرىنىڭ رېمونت قىلىنىشى ۋە بۇ ياخشى ئىشنىڭ ئىگىسى بولغان مىھرىماھ مەلىكىنىڭ خىزمىتىنىڭ مەخپى قېلىشىنى ئارزۇ قىلغانلىقىدۇر.

ۋالىدە خانىشلار ئارىسىدا خەيىر ئىشلىرىدا ئەڭ مەشھۇرلىرىدىن بىرى بەزمىئالەم ۋالىدە خانىش بولۇپ، ئۇ ئەسىرلەرچە خىزمەت بەرگەن كۆپلىگەن خەيىر خىزمەتلىرى قىلغان. بىنا قىلغان جامەلەرنىڭ ئەڭ چوڭى دولما باغچە سارىيى يېنىدىكى ۋالىدە خانىش جامەسىدۇر. مەشھۇر گالاتا كۆۋرۈكىمۇ ئۇنىڭ ۋەقپىدۇر.

ۋالىدە خانىشنىڭ شامدا قۇرغان ۋەقپىمۇ ناھايىتى مەشھۇردۇر. بۇ ۋەقپىنىڭ شەرتى:

دەۋرىمىز ئىنسانى، كۆڭۈل بۆلۈشكە موھتاج. يىقىلغان يىقىلغىنىنى، ھالاك بولغان ھالاك بولغانلىقىنى بىلمەيدۇ. بۇلار ھەقىقىي سائادەتنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن كەيپ-ساپانى سائادەت دەپ بىلىدۇ، يورۇقلۇق كۆرمىگەن كۆزلەر، قۇياشنى قەيەردىن كۆرسۇن؟



«شامنىڭ تاتلىق سۈيىنى ھاجىلارغا يەتكۈزۈش بىلەن بىرگە خىزمەتكارلار سۇندۇرۇۋەتكەن ياكى ئۇپىراتقان ئەشيالار ئۇلارنىڭ ئىززەت ۋە ھۆرمىتى چۈشۈرۈلمەسلىكى ئۈچۈن تۆلەپ بېرىش» بولغان.

خەيىر قولى يىراقلارغىچە سوزۇلغان بەزمىئالەم خانىشنىڭ ئەڭ بۈيۈك خىزمەتلىرىدىن بىرى شەخسىي سەرمايىسىدىن بۈيۈك مەبلەغ ئاجرىتىپ «غۇرابا مۇسلىمىن» (غېرىپ مۇسۇلمانلار) دوختۇرخانىسى بەرپا قىلغانلىقىدۇر. بۇ بۈيۈك ئەسەر جامە ۋە تۈربىسى بىلەن 1843 ـ يىلىدا خىزمەتكە ئېچىلغان. بۇ دوختۇرخانا شۇ كۈندىن باشلاپ كۈنىمىزگىچە ئۈممەتى مۇھەممەدنىڭ يوقسۇللىرىغا خىزمەت قىلىۋاتىدۇ.

بۇ خانىشلار ياخشى ئىشلاردا سۇ تەمىنلەش مەسىلىسىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، مەككە، ئەراپات بىلەن بىرگە ئىستانبۇلنى ۋەقىپ سۈيى بىلەن تەمىنلىگەن. بۇنىڭ ئۈچۈن كۈنىمىزدىمۇ ئاياقتا تۇرۇۋاتقان توغانلارنى سېلىپ، سۇ يوللىرىنى رېمونت قىلىپ، ئىستانبۇلنىڭ ھەر ۋاقىتلىق سۇ ئېھتىياجىنى قامدىيالايدىغان ھالەتكە كەلتۈرگەن.

ۋەقىپ خىزمەتلىرى بىلەن مەشھۇر بولغان ۋە يېقىنقى زامان تارىخىمىزنىڭ سىياسىئون، مۇتەەقىي شەخسىيەتلىرىدىن بىرى 2 ـ ئابدۇلھەمىدخان ھەزرەتلىرىدۇر. ئۇ ئىستانبۇلغا كەلتۈرۈپ، 40 تۈربىغا تەقسىملەپ، داۋاملىق ئېقىتقان «ھامىدىيە سۈيى» كۈنىمىزدە ئىنشائات تۈپەيلىدىن كۆپ قىسمى بۇزۇلغان بۇلاق سۇلىرى ئارىسىدا مەۋجۇتلۇقىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان سۈپەتلىك سۇلاردىن بىرىسىدۇر.

مۇبارەك ئەجدادىمىز ۋەقىپلەرنى ئىخلاس بىلەن قۇرۇپ، خىزمەتلىرىنىڭ قىيامەتكىچە داۋاملىشىش دۇئاسى بىلەن تەسىس قىلغان. بۇ ۋەقىپلەر بۈگۈنكى ۋە ئەتىدىكى ئىنسانلىرىمىزنىڭ جامە، مەكتەپ، دوختۇرخانا، كارۋان ـ ساراي، بۇلاق سۈيى قاتارلىق

يارىتقۇچىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن، قەلبىگە پۈتۈن ئالەمنى سىغدۇرغانلار نىمىدېگەن بەختلىك ـ ھە! ئىنساننىڭ ئاساسلىق ھۈنىرى، قەلبىنى بۇ كەڭلىك ۋە لاياقەتكە يەتكۈزەلىشىدۇر.



ئېھتىياجلىرىنى ھەل قىلىشۋاتىدۇ. بۇلار ئەجدادىمىزنىڭ ئەزىز روھلىرىنى شاد قىلىدىغان بىرەر سەدىقە-جارىيەدۇر.

**ئاللاھىم! بىزنى بەرگەن ئامانىتىڭنى لايىقىدا ئىشلىتىدىغان، ياراتقۇچىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن يارىتىلغۇچىلارغا خىزمەت قىلىدىغان «ۋەقپ ئىنسان»لىرىدىن بولۇشنى نېسىپ قىلغىن! ئامىن!**

«ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، ئاللاھنى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش-ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە (يەنى پۇل-مېلىدىن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلارغا)، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازادلىقىغا ئېرىشىشىگە پۇل-ياردەم بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇققا، كېسەللىككە ۋە (ئاللاھنىڭ يولىدا قىلىنغان) ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ.

(بەقەرە سۈرىسى، 177-ئايەت)

ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ پەزىلەت نەمۇنىلىرىدىن



# ئىنفاق ۋە ئۇسۇلى

(ئىككىنچى باپ)

## ئىككى ئالەمدە رەھمەت ۋە بەرىكەت ۋەسىلىسى


# زاكات ۋە ئىنفاق

### A ـ زاكات

ئىنسان ئوغلى مەخلۇقات ئىچىدە ئەڭ شەرەپلىك قىلىپ يارىتىلغان. كۈچلۈك ـ ئاجىز، ساق ـ كېسەل، بىلىملىك ـ جاھىل، باي ـ يوقسۇل قاتارلىق ئوخشىماسلىقلار جەمئىيەتنىڭ نىزام ۋە تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلايدىغان ئامىللاردۇر.

بۇ ئوخشىماسلىقتا مۇھىم ئورۇننى تەشكىل قىلىدىغان بايلىق ۋە كەمبەغەللىك بىر ـ بىرىگە زىت ئىككى ئىقتىسادىي ئەھۋالنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىنسان ھاياتىغا ئىلاھىي ئىمتىھان غايىسى بىلەن قويۇلغان بايلىق ۋە يوقسۇللۇققا ئوخشاش ئەھۋاللار، ئەسلىدە چوڭقۇر ھېكمەتكە ئىگە. بۇ ئەھۋال باي، ۋە يوقسۇلنىڭ ئىرادىسىگە باغلىقتۇر. بايلىق ۋە يوقسۇللۇقمۇ كۆپلىگەن ھېكمەتكە ئىگە بولغان ئىلاھىي تەقدىردۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھتائالا:

**«پەرۋەردىگارىڭنىڭ رەھمىتىنى ئۇلار تەقسىم قىلىپ بېرەلەمدۇ؟ بىز ئۇلارنىڭ ھاياتى دۇنيادىكى رىزقىنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلدۇق، ئۇلارنىڭ بەزىسى بەزىسىنى (ھەق بېرىپ) ئىشقا سالسۇن دەپ، ئۇلارنىڭ بەزىسىنىڭ دەرىجىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلدۇق، پەرۋەردىگارىڭنىڭ رەھمىتى ئۇلارنىڭ توپلىغان نەرسىلىرى (يەنى**



«ئۆزىنى ئاللاھ يولىغا ئاتىغان، (تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن) يىراق جايلارغا بارالمايدىغان يوقسۇللارغا خەير ـ ئېھسان قىلىنىشى كېرەك. ئەھۋالنى ئۇقمىغانلار ئۇلارنىڭ نەرسە تىلىمىگەنلىكلىرىگە قاراپ، ئۇلارنى باي دەپ گۇمان قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ چىرايىدىن تونۇيسەن، ئۇلار كىشىلەرگە چاپلىشىۋېلىپ تىلەمچىلىك قىلمايدۇ، مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير ـ ئېھسان قىلماڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇنى بىلگۈچىدۇر.»

(بەقەرە سۈرىسى، 273 ـ ئايەت)




پۇل-ماللىرى)دىن ياخشىدۇر.» (زۇخرۇف سۈرىسى، 32-ئايەت)

بۇ ئايەتتە دېيىلگەندەك، ئىلاھىي تەقسىمات ئىنسانلار ئارىسىدا ھەر خىل تەجەللى (ئوتتۇرىغا چىقىش) بىلەن بولغان. بۇنىڭغا پاراللېل ھەر بىر شەخسنىڭ مەسئۇلىيىتى ئۆزىگە بېرىلگەن نېمەت دائىرىسىدە. بۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي تەڭپۇڭلۇق ۋە ئىلاھىي ئادالەت مۇكەممەل ئورنىتىلغان بولىدۇ. قول ئىلكىدە بار ئىنسانلار بايلىقنى بېرىلىپ كېتىش نەتىجىسىدە، ئېزىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، موھتاج كىشىلەرنىڭ بايلارغا بولغان نەپرىتى، ھەسەتكە ئوخشاش ئىللەتلەرنى تۈگۈتۈش ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا خاتىرجەملىك بەرپا قىلىش، مۇسۇلمانلارنى بىر-بىرىگە باغلاش قاتارلىق كۆپلىگەن پايدىلىرى بولغان «زاكات» مۇئمىنلارغا پەرز قىلىنغان. ئىسلام نىزامىدا باي-كەمبەغەل ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي تەڭپۇڭسىزلىق ئەڭ تۆۋەن ھالەتكە چۈشۈرۈلۈپ، ئىجتىمائىي بۆھرانغا ئايلىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش غايە قىلىنغان. بۇ مەقسەتتە زاكات ۋە ئىنفاق بۈيۈك ئەھمىيەتكە ئىگە.

باي مېلىنى قەيەردىن تېپىپ، قەيەرگە سەرپ قىلغانلىقى، يەنى ھالال ياكى ھارام كىرىمى، زاكات، سەدىقە، خەيرى-ساخاۋەت ئىشلىرىدىن ئاللاھنىڭ ئالدىدا ھېساب بېرىدۇ. ئۇ ئىگە بولغان مالنىڭ بىر قىسمىنى يوقسۇللارغا بېرىشكە بۇيرۇلۇش بىلەن بىرلىكتە بايلىق جەھەتتە ئىمتىھان بېرىدۇ. بۇ ئىمتىھاندىن ئۆتكەن تەقدىردە، ئىلاھىي رىزا ۋە جەننەتكە نائىل بولىدۇ.

يوقسۇلمۇ يوقسۇللۇقتىكى سەۋرسىزلىك، شىكايەت، ئىنسانلارغا يۈك بولۇش، زۆرۈر بولمىغان ئىستەك، ھەسەت، ئىسيان قاتارلىق ئىللەتلەر بىلەن بىرلىكتە ئەخلاق ۋە ھاياسىنى قوغدىغان قوغدىمىغانلىقىدىن ھېساب بېرىدۇ. ئاخىرىدا بۇلارنىڭ نەتىجىسى ئاللاھنىڭ رىزاسىغا ئۇيغۇن كەلسە، ئۇنىڭ دۇنيا دەردى ئەبەدىي ئاخىرەت سائادىتىگە ئايلىنىدۇ.

گۈزەل ئۇسلۇبتا سەۋر قىل.

زاكات، قۇرئانى-كەرىمدە 27 يەردە ناماز بىلەن بىرلىكتە



زىكىر قىلىنغان. بۇنداق كۆپ زىكىر قىلىنىشى ئۇنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. مۇئمىنۇن سۈرىسىنىڭ 2 ـ 4 ـ ئايەتلىرىدە، ناماز ئايرىم زىكىر قىلىنغان بولسىمۇ ئەمما ناماز ئوقۇغۇچىلارنىڭ زاكىتنى بېرىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇخىل بەدەن ۋە مال دەپ ئىككى قىسىمغا ئايرىلغان ئىبادەتلەردە ناماز بەدەن بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىبادەتلەرنىڭ، زاكات مال ـ دۇنيا بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىبادەتلەرنىڭ بېشىدا كېلىدۇ. چۈنكى ئەمەللەر بىر ـ بىرىدىن مۇستەقىل بولغانلىقى يەنى بىرسىنىڭ قىلىنماسلىقى، باشقىسىنى بىكار قىلالمايدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ناماز ئوقۇپ، زاكات بەرمىگەن ئادەمنىڭ نامىزىنىڭ پايدىسى يوقتۇر.» (ھەيسەمى، «مەجمەئۇززەۋائىد»، 3 ـ جىلد، 62) دېگەن. شۈبھىسىزكى، بۇ بايانلار مۇئمىنلارنى زاكات بېرىشكە تەشۋىق قىلىش ۋە بۇ ئىبادەتنىڭ ئەھمىيىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن دېيىلگەن.

زاكات دىنىمىزدا ناھايىتى مۇھىم بولغانلىقى ئۈچۈن مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى ھەزرىتى ئەبۇ بەكىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ناماز ئوقۇغان، ئەمما زاكات مەسئۇلىيىتىنى قوبۇل قىلمىغانلارنىڭ ھەرىكىتىدىن دىنىنى ئىنكار مەنىسىنى چىقىرىپ، ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلغان. چۈنكى قول ئىلكىدە بار كىشىلەرنىڭ موھتاج كىشىلەرگە زاكات بېرىشى ئاللاھ تەيىن قىلغان بىر قەرزدۇر. بۇ ھەقتە قۇرئانى ـ كەرىمدە:

وَفِي أَمْوَالِهِمْ حَقٌّ لِّلسَّائِلِ وَالْمَحْرُومِ

**«ئۇلارنىڭ پۇل ـ ماللىرىدا سائىللار ۋە (ئىپپەتلىكىدىن سائىللىق قىلمايدىغان) موھتاجلار ھوقۇقى ئىگە ئىدى (يەنى ئۇلار سائىللارغا ۋە موھتاجلارغا سەدىقە قىلاتتى.»** (زارىيات سۈرىسى، 19 ـ ئايەت) دېيىلگەن.

بۇ ھەقتە ئاللاھ رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«مالىنىڭ زاكىتىنى بەرگەن ۋاقتىڭدا ئۈستىڭدىكى بېرىشكە تېگىشلىك (يوقسۇلنىڭ سەندىكى ھەققى)نى بەرگەن بولىسەن.»

ئۆمرىمىز پىداكارلىق ۋە خىزمىتىمىز نىسبىتىدە پانى ھاياتىمىزدىن كېيىنمۇ داۋاملىشىدۇ.



(تىرمىزى، «زاكات»، 2) دېگەن. بۇ سەۋەپتىن زاكات ئىبادىتى نىساب مىقدارىدىن ئارتۇق مال-مۈلۈككە ئىگە بولغۇچى كىشىلەر، ھەر يىلى مەلۇم ۋاقىتلاردا، بېرىشكە تېگىشلىك يەرلەرگە زاكات بېرىش ئارقىلىق قالغان مال-مۈلكىنى ھالال قىلىدىغان بىر ئىبادەتتۇر. زاكات دەپ ئېلىنغان پۇل-مال، دەرىجە-دەرىجىگە تەقسىم قىلىنىپ، جەمئىيەتتىكى موھتاج كىشىلەرگە تارقىتىپ بېرىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتتە تەڭپۇڭلۇق، ئادالەت ۋە خاتىرجەملىك مەيدانغا كېلىپ بايلارنىڭ مال-مۈلكى پاكلىنىدۇ.

مال توغرا يولدىن تېپىلغان ۋاقىتتا ئىگىسىگە ھالال قىلىنسا، يوقسۇللىنىڭ بۇنىڭدىكى زاكات ھەققى بېرىلمىگەن ۋاقىتتا بۇ ھالاللىق كامىل مەنادە بولمايدۇ. يەنە ھالالدىن پۇل تاپمىغان بىر ئىنساننىڭ زاكات بېرىشمۇ بۇ پۇلنى ھالال قىلالمايدۇ. مەسىلەن: قىمار ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش توغرا بولمىغان يوللاردىن تېپىلغان پۇل زاكىتى بېرىلىشى بىلەن ھالال بولمايدۇ.

## زاكاتنىڭ شەخسىي ۋە ئىجتىمائىي پايدىسى

جەمئىيەتتىكى چارىسىز ئىنسانلارنى خوش قىلىدىغان زاكاتنىڭ بەرگۈچىلەرگە ھاسىل قىلىدىغان پايدىسى ناھايىتى كۆپتۇر. ئەمىلىيەتتە «پاكلىق» ۋە «ساپپىيەت» (ساپلىشىش) مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان زاكات، ئىنساننىڭ بەزى قەلبى كېسەللىرىنى داۋالاپ، ناچار ئىللەتلەردىن قۇتۇلدۇرۇپ، مالنى پاكىزلاش قاتارلىق پايدىلىرى بار. بۇ شۇنداق پايدىكى، كۆڭۈلنىڭ پاكلىنىشى، روھنىڭ ساپلىششى ۋە نەپسىنىڭ تەربىيە قىلىنىشىدىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىكلەر، ئەينى ۋاقىتتا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋەتىلىش ھېكمەتلىرىدىن بىرىدۇر.

«زاكات» ۋە «ئىنفاق» كەلىمىلىرى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەنا ياخشى تەھلىل قىلىنسا، بۇ ئىبادەتنىڭ ھېكمىتىنىڭ ئىنساننى روھ، شەخسىيەت ۋە خارەكتېر جەھەتتىن ماددىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇنى كونترول ئاستىغا ئېلىشنى ئۆگىتىدۇ.

جەمئىيەتنىڭ يارىسىنى شەپقەت بىلەن تاڭغان ۋەقىپلەر، ئىسلامىيەت ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، تەرەققى قىلدۇرغان ئىنسان تېپى بىلەن ئىنسانىيەتكە تەقدىم قىلغان خاتىرجەملىكنىڭ تەڭداشسىز نامايەندىلىرىدۇر.



«ئى مۆمىنلەر! سودا ـ سېتىق، دوستلۇق ۋە (ئاللاھنىڭ ئىزنىسىز) شاپائەت بولمايدىغان كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى) يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، سىلەرگە بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن مال ـ مۈلۈكلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىڭلار. كۇفرانى نېمەت قىلغۇچىلار (ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردۇر.»

(بەقەرە سۈرىسى، 254 ـ ئايەت)

زاكات بەرگۈچى بىلەن ئالغۇچى ئوتتۇرىسىدا مۇھەببەت رىشتىسىنىڭ كۈچلىنىشىگە ۋەسىلە بولىدۇ. زاكات موھتاجغا بېرىلگەن مالنىڭ ئەڭ تۆۋىنىدۇر. مۇتتەقىلەر زاكاتقا، سەدىقە، ئىنفاق ۋە ئىسار (سېخىلىق) قاتارلىق ئىبادەتلەرنى قوشۇمچە قىلىدۇ.

دۇنيادا باي ـ كەمبەغەل ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش داۋاملىشىۋاتىدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا كەمبەغەللەر بايلارغا ھەسەت قىلسا، بايلار كەمبەغەللەرنى پەس كۆرۈپ مەغرۇرلىنىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە بولغان ئەھۋال پەقەتلا ھەقىقىي، توغرا دىن ئەمر قىلغان غەمگۈزارلىق، مەرھەمەت، شەپقەت ۋە قېرىنداشلىق تەۋسىيەلىرى بىلەن زاكات، سەدىقە قاتارلىق ھەر تۈرلۈك ئىنفاقلار جەمئىيەتكە تەسىر كۆرسەتكەن دەۋرلەردە كۆرۈلدى. ئىسلام نەزىرىدە كەمبەغەللەر خور كۆرۈلىدىغان كىشىلەر بولماستىن، ئەكسىچە، ئۇلار ھۆرمەت كۆرسىتىلىدىغان تەبىقىدۇر. ھەتتا ئۇلار جەمئىيەت ئۈچۈن بەرىكەت مەنبەسىدۇر. ئاللاھتائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يوقسۇل ساھابىلار بىلەن ئولتۇرۇپ قوپۇشنى، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىشنى بۇيرۇپ:

**«سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئەتىگەن ۋە ئاخشامدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغانلار (يەنى ئاجىز، كەمبەغەل مۇسۇلمانلار) بىلەن سەۋرچان بولغان ھالدا بىللە بولغىن، ھاياتىي دۇنيانىڭ زىبۇ ـ زىنىتىنى (يەنى مۇشرىكلارنىڭ چوڭلىرىنىڭ سۆھبىتىنى) دەپ، ئۇلارنى كۆزگە ئىلماي قالمىغىن، بىز دىلىنى زىكرىمىزدىن غەپلەتتە قالدۇرغان، نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن، ئىشى ھەددىدىن ئاشقان ئادەمنىڭ (سۆزى)گە ئەگەشمىگىن.»** (كەھف سۈرىسى، 28 ـ ئايەت) دېگەن.

پېقىر ـ يوقسۇللارنىڭ ئىسلام جەمئىيىتىدە بىر يۈك بولماستىن، ئەكسىچە بەرىكەت مەنبەسى دەپ قوبۇل قىلىنغانلىقى تۆۋەندىكى ھەدىستە ئوچۇق كۆرسىتىلگەن.

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان:



«ماڭا ئاجىزلارنى چاقىرىپ كېلىڭلار، چۈنكى سىلەر ئاجىزلارنىڭ دۇئاسى، بەرىكىتى بىلەن رىزىقلاندۇرۇلىسىلەر ۋە ياردەمگە ئېرىشىسىلەر.» (بۇخارى، «جىهاد»، 76)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە:

«ئاللاھ بۇ ئۈممەتكە ئاجىزلارنىڭ دۇئاسى، نامىزى ۋە ئىخلاسى بىلەن ياردەم قىلىدۇ.» (نەسائى، «جىهاد»، 43) دېگەن.

ئۈمەييە ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ئاللاھ رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«يوقسۇل مۇھاجىرلارنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن مۇسۇلمانلارغا غەلبە ئاتا قىلىشنى ئاللاھتىن تەلەپ قىلاتتى.» (تەبەرانى، «مەجمۇئۇل كەبىر»، 1-جىلد، 292-ئايەت) دېگەن.

كۈنىمىزدە زاكات تولۇق بېرىلسە، جەمئىيەتتە يوقسۇل ۋە موھتاج ئىنسانلار يوق دېيەرلىك نىسبەتتە ئازىيىدۇ.

خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز دەۋرىدە، ۋالىيلار زاكات ئالىدىغان ئادەم تاپالماي، خەلىپىدىن بۇ ھەقتە يول كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلغان. چۈنكى، بۇ دەۋردە قول ئىلكىدە بار كىشىلەر زاكات قەرزىنى تولۇق بەرگەن. جەمئىيەتنىڭ بۇ ئەھۋالغا كېلىشى جان ۋە مالنىڭ ئاللاھتائالا ئۈچۈن لايىقىدا ئىنفاق قىلىنىشىنىڭ نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن بەرىكەتنىڭ ئالامەتلىرى ئىدى.

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز جارچىلارنى تەيىنلەپ:

**«قەرزدارلار قەيەردە؟ موھتاجلار، يېتىملار، ئۆيلەنمەكچى بولغان يوقسۇللار، مەزلۇملار قەيەردە؟ ئەي ھەق ۋە ئېھتىياج ئىگىلىرى! كېلىڭلار، بۇ يەرگە كېلىپ ھەققىڭلارنى ئېلىڭلار!»**

دەپ، جاكارلاشقا بۇيرۇشى بۇلار ئېرىشكەن باياشاتلىقتىن بىر نەمۇنىدۇر.

تۆت بۈيۈك خەلىپىدىن كېيىن ئىسلام ئالەمىنىڭ ئەڭ پارلاق دەۋرىنى ياشاتقان ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز نائىل بولغان مۇۋەپپىقىيەتلەرنىڭ ئاساسىدىكى مەنىۋى كۈچنى ئۇنۇتماسلىق

شۈكۈر ئەھلى مەرت بايلار بىلەن ھايالىق يوقسۇللار ئىنسانلىق شەرىپى ۋە ئىلاھى رىزادا باراۋەردۇر.



كېرەك. ھەقىقەتەن، ئۇ مۇبارەك ئىنسانىنىڭ كۆڭۈل دۇنياسىدىكى شۇ ئىپادىلەر ئۇنىڭ دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن بۈيۈك تەرەققىياتلارنىڭ سەۋەبىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

خەلىپىنىڭ ئايالى ھەزرىتى پاتىمە مۇنداق دەيدۇ:

«بىر كۈنى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ يېنىغا كىردىم، خەلىپە جەينامازدا ئولتۇرۇپ، قولىنى پىشانىسىغا قويۇپ يىغلاۋاتاتتى. كۆزىدىن ئاققان ياش بىلەن يۈزى ھۆل بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭدىن:

- ساڭا نېمە بولدى؟ - دەپ سورىدۇم. ئۇ ماڭا قاراپ:

- يا پاتىمە! بۇ ئۈممەتنىڭ ئېغىر يۈكىنى ئۈستۈمدە كۆتۈرۈۋاتىمەن، ئۈممەت ئىچىدىكى ئاچ قالغانلار، كېسەل بولۇپ دورا ئالالمىغانلار، قىشتا كىيىدىغان كىيىم تاپالمىغانلار، بىچارە يېتىملار، ئىگە-چاقىسىز ئاياللار، ھەققىنى تەلەپ قىلالمىغان مەزلۇملار، كوفۇر ۋە غۇربەت دىيارىدىكى مۇسۇلمان ئەسىرلەر، ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن ئىشلەشكە كۈچى يەتمەيدىغانلار، ياشانغانلار، ئائىلىدە جان سانى كۆپ يوقسۇل ئائىلىلەر، يېقىن ۋە ئۇزاق دىياردىكى يوقسۇل قېرىنداشلىرىمنى ئويلىغانسىرى يۈكۈمنىڭ ئاستىدا ئېزىلىپ كېتىۋاتىمەن. ھېساب كۈنىدە رەببىم مېنى بۇلار ئۈچۈن ھېسابقا تارتسا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى تەنقىت قىلسا، مەن نېمە دەپ جاۋاب بېرىمەن؟" (ئىبنى كەسىر، «تەپسىر»، 6-جىلد، 201) دېدى.

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ ئايالى پاتىمە نەقىل قىلغان بۇ سۆزلەر، ئەسلىدە ھەر مۇئمىن قەلبتە بولۇشقا تېگىشلىك روھتۇر.

بىر مۇئمىنىنىڭ شەپقەتلىك، ئەخلاقلىق، بولۇشىنىڭ يولى مال ۋە جانىنى ئىنفاق قىلىشتىن ئۆتىدۇ. كۆڭلىنىڭ قاتتىقلىقىدىن شىكايەت قىلغان بىر ساھابىغا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئەگەر كۆڭلۈڭنىڭ يۇمشاق بولۇشىنى ئارزۇ قىلساڭ، يوقسۇللارغا تاماق بەر، يېتىمنىڭ بېشىنى سىلا.» (ئەخمەد ئىبنى ھەنبەل، 2-جىلد، 263) دېگەن.

ھەقىقىي بايلىقنىڭ ئۆلچىمى مال كۆپلىكى، يانچۇق تومۇلۇقىدا ئەمەس، ئەكسىچە قانائەت ۋە سەممىي قىلىنغان ئىنفاقتادۇر.



ھەزرىتى مەۋلانا يوقسۇل ۋە دەرتلىك كىشىلەرگە غەمخورلۇق قىلىش ھاسىل قىلىدىغان كاتتا ساۋابنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

«يوقسۇللۇق ۋە موھتاجلىق دەردىنى تارتىۋاتقان كۆڭۈللەر تۇمان توشقان ئۆيگە ئوخشايدۇ. سەن ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش بىلەن ئۇ تۇمانلىق ئۆيگە بىر دېرىزە ئاچقىنىڭ، ئۆينىڭ تۇمانى چىقىپ كەتسۇن ۋە سېنىڭ قەلبىڭمۇ نازۇكلىشىپ، روھىڭ ئىنچىكىلەشسۇن!»

ئىسلام باي بىلەن كەمبەغەلنى مۇشۇنداق بىر-بىرى بىلەن باغلاپ، جەمئىيەتتە تەڭپۇڭلۇق بەرپا قىلغان. ئەمما ئىسلامنىڭ سىرتىدىكى قائىدە-تۈزۈملەر بۇنداق قىلالمىغان. بۇ ھەقتە ھەددىدىن ئاشۇرىۋەتكەن ياكى ھېچنېمە قىلمىغان، يەنى تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىيالمىغان. بەزى قانۇن-تۈزۈملەر باشقىلاردىن بىر نەرسە تەلەپ قىلىشنى چەكلىسە، بەزىلىرى تىلەمچىلىككە چەكلىمىسىز يول قويغان. ئىسلام زاكات ۋە ئىنفاق ۋاستىسى ئارقىلىق بۇ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشقا ئەڭ مۇناسىپ چارە تاپقان.

زاكات ئىسلامنىڭ ئىنسانىيەتكە تەقدىم قىلغان ئەڭ چوڭ ھەدىيەسىدىن بىرىسىدۇر. زاكات سايىسىدا جەمئىيەتتىكى يوقسۇل، يولدا قالغان مۇساپىر، تۇل ۋە يېتىملارنىڭ دەرتلىرى مەلۇم نىسبەتتە ھەل قىلىنىدۇ. ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ھەقىقەتلىرىدىن بىرى بولغان قۇللۇق زەنجىرىنى ئىنساننىڭ بويىنىدىن يەنە ئىسلام چىقارغان. شۈبھىسىزكى، ئىسلامنىڭ قۇللارنى ئازادلىققا چىقىرىش، ئۇلارغا ئېھسان ۋە ئىكرام قىلىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن ئۇسۇللىرىدىن بىرى ئۇلارغا خوجايىنلىرىنىڭ ئۆلچىمىدە ھايات ئىمكانىنى بېرىشنى ئەمرى قىلىشىدۇر. بۇنىڭ نەتىجىسىدە قۇلغا ئىگە بولۇش، خوجايىنغا پايدا كەلتۈرۈشتىن كۆپ كۈلپەت كەلتۈرگەن. بۇنداق بولۇشىغا قارىماي قۇلنى ئازاد قىلىپ، ئۇنىڭ چىقىمىدىن قۇتۇلۇشنى خالىمىغانلارغا ھەر خىل ۋاستىلار ئارقىلىق قۇل ئازاد قىلىش تەشۋىق قىلىنغان.

«ھەقىقىي بايلىق مال كۆپلىكىدە ئەمەس، كۆڭۈل توقلىقىدا.»

(بۇخارى، «رىقاق»، 15)



بەزى ۋاقىتلاردا گۇناھلارنىڭ كاپارىتى (كەچۈرۈم قىلىنىشى) ئۈچۈن قۇل ئازاد قىلىش ئالدىنقى شەرت قىلىنغان.

ئىسلام مۇشكۇل ئەھۋالدا قالغان كىشىلەرگە خالىسانە قول ئۇزۇتۇپ، قانىغان يارىلارنى تاڭغان. يەنە زاھىردا ئىنسانلارغا ياردەمدەك كۆرۈنىدىغان، ئەمەلىيەتتە مۇشكۇل ئەھۋالدىكى ئىنسانلارنىڭ چارىسىزلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى قىيىن ئەھۋالغا قويىدىغان ئۆسۈم بالاسىنى چەكلىگەن.

ئۆسۈمچى،جازانىخور باشقىلارنىڭ قىيىنچىلىقتا قېلىشىنى ئارزۇ قىلىپ، بۇ ئەھۋالدا ئۇلاردىن پايدىلىنىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. زاكاتنىڭ قەرزدار ئىنسانلارغا بېرىلسە بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى رۇخسەت قەرزدارلارنىڭ ئۆسۈم پاتقىقىغا كىرىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈندۇر. زاكات بەرگۈچى موھتاج ۋە چارىسىز كىشىلەرنىڭ دەرتدىشىدۇر. ئۇنىڭ يېگانە ئارزۇسى ئاللاھنى رازى قىلىش ئۈچۈن دەرتلىك بەندىلەرگە داۋا بولۇشتىن ئىبارەت. ئاچ كۆز ئىنساننىڭ مال-مۈلكى كۆپ بولسىمۇ، بۇ مال-مۈلۈك ئۇنىڭغا ئاز كۆرۈنىدۇ، ئەمما زاكات بېرىپ ئادەتلەنگەن ئىنسانلارنىڭ كۆڭلى باي كېلىدۇ. ئۇلار ئاز دۇنيالىق بىلەن كۇپايە قىلىدۇ. ئۆسۈمچى، جازانىخور دۇنياغا شۇ قەدەر ھېرىسمەنلىك بىلەن باغلىنىدۇكى، باشقىلارنى ۋەيران قىلىش بەدىلىگە مېلىنى كۆپەيتىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. دۇنيانىڭ چوڭ سودا مەركەزلىرىنىڭ كۆپ قىسمىدا بۇ تۈردىكى ئىشلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئانى-كەرىمدە:

يَمْحَقُ اللّٰهُ الرِّبَا وَيُرْبِي الصَّدَقَاتِ

**«ئاللاھ جازانىنىڭ (بەرىكىتىنى) ئۈچۈرىۋېتىدۇ، سەدىقىنىڭ (بەرىكىتىنى) زىيادە قىلىدۇ. ئاللاھ ھەر بىر ناشۈكۈر (يەنى جازانىنى ھالال سانىغۇچى) گۇناھكارنى دوست تۇتمايدۇ.»**
(بەقەرە سۈرىسى، 276-ئايەت) دېيىلگەن

ئۆسۈم بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ مېلىدىن بەرىكەت كۆتۈرۈلۈپ

ئاللاھ بۇ ئۈممەتكە ئاجىزلارنىڭ دۇئاسى، نامىزى ۋە ئىخلاسى بىلەن ياردەم قىلىدۇ.

(نەسائى، «جىھاد»، 43)



كېتىدۇ. بۇ بەرىكەتسىزلىك ئاخىرەت زىيان تارتقۇچىسى دېگەنلىكتۇر. بۇ خىل زىيان تارتىش بەزى ۋاقىتلاردا دۇنيادا كۆرۈلۈپ، هارامدىن تاپقان تاغدەك مال-مۈلكى بىر بالا-قازا، كېسەللىك ياكى ئىسراپخور ۋارىسىنىڭ قولى ئارقىلىق سورۇلۇپ كېتىدۇ.

❁

زاكات ۋە ئىنفاقتىكى هېكمەتلەردىن بىرى شەخسىي سەرمايىنىڭ نورمالىنىڭ سىرتىدا كۆپىيىپ، يوقسۇللارنىڭ تېخىمۇ يوقسۇللاشتۇرۇلۇشى ياكى ئۇلارنىڭ بايلارغا هەسەت قىلىشىغا توسالغۇ بولىشىدۇر. بايلىق ماختىنىش ۋە مەغرۇرلىنىش ۋەسىلىسى قىلىنسا، باينىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ. ئەمىلىيەتتە، جەمئىيەتتە ياردەم قىلغان ۋە قىلىنغان بارلىق شەخسلەر ماددىي، مەنىۋي جەھەتتىن بىر-بىرىگە موهتاجدۇر. بۇ ئىلاهىي تەقسىمات كۆپلىگەن هېكمەت ۋە ئىبرەتلەر بىلەن تولغان.

بىلىش كېرەككى، مۈلۈك مۇتلەق مەنادا ئاللاهقا ئائىتتۇر. ئىنسانلارنىڭ دۇنيادا مۈلۈك ئىگىسى بولىشى، ئەسلىدە كۈنىمىزدىكى مۈلۈكنى باشقىلارغا قالدۇرۇش ئادىتىگە ئوخشايدۇ. يەنى دۇنياغا كەلگەن هەر ئىنسان بىر مۇددەتتىن كېيىن ئىگە بولغان مال-مۈلكنى باشقىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، بۇ دۇنيادىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇ هەقتە قۇرئانى-كەرىمدە:

يَا أَيُّهَا النَّاسُ أَنتُمُ الْفُقَرَاء إِلَى اللهِ وَاللهُ هُوَ الْغَنِيُّ الْحَمِيدُ

**«ئى ئىنسانلار! سىلەر ئاللاهقا موهتاجسىلەر، ئاللاه (هەممىدىن) بىهاجەتتۇر، مەدھىيگە لايىقتۇر.»** (فاتىر سۈرىسى، 15-ئايەت)

**«ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاهلىقى ئاللاهقا خاستۇر، ئاللاه هەممە نەرسىگە قادىردۇر.»** (ئال ئىمران سۈرىسى، 189-ئايەت)
دېيىلگەن.

بۇ ئايەتلەردە دېيىلگەندەك، مۈلۈك هەقىقەتتە شەخس ياكى

«بىرىڭلارغا ئۆلۈم كېلىپ: «پەرۋەردىگارىم! نېمشقا مېنى (يەنى ئەجىلىمنى) بىر ئاز كېچىكتۈر-مىدىڭ، سەدىقە قىلىپ ياخشىلاردىن بولار ئىدىم» دېيىشتىن بۇرۇن، ئۆزەڭلارغا رىزىق قىلىپ بېرىلگەن نەرسىلەرنى سەدىقە قىلىڭلار.»

(مۇنافىقۇن سۈرىسى، 10-ئايەت)



جەمئىيەتكە تەۋە ئەمەستۇر. مۈلۈك ھەقىقەتتە ئاللاھقا ئائىتتۇر. چۈنكى، ئىنسانلار ئاللاھنىڭ مۈلكىدە ياشاپ، ئۇنىڭ بەرگەن رىزقىدا رىزىقلىنىدۇ. ئۇلارغا بېرىلگىنى مۈلۈكنىڭ پەقەتلا مەلۇم بىر مۇددەت ئۆچۈن ئىشلىتىلىشىدۇر. شائىر بۇنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

جۈملە خەلق سەپەر ئەھلى، دۇنيا مېھمانخانىدۇر،
ھېچ مۇقىم ئادەم تېپىلماس، بۇ ئاجايىپ كۆركەم بىنادا،
بىر كېپەندۇر ئاقىۋەت سەرمايىسى شاھ ياكى گادايى،
گەر بۇنىڭغا مەغرۇر بولغان مەجنۇن ئەمەس، يا نىمە؟

ئىنسان ئۈچۈن دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئىمتىھان مال-مۈلۈك ۋە ماقام-مەنسەپدۇر. سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ تىللارغا داستان بولغان سەلتەنەتى بىر ۋاقىتلاردا پۈتۈنلەي قولىدىن ئېلىنغان، ئەمما قىلىنغان ئىستىغپارلار نەتىجىسىدە قايتۇرۇپ بېرىلگەن. بۇنداق ھادىسىلەردىن ئىبرەت ئالغان بىر ئاللاھ دوستى مۇنداق دېگەن:
«رىزقىنىڭ پېيىدىن يۈگۈرمەي، ئاللاھنىڭ پېيىدىن يۈگۈرگىن.»

«ئەگەر قەلبىڭنىڭ يۇمشاق بولىشىنى ئارزۇ قىلساڭ، يوقسۇللارغا تاماق بەر، يېتىمنىڭ بېشىنى سىلا.»

(ئەخمەد ئىبنى ھەنبەل، 2-جىلد، 263)

## زاكات بەرمىگۈچىلەرنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتى

بىر نەچچە قېتىم ئېيتقىنىمىزدەك، بايلىق ئاللاھتائالا بەندىلىرىگە بەرگەن ئامانەتتۇر. ئەگەر بايلىق ئاللاھنىڭ ئەمرلىرىگە زىت ئىشلىتىلسە، ئىنسانلارنى تىزلىكتە ئازدۇرىدۇ، ھەر تۈرلۈك زۇلۇم ۋە ھەقسىزلىقنى قىلىشقا ئاسانلىق يارىتىپ بېرىدۇ. بۇنداق ئاپەتكە دۇچار بولغانلاردا، مال سۆيگۈسى كۆڭۈلگە ئورناپ كېتىدۇ. جانابى ئاللاھنىڭ بۇ دۇنيادا «مال» بىلەن «ئەۋلاد»نى پىتنە دېيىشى بۇلارنىڭ كۆڭۈلگە ئورناپ، بۇتلىشىش ئېھتىمالىغا بىنائەندۇر. ئاللاھتائالا بۇنداق كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ:

**«ئى مۆمىنلەر! ھېبرىلەر ۋە راھىبلەردىن (يەھۇدى ۋە**



**ناسارا ئۆلىمالىرىدىن) نۇرغۇنلىرى كىشىلەرنىڭ پۇل-ماللىرىنى ھەقىقەتەن ھارام يەيدۇ، (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ دىنىغا كىرىشتىن توسىدۇ، ئالتۇن-كۈمۈش يىغىپ، ئۇنى ئاللاھنىڭ يولىدا سەرپ قىلمايدىغانلارغا (دوزاختا بولىدىغان) قاتتىق ئازاب بىلەن بىشارەت بەرگىن. ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) ئۇ ئالتۇن-كۈمۈشلەر جەھەننەمنىڭ ئوتىدا قىزىتىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پىشانىلىرى، يانلىرى ۋە دۈمبىلىرى داغلىنىدۇ. ئۇلارغا: «بۇ سىلەرنىڭ ئۆزەڭلار ئۈچۈن يىغقان ئالتۇن-كۈمۈشۈڭلار (سىلەر بۇ دۇنيايىڭلاردىكى ئاللاھنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىدىڭلار). يىغقان ئالتۇن-كۈمۈشنىڭ ۋابالىنى تېتىڭلار» دېيىلىدۇ.»** (تەۋبە سۈرىسى، 34-35-ئايەت) دېگەن.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ھەر سەھەر يەر-زېمىنغا ئىككى پەرىشتە چۈشىدۇ. بۇلاردىن بىرى: "ئاللاھىم! مېلىنى ھەق يولىغا سەرپ قىلغانلارغا، ئۇ مالنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بەرگىن" دەپ دۇئا قىلىدۇ. يەنە بىرى: "ئاللاھىم! پىخسىقلىق قىلغۇچىنىڭ مېلىنى كېمەيتكىن" دەپ، بەددۇئا قىلىدۇ.» (مۇسلىم، «زاكات»، 57) دېگەن. باشقا بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«مەرتلىك پۇتاقلىرى دۇنياغا سوزۇلغان جەننەت دەرەخلىرىدىن بىر دەرەختۇر. كىم ئۇنىڭ پۇتاقلىرىدىن بىرىنى تۇتسا، بۇ ئۇنى جەننەتكە كۆتىرىدۇ. پىخسىقلىق پۇتاقلىرى دۇنياغا سوزۇلغان جەھەننەم دەرەخلىرىدىن بىر دەرەختۇر، كىم ئۇنىڭ پۇتاقلىرىدىن بىرىنى تۇتسا، بۇ ئۇنى جەھەننەمگە تارتىپ ئاپىرىدۇ.» (بەيھاقى، «شۇئابۇل ئىمان»، 7-جىلد، 435) دەپ زاكات، سەدىقە، ئۆشرە ۋە ئىنفاق قاتارلىق ئىقتىسادىي ئىبادەتلەرنى ئادا قىلغۇچىلارغا خوشخەۋەر بەرسە، پىخسىقلىق قىلىپ، غاپىل بولغۇچىلار ھەققىدە قورقۇنۇچلۇق ئاگاھلاندۇرۇش قىلغان.

يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىستە مال سۆيگۈسى قەلبكە ئورناپ،

رەببىمىز بىزنى تاقىتىمىز يەتمەيدىغان ئىشلارغا تەكلىپ قىلمايدۇ. بىز تاقىتىمىز يەتكەن ئىشلاردىن مەسئۇل. يەنى كۈچىمىز يېتىپ تۇرۇپ، قىلمىغان ياخشى ئىشلاردىن ھېساب بېرىمىز.



موھتاجىنىڭ ھەققى تارتىۋېلىنغان ۋاقىتتا، ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە گىرىپتار بولىدىغانلىقى ئېيتىلغان. بۇ ئىلاھىي ئاگاھلاندۇرۇشقا دىققەت قىلىپ، زاكاتقا قوشۇمچە قىلىپ سەدىقە، ئىنفاق قىلىش بىلەن بىرگە مەجبۇرى بولغان قىرىقتا بىردىن تېخىمۇ كۆپرەك بېرىشكە غەيرەت قىلىش كېرەك. ئاللاھتائالا بۇ ھەقتە بەندىلىرىگە مۇنداق دەيدۇ:

وَيَسْأَلُونَكَ مَاذَا يُنفِقُونَ قُلِ الْعَفْوَ

**«ئۇلار سەندىن نېمىنى سەدىقە قىلىش توغرۇلۇق سورايدۇ، «ئېھتىياجدىن ئارتۇقىنى (سەدىقە قىلىڭلار)» دېگىن. (دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئىشلىرىنى) تەپەككۇر قىلىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ ئۆز ئايەتلىرىنى سىلەرگە شۇنداق بايان قىلىدۇ.»** (بەقەرە سۈرىسى، 219 ـ ئايەت)

ئەسھابى ـ كىرام داۋاملىق ئىنفاق سەپەرۋەرلىكىدە تۇراتتى. تەبۇك سەپىرى ئۈچۈن ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مېلىنىڭ يېرىمىنى ئىنفاق قىلغان بولسا، ھەزرىتى ئەبۇبەكىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مېلىنىڭ ھەممىسىنى ئىنفاق قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئەبۇ بەكىردىن:

«بالا ـ ۋاقىلىرىڭغا نېمە قالدۇرۇپ قويدۇڭ؟» دەپ سورىغاندا:

«ئاللاھ ۋە رەسۇلىنى» (ئەبۇ داۋۇد، «زاكات»، 40) دەپ جاۋاب بەرگەن.

بىر فاقىھ (قانۇنشۇناس) بىلەن شەيخ شىبلى ئارىسىدا يۈز بەرگەن شۇ ۋەقە، ياخشى ئىشلارغا تەشۋىق قىلىش جەھەتتە ناھايىتى ئەھمىيەتلىكتۇر. فاقىھلاردىن بىرى شىبلى ھەزرەتلىرىنى ئىمتىھان قىلىش ئۈچۈن مالنىڭ قانچىلىك مىقدارىنىڭ ئىنفاق قىلىنىشى لازىملىقىنى سورىغان. شەيخ شىبلى رەھمەتۇللاھى ئەلەيھ (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن):

كامىل روھلار خىزمەت ۋە مەرھەمەت سايىسىدا ئەبەدى قۇتۇلۇشقا ئېرىشىش ئۈچۈن قۇتقۇزۇشقا تېگىشلىك ئادەم ئىزدەيدۇ.



- بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى فاقىھلارنىڭ مەزھىپىگە قاراپ بېرەيمۇ؟ ياكى ئاللاھ ئاشىقلىرىنىڭ مەزھىپىگە قاراپمۇ؟ - دەپ سورىغان. فاقىھ:

- ھەر ئىككىسىگە قاراپ جاۋاب بەرگىن. - دېگەندە، شىبلى ھەزرەتلىرى:

- فاقىھلارنىڭ مەزھىپىگە ئاساسەن ئىككى يۈز دىرھەم بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ قىرىقتا بىرىگە توغرا كېلىدىغان بەش دىرھەمنى بېرىش كېرەك. ئاشىقلارنىڭ مەزھىپىدە ئىككى يۈز دىرھەمنى دەرھال بېرىپ «ياقامنى قۇتقۇزدۇم» دەپ، شۈكۈر قىلىش كېرەك. - دەپ جاۋاب بەرگەن.

فاقىھ بۇنى ئاڭلاپ:

- بىز بۇ مەزھەپنى (مالنىڭ قىرىقتا بىرىنىڭ زاكات قىلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى) ئالىملىرىمىزدىن ئۆگەندۇق. - دېگەندە، شەيخ شىبلى :

- بىز بۇ مەزھەپنى ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئۆگەندۇق. ئۇ نېمىسى بولسا، ھەممىسىنى ئالەملەرنىڭ خوجىسى رەسۇل ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا قويدى. - دېگەن. ئاللاھ رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىغا ئاللاھ ئۈچۈن ئىنفاق قىلىشنى ئۆگىتىپ، ئۆزى بۇ ئىشتا ئەڭ گۈزەل ئۆرنەك بولغان.

بىر كۈنى، ئاللاھ رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئائىلىسى بىر قوي بوغۇزلاپ، ئۇنى تارقاتقان ئىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«ئۇ قوينىڭ گۆشىدىن قانچىلىك قالدى؟»دەپ سورىدى. ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

«پەقەتلا بېقىن سۆڭىكى قالدى.» دەپ جاۋاب بەردى. بۇنىڭ بىلەن ئاللاھ رەسۇلى:

ئارىف كۆڭۈللەر ھەر ۋاقىت شۇ سۆزنى ئېسىدە چىڭ تۇتىدۇ: «ھالالنىڭ ھېسابى، ھارامنىڭ ئازابى بار.»



«بېقىن سۆڭەكلەردىن باشقىسىنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ بولدى دېگىنە.» دېدى. (تىرمىزى، «سىفاتۇل قىيامە»، 33)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىدە يېنىدا بىر نەچچە ئالتۇن-كۈمۈش بولسا ئۇخلىيالماي، ئۇلارنى دەرھال ئىنفاق قىلاتتى. ئەمما ئۆزى تەتبىق قىلغان بۇ ئۇسۇلنى بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئوخشاش تەتبىق قىلىشىنى ئارزۇ قىلماسلىق بىلەن بىرلىكتە ساھابى-كىرامنى كۆڭلى خالىغان دەرىجىدە ئىنفاق قىلىشقا تەۋسىيە قىلاتتى.

مەسىلەن: ھەزرىتى ئەبۇ بەكىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مېلىنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ يولىدا ئىنفاق قىلىشىنى قوبۇل قىلسا، باشقا بىر ساھابىغا:

«مېلىڭنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزەڭ ئۈچۈن ساقلاپ قوي، بۇنداق قىلىش سېنىڭ ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىلىق» (بۇخارى، «مەغازى»، 79) دېگەن. قىسقىسى، زاكاتقا ئوخشاش مەلۇم نىسبەتتە مەجبۇرى قىلىنىدىغان ئىنفاق بىلەن بىرگە، قول ئىلكىدە بار كىشلەرنى كۆڭلى خالىغانچە ئىنفاق قىلىش مەسىلىسىدە ئۇلارنى ئىختىيارىغا قويغان. بۇ ئۆلچەمگە قاراپ ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تاپقان پۇلىنىڭ ئارتۇقىنى ئىنفاق قىلماي ئەتىگە قويۇشنى توغرا دەپ قارىمىغان بولسا، ئابدۇراخمان ئىبنى ئەۋپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېيىن ئوتتۇرىغا چىقىدىغان ئېھتىياجلارنى كۆز ئالدىدا تۇتۇپ، تاپقان پۇلىنىڭ بىر قىسمىنى يىغىپ قويۇشنىڭ خاتا ئەمەسلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بىر تەرەپتىن تېخىمۇ كۆپ پۇل تېپىش ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن مۇسۇلمانلارنى راھەتلىنىشكە تىرىشقان. ئۆزى ئاچ قالسىمۇ، باشقىلارنىڭ قارنىنى تويغۇزغان. چۈنكى ئۇ ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش كىشلەر بايلىقنىڭ ئامانەتچىلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، نەپسىنى تەربىيلىگەن ئىنسانلار ئىدى.

ئەبەدى قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلغان بايلىق ئىگىلىرى بۇ دۇنيادا بىر ئامانەتچى ئىكەنلىكى ۋە ئەلبەتتە بىر كۈنى ھەقىقي مالىك

ئارىفلاردىن بىرى دۇنيانى مۇنداق تەرىپ قىلغان: «دۇنيا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن سەيرى بەدايى (ئىلاھى قۇدرەت ئېقىشلىرىنى ئىبرەت بىلەن تاماشا قىلىش يېرى)، ئەخمەقلەر ئۈچۈن تاماق بىلەن شەھۋەت.»



بولغان ئاللاھتائالا تەرىپىدىن ھېسابقا تارتىلىدىغانلىق ئېنىقكى بىلەن ياشىشى كېرەك. بۇ ھەقتە قۇرئانى-كەرىمدە:

**«ئاندىن (دۇنيادا سىلەرگە بېرىلگەن) نېمەتلەردىن سوئال-سوراق قىلىنىسىلەر.»** (تەكاسۇر سۈرىسى، 8-ئايەت) دېيىلگەن.

بۇ ھەقىقەتكە ئاساسەن، ئويغاق كۆڭۈللەر شۇ ئىپادىنى ھېچ بىر ۋاقىت ئېسىدىن چىقارمايدۇ:

«ھالالنىڭ ھېسابى، ھارامنىڭ جازاسى بار.»

دۇنيانىڭ سان-ساناقسىز ئارزۇ-ئىستەكلىرىگە ئەسىر بولۇپ، ئىنفاق قىلالمىغان بايلار ئوت يېقىش ئۈچۈن خۇمدانغا ئۇتۇن توشۇيدىغان ھامماللارغا ئوخشىتىلغان.

ئىسلام ئىشلەشنى، ھالال يولدىن مال-مۈلۈك ئىگىسى بولۇشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. مال-دۇنيانى بۇتلاشتۇرماي، كۆڭۈلگە كىرگۈزمەي ھەق يولدا ئىنفاق قىلىش كېرەك. ئەكسىچە بايلىق دۇنيادا ھامماللىق، ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا سەۋەپ بولىدۇ.

بايلىقتا توغرا بولغان غايە: «ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئىنسانلارغا پايدىلىق بولغىنىدۇر» (سۇيۇتى، «ئەلجامىئۇس سەغىر»، 2-جىلد، 8) دېگەن ھەدىسنىڭ ھېكمىتىنى چۈشىنىشتىن ئىبارەتتۇر. پۇلنىڭ ئورنى كۆڭۈل ئەمەس، يانچۇق بولىشى كېرەك. ئويغاق بىر شائىرنىڭ شۇ مىسرالىرى بۇنى گۈزەل ئىپادىلىگەن:

بىر مۇساپىرخانىدۇر دۇنيانىڭ تۈنى،
ئۇنىڭدا بار بىنا ھەممە خارابە،
بىر داۋاسىز، چارىسىز سەۋدادىمەن،
بىنا ساپتىمەن، ئاشۇ مېھمانخانىدا.

بىلىش كېرەككى، يوقسۇل، غېرىپلارنىڭ دۇئالىرى قول ئىلكىدە بار كىشىلەر ئۈچۈن بەرىكەتتۇر. يەنە ئېيتساق، يوقسۇل، موھتاجلىق بىر ئىللەت ۋە خورلۇق ئەمەس، بەلكى ئاخىرەت تەرىپى ئايدىڭلىق بولغان ھېكمەت نامايەندىسىدۇر.

رىزىقنىڭ
پېشىدىن
يۈگۈرمەي،
راززاقنىڭ
پېشىدىن
يۈگۈرگىن.



شۈكۈر ئەھلى بايلار بىلەن سەۋرلىك، ھايالىق يوقسۇللار ئىنسانلىق شەرىپى ۋە ئىلاھىي رىزادا باراۋەردۇر. ئىسلامدا تەكەببۇر، پىخسىق بايلار ۋە بۇنىڭغا پاراللېل ھاكاۋۇر يوقسۇللار تەنقىت قىلىنغان. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«يا رەببى! يوقسۇللۇق ۋە بايلىقنىڭ پىتنىسىدىن ساڭا سېغىنىمەن» (مۇسلىم، «زىكىر»، 49) دەپ دۇئا قىلغان.

ئۇنداق بولغان ئىكەن، كىمدە قانائەت، تەۋەككۇل ۋە تەسلىمىيەت بولسا، ھەقىقىي باي ئۇ دۇر.

ئىلاھىي ئەخلاقىقا نائىل بولۇشنى ئارزۇلايدىغان ھەر ئىنسان، پايدىلىنىۋاتقان دۇنيا نېمەتلىرىدىن موھتاج ۋە چارىسىزلارنىمۇ پايدىلاندۇرۇشى كېرەك. غايىمىز ھەر قايسى ئەزالىرىمىزدىن ئىنسانلار خاتىرجەم بولىدىغان بىر مۇئمىن بولۇپ، ئاللاھنىڭ رىزاسىغا نائىل بولۇشتىن ئىبارەتتۇر.

زاكات، مال-مۈلكنىڭ ئەمەلىي شۈكرىدۇر. شۈكۈرنىڭ نېمەتنى كۆپەيتىدىغانلىقىنى ئاللاھتائالا قۇرئانى-كەرىمدە مۇنداق ئوتتۇرىغا قويغان:

**«ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭلار: "نېمىتىمگە شۈكۈر قىلساڭلار، ئۇنى تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن، ئەگەر (كۇفرانى نېمەت)قىلساڭلار، مېنىڭ ئازابىم، ئەلۋەتتە، بەكمۇ قاتتىق بولىدۇ" دەپ جاكارلىدى.»** (ئىبراھىم سۈرىسى، 7-ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنفاق قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى ۋە ئەتراپىدىكىلەرگىمۇ تەۋسىيە قىلاتتى. چۈنكى بىر قۇدسى ھەدىسىدە:

«ئىنفاق قىلغىنكى، ساڭىمۇ ئىنفاق قىلىنسۇن» (بۇخارى، «تەۋھىد»، 35) دېيىلگەن.

زاكات، ئىنفاق مەسىلىسىدە غاپىللىق قىلىپ، ئىستىغپار ئېيتىشنىڭ ئورنىغا، قەلبىنىڭ قارداپ كېتىشى بىلەن ئىلاھىي

ھەر مۇئمىن ئاللاھنىڭ مۈلكىدە ياشاۋاتقانلىقى، ئۇنىڭ نېمەتلىرى بىلەن رىزىقلاندۇرۇ-لۇۋاتقانلىق چۈشەنچىسىدە ئىقتىسادىي ئىبادەتلەردە بوشاڭلىق قىلماسلىقى كېرەك. ئەكسى تەقدىردە كىمنىڭ مېلىنى كىمدىن يىراق تۇتقانلىقىنى بىلمەيدىغان غاپىللار تەبىقىسىگە كىرىپ قالىدۇ.

تەقدىرنى ئۇنتۇپ « ئىشلەپ تاپتىم» دەپ، يوقسۇللارنى خور كۆرگەن ۋاقتىتا بەدبەخت قارۇندەك ھالاك بولىمىز.

ئىلگىرى يوقسۇل ۋە سالىھ بىر كىشى بولغان قارۇن، مۇسا ئەلەيھسسالام ئۆگۈتۈپ قويغان سىميا[10] ئىلمىنىڭ سايىسىدا ناھايىتى باي بولغان. ئەمما كۆڭلىنى دۇنيا سۆيگۈسىدىن ساقلاپ قالالمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ گۈزەل خىسلەتلىرىنى يوقۇتۇپ قويغان. نائىل بولغان بايلىق بىلەن مەغرۇرلىنىپ تەكەببۇرلاشقان. قۇرئانى ئىپادە بىلەن ئېيتىپ كەتكەن. نەتىجىدە ئۇنىڭ ھەققىدە شۇ ئىلاھىي ھۆكۈم نازىل بولغان:

**«قارۇن ھەقىقەتەن مۇسانىڭ قەۋمىدىن ئىدى، قارۇن ئۇلارغا يوغانلىق قىلدى، قارۇنغا خەزىنىلەردىن شۇ قەدەر كۆپ بەرگەن ئىدۇقكى، ئۇلارنىڭ ئاچقۇچلىرىنى (كۆتۈرۈش) كۈچلۈك بىر جامائەگىمۇ ئېغىرلىق قىلاتتى، ئەينى ۋاقىتتا قارۇنغا قەۋمى ئېيتتى: «كۆرەڭلەپ كەتمە! ئاللاھ ھەقىقەتەن كۆرەڭلەپ كەتكۈچىلەرنى دوست تۇتمايدۇ.»** (قەسەس سۈرىسى، 76-ئايەت)

قارۇن بۇ سۆزلەرگە ھەم مۇسا ئەلەيھسسالامنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاقنى ئېتىۋالغان. مۇسا ئەلەيھسسالام ئۇنىڭغا مېلىنىڭ زاكىتىنى بېرىشنى ئېيتقاندا، باي بولىشىدا ئۇنىڭ سەۋەپچى بولغانلىقىغا قارىماي:

«مېلىمغا كۆز تىكتىڭمۇ؟ بۇ پۇلنى مەن تاپتىم!» دېگەن. بۇ ۋەقە، قۇرئانى-كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىنغان:

**«ئاللاھ ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن، ئاللاھ ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك، سەن (ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگىمۇ) ياخشىلىق قىلغىن، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىقنى تىلىمىگىن،**



«ئاندىن (دۇنيادا سىلەرگە بېرىلگەن) نېمەتلەردىن سوئال-سوراق قىلىنىسلەر.»

(تەكاسۇرسۈرىسى، 8-ئايەت)

10. سىميا ئىلمى: ئەرزىمەس مەدەنلەرنى قىممەتلىك مەدەنلەرگە ئايلاندۇرۇش سىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم.



ئاللاھ ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ. قارۇن: "مېنىڭ ئالاھىدە بىلىمىم بولغانلىقتىن، بۇ بايلىققا ئېرىشتىم" دېدى. قارۇندىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەردىن ئۇنىڭغا قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك، توپلىغان (مېلى) تېخىمۇ كۆپ بولغان كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ ھالاك قىلغانلىقىنى ئۇ بىلمىدىمۇ؟ گۇناھكارلارنىڭ گۇناھلىرىنىڭ سورىلىشى (ئاللاھ بۇنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن) ھاجەتسىزدۇر. قارۇن ئۆز قەۋمىنىڭ ئالدىغا بارلىق زىننىتى بىلەن ھەشەمەتلىك ھالدا چىقتى. دۇنيا تىرىكچىلىكىنى كۆزلەيدىغانلار: "كاشكى بىزگە قارۇنغا بېرىلگەن بايلىق بېرىلسىچۇ، ئۇ ھەقىقەتەن (دۇنيالىقتىن) چوڭ نېسىۋىگە ئىگە ئىكەن" دېدى. ئىلىملىك كىشىلەر: "ۋاي سىلەرگە! ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەلنى قىلغان كىشىگە ئاللاھنىڭ ساۋابى ياخشىدۇر. ئۇ ساۋاب پەقەت سەۋر قىلغۇچىلارغىلا بېرىلىدۇ" دېدى. قارۇننى ئۇنى ئۆيى بىلەن قوشۇپ يەرگە يۇتقۇزدۇق، ئۇنىڭدىن ئاللاھنىڭ ئازابىنى دەپئى قىلىدىغان بىر جامائەت بولمىدى. قارۇن ئۆزىنى قوغدىيالمىدى. تۈنۈگۈن تېخى قارۇننىڭ دەرىجىسىنى ئارزۇ قىلغانلار دېيىشتىكى، "پاھ، كۆردۈڭمۇ؟ ئاللاھ بەندىلىرىدىن خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدىكەن، (خالىغان ئادىمىنىڭ رىزقىنى) تار قىلىدىكەن، ئاللاھ بىزگە مەرھەمەت قىلمىغان (يەنى ئارزۇ قىلغىنىمىزنى بەرگەن) بولسا ئىدى، بىزنى ئەلۋەتتە يەر يۇتاتتى" ۋاي كۆردۈڭمۇ؟ كاپىرلار نىجات تاپمايدۇ.» (قەسەس سۈرىسى، 77 ـ 82 ـ ئايەتلەر)

«مەرتىلىك پۇتاقلىرى دۇنياغا سوزۇلغان جەننەت دەرەخلىرىدىن بىر دەرەختۇر. كىم ئۇنىڭ پۇتاقلىرىدىن بىرىنى تۇتسا، بۇ ئۇنى جەننەتكە ئاپىرىدۇ. پىخسىقلىق پۇتاقلىرى جەھەننەمگە سوزۇلغان بىر دەرەختۇر. كىم ئۇنىڭ پۇتاقلىرىدىن بىرىنى تۇتسا، بۇ ئۇنى جەھەننەمگە ئىستىرىدۇ!»

(بەيھاقى، «شۇئابۇل ئىمان»، 7 ـ جىلد، 435)

بۇ ئەھۋال دۇنياغا مايىل بولۇپ، ئاخىرەتنى ئۇنۇتقان مال ـ مۈلۈك سەۋدالىسىنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئىلاھىي نېمەتلەردىن مەھرۇم قالغان قارۇن ئاخىرەت تىلەمچىسىگە ئايلانغان. چۈنكى، ئاخىرەت يۇرتى ئۆمۈر بويى ئىخلاس ۋە سەمىمىيەت بىلەن ياشايدىغان تەقۋا ساھىبلىرىغا ئائىتتۇر. بۇ ھەقتە قۇرئانى ـ كەرىمدە:



**«ئەنە شۇ ئاخىرەت يۇرتىنى يەر يۈزىدە چوڭچىلىق قىلىشنى ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى كۆزلىمەيدىغانلارغا خاس قىلدۇق، (ياخشى) ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر.»** (قەسەس سۈرىسى، 83 ـ ئايەت)

❁

ھەزرىتى مەۋلانا دۇنيا مېلىغا بېرىلىپ، ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىلارنىڭ ئەھۋالىغا ئېچىنىپ:

«ئىنسانلارغا نېمە بولدىكى، ئۇلار نېمە ئۈچۈن دۇنيا مېلىنىڭ قۇلى بولۇپ قالىدۇ؟ ھەق يولدا سەرپ قىلىنمىغان نەرسە نېمىدۇر؟ نېمىنى ئېپادىلەيدۇ؟ دۇنيا مېلىنىڭ قۇلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشىكىدە بويۇن قىسىپ، سۈپۈرۈلۈشتەك خارلىق ئىنساننى ئاسمانغا قولى قۇرۇق ئەۋەتىدىغان كەيپ ـ ساپادىن ئەمەسمۇ؟!» دېگەن.

قارۇن مىسالىغا ئوخشاش، مال ـ دۇنياغا قۇل بولۇپ، مەنىۋى ئازغۇنلۇقنىڭ گىردابىدا بوغۇلغان سالەبەنىڭ ئەھۋالىمۇ ئويلىنىشقا تېگىشلىك ئىبرەتلىك ۋەقەدۇر.

سالەبە مەدىنە مۇسۇلمانلىرىدىن بولۇپ، مال ـ دۇنياغا قارىتا قاتتىق مايىللىقى بار ئىدى. باي بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن دۇئا قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭ بۇ تەلىۋىگە ئاللاھ رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«شۈكرىنى ئادا قىلالايدىغان ئاز مال، شۈكرىنى ئادا قىلالمايدىغان كۆپ مالدىن ياخشى» دەپ جاۋاب بەردى. سالەبە بۇ جاۋابتىن كېيىن ئارزۇسىدىن ۋاز كەچتى. بىر مۇددەتتىن كېيىن مال ـ دۇنيا ئىشتىياقىنىڭ قايتىدىن قوزغىلىشى بىلەن يەنە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

«يا رەسۇلەللاھ! دۇئا قىلغىنكى، باي بولاي.» دېدى. بۇ قېتىم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«مەندىن كېيىن سىلەرگە دۇنيا نېمەتلىرى، زىننەتلىرىنىڭ ئېچىلىشىدىن (بېرىلىشىدىن) ۋە دۇنيالىق ئۈچۈن بىر- بىرىڭلار بىلەن تارتىشىشىڭلاردىن قورقىمەن»

(مۇسلىم، «زاكات»، 121؛بۇخارى، «رىقاق»، 7 گە قاراڭ)



«بالىلار ئويۇن ئوينىغاندا دۇكان ياساپ، يالغاندىن ئېلىم-سېتىم قىلىدۇ. ئەمما پايدا تاپالمايدۇ، لېكىن ۋاقىت ئۆتكۈزىدۇ. يالغاندىن دۇكان ئاچقان بالا ئاخشام ئۆيگە ئاچ كېلىدۇ. بۇ دۇنيامۇ ئۇ بالىلارنىڭ ئويۇنچۇقىغا ئوخشايدۇ.»

-مەۋلانا

«مەن سېنىڭ ئۈچۈن كۆپايە قىلىدىغان ئۆرنەك ئەمەسمۇ؟ ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، ئارزۇ قىلسام، شۇ تاغلار ئالتۇن-كۈمۈش بولۇپ، كەينىمدىن كېلەتتى، ئەمما مەن بۇنىڭدىن يىراق تۇردۇم.» دېدى. سالەبە بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئارزۇسىدىن ۋاز كەچتى. ئەمما ئىچىدىكى مال-دۇنيا ھەۋىسى بېسىقمىدى. ئۆز-ئۆزىگە: «باي بولسام، پېقىر-يوقسۇللارغا ياردەم قىلىپ، تېخىمۇ كۆپ ئەجىرگە نائىل بولىمەن.» دېگەن ئوي-خىياللارنى قىلىپ، نەپسىنىڭ قاتتىق ئىشتىياقىغا يېڭىلىپ، ئۈچۈنچى قېتىم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كەلدى. بۇ قېتىم:

«سېنى ھەق پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكۈچىگە قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر باي بولسام، پېقىر-پۇقرانى ھىمايە قىلىپ، ھەق ئىگىسىگە ھەققىنى بېرىمەن.» دېدى. بۇنداق تۈگىمەس قاتتىق تەلەپ ئالدىدا ئاللاھ رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«يا رەببى! سالەبەگە تەلەپ قىلغان دۇنيالىقنى بەرگىن.» دەپ، دۇئا قىلدى.

بۇ دۇئا ۋەسىلىسى بىلەن ئاللاھتائالا قىسقا ۋاقىتتا سالەبەگە كاتتا بايلىق ئاتا قىلدى. چارۋا ماللىرى تاغ-قۇتانلارنى تولدۇردى. لېكىن ئۇ ۋاقىتقىچە «مەسجىد قۇشى» دەپ ئاتالغان سالەبە مال-دۇنياغا بېرىلىپ كېتىپ، ئاسا-ئاستا جامائەتنى تەرك قىلىشقا باشلىدى. شۇنداق كۈنلەر كەلدىكى، جۈمە نامىزىغىلا بارىدىغان بولدى. يەنە بىر مۇددەتتىن كېيىن جۈمە نامىزىنىمۇ ئۇنۇتتى.

بىركۈنى ئاللاھ رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ:

«ئىسىت سالەبە!» دېدى. سالەبەنىڭ غەپلەت ۋە جاھالىتى بۇنىڭ بىلەنلا قالمىدى. ئۆزىدىن زاكات يىغىش ئۈچۈن كەلگەن مەمۇرلارغا:

«سىلەرنىڭ بۇ ئىشىڭلار ئوچۇق-ئاشكارا باج توپلاشتىن ئىبارەت» دەپ، ئىلگىرى ۋەدە قىلغان ئىنفاقنى بەرمەيلا قالماي،



پېقىر-پۇقرالارنىڭ ئايەتتە كۆرسىتىلگەن ئەڭ تۆۋەن ھەققىنىمۇ بەرمىدى. نەتىجىدە مۇناپىقلاردىن بولدى.

مۇناپىقلارنىڭ بۇ خىل ئادىتى قۇرئانى-كەرىمدە مۇنداق ئىپادىلەنگەن:

**«ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلەر: "ئەگەر ئاللاھ بىزگە ئۆز پەزلىدىن ئاتا قىلسا (يەنى رىزقىمىزنى كەڭ قىلسا) ئەلۋەتتە سەدىقە بېرەتتۇق، ئەلۋەتتە ياخشىلاردىن بولاتتۇق" دەپ ئاللاھقا ئەھدە قىلدى. ئاللاھ ئۇلارغا ئۆز پەزلىدىن ئاتا قىلغان (يەنى باي قىلغان) چاغدا، بېخىللىق قىلىشتى، (يەنى ئەھدىنى بۇزۇپ، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشتىن يۈز ئۆرۈشتى!)»** (تەۋبە سۈرىسى، 75-76-ئايەت)

ئەخمەقلىقى تۈپەيلىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاگاھلاندۇرىشىنى ئاڭلىماي، ئىچىنىشلىق ئاقىۋەتكە دۇچار بولغان سالەبە، دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق بايلىقىغا ئالداندى. بۇنىڭ بىلەن ئەبەدىيەت يوقسۇلى بولۇپ، قاتتىق پۇشمانلىق ئىچىدە ۋاپات بولغاندا، قۇلىقىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇ سۆزى جاراڭلىدى:

«شۈكرىنى ئادا قىلغىلى بولىدىغان ئاز مال، شۈكرىنى ئادا قىلغىلى بولمايدىغان كۆپ مالدىن ياخشى.» (جامىئۇل بايان، 16-جىلد، 370-372)

بۇ ئاگاھلاندۇرۇشنى ئاڭلىمىغان سالەبە، پانى بايلىقنىڭ ئۆزىنى ھالاك قىلغان گىرداۋى ئىچىدە، ئازابقا دۇچار بولۇپ جان بەرگەن. پالاكەتنى سائادەت ھېسابلاپ، ۋاقىتلىق دۇنيا ھاياتى بەدىلىگە ئەبەدىي سائادىتىنى ئەخمەقلەرچە قۇربان قىلغان.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندەك، ئىنسان يارىتىلىش ئېتىبارى بىلەن دۇنياغا مايىلدۇر. دۇنيا مېلى نەپسكە چىرايلىق كۆرۈنىدۇ، ئۇنىڭغا ئالدانغانلار تويۇشنى بىلمەيدۇ. ئاللاھ رەسۇلى بۇ ھەقىقەتنى مۇنداق ئىپادىلىگەن:

«ئىنفاق قىلغىنىڭكى، ساڭىمۇ ئىنفاق قىلىنىسۇن.»

(بۇخارى، «تەۋھىد»، 35)



«ئادەم ئوغلىنىڭ لىق ئىككى ۋادى مېلى بولسا، ئۈچىنچىسىنى ئىستەيدۇ، ئۇنىڭ قارنىنى پەقەت توپراق تويغۇزىدۇ.» (بۇخارى، «رىقاق»، 10)

مال توپلانغانسېرى ئىنساننىڭ خىرسى كۆپىيىدۇ. كۆزى ماددا بىلەن مالنىلا كۆرىدىغان ئىنسان مەرھەمەت تۇيغۇلىرىدىن يىراقلىشىدۇ. ئىنفاق قىلىش ئۇنىڭغا تەس كېلىدۇ. نەپسى ئۇنىڭغا: «تېخىمۇ باي بولغىن، كېيىنچە تېخىمۇ كۆپ ئىنفاق قىلارسەن» دەپ، ۋەسۋەسە قىلىدۇ. بۇنداق ئىنسان روھى جەھەتتىن كېسەل، جىسمانى جەھەتتىن ئازابلىق بولىدۇ. قوللىنالمىغان شۇ مال-دۇنيا، كۈنلەرنىڭ بىرسىدە:

«ئەتە قىلىمەن دېگۈچىلەر ھالاك بولدى!» دېگەن، سۆزنىڭ ئاقىۋىتىگە دۇچار بولىدىغان بەدبەختلەردىن بولۇشىغا سەۋەپ بولىدۇ.

سالەبەنىڭ يۇقىرىدا نەقىل قىلىنغان ھېكايىسى دۇنيا مېلىغا ئالدىنىشنىڭ زىيىنىنى ئىپادىلەش بىلەن بىرلىكتە، تەقدىرنى مەجبۇرلاش ۋە دۇئا ئەدىپىگە رىئايە قىلماسلىقنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتىنى چۈشىنىشىمىز ئۈچۈنمۇ مۇكەممەل مىسال. بىزگە چۈشكەن ۋەزىپە، ئاللاھتىن بىر نەرسە تەلەپ قىلغاندا ئۇنىڭ ھەققىمىزدە ياخشى ياكى يامان بولىدىغانلىق مەسىلىسىدە ئەقلىمىزگە ھەددىدىن زىيادە ئىشىنىپ، قاتتىق تەلەپ قىلىشىنىڭ ئورنىغا، ئەگەر تەلۋىمىز پايدىلىق بولسا ئاللاھ تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىشىمىز كېرەك. ئەكسىچە، لۇتۇپ ئىچىگە يوشۇرۇنغان ئازابلارنى كۆرەلمەسلىكىمىز تۈپەيلىدىن بېشىمىزغا چارىسىز دەرتلەر كېلىشى مۇمكىن. دۇئانىڭ سەدىقىگە ئوخشاش بالا-قازانى توسىدىغانلىقى ھەقىقەتتۇر. ئەمما بۇنىڭ قانداق ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقى توغرىسىدا كەم ئەقلىمىز بىلەن يەكۈن چىقىرالىشىمىز مۇمكىن ئەمەستۇر. دۇئا رەببىمىزنىڭ بىزگە قىلغان رۇخستى، نېمىتى ھەتتا ئەمرىدۇر. لېكىن

«ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭلار: «نېمىتىمگە شۈكۈر قىلساڭلار، ئۇنى تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن، ئەگەر (كۇفرانى نېمەت) قىلساڭلار، مېنىڭ ئازابىم ئەلۋەتتە، بەكمۇ قاتتىق بولىدۇ دەپ جاكارلىدى.»

(ئىبراھىم سۈرىسى، 7-ئايەت)



ئۇنىڭ دائىرىسىنى ئەقىل ۋە ھېس-تۇيغۇلىرىمىز بىلەن تولدۇرۇپ، بۇنىڭ قەتئىي ياخشى بولىدىغانلىقى مەسىلىسىدە قاتتىق تۇرۇۋالماي «يا رەببى! بۇ ئىش ياخشى بولسا ۋۇجۇدقا چىقارغىن» دەپ دۇئا قىلىشىمىز كېرەك.

مالنى پايدىلىق ھالەتكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىلاھىي ئەمرلەرگە ئۇيغۇن يولدا ئىشلىتىش كېرەك. بۇ شەخس، جەمئىيەتنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەت سالامتى ئۈچۈن زۆرۈردۇر.

ئىسلامدا بايلىقنىڭ ئۆزى تەنقىت قىلىنمىغان، ئەكسىچە مۇئەييەن ئاساسلارغا دىققەت قىلىنغان تەقدىردە ماختالغان. كائىناتنىڭ پەخرى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«سالىھ بىر كىشىنىڭ قولىدىكى ھالال ۋە پايدىلىق مال نېمە دېگەن گۈزەل!» (ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، «مۇسنەد»، 4-جىلد، 202) دېيىش ئارقىلىق باي بولۇشقا تەشۋىق قىلغان. يەنە ئىسلامىيەتتە ئۆز كۈچىگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلالايدىغان تۇرۇپ، ئىنسانلارغا قول ئېچىش توغرا دەپ قارالمىغان.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، سەدىقە تىلىگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئۆيۈڭدە بىر نەرسەڭ يوقمۇ؟ - دەپ سورىغان. ئۇ ئادەم:

- بىر پارچىسى كىيىلىدىغان، بىر پارچىسى سېلىنىجا قىلىپ قوللىنىدىغان بىر ئەدىيال، يەنە سۇ ئىچىدىغان بىر قاچام بار. - دەپ جاۋاب بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇلارنى ئەكەلدۈرۈپ، بۇ نەرسىنى ئىككى دىرھەمگە ساتقاندىن كېيىن:

- بۇ پۇلنىڭ بىر دىرھەمىغا يەيدىغان نەرسە-كېرەك ئېلىپ، ئائىلەڭگە بەر، بىر دىرھەمىغا پالتا ئېلىپ يېنىمغا كەلگىن. - دېگەن. ئۇ ئادەم بىر پالتا سېتىۋېلىپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئاللاھ رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

مەۋلانا:
«ئىنسانلارغا نېمە بولدىكى، ئۇلار نېمە ئۈچۈن دۇنيا مىلىنىڭ قۇلى بولىدۇ؟ ھەق يولدا سەرپ قىلىنمىغان نەرسە نېمىدۇر؟ نېمىنى ئىپادىلەيدۇ؟ دۇنيا مىلىنىڭ قۇلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشكىدە تولغۇنۇپ، يەرلەردە سۈپۈرۈلۈشتەك خارلىق، ئىنسانى ئاسمانغا قولى قۇرۇق ئەۋەتكەن كەيپ-ساپا سەۋەبىدىن ئەمەسمۇ؟»



- بىرىپ ئوتۇن كەس ۋە ئۇنى سات! سېنى ئون بەش كۈنگىچە بۇ يەردە كۆرمەي. - دېگەن. ئادەم ئۇ يەردىن ئايرىلىپ، بىر مىقدار ئوتۇن توپلىغان. بۇ ئوتۇنلارنى سېتىپ ئون دىرھەم قازانغان. بۇ پۇلنىڭ بىر قىسمى بىلەن كىيىم-كېچەك ۋە يەيدىغان نەرسە-كېرەك ئالغان. ئاللاھ رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ئادەمگە قاراپ:

- يۈزۈڭدە تىلەمچىلىكنىڭ قارا دېغى بار ھالەتتە قىيامەت كۈنى مەھشەرگە كەلگەنگە قارىغاندا، شۇ ئەھۋالىڭ تېخىمۇ ياخشى. تىلەمچىلىك شۇ ئۈچ خىل كىشىگە جائىز:

«يەرلەردە سۆپۈرۈلۈپ قالىدىغان دەرىجىدە ئاچ، يوقسۇل كىشىلەر، بېرەلمەيدىغان قەرزدار ۋە جازا پۇلنى بېرەلمەيدىغان ئادەم» (ئەبۇ داۋۇد، «زاكات»، 26) دېگەن.

ئىسلام موھتاج كىشىلەرنىڭ باشقىلاردىن بىر نەرسە تەلەپ قىلىشنى چەكلىمەسلىك بىلەن بىرلىكتە ئەخلاقى جەھەتتىن تەۋسىيەمۇ قىلمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر ئالدىغا كەلگەندىن بىر نەرسە تەلەپ قىلىپ ئادەتلەنگەن بىرسىگە:

«ئاللاھ زاكات ماللىرىنىڭ تەقسىمىنى ھەر شەخس ھەتتا پەيغەمبەرنىڭ ئارزۇ ۋە ئىرادىسىگە بەرمىگەن. بۇلارنىڭ سەرپ قىلىنىشى ئۈچۈن سەككىز يەر كۆرسەتكەن. ئەگەر سەن شۇ سەككىزدىن بىرسىگە چۈشسەڭ، ئۇ ۋاقىتتا ساڭا زاكات ھەققىڭنى بېرىمىز» (بەيھاقى، «سۇنەنۇل كۇبرا»، 7-جىلد، 6) دېگەن.

بۇ يەردە زاكاتنىڭ ئورنىغا ئىشلىتىلىشى ھەققىدە مۇتلەق ئەمىر بار. زاكات ئايەتتە كۆرسىتىلگەن يەرلەرگە بېرىلىدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئانى-كەرىمدە زاكات بېرىلىدىغان يەرلەر:

**«زاكات پەقەت يوقسۇللارغا، مىسكىنلەرگە، زاكات خادىملىرىغا، دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا، قۇللارنى ئازاد قىلىشقا، قەرزدارلارغا،**

پۇلنىڭ ئورنى كۆڭۈل ئەمەس، يانچۇق بولىشى كېرەك.

**ئاللاھنىڭ يولىغا، ئىبنى سەبىللەرگە بېرىلىدۇ، بۇ ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسىدۇر، ئاللاھ (بەندىلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى) ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.»** (تەۋبە سۈرىسى، 60-ئايەت) دەپ كۆرسىتىلگەن.

ئايەتتە كۆرسىتىلگەن يەرلەردىن باشقا يەرلەرگە قىلىنىدىغان ئىنفاقلار «خەيرات» دېيىلىدىغان زاكاتنىڭ سىرتىدىكى خەيرى-ساخاۋەتلەردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زاكات بېرىشكە بولمايدىغان كىشىلەرگە زاكات بەرمەي، ئۇلارنىڭ تەلىۋىنى چىرايلىقچە رەت قىلغان. ئەمما زاكاتنىڭ سىرتىدا قىلغان ئىنفاقلاردا بۇنداق قىلمىغان. بۇنداق ئەھۋاللاردا ئۆزى بىۋاستە: «**(ئېھتىياجى ئۈچۈن) تەلەپ قىلغان كىشىگە ئازار بېرىشتىن دىققەت قىل.**» (دۇخا سۈرىسى، 10-ئايەت) دېگەن ئايەتكە ئۇيغۇن ھەرىكەت قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە:

«سىلەرنىڭ ئەخلاقى گۈزەل بولغىنىڭلار ئالدىڭلارغا كېلىپ، قول تەڭلىگەنلەرگە بىر تال خورما بېرىپ بولسىمۇ، قولىنى قۇرۇق قايتۇرمىغانلاردۇر. يا ئائىشە! يېرىم خورما بېرىپ بولسىمۇ، يوقسۇلنى قۇرۇق قول قايتۇرمىغىن.» (تىرمىزى، «زۇھد»، 37) دېگەن.

بۇ ھەدىسنىڭ ئىلھامى بىلەن ئاتىمىز مۇسا توپباش ئەپەندى تەلەپ قىلىشنى كەسپكە ئايلاندۇرغان يەنى تىلەمچىلەرگىمۇ سەدىقە بېرىپ:

«بەرمەسلىككە كۆنۈپ قالماسلىق ئۈچۈن، ئاز بولسىمۇ بېرىش كېرەك.» دېگەنىدى.

شۇ ھەقىقەتنى بىلىش كېرەككى، ئىسلامدا مەجبۇر قالغان ۋاقىتلاردا بىر نەرسە تىلەشكە رۇخسەت قىلىنغان. چۈنكى باشقىلارغا قول ئېچىش ئەسلىدە ئىنساننى پەسلەشتۈرىدىغان بىر ئىشتۇر. بۇ سەۋەپتىن ئاللاھ رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەسھابىدىن بەيئەت ئالغان ۋاقتىدا: «ھېچ كىمدىن بىر نەرسە تەلەپ قىلماسلىقنى»[11] شەرت قوشقان.

11. مۇسلىم، «زاكات»، 108 گە قاراڭ.

كۆپ مال بىلەن قانداق مۇمكىن غەرق بولۇش بەرىكەتكە،
بەرىكەتكى پەقەتلا بايلىقنىڭكى شۈكرىدۇر،
ئەمىر قىلار ئاللاھتائالا دۇنيا ۋە ئاخىرەتكە،
بارغىن شۈكۈر قىلغۇچى بەندىنىڭ ئارقىسىدىن ماڭغىلى.
- راھمەتى





يوقسۇللار ئارىسىدىكى خىجىل بولۇشنى بىلمەيدىغان، يۈزى قېلىن، ئالدىغا كەلگەندىن پۇل تەلەپ قىلىدىغان كىشىلەر بىلەن يوقسۇللۇق ۋە قىيىنچىلىقنى ئىچىگە يۇتىدىغان كىشىلەرنى بىر-بىرىدىن ئايرىش كېرەك.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«مىسكىن بىر، ئىككى لوقما تەلەپ قىلىدىغان تىلەمچى ئەمەس. مىسكىن قاتتىق قىيىنچىلىق ئىچىدە تۇرۇۋاتسىمۇ خىجىللىقىدىن ھېچ كىمدىن بىر نەرسە تەلەپ قىلالمىغان كىشىدۇر.» (مۇسلىم، "زاكات" 201) خالىساڭلار **«ئۇلار كىشىلەرگە چاپلىشىۋېلىپ تىلەمچىلىك قىلمايدۇ.»** (بەقەرە سۈرىسى، 273-ئايەت) دېگەن ئايەتنى ئوقۇڭلار دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەت ۋە ھەدىس ئارقىلىق شۇنى بايان قىلماقچى بولغان:

«ھەر ئالدىغا كەلگەندىن بىر نەرسە تەلەپ قىلغۇچىلار قانداقلا بولسا بىر نەرسىگە ئېرىشىدۇ، ئەسلىدە ئۇنتۇشقا بولمايدىغان كىشىلەر ئەھۋالىنى مەخپىي تۇتۇپ، يوقسۇللۇققا قانائەت قىلىپ، سەۋرى قىلغان كىشىلەردۇر.» ئەھۋالىنى ئېيتالمايدىغان بۇنداق كىشىلەرگە قىلىنىدىغان ئىنفاقنىڭ ئەھمىيىتى قۇرئانى-كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىنغان:

**«ئۆزىنى ئاللاھ يولىغا ئاتىغان، (تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن) يىراق جايلارغا بارالمايدىغان يوقسۇللارغا خەير-ئېھسان قىلىنىشى كېرەك. ئەھۋالىنى ئۇقمىغانلار ئۇلارنىڭ نەرسە تىلىمىگەنلىكلىرىگە قاراپ، ئۇلارنى باي دەپ گۇمان قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ چىرايىدىن تونۇيسەن، ئۇلار كىشىلەرگە چاپلىشىۋېلىپ تىلەمچىلىك قىلمايدۇ. مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير-ئېھسان قىلماڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇنى بىلگۈچىدۇر.»** (بەقەرە سۈرىسى، 273-ئايەت)

«شۈكرىنى ئادا قىلايدىغان ئاز مال، شۈكرىنى ئادا قىلالمايدىغان كۆپ مالدىن ياخشىدۇر.»

(تەبەرانى، «جامئۇل بەيان»، 16-جىلد، 372، 370)



## يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدىن ئېلىنىدىغان زاكات: ئۆشرە

ئۇنۇتۇلۇشقا قاراپ كېتىلىۋاتقان ئىقتىسادىي ئىبادەتلەردىن بىرى بولغان ئۆشرە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدىن ئېلىنىدىغان زاكاتتۇر. ئۆشرە بەرمىگۈچىلەر زاكات بەرمىگۈچىلەرگە ئوخشاشلا ئاللاھ نەزىرىدە باشقىلارنىڭ ھەققىنى تارتىۋالغۇچى ۋە گۇناھكاردۇر. بۇنداق كىشىلەر يوقسۇل، موھتاج ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغۇچى كىشىلەرنىڭ ھەققىنى تارتىۋالغان بولىدۇ.

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، يەمەنلىك بىر مەرت ئادەمنىڭ سانا يېقىنلىرىدا ئۈزۈم، خورما بېغى ۋە تېرىلغۇ يېرى بار ئىكەن. بۇ سېخى ئادەم مەھسۇل يىغىش ۋاقتىدا يوقسۇل، غېرىپ ۋە ئاجىز كىشىلەرگە ئۆشرە ھەققىنى ئارتۇق بېرىدىكەن. ئۇ زاتنىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن بالىلىرى ئاچ كۆزلۈك قىلىپ:

«ئائىلىمىزنىڭ جان سانى كۆپ، مال ئاز، يوقسۇللارغا بىر نەرسە بەرمەيلى، ئۇلار كېلىپ تەلەپ قىلىشتىن ئىلگىرى مەھسۇللىرىمىزنى يىغىۋالايلى» دەپ، مەسلەھەتلىشىپتۇ.

ئاللاھ جەللا جەلالۇھۇ ئۇلارنىڭ بۇ خىل يامان نىيىتىگە قاراپ بېغىنى كۆيدۈرۈپ، كۈلگە ئايلاندۇرىۋېتىپتۇ. ئۇ چوڭ باغ تونۇغىلى بولمايدىغان ھالەتكە كېلىپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن پىخسىق بالىلار:

«بىز خاتا بىر يەرگە كېلىپ قالدۇقمۇ نېمە؟» دەپ پىچىرلىشىپتۇ.

ئەسلىدە دادىسىنىڭ ئۆشرىنى مەرتلەرچە تارقىتىپ، موھتاجلارنىڭ دۇئاسىنى ئېلىشى، باغقا زىيادىسى بىلەن بەرىكەت كەلتۈرگەن ئىكەن. يوقسۇل ۋە غېرىپلار ئۇ باغدىن پايدىلانغان ئىكەن. لېكىن دادىسىنىڭ يوقسۇللارغا تارقىتىپ بەرگەن ئۆشرى بالىلىرىنىڭ كۆزىگە كۆپ كۆرۈنۈپ كېتىپ، يوقسۇللارغا بېرىشنى خالىماپتۇ. ئۇلار ئاللاھنىڭ باغقا بەرگەن بەرىكىتىنىڭ قەيەردىن

«ئادەم ئوغلىنىڭ لىق ئىككى ۋادى مېلى بولسا ئۈچىنچىسىنى ئىستەيدۇ، ئۇنىڭ قارنىنى پەقەت توپراق تويغۇزىدۇ.»

(بۇخارى، «رىقاق»، 10)



كەلگەنلىكىنى سېزەلمەيتۇ. چۈنكى غەپلەت ئۇلارنىڭ قەلبىنى كۆرمەس قىلىپ قويغان ئىكەن.

بۇ ھەقتە ئاللاھتائالا:

**«غاپىللاردىن بولماڭلار»** (ئەئراپ سۈرىسى، 205-ئايەت) دېگەن.

ئەسھابى داۋران قىسسىسى دەپ ئاتالغان بۇ ۋەقە قۇرئانى كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىنغان:

**«شۈبھىسىزكى، بىز ئۇلارنى (يەنى مەككە ئاھالىسىنى) مەلۇم باغنىڭ ئىگىلىرىنى سىنىغاندەك (قەھەتچىلىك، ئاچارچىلىققا دۇچار قىلىش بىلەن) سىنىدۇق. ئۇلار (يەنى باغنىڭ ئىگىلىرى) ئۇنىڭ مېۋىلىرىنى (كەمبەغەللەر ئۇقمىسۇن، ئۇلارغا ھېچ نەرسە بەرمەيلى دېيىشىپ) سەھەردىلا ئۈزۈۋېلىشقا قەسەم ئىچىشكەن ئىدى. ئۇلار خۇدا خالىسا دېمىگەن ئىدى. ئۇلار ئۇخلاۋاتقاندا، باغقا پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ئازاب (يەنى يانغىن) نازىل بولۇپ، باغ (كۆيۈپ) قاپقارا كۈلدەك بولۇپ قالدى. ئۇلار: "ئەگەر (مېۋىلەرنى) ئۈزمەكچى بولساڭلار باغقا بېرىڭلار" دەپ، ئەتىگەندە بىر-بىرىنى توۋلاشتى. ئۇلار ماڭدى، يولدا كېتىۋېتىپ: "بۈگۈن باغقا ھەرگىز بىر مىسكىنمۇ كىرمىسۇن" دېيىشىپ پىچىرلاشتى. ئۇلار (مىسكىنلەرنى باغقا كىرىشتىن) توسيالايمىز دېگەن ئوي بىلەن، ئەتىگەندە تۇرۇشتى. ئۇلار باغنىڭ (كۆيۈپ قاپقارا بولۇپ كەتكەنلىكىنى) كۆرۈپ: "بىز ھەقىقەتەن ئېزىپ قېلىپتۇق، ياق بىز (باغنىڭ مېۋىسىدىن) قۇرۇق قېلىپتۇق" دېدى.»** (قەلەم سۈرىسى، 17-27-ئايەتلەر)

بۇ ئايەتلەردە ئاللاھنى ئۇنۇتۇپ، نېمەتلەرنىڭ ئۇنىڭ تەرىپىدىن كەلگەن بىر لۇتۇپ ئىكەنلىكىنى بىلمەس بولۇۋېلىپ، يوقسۇل ۋە غېرىپلارنىڭ ھەققىنى بەرمەسلىك ئۈچۈن ئۇلارغا ھىلە ئىشلەتكەن مەرھەمەتسىز باغ ئىگىلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتى ئىبرەت سەھنىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، كۆڭۈلدىكى

«سالىھ بىر ئىنساننىڭ قولىدا ھالال ۋە پايدىلىق مالنىڭ بولۇشى ناھايىتى گۈزەلدۇر.»

(ئەخمەد ئىبنى ھەنبەل، «مۇسنەد»، 4-جىلد، 202



پۈتۈن نىيەتلەر ئاللاھتائالاغا مەلۇمدۇر. ئۇنىڭ قۇدرىتى ھەر نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ ھەقتە ھەزرىتى مەۋلانا:

«دۇنيا ھاياتى بىر چۈشتىن ئىبارەتتۇر، دۇنيادا بايلىق ئىگىسى بولۇش چۈشىدە خەزىنىگە ئىگە بولۇشقا ئوخشايدۇ. دۇنيا مىلى نەسلدىن ـ نەسلگە ئۆتۈپ، دۇنيادا قالىدۇ.

ئۆلۈم پەرىشتىسى غاپىلنىڭ جېنىنى ئېلىش ئارقىلىق ئۇنى ئۇيقۇدىن ئويغىتىدۇ. ئۇ كىشى ھەقىقەتتە ساھىب بولمىغان بىر مال ئۈچۈن دۇنيادا تارتقان ئازابلىرىغا ئاھ ـ ۋاھ دەيدۇ، قاتتىق پۇشايمان قىلىدۇ. لېكىن ئىش تۈگىگەن ۋە ھەر نەرسە تاماملانغان بولىدۇ.»

بۇ ھەقتە ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

«ئىنسانلار ئۇيقۇدىدۇر، ئۆلگەن ۋاقتىدا ئويغىنىدۇ.» دېگەن.

ئاللاھتائالا قۇرئانى ـ كەرىمدە ئۆلۈم ۋاقتىدا چۈشتىن ئويغانغاندەك، ئۆزىگە كېلىدىغان ئىنساننىڭ ئەبەدى پۇشايمانلىق ئىچىدە مۇنداق دەيدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ:

رَبِّ لَوْلاَ أَخَّرْتَنِي إِلَى أَجَلٍ قَرِيبٍ فَأَصَّدَّقَ وَأَكُن مِّنَ الصَّالِحِين

**«بىرىڭلارغا ئۆلۈم كېلىپ: "پەرۋەردىگارىم! نېمشقا مېنى (يەنى ئەجىلىمنى) بىر ئاز كېچىكتۈرمىدىڭ، سەدىقە قىلىپ ياخشىلاردىن بولار ئىدىم" دېيىشتىن بۇرۇن، ئۆزەڭلارغا رىزىق قىلىپ بېرىلگەن نەرسىلەرنى سەدىقە قىلىڭلار.»** (مۇنافىقۇن سۈرىسى، 10 ـ ئايەت)

بۇ ئەھۋالدا ئىش تۈگىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ تەلىۋى قوبۇل قىلىنمايدۇ. بۇ سەۋەپتىن ئاللاھتائالا ئايەتنىڭ ئەۋۋىلىدە ئىنساننى بۇنداق ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە دۇچار بولۇشتىن ئىلگىرى ئۆزىگە بېرىلگەن رىزىقتىن ئىنفاق قىلىشنى ئەمىر قىلغان.

خۇلاسىلىساق، ھەر مۇئمىن ئاللاھنىڭ مۈلكىدە ياشاۋاتقانلىقى، ئۇنىڭ بەرگەن رىزقى بىلەن ھايات كەچۈرۈۋاتقانلىقى چۈشەنچىسى بىلەن ئىقتىسادىي ئىبادەتلەردە بوشاڭلىق قىلماسلىقى كېرەك.

«يا رەببى! يوقسۇللىق ۋە بايلىقنىڭ پىتنىسىدىن ساڭا سېغىنىمەن!»

(مۇسلىم، «زاكات»، 49)



ئەكسىچە، كىمنىڭ مېلىنى كىمدىن يىراق تۇتۇۋاتقانلىقىنى بىلمەيدىغان غاپىللار گورۇھىغا كىرىپ قېلىشى مۇمكىن.

**يا رەببى! ئەھۋالىنى ئېيتقان موھتاج ۋە خىجىللىقىدىن ئەھۋالىنى ئېيتالمىغان يوقسۇلنىڭ بايلىقلىرىمىزدىكى ھەققىنى ئىبادەت ھاياجىنى بىلەن بېرىپ، سېنىڭ رىزايىڭنى قولغا كەلتۈرۈشنى نېسىپ قىلغىن! ئامىن!..**

«سىلەرنىڭ ئەخلاقى گۈزەل بولغىنىڭلار ئالدىڭلارغا كېلىپ قول تەڭلىگەنلەرگە بىر تال خورما بېرىپ بولسىمۇ، قولىنى قۇرۇق قايتۇرمىغانلاردۇر. يا ئائىشە! يېرىم خورما بېرىپ بولسىمۇ يوقسۇلنى قۇرۇق قول قايتۇرمىغىن.»

(تىرمىزى، «زۇھد»، 37)

# B ـ ئىنفاق

## 1 ـ ماھىيىتى

جان ۋە مالنىڭ ئاللاھ يولىغا تەسىس قىلىنىشى دېگەن مەنانى بىلدۈرىدىغان ئىنفاق ۋە بۇنىڭغا ئوخشايدىغان كەلىمىلەر قۇرئانى ـ كەرىمدە 200 دىن ئارتۇق يەردە زىكىر قىلىنغان. بۇ رەقەملا ئىنفاقنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشىنىشكە كۇپايە قىلىدۇ. ئىككىنچى ئەقەبە بەيئىتىدە ئابدۇللاھ ئىبنى راۋاھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

«يا رەسۇلەللاھ! رەببىڭ ۋە ئۆزەڭ ئۈچۈن بىزدىن تەلەپ قىلىدىغان شەرتلىرىڭ بولسا ئېيتقىن» دېگەندە، ئاللاھ رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«رەببىم ئۈچۈن شەرتىم: ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىش، ئۇنىڭغا ھېچ بىر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىكىڭلار. ئۆزەم ئۈچۈن جان ۋە مېلىڭلارنى قانداق قوغدىغان بولساڭلار، مېنىمۇ شۇنداق قوغدىشىڭلاردۇر.» دېگەن. ئەسھابى ـ كىرام:

«بۇنداق قىلساق بىزگە نېمە بېرىلىدۇ؟» دەپ سورىغاندا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«جەننەت بېرىلىدۇ.» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ يەردىكىلەر:

«نېمە دېگەن پايدىلىق بىر تىجارەت بۇ! بۇنىڭدىن قايتمايمىز ۋە قايتىشنى خالىمايمىز» (ئىبنى كەسىر، «تەپسىر»، 2 ـ جىلد، 406) دېيىشكەن.

بۇ سۆزلەردىن كېيىن شۇ ئايەت نازىل بولغان:

إِنَّ اللّٰهَ اشْتَرٰى مِنَ الْمُؤْمِنِينَ أَنْفُسَهُمْ وَأَمْوَالَهُمْ بِأَنَّ لَهُمُ الْجَنَّةَ



سەن، سەن بول، قانداقلا بولسا موھتاجغا ئازار بەرمە،
ئازغىنا ئەمىلىڭ بار، شەيتانغا ساتما.

ـ راھمەتى



**«شۈبھىسىزكى، ئاللاھ مۆمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەت بېرىپ سېتىۋالدى. ئۇلار ئاللاھنىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىپ (دۈشمەنلەرنى) ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ (يەنى دۈشمەنلەر بىلەن جىھاد قىلىپ شېھىد بولىدۇ)، (جىھاد قىلغۇچىلارغا جەننەتنى ۋەدە قىلىش) تەۋراتتا، ئىنجىلدا ۋە قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان (ئاللاھنىڭ) راست ۋەدىسىدۇر، ۋەدىسىگە ئاللاھتىنمۇ بەك ۋاپا قىلغۇچى كىم بار؟ (يەنى ئاللاھتىنمۇ ۋاپادار ئەھەدى يوق) قىلغان بۇ سوداڭلاردىن خۇشال بولۇڭلار، بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر.»** (تەۋبە سۈرىسى، 111-ئايەت)

جاننى ئاللاھقا سېتىشنىڭ كونكېرت يولى شېھىدلىك ۋە غازىلىقتۇر.

ئىسلامنىڭ تۇنجى شېھىدى سۇمەييە خاتۇننىڭ ئەھۋالى ئۆرنەكتۇر. ئۇ جېنىنى ئاللاھ يولىدا ئىنفاق قىلغان. ئۇ ھازىر جەننەتنى سېتىۋېلىپ، قىيامەتكىچە كېلىدىغان مۇئمىنلارنىڭ كۆڭلىدە تەخت قۇرۇپ، ئەبەدى مۇكاپات بېرىلىدىغان كۈننى ساقلاۋاتىدۇ. بۇ ئەھۋال ئالدىدا بىزمۇ ئاللاھ رىزاسىغا ئېرىشىش ئۈچۈن مېلىمىز ۋە جېنىمىز بىلەن ئىنفاق قىلىشقا يۆنىلىشىمىز كېرەك.

چاناققەلئە ئۇرۇشىدا تۈرك ئارمىيىسىنىڭ پارتلاتقۇچ دورىسى قالمىغان ئەھۋال ئاستىدا، جان ۋە مال ئىنفاق قىلىنغانلىقى ئۈچۈن زەپەر نېسىپ بولغان. تارىختا بۇنىڭغا ئوخشايدىغان مىساللار كۆپتۇر. مالنىڭ ئاللاھقا سېتىلىشى ئەسلىدە مەجازى بىر تەبىر بولۇپ، ئۇنىڭ ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىنىشىنى ئىپادىلەيدۇ. ئاللاھتائالا مۇتتەقىلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلغاندا:

**«ئۇلار غەيبكە ئىشىنىدۇ، نامازنى ئادا قىلىدۇ، ئۇلار بىزگە بەرگەن مال-مۈلۈكتىن خۇدا يولىغا) سەرپ قىلىدۇ.»** (بەقەرە سۈرىسى، 3-ئايەت) دېگەن.

«شەيتان سىلەرنى يوقسۇللۇقتىن قورقۇتىدۇ، يامان ئىشلارغا (يەنى بېخىللىققا، زاكات بەرمەسلىككە) بۇيرۇيدۇ.»

(بەقەرە سۈرىسى، 268-ئايەت)



ئاللاھ ئۇچۇن بېرىشنىڭ ئومۇمىي ئىسمى بولغان سەدىقە ۋە ئىنفاقنىڭ تۈرلىرى كۆپ.

سەدىقە ۋە ئىنفاق مەۋجۇد بولغان نەرسىنى بېرىشتىن باشلايدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن، يېرىم خورما بېرىشمۇ ئىنفاق بولۇپ، ئىنساننى جەھەننەم ئوتىدىن ساقلايدۇ. بۇ سەۋەپتىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر مۇئمىننى باي دەپ ھېسابلايدۇ. چۈنكى ھەدىس-شەرىپلەردە مۇئمىندىكى ئەمرى-مەئرۇپ، مەزلۇمغا ياردەم، تەسەللى بېرىش، كۆڭلى يېرىمنى خوش قىلىش، يولدىكى باشقىلارغا ئەزىيەت بېرىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىش، كېسەللەرنى يوقلاش قاتارلىقلارنىڭ بىرەر سەدىقە، يەنى ئىنفاق ھۆكمىدە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىنغان. بۇلار ئىقتىسادقا باغلىق بولمىغان خىزمەتلەردۇر. بۇ دېمەككى، ئەڭ ئاجىز بىر مۇسۇلمانمۇ قىلالايدىغان كۆپلىگەن سەدىقە ۋە ئىنفاقلار بار.

خەير پەقەت مال بىلەنلا قىلىنمايدۇ. بىر ئىشقا يول كۆرسىتىش، تەسەللى بېرىش، نەسىھەت قىلىش، ئىنسانلارغا تەبەسسۇم بىلەن يېقىنلىشىش قاتارلىق ھەممە ئادەم قىلالايدىغان ساناقسىز ئىشلار جەمئىيەتنىڭ خاتىرجەملىكى، قېرىنداشلىق مۇھەببەتنىڭ يىلتىز تارتىشى ۋە ئىجتىمائىي ھەمكارلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئامىللاردۇر. جەمئىيەتنىڭ يوقسۇل، قىيىنچىلىقى بار كىشىلەرگە ياردەم ماھىيىتىدىكى سەدىقە، ئىنفاقلار ئىجتىمائىي تەڭپۇڭلۇقنىڭ داۋاملىشىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغانلىقى ئۈچۈن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەرىكەت ۋەسىلىسىدۇر. شۇ مىسال بۇ ھەقىقەتنى گۈزەل ئىپادىلەيدۇ:

بىر كۈنى، بىر تىلەمچى ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن بىر نەرسە تەلەپ قىلدى. ھەزرىتى ئەلى ئوغۇللىرى ھەزرىتى ھەسەن ۋە ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا:

«ئاناڭلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۆيدىكى ئالتە دىرھەمنى ئېلىپ كېلىڭلار.» دېدى. ھەزرىتى ھەسەن ۋە ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما

«سەدىقە بېرىش بىلەن مال كەملەپ كەتمەيدۇ. ئاللاھتائالا ئەپۇچان بەندىسىنىڭ دەرىجىسىنى ئالى قىلىدۇ. ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن كەمتەر بولغان كىشىنى ئاللاھ يۈكسەلتىدۇ.»

(مۇسلىم، «بىرر»، 96)



ئۆيگە بېرىپ، ئالتە دىرھەمنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كەلدى. ھالبۇكى، بۇ ۋاقىتتا بۇ دىرھەمگە بۇلارنىڭ ئېھتىياجى بار ئىدى. ھەزرىتى پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇ پۇلغا ئۇن ئالماقچى ئىدى. بىر مۇددەتتىن كېيىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆيگە قايتىش ئۈچۈن يولغا چىقىپ، ئۆيگە كىرەي دەپ تۇرىشىغا، يېنىغا تۆگىسىنى ساتماقچى بولغان بىر ئادەم كەلدى. بۇ ئادەم:

«پۇلىنى كېيىن بەرگىن» دەپ، تۆگىنى ھەزرىتى ئەلىگە 140 دىرھەمگە سېتىپ، تۆگىنى باغلاپ قويۇپ كەتتى. بۇ ۋاقىتتا باشقا بىر ئادەم كېلىپ، تۆگىنى 200 دىرھەمگە سېتىۋېلىپ، پۇلنى نەق بېرىپ كەتتى.

ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ 140 دىرھەمنى تۆگىنى سېتىۋالغان كىشىگە بەردى. ئېشىپ قالغىنىنى ھەزرىتى پاتىمەگە تاپشۇرۇپ:

بۇ ئاللاھنىڭ: **«ھەر كىم بىر ياخشىلىق قىلسا ئۇنىڭغا قىلغان ياخشىلىقىنىڭ ئون ھەسسىسىنى بېرىمەن.»** (ئەنئام سۈرىسى، 160-ئايەت) دېگەن ۋەدىسىنىڭ بىزگە قىلغان ئېھسانىدۇر. بىز ئالتە دىرھەمنى بەردۇق، ئاللاھتائالا ئۇنى ئون ھەسسە قىلىپ بىزگە بەردى.» دېدى.

بۇ بەرىكەتكە قوشۇمچە قىلىپ ئاللاھتائالانىڭ:

**«ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتى، پەقەتلا ياخشىلىق ئەمەسمۇ؟!»** (راھمان سۈرىسى، 60-ئايەت) دېگەن بايانى زاكات ۋە ئىنفاقنىڭ بەندىگە كۆپلىگەن رەھمەت ئىشىكلىرىنى ئېچىپ، بالا-قازا ئىشىكلىرىنى تاقىۋېتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىستانبۇلدا جەمئىيەت تىنچ بولمىغان ۋاقىتلاردا يۈز بەرگەن شۇ ۋەقە، بۇ ھەقىقەتنىڭ ئىبرەتلىك سەھنىلىرىدىن بىرىدۇر:

بەش-ئالتە ئوغرى چوڭ بىر دۇكانغا كىرىپ، دۇكان ئىگىسىگە تارتمىدا قانچىلىك پۇل بولسا، ھەممىسىنى بېرىشنى ئېيتقان. ياشىنىپ قالغان دۇكانچى ئامالسىز تارتمىنىڭ ئاچقۇچىنى قولىغا

«دۇنيا ھاياتى بىر چۈشتىن ئىبارەت، دۇنيادا بايلىق ئىگىسى بولۇش، چۈشتە خەزىنىگە ئىگە بولۇشقا ئوخشايدۇ. دۇنيا مىلى نەسىلدىن-نەسىلگە ئۆتۈپ، دۇنيادا قالىدۇ.»

-مەۋلانا



ئېلىپ ئاچاي دەپ تۇرىشىغا، سىرتتا كۆزەتچىلىك قىلىۋاتقان يەنە بىر ئوغرى بۇ ياشىنىپ قالغان ئادەمنى كۆرۈپ، قۇرالنى ئاغىينىلىرىغا توغرىلاپ:

ـ بۇ يەردىن بىر تىيىن ئالماي چىقىپ كېتىمىز. ـ دېگەن. بۇ ئەھۋال ئالدىدا، ھاڭ ـ تاڭ قالغان ئاغىينىلىرى:

ـ ساڭا نېمە بولدى؟ ھازىرغىچە بىر نەچچە دۇكاننى بولىدۇق، بىر نەرسە دېمىدىڭ. ئەمدى ساڭا نېمە بولدى؟ ئالدىمىزدىن نېرى تۇر، بىز ئىشىمىزنى تۈگۈتۈپ چىقىپ كېتەيلى.ـ دېگەن.

بۇ ئوغرى ئاغىينىلىرىنى بۇ ئىشتىن توسۇپ قېلىش ئۈچۈن قەتئىي نىيەت بىلەن خىجىلچىلىق ئىچىدە:

ـ سىلەرگە شۇنى دەپ قوياي، بۇ يەردىن بىر يىڭنە چاغلىق نەرسىنىمۇ ئالمايسىلەر. بۇ يەردىن بىر نەرسە ئالىمىز دەپ قاتتىق تۇرىۋالماڭلار. بىلىڭلاركى، مېنىڭ جەسەدىمنى مىجىپ چىقمىغىچە، بۇ دۇكاندىن بىر نەرسە ئالالمايسىلەر. بۇ ياشىنىپ قالغان تاغىنىڭ كىملىكىنى بىلەمسىلەر؟ مەن ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بېرى مەيخانا ۋە قىمارخانىلاردا يۈرۈپ، ئائىلەمنى تاشلىۋەتكەن ۋاقتىمدا، بۇ تاغا ئۇلارغا شەپقەت قولىنى ئۇزۇتۇپ، ئاتىدارچىلىق قىلىپ، بالىلىرىمنى ئوقۇتقان ئالىي جاناپ ئىنساندۇر. ـ دېگەن.

بۇنى ئاڭلىغان ئاغىنىلىرى بېشىنى ئالدىغا ئېگىپ، بىرلىكتە كەچۈرۈم سوراپ، ئۇ يەردىن ئايرىلغان. بۇ ئاللاھ ئۈچۈن قىلىنغان ئىنفاقنىڭ دۇنيادىكى پايدىسىنىڭ ئىبرەتلىك مىسالى ۋە «ئاز بولسىمۇ سەدىقە بالانى يەر» دېگەن ئىپادىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدۇر.

❁

يوقسۇل ۋە موھتاجلارنىڭ ئېھتىياجىنى ھەل قىلىپ، ئۇلارغا خۇشاللىق ئاتا قىلىشنىڭ ئۇسۇلىنى كائىناتنىڭ پەخرى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھاياتىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

«ئادەم بالىسى مېلىم، مېلىم دەپلا تۇرىدۇ. ئەي ئادەم بالىسى! يەپ تۈگەتكەن، كىيىپ كونىراتقان ياكى سەدىقە قىلىپ ساۋاب تېپىش ئۈچۈن ئالدىن ئەۋەتكىنىڭدىن باشقا مېلىڭ بارمۇ؟»

(مۇسلىم، «زۇھد»، 3ـ4)



ئۇ بىر تەرەپتىن مەرتلىكنىڭ بىر مۇسۇلماننىڭ ئەسلى تەبىتىگە ئايلىنىش لازىملىقىنى ئارزۇ قىلىپ:

«بەرگەن قول ئالغان قولدىن ئۈستۈندۇر» (بۇخارى، «زاكات»، 18)

دېسە، يەنە بىر ھەدىسىدە:

«شۇ ئىككى كىشىگە ھەۋەسلىنىش كېرەك؛ بىرى ئاللاھتائالا مال-دۇنيا ئاتا قىلىپ، توغرا يولدا ئىشلىتىشكە مۇۋەپپەق بولغان كىشى؛ يەنە بىرى ئاللاھ ئىلىم بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئەمەل قىلىپ، باشقىلارغا ئۆگەتكەن كىشى.» (بۇخارى، «ئىلىم»، 15) دېگەن بايانلىرى بىلەن ئىنفاقنى تەشۋىق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن:

«يا رەببى! مېنى يوقسۇل ياشات، يوقسۇل ھالەتتە ھاياتىمنى ئاخىرلاشتۇر، قىيامەت كۈنىدە يوقسۇللار بىلەن تىرىلدۈرگىن!» (تىرمىزى، «زۇھد»، 37) دەپ دۇئا قىلىپ، مەسجىدى سائادەتنىڭ بىر قىسمىنى غېرىپ-مىسكىنلەر پاناھلىنىدىغان شەپقەت ئۇۋىسىغا ئايلاندۇرغان. بارلىق يوقسۇللارغا قىلغاندەك، «ئەسھابى سۇپپە» دەپ ئاتالغان كىشىلەرگە قاتتىق كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ ھەر تۈرلۈك دەردىگە دەرمان بولۇشقا تىرىشىپ، ئۆزىنىڭ ئاددى-ساددا تۇرمۇشى بىلەن تەسەللى قىلغان.

ئۇنىڭ:

«(ئاللاھ ھۇزۇرىدا مال-مۈلك ھەققىدە ھېساب بەرمەيدىغان) يوقسۇللار بايلاردىن يېرىم كۈن (دۇنيا ھېسابى بىلەن 500 يىل) ئىلگىرى جەننەتكە كىرىدۇ.» (تىرمىزى، «زۇھد»، 37)

«(ماللىرىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلماي) كۆپەيتكەنلەر قىيامەت كۈنىدە (ساۋابلىرىنى) ئازايتىدىغانلاردۇر.» (بۇخارى، «رىقاق»، 13)

دېگەن سۆزلىرى، ھەقىقىي ئىززەت ئۆلچىمىنىڭ بايلىقتا ئەمەس، پەزىلەت ۋە تەقۋادا ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. يەنە ئۈممىتىنىڭ ئىنفاق قىلىش سائادىتىدىن مەھرۇم قالغان يوقسۇللىرىغا:

«يېرىم خورما بېرىپ بولسىمۇ ئاتەشتىن ساقلىنىڭلار، بۇنىمۇ تاپالمىغانلار گۈزەل سۆز قىلسۇن.» (بۇخارى، «ئەدەپ»، 13) دەپ،

> «ئۆلۈم پەرىشتىسى غاپىلنىڭ جېنىنى ئېلىش ئارقىلىق ئۇيقۇدىن ئويغىتىدۇ. ئۇ كىشى ھەقىقەتتە ئىگە بولمىغان بىر مال ئۈچۈن دۇنيادا تارتقان دەرتلەرگە ئاھ-ۋاھ دەيدۇ، مىڭلارچە پۇشايمان قىلىدۇ. لېكىن ئىشنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ، ھەر نەرسە تۈگىگەن بولىدۇ.»
>
> - ھەزرىتى مەۋلانا



ئىنفاقنىڭ ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا مۇمكىن ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تىنىدۇرغان. بۇ سەۋەپتىن بىر كىشىنىڭ بېرىدىغان بىر نەرسىسى بولمىسا، باشقىلارغا ياخشى مۇئامىلە ۋە گۈزەل سۆز قىلسا، بۇمۇ بىر خىل سەدىقە بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھتائالا:

**«ياخشى سۆز ۋە كەچۈرۈش كەينىدىن ئەزىيەت يەتكۈزۈلىدىغان سەدىقىدىن ئەۋزەلدۇر. ئاللاھ (بەندىلەرنىڭ سەدىقىسىدىن) بىھاجەتتۇر، ھەلىمدۇر (يەنى ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ.)»** (بەقەرە سۈرىسى، 263 ـ ئايەت) دېگەن.

رەسۇل ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۇقىرىدىكى بايانلىرى ھەم بايلىقنى ھەمدە يوقسۇللۇقنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ. ئەكسىچە، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئۆزىگە ئائىت گۈزەل تەرەپلىرىنىڭ بارلىقىنى ۋە بۇنىڭغا قارىتا ھەرىكەت قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى ئىپادىلەپ، ھەر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا رازى بولۇشىنىڭ ئەھمىيىتىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئىنسان باي ياكى يوقسۇل بولۇشىغا قارىماي، ئىلاھىي رىزانى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا تىرىشىشى كېرەك.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن مۇسۇلمانلارنى كۆڭلى باي كىشىلەر دەپ قارايتتى. ئەسھابى ـ كىرامدىن ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دۇنيالىق جەھەتتە قالدۇرۇپ كېتىدىغان بىر نەرسىسى بولمىسىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

«يا ئەبۇ زەر! شورپاڭغا سۇ قوشقىن ۋە ئىنفاق قىلغىن» (مۇسلىم، «بۇخارى»، 142) دېگەن.

چۈنكى ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شورپىغا سالىدىغان پۇرچىقىمۇ يوق ئىدى.

كۆڭلى باي كىشىگە يانچۇق يوقسۇللۇقى زىيان سالالمايدۇ. كۆڭۈل بايلىقى بىلەن بىرلىكتە يانچۇقىمۇ باي بولسا بۇ ئۇنىڭ

سۆيگۈنىڭ ئالامىتى پىداكارلىقتۇر. سۆيگۈچى سۆيۈلگۈچىگە قارىتا پىداكارلىق كۆرسىتىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدۇ. بۇ ئاشىقنىڭ مەشۇقى ئۈچۈن جان بېرىشكە قەدەر بارىدۇ. ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتىغا قىلىنغان ئىنفاق، سۆيگۈچىنىڭ سۆيۈلگۈچىگە كۆرسىتىدىغان ئەڭ گۈزەل مۇھەببەت ئىزھارىدۇر.



كۆڭۈل بايلىقى ۋە ياخشىلىقنى تېخىمۇ كۆپەيتىدۇ. كۆڭلى يوقسۇل بولغۇچىغا يانچۇق بايلىقى بىر پايدا بەرمەيدۇ. ئەكسىچە، ئۇنىڭ كۆڭۈل يوقسۇللۇقىنى تېخىمۇ كۆپەيتىدۇ. كۆڭلى بىلەن بىرگە يانچۇقىمۇ يوقسۇل بولغانلار ئاللاھ ساقلىسۇن، ئىككى جاھان بەدبەختى بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەقىقىي بايلىقنىڭ مال كۆپلىكىدە ئەمەس، كۆڭۈل بايلىقىدا» (ئەخمەد ئىبنى ھەنبەل، «مۇسنەد»، 2_جىلد، 389) ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. بۇنىڭغا قارىغاندا ھەر ئادەم قانائەتنى قەدەر بايدۇر. قانائەت ھەدىس_شەرىپتە كۆرسىتىلگەندەك، تۈگىمەس بىر خەزىنىدۇر.[12] ھەقىقىي مۇئمىنلار بۇ بايلىق نېمىتىگە ئىگە بولۇپ، ئىنفاق قىلغۇچىلاردۇر. ئىنفاق بىر مۇئمىننىڭ نازۇكلۇقى ۋە غەمگۈزارلىقىنىڭ نامايەندىسىدۇر.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شامغا مېڭىۋاتقاندا، تۆگىگە مىنىش نۆۋىتى قۇلىغا كەلگەندە، شەھەرنىڭ كىرىش ئىشىكىگە يېقىنلاشقان بولسىمۇ، قۇلىنىڭ قارشى چىقىشىغا قارىماي، قۇلىنى تۆگىگە مىندۈرۈپ، ئۆزى پىيادە شامغا كىرگەن. بۇ ئەھۋال تەسۋىرلىگۈسىز ئىنفاق ۋە سېخىلىق نامايەندىسىدۇر.

ئىسار ئۆز ھەققىنى بېرىش، ئۆز ھەققىنى قېرىندىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش دېگەنلىك. بۇ ئەھۋال كۈنىمىزدە يوق دەرىجىدە ئاز. ئەمما زاكاتتىن بىرئاز ئارتۇق بېرىش، ئۇنىڭ سىرتىدىكى ئىنفاقلارنى قىلىشقا تەشۋىق قىلىش ۋە بۇ ئىشنى مۇئەسسەسەلەشتۈرۈپ رەسمىيلەشتۈرىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈش كېرەك. بۇ مۇئەسسەسەلەردە ئىسلامغا خىزمەت قىلىدىغان غەيرەتلىك ئىنسانلار يېتىشىشى كېرەك. ئۇممەتى مۇھەممەد پايدىلىنىدىغان دوختۇرخانىلار، ئاجىزلار قالىدىغان دارۇل ئاجىزىين (ساناتورىيە)لەر بىنا قىلىنىشى، جەمئىيىتىمىزنىڭ ئەڭ مۇھىم خىزمەتلىرىدىن بىرىدۇر.

12. بەيھاقى، «كىتابۇز_زۇھد»، 2_جىلد، 88

«شۇبھىسىزكى، (ھەقىقىي) مۆمىنلەر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئاندىن (ئىمانىدا) شەك كەلتۈرمىگەن، ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلاردۇر، ئەنە شۇلار (ئىمان دەۋاسىدا) راستچىللاردۇر.»

(ھۇجۇرات سۈرىسى، 15_ئايەت)



ئىنفاققا ئىشتىياق قىلىش بىر مۇسۇلماننىڭ ئەسلى تەبىئىتىگە ئايلىنىشى كېرەك. بۇ ھەقتە ئاللاھتائالا:

اَلَّذِيْنَ يُنْفِقُونَ فِي السَّرَّآءِ وَالضَّرَّآءِ وَالْكَاظِمِيْنَ
الْغَيْظَ وَالْعَافِيْنَ عَنِ النَّاسِ وَاللّٰهُ يُحِبُّ الْمُحْسِنِيْنَ

**«تەقۋادارلار كەڭچىلىكتىمۇ، قىسىنچىلىقتىمۇ ئاللاھ يولىدا (پۇل-مال) سەرپ قىلىدىغانلار، (ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار، (يامانلىق قىلغان ياكى بوزەك قىلغان) كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلاردۇر. ئاللاھ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ.»** (ئال ئىمران سۈرىسى، 134-ئايەت) دېگەن.

رىۋايەتلەردە دېيىلىشىچە، جاپەر سادىق ھەزرەتلىرىنىڭ بىر قۇلى بار ئىكەن. ئۇنى ئۆزىنىڭ شەخسىي ئىشلىرىغا سالىدىكەن. بىر كۈنى، بۇ قۇل بىر قاچا شورپىنى دىققەتسىزلىكتىن جاپەر سادىق ھەزرەتلىرىنىڭ ئۈستىگە تۆكۈپ ساپتۇ. بۇنىڭ بىلەن جاپەر سادىق ھەزرەتلىرى ئاچچىقى بىلەن قۇلغا قاراپتۇ. بۇنى كۆرگەن قۇل:

- ئەپەندىم! قۇرئاندا «ئاچچىقىنى يۇتقانلار» ماختالغان. - دەپ بۇ ھەقتىكى ئايەت-كەرىمىنى ئوقۇپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان جاپەر سادىق ھەزرەتلىرى:

- ئاچچىقىمنى يەڭدىم. - دەپتۇ. بۇ قېتىم قۇل:

- قۇرئاندا ئەينى يەردە: «ئىنسانلارنىڭ خاتالىقىنى ئەپۇ قىلغانلار» ماختالغان. - دەپ، بۇ ھەقتىكى ئايەتنى ئوقۇپتۇ. جاپەر سادىق ھەزرەتلىرى:

- سېنى ئەپۇ قىلدىم. - دەپتۇ. بۇ قېتىم قۇل يەنە:

- قۇرئاندا بۇ ئايەتنىڭ داۋامىدا «ئاللاھ ئېھسان قىلغان، ياخشىلىق قىلغان كىشىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ.» دەپ، بۇ ئايەت-كەرىمىنى ئوقۇپتۇ. جاپەر سادىق ھەزرەتلىرى بۇنى ئاڭلاپ:

«دىن قېرىندىشىڭنىڭ يۈزىگە كۈلۈمسىرەپ قاراش سەدىقىدۇر.»

(تىرمىزى، «بىرر»، 36)



«ھەققىدە قەسەم بىلەن بايان قىلىنىدىغان ئۈچ خىسلەت بار. بۇلار: سەدىقە بېرىش ئارقىلىق بەندىنىڭ مېلى كەملەپ كەتمەيدۇ. ئۇچرىغان ناھەقچىلىققا سەۋرى قىلغۇچىنىڭ شەرىپىنى ئاللاھ يۇقىرىلىتىدۇ، تىلەمچىلىك ئىشىكىنى ئاچقان كىشىگە ئاللاھ يوقسۇللۇق ئىشىكىنى ئاچىدۇ.»

(تىرمىزى، «زۇھد»، 17)

- سەن ئازادلىققا چىقتىڭ، سېنى ئاللاھ ئۈچۈن ئازاد قىلىمەن.

- دەپتۇ.

ئاللاھ رەسۇلى ئېيتقاندەك، ئۇسسۇزلۇقتىن بىر ئىتقا سۇ بەرگەن گۇناھكار بىر ئايال بۇ مەرھەمىتى ئۈچۈن گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىپ جەننەتكە نائىل بولغان. بۇنىڭ ئەكسىچە، بىر مۈشۈككە مەرھەمەتسىزلىك قىلىپ، ئۇنى ئاچ قويغان بىر ئايال جەھەننەمگە دۇچار قىلىنغان. بۇ مىساللار بىر مۇسۇلماننىڭ كۆڭۈل دۇنياسىنى يورۇتۇپ بېرىشتە ناھايىتى مۇھىمدۇر. چۈنكى، بىر مۇئمىن قاراڭغۇ كېچىنىڭ چىرىقىغا ئوخشاش، كۆيۈمچان، مەرت، غەمگۇزار ۋە مەرھەمەتلىك بولىشى كېرەك.

❀

ئاللاھ نەزىرىدە قوبۇل قىلىنىدىغان مەرتلىك، مالنىڭ ياخشى ۋە گۈزەل قىسمىدىن بېرىشتۇر. چۈنكى ئىنفاق بۇ ئىنچىكىلىككە دىققەت قىلغان دەرىجىدە، ئىنساننى ئىلاھىي رىزاغا نائىل قىلىدۇ.

ئەسرى سائادەتتە ھاياتىنى پەقەتلا ئىسلام يولىغا ئاتىغان، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىن باشقا بىر نەرسە ئويلىمايدىغان ئەسھابى سۇپپە تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامداشقا ۋاقىت چىقىرالمىغان ئىدى. بۇ سەۋەپتىن باشقا مۇسۇلمانلار ئۇلارغا خورما كۆتۈرۈپ كېلەتتى. بەزى كىشىلەر بىر ۋاقىتتا بوزۇلۇپ قالغان خورما ئېلىپ كەلدى. ئەسھابى سۇپپە بەك ئېچىرقاپ كەتكەنلىكتىن بۇ بوزۇلۇپ قالغان خورمىنى يېيىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ ھادىسىگە ئاساسەن، جانابى ئاللاھنىڭ شۇ ئاگاھلاندۇرىشى نازىل بولدى:

**«ئى مۆمىنلەر! سىلەر ئېرىشكەن نەرسىلەرنىڭ ۋە بىز سىلەرگە زېمىندىن چىقىرىپ بەرگەن نەرسىلەر (يەنى ئاشلىقلار، مېۋىلەر)نىڭ ياخشىلىرىدىن سەدىقە قىلىڭلار؛ ئۆزەڭلارمۇ پەقەت كۆزۈڭلارنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئالىدىغان ناچارلىرىنى ئىلغاپ**



**سەدىقە قىلماڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھ (بۇنداق سەدىقەڭلاردىن) بىھاجەتتۇر، ھەمدىگە لايىقتۇر.»** (بەقەرە سۈرىسى، 267 ـ ئايەت)

باشقا بىر ئايەتتە ئاللاھتائالا ئۆزىگە يېقىن بولۇشىمىز ئۈچۈن ياخشى كۆرگەن نەرسىلىرىمىزدىن ئىنفاق قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

**«ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغىچە (يەنى ماللىرىڭلارنىڭ ياخشىسىنى سەدىقە قىلمىغىچە) ھەرگىز ياخشىلىققا ئېرىشەلمەيسىلەر، (ئاللاھنىڭ يولىدا) نېمىنى سەرپ قىلماڭلار، ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.»** (ئال ئىمران سۈرىسى، 92 ـ ئايەت) بۇ ئايەتتىكى «بىرر» (مەنىسى: ياخشىلىق) كەلىمىسى ياخشىلىقنىڭ كامالەت نوقتىسىنى يەنى ئاللانىڭ رەھمىتى، رىزاسى ۋە جەننىتى قاتارلىق مەنالاردا تەپسىر قىلىنغان. جانابى ئاللاھ «بىرر» كەلىمىسىنى باشقا بىر ئايەتتە مۇنداق ئىزاھلايدۇ:

**«سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى، ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، ئاللاھنى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش ـ ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە (يەنى پۇل ـ مېلىدىن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلارغا)، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازادلىققا ئېرىشىشىگە پۇل ـ مال ياردەم بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇققا، كېسەللىككە ۋە (ئاللاھنىڭ يولىدا قىلىنغان) ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر) (ئىمانىدا) راستچىل ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر.»** (بەقەرە سۈرىسى، 177 ـ ئايەت)

كۆرۈلگىنىدەك، «بىرر»ى تەرىپلىگەن بۇ ئايەت، ئىنسانىدا بولۇشقا تېگىشلىك سۈپەتلەرنى ئۆزىدە توپلىغان.

«قاراڭغۇلۇق قانچىلىك تۇمانلىق بولسىمۇ، بىر سەرەڭگە چېقىش قاراڭغۇلۇقنى يورۇتۇشقا يېتىدۇ.»

ـ ھەزرىتى مەۋلانا



قېرىنداشلىق ۋە ھەمكارلىق تۇيغۇلىرى ئاجىزلاۋاتقان، ئىجتىمائىي خاتىرجەملىك كۈنسىرى يوقۇلۇپ كېتىۋاتقان، ئاداۋەت ۋە ھەسەتخورلۇق كۆپىيىۋاتقان جەمىيىتىمىزدە ئىنفاق سەپەرۋەرلىكىگە جىددىي ئېھتىياج بار. بۇ ئىنفاق سەپەرۋەرلىكى ئۆزىمىز ۋە ئەۋلادلىرىمىز ئۈچۈن ناھايىتى ئەھمىيەتلىك. ئەۋلادلىرىمىز مال-دۇنيانىڭ ھەقىقىي ئىگىسىنىڭ ئاللاھتائالا ئىكەنلىكى چۈشەنچىسىدە ئۆسۈپ يېتىلىشى كېرەك. بىز ئەۋلادلىرىمىزنى كىچىك ۋاقتىدا نامازغا قانداق ئادەتلەندۈرگەن بولساق، ئەينى ۋاقىتتا ئۇلارغا ئىنفاق ھاياجىنى بېرىش ۋە كۆڭلى سونۇق بىر كىشىنى سۆيۈندۈرۈش ئىبادىتىگىمۇ ئادەتلەندۈرىشىمىز كېرەك. ئەگەر بۇ ئىشنى كىچىك ۋاقتىدا ئادەتلەندۈرمىسەك، ئۇلارغا ئۇۋال قىلغان بولىمىز.

كامىل مۇسۇلمان بولۇشنى ئارزۇ قىلغان ھەر مۇسۇلماننىڭ ئىمكانلىرى چەكلىك بولسىمۇ قولىدىن كېلىشىچە غېرىپلارنى ھىمايە قىلىش، كۆڭۈل بۆلۈش ۋە دۇئا قىلىش مەجبۇرىيىتى بار. بىر چارىسىزنىڭ دەردىگە دەرتداش بولۇشمۇ ئىنفاقتۇر. كۆڭلى يېرىم كىشىلەرگە تەسەللى قىلىشنىڭ جانابى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغانلىقىنى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇ ئىلتىجاسىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

رىۋايەت قىلىنىشىچە، مۇسا ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى:

«يا رەببى! سېنى قەيەردە ئىزدەيمەن؟» دەپ دۇئا قىلغاندا، ئاللاھتائالا:

«مېنى قەلبى سۇنۇقلارنىڭ يېنىدا ئىزدە.» (ئەبۇ نۇئايىم، «ھىليە»، 2-جىلد، 364) دېگەن.

كۈنىمىز ئۈچۈن ئەڭ بۈيۈك خىزمەتلەردىن بىرى رەھبەر ئىنسانلار يېتىشتۈرىدىغان مۇئەسسەسەلەرنى بىنا قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا ئىنفاق قىلىشتۇر. بىر مۇتەپەككۇرنىڭ دېگىنىدەك:

«يېرىم خورما بېرىپ بولسىمۇ ئاتەشتىن ساقلىنىڭلار. بۇنىمۇ تاپالمىغانلار گۈزەل سۆز قىلسۇن.»

(بۇخارى، «ئەدەپ»، 34)



«ھۆكۈمران مىللەتلەر بىلەن مەھكۇم مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ مۇھىم پەرق، بىر تۈركۈم يېتىشكەن ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇدلۇقىدۇر.»

ھازىر دۇنيا مانا شۇنداق ياخشى تەربىيلەنگەن كامىل ئىنسانلارغا قاغجىراپ تۇرماقتا. بۈگۈن ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئىجتىمائىي پىلاندا مەغلۇپ ھالەتتە تۇرۇشىنىڭ سەۋەبى مۇسۇلمانلار بىر تەرەپ قىلىشقا كۈچى يەتمەيدىغان زۇلۇمغا دۇچار بولۇپ قالغانلىقىدىن بولۇۋاتىدۇ. بۇ ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ كۈچلۈك بولغان ۋاقتىدىكىدىن تېخىمۇ كۈچلۈك دىنىي ۋە ۋىجدانىي غەيرەتكە موھتاج ئىكەنلىكىنى ئېسىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز كېرەك. «ھەر مۈشكۈللۈك بىلەن بىللە مۇھەققەق بىر ئاسانلىق بولىدىغانلىق» ئىلاھىي باياننى دەستۇر قىلىپ، سىلكىنىشىمىز ۋە قۇتۇلۇش چارىسىنى ئىزدىشىمىز كېرەك.

بۇ شۇ قەدەر ئېغىر مەسئۇلىيەتكى، ھەر ۋاقىت توغرا بولغان مەشغۇلىيەتنىڭ توغرىلىقىمۇ تەھدىتكە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: بالىسىنى ئېمىتىۋاتقان بىر ئانا، ئۆيىگە ئوت كەتكەن ۋاقىتتا ئېمىتىشنى داۋاملاشتۇرسا مەسئۇلىيەتتىن ئۆزىنى تارتالمايدۇ. ئوتنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن ئاۋۋال قىلىشقا تېگىشلىك زۆرۈر ئىشنى تاشلاپ، بالىسىنى ئېمىتىشنى داۋاملاشتۇرۇشى، ئۇنى مەسئۇلىيەت دائىرىسىگە كىرگۈزىدۇ. بۇ ئىسلامدا «مەسلەھەت» دەپ ئاتىلىدىغان مۇھىم بىر مەسىلىدۇر. شۇڭا، كۈنىمىزنىڭ مەسلىھىتى ياخشى قىلىنىشى ۋە تەلەپ قىلغان ئۆلچەمدە غەيرەت قىلىنىشى كېرەك. بۇ ئىش لايىقى بىلەن قىلىنغان تەقدىردە پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسى دۇچار بولۇۋاتقان بۆھراندىن قۇتۇلۇش ئىمكانىنى تاپالايدۇ.

ئالدىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ پەرقلىق ئالامىتى بولغان «ۋەقپىلەر» تەسىس قىلىنغاندا، دەۋرنىڭ ئېھتىياج ۋە تەلىۋىنىڭ مۇكەممەل سۈرەتتە كۆرستىلگەنلىكىنىڭ ئەمەلىي مىساللىرى بولىدۇ.

«ھەر توغرا ۋە ياخشى ئىش سەدىقىدۇر.»

(بۇخارى، «ئەدەب»، 33)



«تەقۋادارلار كەڭچىلىكتىمۇ، قىسىنچىلىقتىمۇ ئاللاھ يولىدا (پۇل-مال) سەرپ قىلىدىغانلار، (ئۆچ ئېلىشقا) قادىر تۇرۇقلۇق ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار، (يامانلىق قىلغان ياكى بوزەك قىلغان) كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلار-دۇر. ئاللاھ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ.»

(ئال ئىمران سۈرىسى، 134-ئايەت)

قەلبىنى ئاللاھتىن يىراقلاشتۇرۇپ، شەخسىيەتچى قىلىش مايىللىقى ئەڭ كۆپ مال ۋە ئەۋلاتتا مەۋجۇت. بۇ سەۋەپتىن ئاللاھتائالا:

**«سىلەرنىڭ ماللىرىڭلار، باللىرىڭلار (سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن) بىر تۈرلۈك سىناقتۇر، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا كاتتا ساۋاب بار.»** (تەغابۇن سۈرىسى، 15-ئايەت)

**«ئى مۆمىنلەر! ماللىرىڭلار ۋە باللىرىڭلار سىلەرنى ئاللاھنىڭ زىكرىدىن (يەنى ئاللاھنىڭ تائەت-ئىبادىتىدىن) غەپلەتتە قالدۇرمىسۇن، كىملەركى، شۇنداق قىلىدىكەن، ئۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر.»** (مۇناپىقۇن سۈرىسى، 9-ئايەت) دېگەن.

ئىنفاقنىڭ بۈيۈك نىسبەتتە ئادا قىلىنىدىغان يېرى ۋەقپىلەردۇر. ۋەقپىلەر بايلارنىڭ ئېھتىياج ئەھلىرىنى تېپىشى ئۈچۈن ئىشەنچلىك ۋاستىدۇر. بۇنداق مۇئەسسەسەلەرگە ئىنفاق قىلغان بايلار ۋاپات بولغاندىن كېيىن بۇ مۇئەسسەسەلەر ۋاستىسى ئارقىلىق يوقسۇللارنى تېپىش ۋە خىزمەت قىلىش ئىمكانىغا ئىگە بولىدۇ.

## 2 - ئىنفاقتا ئەدەپ

زاكات ۋە سەدىقىدە، ئەدەپكە دىققەت قىلىش ناھايىتى مۇھىمدۇر. بولۇپمۇ بەرگۈچى ئالغۇچىغا قارىتا تەشەككۈر ھېسسىياتىدا بولۇشى كېرەك. چۈنكى ئالغۇچى بەرگۈچىنى پەرز بولغان قەرزدىن قۇتقۇزۇپ، ئەجرگە نائىل قىلماقتا. بېرىلگەن سەدىقىلەر ئەينى ۋاقىتتا بەرگەن كىشىنى كېسەل ۋە مۇسىبەتلەردىن ساقلايدىغان بىرەر قالقاندۇر. پېقىر، يوقسۇل ۋە غېرىپلار ئەسلىدە قول ئىلكىدە بار كىشىلەر ئۈچۈن نېمەتتۇر. چۈنكى جەننەت ئىشىكلىرى ئۇلارنىڭ دۇئالىرى بىلەن ئېچىلىدۇ.

قۇرئانى-كەرىمدە سەدىقە بەرگەندە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نوقتىلار مۇنداق بايان قىلىنغان:

**«ئى مۆمىنلەر! پۇل-مېلىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان، ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرمەيدىغان كىشى (نىڭ قىلغان ئەمىلىنى بىكار**



**قىلىۋەتكىنىگە) ئوخشاش، بەرگەن سەدىقەڭلارنى مىننەت قىلىش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈش بىلەن بىكار قىلىۋەتمەڭلار. بۇنداق (پۇل-مېلىنى باشقىلارغا كۆرستىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان) ئادەم خۇددى ئۈستىگە توپا-چاڭ قونۇپ قالغان، قاتتىق يامغۇردىن كېيىن (يۇيۇلۇپ) بۇرۇنقىدەك بولۇپ قالغان سىلىق تاشقا ئوخشايدۇ. ئۇلار قىلغان ئەمەللىرى ئۈچۈن (ئاخىرەتتە) ھېچقانداق ساۋابقا ئىگە بولالمايدۇ. ئاللاھ كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.»** (بەقەرە سۈرىسى، 264-ئايەت)

بۇ ئايەتتە زاكات بېرىش ۋە ئىنفاق قىلىش تەشۋىق قىلىنىش بىلەن بىرلىكتە، ئىنفاقتا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئەدەپ-قائىدىلەرمۇ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. يەنى كۆڭۈل ئاغرىتىپ، يوقسۇلنى خور كۆرۈپ، مىننەت بىلەن قىلىنغان ياخشى ئىشنىڭ ئاللاھ نەزىرىدە ھېچ قانداق قىممىتى بولمايدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۈچ كىشى باردۇركى، قىيامەت كۈنى ئاللاھتائالا ئۇلار بىلەن سۆزلەشمەيدۇ، يۈزىگە قارىمايدۇ، گۇناھىنى ئەپۇ قىلمايدۇ ۋە ئۇلارغا قاتتىق ئازاب قىلىدۇ.» دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغانلىقىغا شاھىت بولغان ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

«ئېتى قۇرۇسۇن، مۇرادىغا يېتەلمىسۇن ۋە ۋەيران بولسۇن. بۇلار كىملەردۇر؟ يا رەسۇلۇللاھ» دەپ سورىغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«كىيىمنى كۆتۈرۈپ (تەكەببۇرلۇقىدىن كۆرەڭلەپ) يەرنى سۈپۈرۈپ ماڭىدىغان، بەرگىنىگە مىننەت قىلىدىغان ۋە مېلىنى يالغان يەرگە قەسەم قىلىپ ساتىدىغان كىشىلەردۇر.» (مۇسلىم، «بۇخارى»، 171) دېگەن.

بۇ بايانلار شۇنى كۆرستىدۇكى، مىننەت قىلىپ، كۆڭۈل ئاغرىتىپ قىلىنغان ياخشى ئىشلار بەندىنى ئازابقا دۇچار قىلىدىغان گۇناھلاردۇر. بۇ ھەقتە ھەزرىتى مەۋلانا:

ئىنفاق، بىر مۇسۇلماننىڭ تەبىئىتىگە ئايلىنىشى كېرەك.



«ئى مۆمىنلەر! سىلەر ئېرىشكەن نەرسىلەرنىڭ ۋە بىز سىلەرگە زېمىندىن چىقىرىپ بەرگەن نەرسىلەر (يەنى ئاشلىقلار، مېۋىلەر)نىڭ ياخشىلىرىدىن سەدىقە قىلىڭلار، ئۆزەڭلارمۇ پەقەت كۆزۈڭلارنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئالىدىغان ناچارلىرىنى ئېلىپ سەدىقە قىلماڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھ (بۇنداق سەدىقەڭلاردىن) بىھاجەتتۇر، ھەمدىگە لايىقتۇر.»

(بەقەرە سۈرىسى، 267 ـ ئايەت)

«سەن مال ـ مۈلكۈڭنى، دۇنيايىڭنى گۈزەل ئۇسلۇبتا ئىنفاق قىلىپ، بىر كۆڭۈل ئالغىنكى، ئۇ كۆڭۈلنىڭ دۇئاسى مازاردا، ئۇ قاراڭغۇ كېچىدە ساڭا چىراق ۋە نۇر بولسۇن.» دېگەن.

ھەزرىتى مەۋلانا ھېكمەتكە تولغان بېيىتلىرىدە جانابى ئاللاھقا شۈكۈر قەرزىنىڭ ئادا قىلىنىشىغا ۋەسىلە بولغانلىقى ئۈچۈن يوقسۇل، موھتاج كىشىلەرنىڭ مەرتلەر ئۈچۈن نېمەت ئىكەنلىكى، سېخىلىقنىڭ ئۇلار بىلەن ئەكس ئېتىدىغانلىقى، بۇ سەۋەپتىن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتماسلىقنى شۇ شەكىلدە بايان قىلغان:

«يوقسۇل كىشى مەرتلىكنىڭ ئەينىكىدۇر. ئەينەكنى سۇندۇرىدىغان ۋە كىرلىتىدىغان سۆزلەرنى قىلما.»

«ئاللاھنىڭ مەرتلىك تەجەللىسىنىڭ نامايەندىسى يوقسۇللاردۇر. ئاللاھتائالا يوقسۇللارنى كەرەم ساھىبلىرىغا مۇراجىئات قىلدۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سېخى بايلار ئۈچۈن سائادەت يوللىرى ئېچىلىدۇ. ئاللاھنىڭ باشقا بىر مەرتلىك تەجەللىسى يوقسۇلغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن، باينىڭ كۆڭلىگە سۆيگۈ ۋە مەرھەمەت تۇيغۇسى ئاتا قىلىشىدۇر. يوقسۇل ئادەم مەرتلىك، ياخشىلىققا موھتاج بولغىنىدەك، مەرتلىك ۋە ياخشىلىقمۇ يوقسۇل كىشىگە موھتاجدۇر. گۈزەللەر گۈزەللىكىنى كۆرۈش ئۈچۈن كىرلىشىپ، داتلىشىپ قالمىغان پاكىز ئەينەك ئىزدىگەندەك، مەرتلىكمۇ يوقسۇل ۋە ئاجىزلارنى شۇنداق ئىزدەيدۇ. بۇ ئەھۋالدا يوقسۇللار ئاللاھتائالانىڭ مەرتلىك ئەينىكىدۇر. قول ئىلكىدە بار ئىنسانلار ئۆزىنىڭ سېخىلىقىنى ئۇ يەردە تاماشا قىلىدۇ. ھەقتە پانى بولغان سالىھ بايلار مال ـ دۇنيانىڭ ئامانەت ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ھەق ئالدىدا نەپسىنىڭ ئاجىزلىقىنى تونۇپ، ئىلاھىي مەرتلىكنىڭ ئەكس ساداسى بولىدۇ. ھەقنىڭ مەرتلىكىدىن نېسىۋە ئېلىپ، سېخىلىقتا پانىلىشىدۇ.

ئاز ۋە كۆپ ئىگە بولغان بايلىقنى قەلبىدە ساقلايدىغانلار ئاخىرەت يوقسۇلى بەدبەختلەردۇر. بۇ خىل ئىنسانلار ھەقنىڭ ئىشىگىدە ئەمەستۇر. ئۇلارنىڭ مال ـ دۇنياسى نىسپىي بولۇپ، ئىشىك



سىرتىدىكى نەقىش ۋە سۈرەتتىن ئىبارەتتۇر.

بۇلار كۆڭلى ئاللاھتىن يىراقلاشقان، ھەقىقىي بىچارە ۋە روھانىيەت يوقسۇللىرىدۇر. زاھىرىدىكى بايلىقى بەدبەختلىكىنىڭ جانسىز نەقىشى، ئۆچۈپ قالغان رەسىمىدۇر.

بۇلار ھەقىقەتتىن خەۋەرسىز، روھسىز كىشىلەردۇركى، سەن بۇلارغا يېقىنلىق قىلما، ئىت رەسىمىگە سۆڭەك تاشلىما!

دىققەت قىلغىن! بۇ ئۆلگەنلەرنىڭ ئالدىغا يېمەك قاچىسى قويما، ئۇلارغا ئىلتىپات كۆرسىتىپ يېقىنلىق قىلما. ئۇنداق مال-دۇنيا ئىگىلىرى مەھشەر كۈنىنىڭ خار تىلەمچىلىرىدۇر.

بۇلار مەنا ئەمەس نانچى دەرۋىشلەردۇر، ئۇلار پالاكىتىنى سائادەت دەپ قارايدۇ، ئۆزىچە نەپىس تائاملار يەيدۇ، تاتلىق شەربەتلەر ئىچىدۇ. ھەقىقەتتە ئىلاھىي لوقمىدىن نېسىۋىسى يوق.

بۇ ئاقىۋەتكە قېلىشنى خالىمىغان ئەي ئىنسان! سەن مەخلۇقاتنى مەرتىلىكىڭ بىلەن قۇچاقلىغىنىكى، ئارىفلەردىن بولغايسەن!»

زاكات، سەدىقە ۋە خەير ئىشلىرىدا دىققەت قىلىدىغان مۇھىم نۇقتىلاردىن بىرى مەخپىيەتلىككە رىئايە قىلىشتۇر. چۈنكى ئاشكارا بېرىلگەن سەدىقە ئالغۇچى كىشىنىڭ ھايا تۇيغۇسىنى ئاجىزلىتىدۇ، ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن بۇ ئىش ئادەت ھالىغا كەلسە، ئىشلەش كۈچىنى يوقۇتۇپ قويىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرگە بەرگۈچىنىڭ تەكەببۇرلىنىپ، ئۆزىنى ماختىنىشىغا سەۋەپ بولىدۇ.

بەزى ۋاقىتلاردا سەدىقە بېرىدىغان ۋە ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى جاكارلاپ، خەلققە بىلدۈرۈش پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭ بىلەن خەلق يوقسۇللارغا ياردەم قىلىشقا تەشۋىق قىلىنغان بولىدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئانى-كەرىمدە:

**«پاسىقلار ئاللاھ ۋەدە ئالغاندىن كېيىن بەرگەن ۋەدىسىنى بۇزىدۇ، ئاللاھ ئۇلاشقا بۇيرۇغان شەيئىنى ئۈزۈپ قويىدۇ (يەنى سىلە-رەھىم قىلمايدۇ)، يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدۇ؛ ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر.»** (بەقەرە سۈرىسى، 27-ئايەت)

«ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغىچە (يەنى ماللىرىڭلارنىڭ ياخشىسىنى سەدىقە قىلمىغىچە) ھەرگىز ياخشىلىققا ئېرىشەلمەيسىلەر، (ئاللاھنىڭ يولىدا) نېمىنى سەرپ قىلماڭلار، ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.»

(ئال ئىمران سۈرىسى، 92-ئايەت)



دېيىلگەن.

مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتتىن زاكاتنىڭ ئاشكارا بېرىلىشى، سەدىقە ۋە خەيرى ـ ساخاۋەتنىڭ مەخپى قىلىنىش ھۆكمىنى چىقارغان.

ئىنفاق قىلىشتىكى ئەڭ ياخشى ئۇسۇل «ئوڭ قولنىڭ بەرگىنىنى سول قولى بىلمەسلىك» شەكلىدە مىللىتىمىز ھېكمەتلەشتۈرگەن ئۆلچەمدۇركى، ھەدىسلەردە بۇ خىل ئىنسانلارنىڭ ئەرشنىڭ ئاستىدا سايىدايدىغانلىقى خوشخەۋەر قىلىنغان. ئەجدادىمىز ئىنفاقتىكى بۇ خىل ئەدەپنىڭ ئەڭ گۈزەل نەمۇنىسىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. تارىخىمىز بۇنىڭ ئەڭ جانلىق شاھىدىدۇر.

فاتىھ سۇلتان مەھمەتخاننىڭ ۋەقپىيەسىدە ئېيتىلغاندەك، جەمئىيەتنىڭ ھىمايىگە موھتاج ئەزالىرىغا ئەڭ نازۇك ئۇسۇللىرى بىلەن قائىدە ـ تۈزۈم قويغان.

پادىشاھى بۇنداق ئەدەپلىك بولغان جەمئىيەتنىڭ ئەزالىرى سەدىقىلىرىنى بىر كونۇپېرتنىڭ ئىچىگە قويۇپ، مەسجىدلەردىكى سەدىقە تاشلىرىغا قويۇپ قويغان. موھتاجلار بەرگۈچىنى كۆرمەستىن ئۇ يەردىن ئېھتىياجىغا چۇشلۇقنى ئالغان.

ئىنفاقتا مەخپىيلىك ئاساسى شەرت بولۇش بىلەن بىرلىكتە، قەلبنىڭ رىيادىن يىراق بولىشى شەرتى بىلەن ئاشكارا بېرىلىشىگىمۇ رۇخسەت قىلىنغان. يەنە ئىنفاقتا بەلگىلىك بىر ۋاقىت يوقتۇر. بىر مۇئمىن كېچە ـ كۈندۈز ۋە خالىغان ۋاقىتىدا ئىنفاق قىلسا بولىدۇ. چۈنكى، بۇ ھەقىقەت، قۇرئانى ـ كەرىمدە مۇنداق ئىپادىلەنگەن:

**«ماللىرىنى كېچە ـ كۈندۈز (يەنى ھەممە ۋاقىت)، يۇشۇرۇن ۋە ئاشكارا يوسۇندا خەير ـ ئېھسان قىلىدىغانلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋاب تاپىدۇ، ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ.»** (بەقەرە سۈرىسى، 274 ـ ئايەت)

ئەبۇ بەكىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىگە بولغان 40 مىڭ دىنارىنىڭ ئون مىڭىنى كېچە، ئون مىڭىنى كۈندۈز، ئون مىڭىنى ئاشكارا، ئون مىڭىنى مەخپى سەدىقە قىلغان. بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش

> «پۇل يىغىلىش بىلەن كۆپىيىدۇ دەپ ئويلىما. ئاقمايدىغان سۇ پۇراپ قالىدۇ. باشقىلارغا بېرىشكە تىرىشقىن. ئاقىدىغان سۇغا ئاسمان ياردەم قىلىپ، يامغۇر ياغدۇرىدۇ، كەلكۈن ئەۋەتىدۇ، ئەمما قۇرۇتمايدۇ.»
>
> ـ شەيخ سەئىد



> «ئاللاھ ھېچ كىمگە ياخشىلىق ئىشىكىنى ئېتىۋەتمىگەن. شۇنىمۇ بىلكى، ھەر ئىنساننىڭ ياخشىلىقى ئۆزىنىڭ قۇۋۋىتى دەرىجىسىدە بولىدۇ. بىر باينىڭ خەزىنىسىدىن بىر كىلوگرام ئالتۇن بېرىشى بىر يوقسۇلنىڭ ئۆزى ئىشلەپ تاپقىنىدىن بىر گرام بەرگىنىگە يەتمەيدۇ. بۇ خۇددى چىكەتكىنىڭ پۇتى چۈمۈلىگە ئېغىر يۈك بولغاندەك.»
>
> - شەيخ سەئىد

سەۋەپلىرىدىن بىرسىنىڭ بۇ ئىكەنلىكى رىۋايەت قىلىنماقتا. (ئالۇسى، «رۇھۇلمەئانى»، 2-جىلد، 44)

ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۆت دىرھەم كۈمۈشتىن باشقا مال-دۇنياسى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ، بۇنىڭ بىرسىنى كېچە، بىرسىنى كۈندۈز، بىرسىنى مەخپىي، بىرسىنى ئاشكارا سەدىقە قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

«نېمىشقا بۇنداق قىلسەن؟» دەپ سورىغاندا:

«رەببىم ۋەدە قىلغان نەرسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن» دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇنىڭ بىلەن ئاللاھ رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«مۇرادىڭغا يەتتىڭ» دەپ، خوشخەۋەر بەرگەن. (ۋاھىدى، «ئەسبابۇ نۇزۇلىل قۇرئان»، 95)

❀

سۆيگۈنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئالامىتى پىداكارلىقتۇر. سۆيگۈچى سۆيگۈسى نىسبىتىدە پىداكارلىق كۆرسىتىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدۇ. بۇ ئاشىقنىڭ مەشۇقى ئۈچۈن جېنىنى بېرىشكە قەدەر بارىدۇ. ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتىغا قىلىنغان ئىنفاق سۆيگۈچىنىڭ سۆيۈلگۈچىگە قارىتا ئەڭ گۈزەل مۇھەببەت نامايەندىسىدۇر. چۈنكى زاكات ۋە سەدىقىلەر ئاللاھ ئۈچۈن بېرىلگەچكە قۇرئانى-كەرىمدە «سەدىقىلەرنى ئاللاھ ئالىدۇ» دېگەن مەنادا بىر ئىپادە ئوتتۇرىغا چىققان. چۈنكى قۇرئانى-كەرىمدە:

**«ئۇلار (يەنى تەۋبە قىلغۇچىلار) ئاللاھنىڭ ئۆز بەندىلىرىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى، (خالىس نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ) سەدىقىسىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئاللاھنىڭ تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى، ناھايىتى مېھرىبان ئىكەنلىكىنى بىلمەمدۇ؟»** (تەۋبە سۈرىسى، 104-ئايەت) دېيىلگەن.

بۇ نوقتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:



«ھالال مالدىن بېرىلگەن سەدىقىنى راھمان بولغان ئاللاھ (قۇدرەت) قولى بىلەن ئالىدۇ ۋە قوبۇل قىلىدۇ» (مۇسلىم، «زاكات»، 63) دېگەن.

بۇ ئەھۋالدا زاكات، سەدىقىدە سەممىيەت ۋە ئىخلاس بىلەن پەقەت ئاللاھ رىزاسىنى مەقسەت قىلىش كېرەك. ئىنفاق قىلغۇچىلارنىڭ مەغرۇرلىنىشى، تەشەككۇر ۋە مىننەتدارلىق ئارزۇ قىلىشى توغرا ئەمەس. بۇنداق بىر قاراش بۇ خەيرلارنىڭ ساۋاب ۋە پەزىلىتىنى بىكار قىلىۋېتىدۇ. ئەكسىچە، ئالغۇچىغا قارىتا تەشەككۇر ھېسسىياتىدا بولىشى ۋە ئىلاھىي رىزادىن باشقا بىر مەقسەت كۈتمەسلىكى كېرەك. چۈنكى ئاللاھ نەزىرىدە بۇنداق قىلىنغاندا مەقبۇل بولىدۇ. ئاللاھتائالا ھەزرىتى ئەلى، ھەزرىتى پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ قىلغان ئىنفاقلىرىنى تەقدىرلەش بىلەن بىرگە مۇئمىنلارغا ئەينى پىداكارلىقتا ئىنفاق قىلىشنى تەۋسىيە قىلىپ، مۇنداق دېگەن:

**«ئۆزى موھتاج تۇرۇقلۇق، مىسكىنگە، يېتىمگە ۋە ئەسىرگە تائام بېرىدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ) «سىلەرگە بىز ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن تائام بېرىمىز، سىلەردىن (بۇنىڭ بەدىلىگە) ھېچقانداق مۇكاپات ۋە تەشەككۇر تەلەپ قىلمايمىز. شۈبھىسىزكى، بىز پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىدىن مەيدانغا كەلتۈرۈلگەن ئېغىر، قاتتىق كۈندىن قورقىمىز» ئاللاھ ئۇلارنى شۇ كۈننىڭ شەررىدىن ساقلايدۇ، ئۇلارنىڭ (يۈزلىرىگە) نۇر، (دىللىرىغا) خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ.»** (ئىنسان سۈرىسى، 8-11-ئايەتلەر)

بۇ ئايەتتە ئىنفاققا مۇناسىۋەتلىك بىر نەچچە نوقتا بايان قىلىنغان. بۇلار:

1. ئۆزىنىڭ ئېھتىياجى بار تۇرۇپ، مۇئمىن قېرىنداشنىڭ مەنپەئەتىنى ئالدىنئالا ئويلاشنىڭ ئالىجاناپ خىسلەت ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.

2. ئىنفاقنى پانى ۋە دۇنيا مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن قىلىش كېرەكلىكى بىلدۈرۈلگەن.

زاكات ۋە ئىنفاق ئىنساننىڭ روھ، ۋە خارەكتېرىنى ماددىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتقۇزۇپ، گۈزەللەش-تۈرىدىغان ۋاستىلاردۇر.



3. قىيامەتنىڭ دەھشەتلىك ئازابىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئىنفاقنى ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى بايان قىلىنغان.

4. ئىخلاس بىلەن قىلىنغان ئىنفاقلار ئاللاھ نەزىرىدە مەقبۇل بولىدىغانلىقى ۋە ئىگىسىنىڭ يۈزىنى ئاق قىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

5. ئاللاھتائالانىڭ مۇئمىنلەردىن بۇ خىل سالىھ ئەمەللەرنى ئىشلىشنى تەلەپ قىلغانلىقى ئىشارەت قىلىنغان.

ئەگەر ئىنفاق قىلغان شەخس بۇ ئايەتتە دېيىلگەن گۈزەل ئەخلاقنى ئۆزىگە تەتبىقلاپ، كۆڭلىدىكى سەممىيەتنى ئالدىدىكى ئادەمدە ئەكس ئەتتۈرسە، ئۇ شەخس ئىنفاق قىلىشقا لاياقەتسىز ئادەم بولغان تەقدىردىمۇ بىر ئىلاھىي لۇتۇپ بولۇپ، ئۇنى ئويغىتىدۇ.

سەدىقە خالىس نىيەت بىلەن بېرىلگەن تەقدىردە لايىق بولمىغان بىر كىشىگە بېرىلسىمۇ ئۇنى بەرگۈچى يەنە ئەجرىگە نائىل بولىدۇ. بۇ ھەقىقەتنى ئاللاھ رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق بايان قىلغان.

زاماندا بىر ئادەم:

«مەن مۇتلەق بىر سەدىقە بېرىمەن» دەپ، كېچىدە ئۆيىدىن سەدىقىسىنى ئېلىپ چىقتى. ئۇنى بىلمەي بىر ئوغرىنىڭ قولىغا بەردى. ئەتىسى ئۇ يەرنىڭ خەلقى:

«ئاجايىپ ئىش. بۇ كېچە بىر ئوغرىغا سەدىقە بېرىلىپتۇ.» دەپ گەپ-سۆز قىلىشتى. ئۇ ئادەم:

«ئاللاھىم! ساڭا ھەمدۇ-سانالار بولسۇن. مەن يەنە بىر سەدىقە بېرىمەن» دەپ، سەدىقىسىنى ئېلىپ ئۆيىدىن چىقتى. بۇ قېتىم سەدىقىنى بىلمەستىن، بىر پاھىشەنىڭ قولىغا بەردى. ئەتىسى كۈنى خەلق:

«بۇ بولىدىغان ئىش ئەمەس، بۇ كېچە بىر پاھىشىگە سەدىقە بېرىلىپتۇ.» دەپ سۆز-چۆچەك قىلىشتى. ئۇ ئادەم:

«سەن مال-مۈلكۈڭنى، دۇنيايىڭنى گۈزەل ئۇسلۇبتا ئىنفاق قىلىپ، بىر كۆڭۈل ئالغىنىكى، ئۇ كۆڭۈلنىڭ دۇئاسى مازاردا، ئۇ قاراڭغۇ كېچىدە ساڭا چىراق بولسۇن.»

-مەۋلانا



«ئاللاھىم! بىر پاھىشىگە بولسىمۇ سەدىقە بەرگەنلىكىم ئۈچۈن ساڭا ھەمدۇ-سانالار بولسۇن.» دەپ، «يەنە سەدىقە بېرىمەن» دېدى. بۇ ئادەم ئۆيىدىن چىقىپ، كېچىدە سەدىقىنى بىلمەستىن بىر بايغا بەردى. ئەتىسى خەلق:

«بۇ نېمە ئىش. بۇ كېچە بىر بايغا سەدىقە بېرىلىپتۇ» دەپ گەپ-سۆز قىلىشتى. ئۇ ئادەم:

«ئاللاھىم! ئوغرى، پاھىشە ۋە باي بولسىمۇ سەدىقە بېرەلىگەنلىكىم ئۈچۈن ساڭا شۈكۈر قىلىمەن.» دېدى. بۇ ئىخلاسى سەۋەبى بىلەن ئۇيقۇسىدا، ئۇ ئادەمگە:

«ئوغرىغا بەرگەن سەدىقە، بەلكىم ئۇنى قىلغان ئوغرىلىقىدىن خىجىل قىلىپ ۋاز كەچتۈرۈشى مۇمكىن. پاھىشىگە بەرگەن سەدىقە بەلكى، ئۇنى پۇشايمان قىلدۇرۇپ، ئىپپەتلىك بىر ئايال قىلىشى مۇمكىن. بايغا بېرىلگەن سەدىقە تەسىرىدە بەلكىم، ئۇ باي بۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىپ، ئاللاھنىڭ ئۆزىگە بەرگەن مېلىنى موھتاجلارغا تارقىتىشى مۇمكىن.» دېيىلدى. (بۇخارى، «زاكات»، 14)

شۈبھىسىزكى، كۆپ قېتىم يۈز بەرگەن بۇ خىل ۋەقەلەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ ھەدىسىنىڭ تەجەللىسى سۈپىتىدە پەيغەمبەر ۋارىسى ماخمۇت سامى رامىزانئوغلى ھەزرەتلىرىدە كۆرۈلگەن.

بىر قېتىملىق ئاناتولىيە سەپىرىدە ئۆرگۈپتە بىر كىشى ماشىنىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ھەزرەتتىن تاماكا پۇلى سورىغان. سېخىلىقتا مەشھۇر بولغان سامى ئەپەندى بەزى سەپەرداشلىرىنىڭ قارشى چىقىشىغا قارىماي:

«مادەمكى تەلەپ قىلدى، بېرىش كېرەك» دەپ، ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ھەيرانلىق قاراشلىرى ئىچىدە، تەلەپ قىلغان تاماكا پۇلىنى بەرگەن. بۇنىڭدىن خۇشال بولغان يوقسۇل ئادەم نىيىتىنى ئۆزگەرتىپ:

«ئەمدى بۇ پۇلغا نان ئالىمەن» دەپ، خۇشاللىق ئىچىدە ئۇ يەردىن ئايرىلغان. مانا بۇ ئاللاھ ئۈچۈن ئىخلاس بىلەن بېرىلگەن

«يوقسۇل كىشى مەرتىلىكىنىڭ ئەينىكىدۇر. ئەينەككە قارىتا سۇندۇرىدىغان سۆزلەرنى قىلىپ، ئەينەكنى كىرلىتىشتىن يىراق تۇرغىن.»

-مەۋلانا



سەدىقىنىڭ قارشى تەرەپتە كۆرسەتكەن ياخشى تەسىرى. شۇڭا ئىنفاق قىلىشتا ئالغۇچىغا قارىغاندا بەرگۈچى كۆڭلىنى كونترول قىلىپ، ھەقىقىي سېخىلىقنى قىلالىساق نېمە دېگەن بەختلىك بولغان بولىمىز-ھە!

**ئەي رەببىمىز! مەرھەمىتىڭنىڭ نامايەندىلىرى كۆڭۈل ھاياتىمىزنىڭ تۈگىمەس خەزىنىسى بولسۇن! ئامىن!**

«پۇل-مېلىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىدىغان، ئارقىسىدىن ئۇنىڭغا مىننەت قىلمايدىغان ۋە (خەيرى-ساخاۋىتىگە ئېرىشكەنلەرنى) رەنجىتمەيدىغان كىشىلەر پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋاب تاپىدۇ، ئۇلارغا (قىيامەت كۈنى) قورقۇنچ ۋە غەم-قايغۇ بولمايدۇ.»

(بەقەرە سۈرىسى، 262-ئايەت)



## فىقھى دېرىزىسىدىن

# زاكات

«ماللىرىنى كېچە ـ كۈندۈز (يەنى ھەممە ۋاقىت)، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا يوسۇندا خەير ـ ئېھسان قىلىدىغانلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋاب تاپىدۇ، ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ.»

(بەقەرە سۈرىسى، 274 ـ ئايەت)

### زاكات پەرز بولۇشىنىڭ شەرتلىرى

1. زاكات بېرىدىغان ئادەم مۇسۇلمان، ئەقلى ـ ھۇشى جايىدا، بالاغەتكە يەتكەن ۋە ھۆر بولۇشى كېرەك.

2. زۆرۈر ئېھتىياجلىرى ۋە قەرزىدىن باشقا نىساپ (بايلىق ئۆلچىمى) مىقدارى مالغا ئىگە بولغان بولۇشى كېرەك. زۆرۈر ئېھتىياجلىرى ئىنسانىنىڭ ھايات ۋە ئەركىنلىكىنى قوغداش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان نەرسىلەردۇر. بۇلار: ئۆي، ئۆيدە ئىشلىتىلىدىغان ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ياسالمىغان ئەشيالار، كىيىم ـ كېچەكلەر، قاراشقا موھتاج بولغان ئائىلە ئەزالىرىنىڭ بىر ئايلىق تۇرمۇش خىراجىتى، يەنە بىر رىۋايەتتە بىر يىللىق نەپەقىسى، ئوقۇش ماتېرىياللىرى، ھۈنەر ـ سەنئەتكە ئائىت سايمان قاتارلىق زۆرۈر ئېھتىياجلىق نەرسىلەردۇر.

«نىساپ» بايلىقنىڭ زاكاتنى شەرت قىلىدىغان ئەڭ تۆۋەن مىقدارىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ مىقدار زاكاتقا تەۋە بولىدىغان مالغا قارىتا ھەر خىل بولىدۇ.

3. قولدىكى مال، ھۆكمى جەھەتتىن كۆپىيىدىغان بولۇشى كېرەك. يەنى مال ئىگىسىگە كىرىم، پايدا كەلتۈرىدىغان بولۇشى كېرەك. «باج» ئاتالغۇسىدا بۇ ئالاھىدىلىك «پايدا، ئىشلەپچىقىرىش ۋە كىرىم كەلتۈرۈشى ياكى مالنىڭ ئۆزىنى كۆپەيتىشى» شەكلىدە ئىپادىلەنگەن. «ھەقىقىي كۆپىيىش» ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت قاتارلىقلار بىلەن كۆپىيىشى كېرەك. ھۆكمى جەھەتتە كۆپىيىشى

مۇمكىن بولىدىغان مالنىڭ ئىگىسى ياكى ۋەكىلىنىڭ قولىدا بولۇشى، كۆپىيىشى ئىمكان دائىرىسىدە بولۇشىدۇر.

4. زاكىتى بېرىلىدىغان مال ئۈستىدىن بىر قەمەرى يىل ئۆتۈشى كېرەك.

زاكات قەمەرى يىلىدا يەنى 354 كۈنگە ئاساسەن % 2.5 بېرىلىدۇ. ئەمما كۈنىمىزدە تىجارەت ئورگانلىرى شەمسىيە يىلىغا قاراپ ھېساب قىلماقتا. شەمسىيە يىلى 365 كۈن بولغانلىقى ئۈچۈن ئارىدىكى 11 كۈنلۈك پەرقنى زاكاتقا قوشۇش كېرەك. يەنى زاكات %2.5 بولسا، شەمسى يىلىغا ئاساسەن %2.6 گە يېقىنلىشىدۇ.

5. زاكىتى بېرىلىدىغان مال، شەخسنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولۇشى كېرەك.

زاكات بېرىدىغان ئادەم تەملىك (مۈلۈك قىلىپ بېرىش) ۋە تاھاررى (تەكشۈرۈش)گە دىققەت قىلىشى كېرەك. زاكاتنىڭ سەھىھ بولۇشى بۇنىڭغا باغلىقتۇر. تەملىك بىر نەرسىنى مۈلۈك قىلىپ بېرىش، يەنى بېرىلىدىغان نەرسە زاكات بېرىلىدىغان ئادەمنىڭ قولىغا ئۆتۈپ ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولۇشى دېگەنلىكتۇر. تاھاررى (تەكشۈرۈش) زاكاتنى بېرىشتىن ئىلگىرى قىلىنىغان تەكشۈرۈشتۇر. يەنى زاكاتنىڭ ئورنىغا تەككەن ياكى تەگمىگەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر. ئەگەر زاكات تاھاررى قىلىنماستىن بىر كىشىگە بېرىلىپ، كېيىن بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئايەتتە كۆرسىتىلگەن سەككىز تۈرلۈك كىشىنىڭ سىرتىدا ئىكەنلىكى بىلىنسە سەھىھ بولمايدۇ ۋە قايتىدىن بېرىلىشى كېرەك. ئەمما تاھاررى قىلىنغاندىن كېيىن خاتا بېرىلىپ قالسا، بۇ ئەھۋالدا زاكات قايتىدىن بېرىلمىسىمۇ بولىدۇ. زاكاتتا يەنە بىر نوقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك:

ئىنساندا ئالدى بىلەن ئۆز نەپسىنىڭ ھەققى بار. كېيىن ئائىلە ئەزاسى، تۇققان ۋە يېقىنلىرى كېلىدۇ. مىراس قانۇنىدىمۇ ئەينى يېقىنلىق ۋە ھەق نۆۋىتىگە رىئايە قىلىنىدۇ. ھەق ئىگىلىرىنىڭ ئۆز ئارىسىدا بىر-بىرلىرىگە قارىتا ئالدى-كېيىنلىكى بار. بۇ ئىككى



«ئى مۆمىنلەر! پۇل-مېلىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان، ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرمەيدىغان كىشى (نىڭ قىلغان ئەمىلىنى بىكار قىلىۋەتكىنىگە) ئوخشاش، بەرگەن سەدىقەڭلارنى مىننەت قىلىش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈش بىلەن بىكار قىلىۋەتمەڭلار.»

(بەقەرە سۈرىسى، 264-ئايەت)



نەرسگە تايىنىدۇ؛ بىرىنچىسى، بەرگۈچىلەرنىڭ تۇققانلىق ۋە يېقىنلىق دەرىجىسىنىڭ كۈچى، يەنە بىرى موھتاجلارنىڭ زۆرۈرىيەت ۋە ئېھتىياج دەرىجىلىرى.

ئۇرۇق-تۇغقانغا ئالدىدا بېرىپ، ئېھتىياج، زۆرۈرىيەت ئىچىدە تۇرۇۋاتقان ياكى ئېھتىياجى ئاز بولغان كىشىگە بېرىشمۇ خاتا. بۇ خىل تاللاشتىكى ئىلگىرى-كېيىنلىك ئىككى ئېھتىياج ئىگىسىنىڭ زۆرۈرىيەت دەرىجىسى ئوخشاش بولغان ئەھۋال ئاستىدا قايسىسىنى تاللاش مەسىلىدۇر. زۆرۈرىيەت ۋە ئېھتىياج دەرىجىسىگە دىققەت قىلىش كېرەك. ئەگەر يات بىرى تېخىمۇ موھتاج بولسا، شۈبھىسىز، بۇ ئەھۋالدا تۇققان ۋە يېقىنلارغا ئالدى بىلەن بېرىشكە بولمايدۇ.

بۇ ئۆلچەملەر ئىنسانغا مەرھەمەت تۇيغۇسى ئاتا قىلىش بىلەن بىرلىكتە، ئۇنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلايدىغان، تەڭداشسىز قائىدە ۋە شەپقەت تەلىمىدۇر. چۈنكى، ئىماننىڭ تۇنجى مېۋىسى مەرھەمەت بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن يىراق كۆڭۈل تىرىك ھېسابلانمايدۇ. ھەر ياخشى ئىشنىڭ بېشى بىسمىللاھ ۋە قۇرئانى-كەرىمنىڭ تۇنجى سۈرىسى فاتىھە ئاللاھنىڭ مەرھەمىتىگە دائىر راھمان، رەھىم ئىسىملىرى بىلەن باشلىنىدۇ. پەيغەمبەرلەر ۋە ۋەلىلەرنىڭ ھاياتلىرىمۇ مەرھەمەت نامايەندىلىرى بىلەن تولغان. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«يەر-زېمىندىكىلەرگە مەرھەمەت قىلىڭلاركى، ئاسماندىكىلەرمۇ سىلەرگە مەرھەمەت قىلسۇن.» (ئەبۇ داۋۇد، «ئەدەپ»، 58) دەپ، مەرھەمەتنىڭ بارلىق مەخلۇقاتنى قۇچاقلىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. قۇللۇق ۋەزىپىسى بولغان ئىنفاق، زاكات ۋە ئۆشرە قاتارلىق مالىي ئىبادەتلەر مەرھەمەتنىڭ يارقىن ئالامەتلىرىدۇر.

«ئەقىللىق ئىنسانلار مال-دۇنياسىنى ئۇ دۇنياغا كەتكەندە بىللە ئېلىپ ماڭىدۇ. (يەنى دۇنيادىن كېتىشتىن ئاۋۋال مال-دۇنياسىنى ئاللاھ يولىدا ئىنفاق قىلىدۇ.) پىخسىقلار مال-دۇنياسىنىڭ ھەسرىتىنى تارتىپ، بۇ دۇنيادا قالدۇرۇپ كېتىدۇ.»

-شەيخ سەئىد



## زاكىتى بېرىلىدىغان ماللار ۋە مىقدارى

نىساپ قوي ۋە ئۆچكە 40؛ كالا، سۇ كالىسى 30؛ تۆگىدە بەش. ئالتۇن ئۈچۈن نىساپ 81 گرامدۇر[13]. كۈمۈشنىڭ نىسابى 561 گرامدۇر. ئالتۇن ۋە كۈمۈش ئۈچۈن نىساپ مۇقىم بولسا قىرىقتا بىر، ھايۋانلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك نىساپ زاكات مىقدارىنىڭ سانىغا قاراپ ئۆزگىرىدۇ. تەپسىلى مەلۇمات ئۈچۈن فىقھە كىتابلىرىغا مۇراجىئەت قىلىش كېرەك. دېڭىز مەھسۇلاتلىرى ۋە كان بايلىقلىرىدىنمۇ زاكات بېرىلىدۇ. بۇلارنىڭ تۈر ۋە مىقدارلىرى فىقھە كىتابلىرىدا تەپسىلى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

پايدا كەلتۈرىدىغان مال-مۈلۈك ۋە توشۇغلى بولىدىغان بايلىقلاردىنمۇ زاكات بېرىلىدۇ. بىنا ۋە ئىمارەتلەردىن پايدا كەلتۈرىدىغان يىللىق كىرىمدىن ھېسابلىنىپ، كەتكەن خىراجىتى ئېنىقلانغاندىن كېيىن قالغان قىسمىدىن زاكات بېرىلىدۇ. كېيىن سېتىش ئۈچۈن ئېلىنغان يەرلەر تۇنجى ئالغان باھادىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن (مال باھاسى ئۆرلەپ كەتكەن بولسا پەرقىنى ئايرىپ)، سېتىش ئۈچۈن سېلىنغان بىنالار باھاسىغا قاراپ زاكات بېرىلىدۇ.

شىركەت ۋە ھەسسىدارلار ئايرىم-ئايرىم ئەمەس، شىركەت نامىدا زاكىتىنى بېرىشكە توغرا كەلسە، بۇنى ھېسابلاشتا مۇنداق يول تۇتۇش كېرەك:

ئالدى بىلەن يىلنىڭ بېشى ياكى ئاخىرىدا كىرىم-چىقىمنى ھېسابلاش كېرەك. قولىدىكى بار نەرسىگە ئېنىق ئالالايدىغان نەرسىلەرنىمۇ قوشۇشى كېرەك. بۇ نەتىجىدە مۇقىم بىر نەرسە بولسا، قالغان مىقدارىدىن يىللىق ھېساب مىقدارى قەمەرى يىلدا 2.5%،

13. ئالتۇننىڭ نىساپ مىقدارى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەر خىل رەقەملەر بار. بۇ رەقەملەردە نىساپ مىقدارى 85، 90، 96 ۋە 81 گرام دەپ بېكىتىلگەن. بۇ يەردە يوقسۇللارغا پايدىلىق بولسۇن دەپ 81 گرام پىكرى ئاساس قىلىندى.

يوقسۇل ئادەم مەرتلىك، ياخشىلىققا موھتاج بولغىنىدەك، مەرتلىك ۋە ياخشىلىقمۇ يوقسۇلغا موھتاجدۇر. گۈزەللەر گۈزەللىكىنى كۆرۈش ئۈچۈن، داتلىشىپ قالمىغان پاكىز ئەينەك ئىزدىگەندەك، مەرتلىكمۇ يوقسۇل ۋە ئاجىزلارنى شۇنداق ئىزدەيدۇ.



مىلادى يىلىدا 2.6% ھېسابى بىلەن زاكىتىنى بېرىشى كېرەك.

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر نوقتا: زاكات پەقەتلا پايدىدىن ئەمەس، مۇقىم بولمىغان ئۆز سەرمايىدىنمۇ بېرىلىدۇ.

زاۋۇت، كارخانا قاتارلىق سانائەت ئورگانلىرى قۇرۇلۇش سۈپىتىدە زاكىتىنى ھېسابلاشنى خالىسا مۇنداق قىلسا بولىدۇ:

1. ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىدىغان ھەر تۈرلۈك ئەسۋاپ-زاپچاسلار ئۈچۈن زاكات شەرت ئەمەس. ئەمما زاپچاسلار ئالتۇن-كۈمۈشتىن ياسالغان بولسا، ئۇلارنىڭ قىممىتى ھېسابلىنىپ زاكاتلىرى بېرىلىدۇ.

2. باشقۇرۇش سەرمايىسى زاكاتقا تەۋە بولىدۇ. بۇ سەرمايىدىن ھەر تۈرلۈك خىراجەت، ئىشچى مائاشلىرى ۋە قەرزلىرى چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىن قالغان مىقداردىن زاكات بېرىلسە بولىدۇ.

3. سانائەت ئورگانلىرىدا مائاشلار ئايلىق بېرىلسە، 12 ئايلىق مۇددەت ئىچىدە ئوتتۇرىغا چىقىدىغان يۇقىرىلاش، تۆۋەنلەش ھېسابقا قوشۇلماي، پەقەتلا يىل ئاخىرىدا قىلىنغان ھېسابقا قاراش كېرەك.

پۇل بىلەن بېرىلىدىغان زاكاتنىڭ ھېسابلىنىشىدا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم نوقتا مال باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىدۇر. بۈگۈن يىلدا 70% ۋە 100% گە يېقىن مال باھاسى ئۆرلەپ كېتىش سەۋەبىدىن زاكاتنىڭ بىر يىل ئىچىدىكى ھەر خىل ۋاقىتلاردىكى ئادا قىلىنىشى ھېسابقا قېتىلسا پەرز ۋاقتىدىكى قىممەتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، زاكات بېرىلىدىغان مەبلەغ مۇقىم بىر قىممەتكە بېكىتىلىشى كېرەك. ئەكسىچە، زاكات مەبلىغى قىرىقتا بىرنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ كېتىدۇ. موھتاج زىيان تارتىدۇ، زاكاتمۇ تولۇق ئادا قىلىنمىغان بولىدۇ.

ئىسلام ئاساسى جەھەتتىن زاكاتنى ئوخشاش شەكىلدە ئەمر قىلغان. يەنى ئالتۇنى بولغان ئالتۇن، كۈمۈشى بولغان كۈمۈش بېرىدۇ، قويى بولغان قوي، بۇغدىيى بولغان بۇغداي، رەختى بولغان رەخت بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ۋە

دۇنيا شۇ ئۈچ نەرسە بىلەن جەننەت بولىدۇ. قول ۋە تىلدىن ئىنفاق قىلىش؛ ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنى ئەپۇ قىلىش؛ زالىمغا ھىدايەت يولىنى كۆرسىتىش.



ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدىكى تەتبىقاتتا ئوخشاش بىر نەرسىدىن ئېلىنغان زاكات، نەخ ئېلىنغان ۋاقىتلاردىمۇ شۇنداق بولغان. شۇڭا، كۈنىمىزدە يوقسۇلغا مالنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ قىممىتى قەدەر پۇل بېرىلسە بولىدۇ.

## زاكات بېرىلىدىغان يەرلەر

بۇ ھەقتە ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

**«زاكات پەقەت يوقسۇللارغا، مىسكىنلەرگە، زاكات خادىملىرىغا، دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا، قۇللارنى ئازاد قىلىشقا، قەرزدارلارغا، ئاللاھنىڭ يولىغا، ئىبنى سەبىللەرگە بېرىلىدۇ، بۇ ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسىدۇر، ئاللاھ (بەندىلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى) ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.»** (تەۋبە سۈرىسى، 60-ئايەت) دېگەن.

بۇ ئايەت زاكات ئېنىق بېرىلىدىغان يەرلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇلار:

1. يوقسۇللار: دىني جەھەتتىن باي ھېسابلانمايدىغان، يەنى نىساپ مىقدارى مېلى بولمىغانلار. بۇ خىل ئادەملەرنىڭ ئىشى ۋە كۈچى بولسىمۇ زاكات بېرىلىدۇ.
2. مىسكىنلەر: كۈنلۈك يېمەك-ئىچمىكى بولمىغان يوقسۇل كىشىلەر.
3. زاكات يىغىدىغان خادىملار.
4. مۇئەللەپى قۇلۇب: قەلبى ئىسلامغا تارتىلىدىغان كىشىلەر.
5. قۇللار: قۇللۇقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن خوجايىنلىرى بىلەن كېلىشىم تۈزگەن كىشىلەر.
6. قەرزدارلار: قەرزى مېلىدىن كۆپ بولغان كىشىلەرگىمۇ زاكات بېرىلىدۇ.
7. ئاللاھ يولىدىكىلەر: (فى سەبىلىللاھ) ئاللاھ يولىدا جىھاد

«شۇ ئىككى كىشىگە ھەۋەس قىلىش كېرەك. بىرسى ئاللاھ ئۆزىگە قۇرئان ئىلمى بېرىپ، كېچە-كۈندۈز ئۇنىڭ بىلەن مەشغۇل بولغان كىشى؛ يەنە بىرى ئاللاھ مال بېرىپ، بۇ مالنى كېچە-كۈندۈز ئاللاھنىڭ يولىدا سەرپ قىلغان كىشى»

(بۇخارى، «ئىلىم»، 15)



قىلغانلار، ھەج ئۈچۈن يولغا چىقىپ، يولدا پۇلسىز قالغانلار، ئىنسانىيەت ۋە ئىسلام ئۈچۈن پايدىلىق بولۇش يولىدا ئاللاھ ئۈچۈن ئىلىم تەھسىل قىلغانلار.

8. مۇساپىرلار: ۋەتىنىدە باي بولسىمۇ پۇلى قالمىغان يولوچىلارغا زاكات بېرىلىدۇ.

## زاكات بېرىلمەيدىغان يەرلەر

ئاتا-ئانا، چوڭ ئانا، چوڭ دادا، ئوغلى، قىزى، نەۋرىلىرى، بايلار ۋە مۇسۇلمان بولمىغان كىشىلەرگە زاكات بېرىلمەيدۇ. يەنە ئەر-خوتۇنمۇ بىر-بىرىگە زاكات بېرىشكە بولمايدۇ.

زاكات شەخسلەرگە ۋە زۆرۈر ئېھتىياجى بولغان كىشىلەرگە بېرىلىدۇ. ھۆكمى شەخسلەرگە زاكات بېرىلمەيدۇ. شۇڭا جامە، مەسجىد، مەكتەپ، قۇرئان كۇرۇسلىرى ۋە دوختۇرخانىلارغىمۇ زاكات بېرىلمەيدۇ، ئەمما ئىنفاق (خالىسانە ياردەم) قىلىنسا بولىدۇ. ئىكرام قىلىش ئارقىلىق موھتاجلارغا بېرىلگەن تائاملار (ئىپتارغا ئوخشاش) زاكات بولمايدۇ، بۇ ئىنفاق بولىدۇ. چۈنكى ئوتتۇرىدا ئىگىدارچىلىق يوق.

## ئۆشرە: يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ زاكىتى

ئىنفاق قىلىشتا ئالغۇچىغا قارىتا بەرگۈچى قەلبىنى كونترول قىلىپ، ھەقىقىي سېخىلىقنى قىلالىسا، ناھايىتى كۆپ ئەجىرگە نائىل بولىدۇ.

1. ئەبۇ ھەنىفە رەھمەتۇللاھى ئەلەيھ (ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن) نىڭ قارىشىچە، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ زاكىتىدا نىساپ ئۆلچەم قىلىنمايدۇ. يەنى مەلۇم مىقدارغا يېتىش ۋە ئۈستىدىن بىر يىل ئۆتۈش شەرتى يوق. ئەبۇ يۇسۇپ ۋە ئىمام مۇھەممەدنىڭ قارىشىچە، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بەش ۋەسك يەنى 653 كىلوگرام. بۇ مىقداردىن كۆپ بولغان ۋاقىتتا ئۆشرە بېرىلىدۇ.

2. بىر يىلدا بىر قېتىمدىن ئارتۇق مەھسۇلات ئېلىنىدىغان يەرلەردە ئۆشرە مەھسۇلاتقا قاراپ تەكرار بېرىلىدۇ.

3. ۋاپات بولغان كىشىدىن قالغان يەرلەرنىڭ يېزا ئىگىلىك



مەھسۇلاتلىرىدىن، بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك باللار ۋە ئەقلى ـ ھوشى جايىدا ئەمەس كىشىلەرگە تەۋە يەرلەرنىڭ مەھسۇلاتلىرىدىنمۇ ئۆشرە ئېلىنىدۇ.

4. ئۆشرىسى بېرىلىدىغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىر يىلغىچە بوزۇلمايدىغان بولىشى كېرەك. بۇ سەۋەپتىن يېڭى مېۋە ـ چىۋىلەردىن ئۆشرە بېرىش شەرت ئەمەس. ئامۇت، شاپتۇل، ئۆرۈك، پەمىدۇر، قىزىلمۇچ، پىياز ۋە كۆدىگە ئوخشاش. چۈنكى بۇ مەھسۇلاتلارنى ئۇزۇن ساقلىغىلى بولمايدۇ.

5. بىر ئۆشرە يېرى يامغۇر ياكى ئۆستەڭ سۈيى بىلەن سۇغۇرۇلسا، ئۇندا بىر (10%)، سۇ موتورى، سېتىۋېلىنغان سۇ بىلەن پۈتۈن يىل ياكى يىلنىڭ يېرىمىدىن كۆپ ۋاقت سۇغۇرۇلسا يىگىرمىدە بىر (5%) نىسبەتتە «ئۆشرە» ئىسمى بىلەن زاكاتقا تەۋە بولىدۇ. يەنە ئۇرۇق، ئېشىنچى، سۇغۇرۇش، ئوغۇتلاش ۋە دورىلاش قاتارلىق خىراجەتلەردىن تۇتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ.

6. زەيتۇن، قىچا، ئاپتاپپەرەس قاتارلىق مايلىق زىرائەتلەردىن ئۆشرە بەرگەندە بۇنىڭ ياغلىرىدىن ئۆشرە بېرىلمەيدۇ. ئەمما ئىشلەپچىقارغۇچىدىن تىجارەت قىلىش ئۈچۈن سېتىۋالغان ئادەم «قايتىدىن تىجارەت مېلى» زاكىتى بېرىشى كېرەك.

7. ئۆشرە يېرى مەھسۇلاتلىرىدىن بېرىلىدىغان مەلۇم ھەسسىلەر، مەھسۇلاتلار پۈتۈنلەي پىشىپ بولغان ۋاقىتتا ھېسابلىنىپ بېرىلىدۇ. بۇنىڭدىن ئىلگىرى بېرىشكە بولمايدۇ. ھەتتا پىشمىغان ياكى پىشىشقا ئاز قالغان مېۋىلەرنىڭ ئۆشرىلىرىنى بېرىش جائىز ئەمەس. ئەمما بۇلار تولۇق پىشقان ۋاقىتتا ئىگىسى خالىسا ئۆشرىنى بەرسە بولىدۇ.

8. ئۆشرى بېرىلمىگەن دانلىق زىرائەت، مېۋىلىك دەرەخلەردىن بىر نەرسە يېگەندە ئۆشرىنى بېرىش شەرتى بىلەن يېيىش ۋە كېيىن بۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش كېرەك. مەسىلەن: ئەبۇ ھەنىفە رەھمەتۇللاھى ئەلەيھىنىڭ قارىشىچە، 10 كىلوگرام ئۈزۈم توپلانغان بولسا بىر كىلوگرامنى ئۆشرە دەپ ئايرىش كېرەك.

«ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ناماز ئوقۇغان ۋە زاكات بەرگەن كىشىلەر پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا (چوڭ) ساۋابقا ئېرىشىدۇ، ئۇلاردا (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ.»

(بەقەرە سۈرىسى، 277 ـ ئايەت)



9. مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن فەتھى قىلىنىپ، ھېچكىمگە مۈلۈك قىلىپ بېرىلمىگەن ئىسلام تۇپراقلىرى مىرى يېرى دېيىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىگىدارچىلىقى دۆلەتكە ئائىت بولۇپ، پايدىلىنىش ھەققى دېھقانلارغا يەر خېتى بىلەن بېرىلگەن. بۇلارنى ئىشلەتكۈچىلەر ئىجارىگە ئالغۇچى سالاھىيىتىدە بولىدۇ. دۆلەتكە بېرىدىغان مەلۇم ھەسسىلىرى ياكى بېجى «ئىجارە بەدىلى» ھېسابىدا بولىدۇ.

بۇ خىل يەرلەرنىڭ مەھسۇلاتلىرىدىن ئۆشرە ياكى باشقا ئىسىم بىلەن زاكات بېرىلمەيدۇ. ئوسمانىيە دۆلىتىدە تۇپراقلار بۇ ئەھۋالدا ئىدى.

ئاناتولىيە ۋە بالقان قاتارلىق جايلاردا ئىلگىرى كەڭرى زېمىنى بولغان مىرى يەرلىرىنىڭ بىر قىسمى كېيىن بەدەل تۆلەش شەرتى بىلەن سېتىلىپ، يەر خېتى بىلەن باشقىلارغا بېرىلگەن. ئىگىسىز تۇپراقلارنىڭ ئىشلىتىلىشى نەتىجىسىدە كەڭرى يەرلەر شەخسلەرنىڭ مۈلكىگە ئايلانغان. بۇنىڭ بىلەن مۈلكى يەر تۈرى بارلىققا كەلگەن. بۇ خىل يەرلەر «پەقەتلا مۈلكى يەر» تۈرىگە كىرىدۇ. بۇ يەرلەر ئۆشرى يېرىگە ئوخشاش ئېلىنىدىغان مەھسۇلاتتىن ئۆشرى بېرىلىشى كېرەك. كۈنىمىزدە تۈركىيە تۇپراقلىرىنىڭ ھەممىسى مۈلكى يەردۇر. ئەگەر ئۆشرە دۆلەت تەرىپىدىن توپلانمىسا ھايۋاناتتىن بېرىلىدىغان زاكاتقا ئوخشاش، يەر ئىگىلىرى يەرنىڭ ئۆشرىسىنى ئۇيغۇن يەرلەرگە ئۆزى بېرىشى كېرەك.

«سەرمايىنىڭ راكقا ئايلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان چارە زاكاتتۇر.»



## ۋەقىپ، زاكات ۋە ئىنفاققا مۇناسىۋەتلىك بىر سۆھبەت

# بايلىق ئامانەتتۇر

### ئىسلام مۈلۈككە قانداق قارايدۇ؟

ئىسلامدا مۈلۈك ھەقىقىي مەنادا شەخس ۋە جەمئىيەتكە ئائىت بولماستىن، ئاللاھتائالاغا ئائىتتۇر. بۇ ئىنسانغا مەلۇم ۋاقىت، مەلۇم شەرت ئاستىدا ئىشلىتىش ئۈچۈن بېرىلگەن نەرسىدۇر[14]. بۇ سەۋەپتىن ئىنسان ئىگە بولغان مال-دۇنيانى خالىغانچە ئىشلىتەلمەيدۇ. مۈلۈك ھەقىقىي ئىگىسىنىڭ يولىغا يەنى ئاللاھ كۆرسەتكەن يولغا سەرپ قىلىنىشى كېرەك. بايلىق ئىگىسىنىڭ ئۆزى پايدىلانغان دۇنيا نېمەتلىرىدىن موھتاج ۋە بىچارە كىشىلەرنى ئىسلام كۆرسەتكەن دائىرىدە پايدىلاندۇرۇش مەجبۇرىيىتى بار. بۇنىڭدىن مەقسەت قول، تىل ۋە باشقا ئەزالاردىن باشقىلار خاتىرجەم بولىدىغان بىر مۇئمىن بولۇشتىن ئىبارەت.

بۇ خىل روھى ھالەت مال-مۈلۈكنىڭ ئاللاھتائالانىڭ بەندىسىگە بەرگەن بىر ئامانىتى ئىكەنلىك ئېڭىغا ئىگە بولۇشتىن كېلىدۇ. ئەكسىچە يولدا ئىشلەتسە، ئامانەتكە خىيانەت قىلغانلىق بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كۆنىمىز ئىنسانلىرى مۇپتىلا بولۇۋاتقان ھەر خىل ئىللەتلەر ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

### ئىسلامنىڭ قارىشىدا بايلىق ئىگىسى يەنى باي بولۇشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

ئىسلام ئىنسانلارنى توغرا يولدىن باي بولۇشقا تەشۋىق قىلىدۇ. ئىسلامنىڭ بەش ئاساسى شەرتىدىن ئىككىسى دىنىي جەھەتتىن باي بولغان كىشىلەرگە پەرز قىلىنغان. بۇلار ھەج ۋە زاكات ئىبادەتلىرىدۇر.

«ئەي ئىنسان ئوغلى! ئېھتىياجىڭدىن ئارتۇق مال-دۇنيايىڭنى سەدىقە بېرىش، سېنىڭ ئۈچۈن خەيرلىكتۇر. ئەگەر بەرمەي، قولۇڭدا تۇتۇپ تۇرساڭ، سېنىڭ ئۈچۈن ياخشى ئەمەستۇر. يېتەرلىك مال-دۇنياغا ئىگە بولغانلىقىڭ ئۈچۈن ئاللاھ نەزىرىدە مەسئۇل بولمايسەن. ئىنفاقنى بېقىشقا مەسئۇل بولغان كىشىلەردىن باشلا.»
(تىرمىزى، «زاكات»، 23)

---

14. بۇ باپ مۇئەللىپ بىلەن قىلىنغان سۆھبەتتىن ئېلىندى.

بۇنىڭ مەنىسى توغرا يولدىن باي بول، زاكات بەر ۋە ھەجگە بار دېگەنلىكتۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«بەرگۈچى قول ئالغۇچى قولدىن ئۈستۈندۇر» (بۇخارى، «زاكات»، 18) دېگەن سۆزى ئارقىلىق، چامىنىڭ يېتىشىچە «بەرگۈچى بولۇش»نى تەۋسىيە قىلغان.

ئىسلامنىڭ قارىشىدا تەشۋىق قىلىنغان باي بولۇش سەۋىيەسىگە يېتىشتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نوقتىلار قايسىلار؟

ئىسلام تىجارەتكە تەشۋىق قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە تىجارەتنى كۆنىمىزدىكى خالىغان يولدىن پۇل تېپىش (كاپىتالىزم) ۋە سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قاراشلار بىلەن چەكلىمە قويىدىغان سىستېمىلار بىلەن مەقسەتكە يېتىشنى تەۋسىيە قىلمايدۇ. ئىسلام تىجارەتتە شەخس ۋە جەمئىيەتنىڭ مەنپەئەتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، بىر قىسىم ھۆكۈملەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ ھۆكۈملەرنىڭ بىرسى ئاللاھ ھارام قىلغان نەرسىلەرنىڭ تىجارىتىنى قىلىشقا بولمايدىغانلىقىدۇر.

ئىسلام نەزىرىدە تىجارەت جائىز بولۇشىنىڭ بىرىنچى شەرتى تىجارەت ساھەسىنىڭ ھالال بولىشىدۇر. باشقا شەرتلەر بۇ پائالىيەتنىڭ ئۇسۇلى. بىر مالنى بازاردا ئازايتىپ، باھاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئامباردا ساقلاپ، كېيىن سېتىش چەكلىنىدۇ. بۇ ئەھۋال كۆنىمىزدىكى تەبىرى بىلەن زاغرا تىلدا قاراڭغۇ بازار دېيىلىدۇ. بۇ خىل قىلمىش شەرئى ئاتالغۇدا «ئالدامچىلىق» دېيىلىپ، چەكلەنگەن.

تىجارەتتىكى يەنە بىر چەكلىمە «گابىن» يەنى ساختىپەزلىكتۇر. بۇ قارشى تەرەپنىڭ تەجرىبىسىزلىكى، ساددىلىقىدىن پايدىلىنىپ مال ۋە باھاسى ئوتتۇرىسىدا باھا پەرقىنى ناھايىتى يۇقىرى قىلىۋېتىش. مەسىلەن: ئوغۇرلاپ كەلگەن مالنى ئەزان سېتىۋېلىش ۋە كىچىك بالىنىڭ تەجرىبىسىزلىكىدىن پايدىلىنىپ، قولىدىكى قىممەتلىك مالنى ئەزان باھادا سېتىۋېلىش.



جايىدا ئادا قىلغان ناماز بىلەن زاكاتنى،
سالىھ بەندە بولۇپ، ئاسان ئۆتەر سىرات (كۆۋرۈك)تىن.

- راھمەتى



ساتماقچى بولغان مالنىڭ ئەيىپ-نۇقسانلىرىنى ئېيتىش شەرتتۇر. مال ئالغان ۋاقىتتا قەستەنلىك بىلەن ئۇ مالنىڭ ئەيىۋىنى يۇشۇرۇشقا بولمايدۇ.

بۇ يەردە تىجارەتنىڭ شەرئى ئاساسلىرىنى بايان قىلىشنى مەقسەت قىلمىغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئاخىرىدا شۇ نوقتىنى بايان قىلىش بىلەن كۇپايە قىلايلى.

پايدا نىسبىتى شەرئى جەھەتتىن بەزى ۋاقىتلاردا چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. بۇ ئەھۋال ئۇرۇش، يۇقۇملۇق كېسەل تارقالغان ئەھۋاللاردا بۈيۈك ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ. دىن، ھۆكۈمرانلارغا مەسلەھەت دائىرىسىدە تەدبىر ئېلىش، تەھدىت ياكى تەشۋىق ئىستىقامىتىدە قانۇن چىقىرىش سالاھىيىتىنى بېرىدۇ. بۇ سالاھىيەت تىجارەت ئىشلىرىدا كۆپ قوللىنىلىدۇ. شۇڭا، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ھۆكۈمرانلار تۈزگەن قانۇنلارغا، بولۇپمۇ پايدىنىڭ نىسبىتىگە رىئايە قىلىش كېرەك. ئەمما زىيان تارتىش ئەھۋالى كۆپ بولغان ۋاقىتتا، بۇ چەكلىمىلەر كۈچكە ئىگە بولمايدىغان ۋاقىتلارمۇ بولىدۇ.

ئىسلامنىڭ قارىشىدا تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا تەشۋىق قىلىدىغان كۆپلىگەن دەلىللەر بار. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىر نەچچە ھەدىس-شەرىپ تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

«ئىشەنچلىك، دۇرۇست ۋە مۇسۇلمان بىر سودىگەر قىيامەت كۈنى شېھىدلەر بىلەن بىللە بولىدۇ.» (ئىبنى ماجە، «تىجارەت»، 1)

«مېلىنى سېتىش ئۈچۈن بازارغا سالغان جەسۇر تىجارەتچى مەرزۇق (رىزىقلاندۇرۇلغۇچى)، قاراڭغۇ بازارچىلىق قىلغۇچى مەلئۇندۇر.» (ئىبنى ماجە، «تىجارەت؛ ، 6)

«قورقۇنچاق تىجارەتچى مەھرۇم، جەسۇر تىجارەتچى مەرزۇق (رىزىقلاندۇرۇلغۇچى)دۇر.» (دەيلەمى، «مۇسنەد»، 2-جىلد، 79)

«ئىنسان يەيدىغان نەرسىلەرنىڭ ھالال ۋە گۈزەل بولغىنى ئۆزى ئىشلەپ، يېگىنىدۇر.» (ئىبنى ماجە، «تىجارەت»، 1)

«ئۇلار شۇنداق ئەرلەركى، سودا-سېتىق ئۇلارنى ئاللاھنى زىكىر قىلىشتىن، ناماز ئۆتەشتىن، زاكات بېرىشتىن غەپلەتتە قالدۇرمايدۇ، ئۇلار دىللار ۋە كۆزلەر قالايمىقانلىشىپ كېتىدىغان كۈن (يەنى قىيامەت كۈنىدىن) قورقىدۇ.»

(نۇر سۈرىسى، 37-ئايەت)



«ئۇلارنى بىزنىڭ ئەمرىمىز بويىچە (كىشىلەرنى بىزنىڭ دىنىمىزغا) يېتەكلەيدىغان پېشۋالار (يەنى پەيغەمبەرلەر) قىلدۇق، ئۇلارغا بىز ياخشى ئىشلارنى قىلىشنى، ناماز ئوقۇشنى، زاكات بېرىشنى ۋەھيى قىلدۇق، ئۇلار بىزگە خالىس ئىبادەت قىلاتتى.»

(ئەنبىيا سۈرىسى، 73 ـ ئايەت)

### ئىسلامى ھۆكۈملەرگە ئاساسەن تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ باي بولغان بىر مۇسۇلمان، مال ـ دۇنياسىنى خالىغانچە ئىشلەتسە بولامدۇ؟

مال ھۆكمىدىكى نەرسىلەرنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ. ھايۋانلار، مۈلۈكلەر، زىبۇ ـ زىننەت ئەشيالىرى، تىجارەت مېلى قاتارلىقلار.

ئىسلام بۇنداق ھەر خىل كاتىگورىيىلەرگە مەنسۇپ بولغان ماللارنىڭ ئىستىمالى ئۈچۈن قانۇن ـ تۈزۈم بېكىتكەن. مەسىلەن: مىنىدىغان ھايۋانلارنىڭ يەم ـ خەشىكىنى ئاز بېرىپ، كۆپ ئىشقا سېلىش چەكلەنگەن. بىر مۈلۈكنى باشقىلارغا زىيان سېلىش ئۈچۈن ساقلاشنى چەكلىگەن. قولۇم ـ قوشنىنىڭ ئۆيىگە چۈشىدىغان كۈن نۇرى ۋە مەنزىرىنى توسۇۋالىدىغان دەرىجىدە تامنى ئېگىزلىتىشمۇ چەكلەنگەن. ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجى بولغان تىجارەت مېلىنى بوزۇپ ـ چېچىش ئارقىلىق باشقىلار پايدىلىنالمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈشكە بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ تىجارەت مېلى غىزا ماددىسى بولسا تېخىمۇ بولمايدۇ. مەسىلەن: باھا ئەرزان بولۇپ كەتتى دەپ، نارازىلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئېتىزلىقتىكى ئوتياشلارنى يوللارغا تۆكۈشكە، ئامباردىكى زەيتۇن يېغىنى يوللارغا چېچىشقا بولمايدۇ. چۈنكى بۇلار ئومۇمنىڭ مەنپەتى ئۈچۈن پايدىلىنىدىغان نەرسىلەردۇر.

ھەددىدىن ئارتۇق پايدا ئېلىش ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىشنى ئازايتىشقا بولمايدۇ. بۈگۈن كارتەل (cartel)[15] مونوپول قىلىۋېلىش ۋە تىراست[16] (trust) دەپ ئاتالغان، ئىقتىسادىي خارەكتېردىكى تەشكىلاتلار بىلەن ئىستىمالچىلارنى زىيانغا سالىدىغان سۈنئى ۋە قەستەن باھا ئۆستۈرۈش، مال باھاسىنىڭ ئەرزانلىشىغا تۇسالغۇ

15. كارتەل: تىجارەت ۋە سانائەت مۇئەسسەسەلىرىنىڭ باشقا مۇئەسسەسەلەرنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئۆزى تېخىمۇ كۆپ پايدىغا ئېرىشىش مەقسىتىدە شەكىللەندۈرگەن، ناتوغرا رىقابەتكە تايىنىدىغان گورۇھ.

16. تىراست: چوڭ شىركەتلەرنىڭ باھا بەلگىلەش، كونترول قىلىش ۋە رىقابەتنى يوقۇتۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزئارا بىرلىككە كېلىپ، گورۇھلىشىشى.

بولىدىغان ئۇسۇل ـ چارىلارنى ئىشلىتىش قاتارلىق قىلمىشلار ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىگە زىيانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن بۇلارمۇ چەكلىنىدۇ.

### باي بىر مۇسۇلماننىڭ ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەتلىرى قايسىلار؟

باينىڭ مىلىدىكى ئەڭ مۇھىم مەسئۇلىيەت زاكاتتۇر. زاكات ئەرەپچىدە «تەزكىيە» (پاكلاش) دېگەن سۆز بىلەن ئوخشاش تومۇردىن كەلگەن بىر كەلىمىدۇر. «تەزكىيە» پاكىزلاش دېگەنلىك. يەنى زاكات مالنى پاكلايدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن پەرز قىلىنغانلىقى ئۈچۈن زاكاتقا مەنسۇپ بولغان، مالدىكى زاكات مىقدارى كەمبەغەلنىڭ ھەققىدۇر. ئۇنى بەرمەسلىك باشقىلارنىڭ مېلىنى تارتىۋالغانلىق بولىدۇ. جانابى ئاللاھ زاكات ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك مالدا بىر نىساپ (بايلىق) ئۆلچىمى بېكىتكەن. بۇنىڭغا ئاساسەن مەلۇم مىقدارنىڭ ئۈستىدىكى ماللاردىن زاكات بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

ئىسلامنىڭ قارىشىدا بايلىق خەلقنىڭ ئويلىغىنىدەك، كۆنىمىزدىكى مىليونېر كىشىلەرنىڭ سەرۋىتى ئۆلچىمىدە ئەمەس. 81 گرام ئالتۇن ۋە بۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان مال ـ مۈلۈك، بايلىقنىڭ شەرئى ئۆلچىمىدۇر. بۇ مىقدار ۋە بۇنىڭدىن كۆپ مىقداردىكى مال، ئۈستىدىن بىر يىل ئۆتۈش شەرتى بىلەن زاكىتى بېرىلىدىغان ماللارغا تەۋە بولىدۇ.

دىنىمىزدىكى قىرىنقتا بىر ئۆلچەم قىلىپ بېكىتىلگەن ھەق موھتاجنىڭ ھەققىدۇر. موھتاجنىڭ ھەققىنى ھەق ئىگىسىگە گۈزەل ئۇسۇلدا تەقدىم قىلىش كېرەك. زاكات دەپ ئاتالغان بۇ ھەق پېقىر ـ يوقسۇلنىڭ بايلىققا قىرىنقتا بىر ئورتاق قىلىنىشى دېگەنلىكتۇر. زاكات موھتاجغا بېرىلگەن ئەڭ تۆۋەن ھەقتۇر. ئەمما بۇ نىسبەت يەر ـ مۈلۈك كىرىملىرىدا «ئۆشرە ئىسمى بىلەن ئوندا بىرغا چىقىدۇ، ھايۋانلاردا جىنسىغا قاراپ ھەر خىل بولىدۇ.» زاكاتتىن باشقا سەدىقە، ئىنفاق ۋە ساخاۋەتنى قۇشۇمچە قىلىپ بېرىش مال ـ دۇنيانى بەرىكەتلەندۈرىدۇ. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زاكات بەرمىگۈچىلەرگە ئۇرۇش ئېلان قىلىشى بۇ مەسىلىنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.



«سىلەر شۇنداق كىشىلەرسىلەركى، ئاللاھنىڭ يولىدا (پۇل ـ مال سەرپ قىلىشقا چاقىرىلساڭلار، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا بېخىللىق قىلىدىغانلار بار، كىمكى بېخىللىق قىلىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن بېخىللىق قىلىدۇ. ئاللاھ (سىلەرنىڭ مال ـ مۈلكۈڭلاردىن) بىھاجەتتۇر، سىلەر بولساڭلار (ئاللاھقا) موھتاجسىلەر، ئەگەر سىلەر (ئاللاھنىڭ تائەتىدىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا باشقا بىر قەۋمنى ئالماشتۇرىدۇ، ئۇلار سىلەرگە ئوخشاش بولمايدۇ.»

(مۇھەممەد سۈرىسى، 38 ـ ئايەت)



> «كۆپلىگەن بايلىق ئىگىلىرى باركى، ئۇلارنىڭ بايلىقىنى لايىق بولمىغان يەرلەرگە بەرمەسلىكى، بېرىشىدىن تېخىمۇ ياخشىدۇر. بۇ سەۋەپتىن ئاللاھ بەرگەن مالنى پەقەتلا ئاللاھنىڭ ئەمرى بولغان يەرلەرگە خەجلە. ئۇرۇنسىز ئېھسان قىلىش خۇددى ئاسىي بىر قۇلنىڭ ئېھسان قىلدىم دەپ، پادىشاھنىڭ مېلىنى بۇلاڭچىغا بەرگىنىگە ئوخشايدۇ.»
>
> ـ مەۋلانا

قۇرئانى-كەرىمدە زاكات بېرىلىدىغان شەخسلەر ئايرىم-ئايرىم كۆرسىتىلگەن. يوقسۇل، قەرزدار، ئوقۇغۇچى، ئاللاھ يولىدا غەيرەت قىلغۇچىلار ۋە مۇساپىر كىشىلەرگە ئېھتىياج نىسبىتىدە زاكات بېرىلىشى كېرەك.

دەۋرىمىز ماددىي قىيىنچىلىقلار ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان بىر دەۋر بولغانلىقى ئۈچۈن، بايلار نورمال ۋاقىتتىكى زاكات مەسئۇلىيىتى بىلەنلا كۇپايە قىلماي، بۇنىڭدىن كۆپرەك خەيرى-ساخاۋەت قىلىشى لازىم.

يەنە ئۆشرە مەسىلىسى بار. ئۆشرە مەسىلىسى، مۇسۇلمانلار ئەھمىيەت بەرمەيۋاتقان مۇھىم مەسىلىلەردىن بىرى. ئوسمانىيە دۆلىتىدە يەرلەر مىرى شەكلىدە ئىدى. كۈنىمىزدە، يەرنىڭ ئىشلىتىش شەكلى ئۆزگىرىپ، شەخسىي مۈلۈككە ئايلاندى. يەر ئىگىسى ھەر تۈرلۈك ئىشلىتىش ھەققىگە ئىگە. خالىسا تېرىيدۇ، خالىمىسا تېرىمايدۇ، خالىسا ساتىدۇ. شۇڭا، سۇغۇرۇلغان ۋە ئەمگەك كۈچى سەرپ قىلىنغان يەردىن قولغا كەلتۈرۈلگەن مەھسۇلاتلاردىن يۈزدە بەش؛ ئەمگەك كۈچى سەرپ قىلماي، يامغۇر سۈيى بىلەن ئېلىنغان مەھسۇلاتلاردىن يۈزدە ئون زاكات بېرىلىشى كېرەك. بۇنىڭ شەرئى ئىسمى ئۆشرەدۇر. بۇ ئۆشرىنى بەرمىگۈچىلەر، خۇددى زاكات بەرمىگۈچىلەردەك، موھتاجنىڭ ھەققىنى تارتىۋالغان بولىدۇ. بۇ مەسىلىگە جىددىي قاراش، زاكات مەسىلىسىنى ئەھلىدىن سوراش ياكى فىقھ كىتابلىرىدىن ئۆگىنىش كېرەك.

ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە ئامانەت قىلىپ بەرگەن نېمەتلىرى دەپ چۈشەندۈرگەن ماللار ھەققىدە، بايلارنىڭ زاكاتتىن باشقا خەيرى-ساخاۋەت ئىشلىرىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتىڭىز. بۇنى بىر ئاز چۈشەندۈرۈپ بەرسىڭىز؟

ئەلۋەتتە، بۇ خەيرى-ساخاۋەتنىڭ تۈرلىرى كۆپ. زاكاتقا ئوخشاش پەرز قىلىنماي، ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىلىشقا تەشۋىق قىلىنغان تۈرلىرىمۇ بار. بۇلار ئىنفاق، ئىسار ۋە بىر مالنىڭ ئاللاھ



رىزاسى ئۈچۈن بىر غايىگە ئەبەدى بېغىشلىنىشى يەنى ۋەقىپ قىلىنىشىدۇر. زاكات موھتاجغا قىلىنغان ئىنفاقنىڭ پەرز بولغىنىدۇر. بايلىقنى سەدىقە، ئىنفاق ۋە ئىسار بىلەن زىننەتلەش كېرەك.

بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ تەۋبە سۈرىسىنىڭ 34-ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ:

**«ئالتۇن-كۈمۈش يىغىپ، ئۇنى ئاللاھنىڭ يولىدا سەرپ قىلمايدىغانلارغا (دوزاختا بولىدىغان) قاتتىق ئازاب بىلەن بىشارەت بەرگىن.»**

دىققەت قىلساق، ئايەتتە موھتاجنىڭ ھەققى تارتىۋېلىنغان ۋاقىتتا تارتىۋالغۇچىنىڭ جەھەننەمگە كىرىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

بۇ ئىلاھىي تەھدىت ئالدىدا چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىپ، سەدىقە، ئىنفاقلاردا قىرىقتا بىردىن كۆپرەك بېرىشكە غەيرەت قىلىش كېرەك.

يەنە باشقا بىر ئايەتتە:

**«(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ھاراق ۋە قىمار توغرىسىدا سورىشىدۇ، سەن ئۇلارغا: «بۇنىڭ ھەر ئىككىسىدە چوڭ گۇناھ ۋە كىشىلەرگە (ئازغىنا ماددىي) پايدىمۇ بار، لېكىن ئۇلاردىكى گۇناھ پايدىغا قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ» دېگىن، ئۇلار سەندىن نېمىنى سەدىقە قىلىش توغرۇلۇق سورايدۇ،«(ئېھتىياجدىن ئارتۇقىنى (سەدىقە قىلىڭلار)» دېگىن. (دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئىشلىرىنى) تەپەككۇر قىلىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ ئۆز ئايەتلىرىنى سىلەرگە شۇنداق بايان قىلىدۇ.»** (بەقەرە سۈرىسى، 219-ئايەت)

دېيىلگەن.

ئەپەندىم! مەملىكىتىمىز ئىقتىسادىي جەھەتتىن مۈشكۈل دەۋرىنى ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ. بۇ كۈنلەردە زاكات ۋە ئىنفاقلار تېخىمۇ كۆپ ساۋاب ھاسىل قىلامدۇ؟

سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك، بۈگۈن مەملىكىتىمىز ماددىي ۋە مەنىۋىي بۆھرانلارغا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. بۇ سەۋەپتىن بۈيۈك ئىنفاق سەپەرۋەرلىكىگە ئېھتىياج بار. كېسەل، ئاجىز ۋە ئىگە-چاقىسىز

«مال-دۇنياغا ئارتۇق بېرىلمىگىنىكى، ۋاقتى كەلگەندە ئاسانلىقچە قويۇپ قۇيالايسەن، ھەم ئاسان تاشلاپ كېتەلەيسەن، ھەمدە ساۋاب تاپىسەن. سەن سېنى چىڭ تۇتىدىغانغا يېپىشقىنىكى، ئەۋۋەلدە ئۇدۇر، ئاخىرىدا ئۇدۇر.»

- ھەزرىتى مەۋلانا



مۆمىن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشقا تىرىشىشىمىز كېرەك. چۈنكى مەرھەمەت، دۇنيادا ۋىجدانى راھەتلىك، ئاخىرەتتە ئەبەدى سائادەتنىڭ خوشخەۋىرىدۇر. ھەتتا زاكات بىلەن بىرگە ئىمكانى بار قېرىنداشلىرىمىز خەيرى-ساخاۋەتنى كۆپەيتىشى كېرەك. چۈنكى زاكات نورمال ۋاقىت ئۈچۈن ئېھتىياج ئىگىلىرىنىڭ ھىمايە قىلىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر ئەمىردۇر. ھالبۇكى، بەزى ۋاقىتلاردا يوقسۇللۇق نورمالنىڭ سىرتىدا بولىشى مۇمكىن. بۇنداق دەرتلىك جەمئىيەتلەردە خاتىرجەملىك، بەختەرلىكنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن قىلىنغان خەيرلار بۈيۈك ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇنداق ۋاقىتلاردا پەرز بولغان زاكاتنىلا ئادا قىلىش بىلەن كۇپايە قىلماسلىق كېرەك. چۈنكى دەرتلىك ۋە موھتاج ئىنسانلارنىڭ ئورنىدا بىز بولۇشىمىز مۇمكىن ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ رەببىمىزگە قارىتا شۈكۈر قەرزىمىزدۇر.

ئەۋلادلىرىمىزنى كىچىك ۋاقتىدا نامازغا قانداق ئادەتلەندۇرگەن بولساق، ئۇلارنى ئىنفاق روھىغا ئىگە قىلىپ، موھتاج كىشلەرنى سۆيۈندۈرۈشكىمۇ شۇنداق ئادەتلەندۇرۇشىمىز كېرەك. بۇ ئىشنىڭ مەشقىنى كىچىك ۋاقتىدا قىلدۇرمىساق، كەلگۈسىدە قىلدۇرۇشىمىز تەسكە توختايدۇ. ئۇلار مۆلۈكنىڭ ھەقىقىي ئىگىسىنىڭ ئاللاھ ئىكەنلىكى ئېڭىدا ئۆسۈپ يېتىلىشى، ئۆزىنىڭ كاسىسىر ياكى بىر ئامانەتچى ئىكەنلىكىنى بىلىشى كېرەك. بۇ شەكىلدە ئۆسۈپ يېتىلگەن ئەۋلاتلار، تارىخىمىزدىكى ياردەم سەپەرۋەرلىكىنى قايتىدىن جانلاندۇرالىشى مۇمكىن. ئىسلام تارىخىمۇ تەقدىرگە لايىق ئىنفاق ئۆرنەكلىرى بىلەن تولۇپ تاشقان.

مەسىلەن: 1913-يىلىدا ئوسمانىيلار بالقان تۇپراقلىرىنى قولدىن چىقىرىپ قويغاندا، ھىندىستاندىكى جەۋھىرى قېرىنداشلار ۋە ئىسلام تەشكىلاتىنىڭ رەئىسلىرى نامايىش قىلىپ، پۈتۈن مۇسۇلمانلارنى ئوسمانىيە دۆلىتىگە ياردەم قىلىشقا چاقىرىپ، زاكات ۋە ئىنفاقنى ئۇلارغا بېرىشكە تەشۋىق قىلدى. بۇ يەردە دىققەتنى

«ئى مۆمىنلەر! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ھەر ئادەم ئەتە (يەنى قىيامەت كۈنى) ئۈچۈن (ياخشى ئەمەللەردىن) نېمىلەرنى تەييارلىغانلىقىغا قارىسۇن، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر.»

(ھەشر سۈرىسى، 18-ئايەت)



جەلپ قىلىدىغان ۋەقەلەر بولدى. بىر يىگىت كەلدى. ئۆستىدىكى كۆينىكى ۋە يۇڭ پوپايكىسىنى ئىئانە قىلدى. بىر بوۋاي كېپەنىنى بەردى.

بۇنىڭغا ئوخشاش بىر نەچچە ۋەقە بۈيۈك ئىنفاق ئابىدىسىنى مەيدانغا كەلتۈردى. بۇ ئۆزى موھتاج تۇرۇپ، باشقىلارغا بېرىشتەك غەمگۇزار قەلبىنىڭ ئابىدە ھالىغا كېلىشىدۇر. بۈگۈن بىز بۇ ھاياجانغا ناھايىتى موھتاجمىز. بۇ سەۋەپتىن كۈنىمىزدە زاكات بېرىلىدىغان يەرلەرگە تەقسىملەشكە دىققەت قىلىش بىلەن بىرلىكتە «فى سەبىلىللاھ» يەنى ئاللاھ يولىدا غەيرەت قىلغۇچىلارغا بېرىلىشىنىڭ تېخىمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇرىغا قويىمەن.

ئەپەندىم! ۋەقپلارنىڭ تارىختىن بۇيان بۈيۈك خەيرلارغا ۋەسىلە بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. بىر خەير مۇئەسسەسەسى بولغان ۋەقپ ھەققىدىكى پىكىرلىرىڭىزنى ئۇتتۇرىغا قويىسىڭىز؟

ئىنفاقتا مۇئەسسەسەلىشىش ۋەقپىنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. ۋەقپ مەجازى (كۆچمە) مۈلكىيەتنىڭ ئاللاھتائالاغا تەقدىم قىلىنىشى، تەملىك ۋە مۈلۈكنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش مەنئى قىلىنىپ، مۈلۈكنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن ئەبەدىلىششى دېگەنلىكتۇر. غايە ئاللاھ ياراتقان ھەر نەرسىگە شەپقەت بىلەن يېقىنلىشىش، جېنىنى ۋە مېلىنى ئاللاھ ئۈچۈن تەقدىم قىلىش، جەننەتنى سېتىۋېلىش غەيرىتىدۇر.

بىر نەچچە قېتىم ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئوسمانىيە دۆلىتىدە 26 مىڭدىن ئارتۇق ۋەقپ بار ئىدى. بۇ ۋەقپلەر غەمگۇزار ئىنسانلار بىلەن ئاياقتا تۇردى. بۈيۈك زېمىندىكى بۈيۈك دۆلەتتە جەمئىيەت بۇ ۋەقپلەر ئارقىلىق تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىدى. ۋەقپلەر ئەينى ۋاقىتتا جەمئىيەتنىڭ مەرھەمەت ئابىدىسى، ئىنفاق ئەڭ گۈزەل ئادا قىلىنىدىغان يەرلەردۇر. كۈنىمىزدە بۇنىڭغا ناھايىتى موھتاجمىز. كۈنىمىزدە بۇ مۇئەسسەسەلەرنىڭ قايتىدىن تىرىلدۈرۈلىشى، موھتاج، غېرىپ، ئاجىز، يېتىملارغا شەپقەت قۇچىغى بولىشى كېرەك.

بىز قول ۋە تىلىدىن ئىنسانلار پايدىلىنىدىغان بىر مۇئمىن بولۇش ئۈچۈن، قىيامەت كۈنى مۈلۈكنىڭ ھەقىقىي ئىگىسىگە بېرىلىدىغان ھېسابتا ئەبەدى مۇكاپاتقا نائىل قىلىدىغان مەنىۋىي تاكامۇللۇق ئۈچۈن «بايلىق ئامانەتتۇر» ئېڭى بىلەن ياشىشىمىز كېرەك.



كاتتا ئىمارەتلەردە ئولتۇرۇۋاتقان بىر ئىنسان، ئاددى بىر ئۆيدە ئولتۇرۇۋاتقان ئىنسانىمىزنىڭ دەردىنى قانچىلىك چۈشىنىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋىرى بارمۇ؟


ئىنسان ئامانەت، ئەشيامۇ ئامانەت، دۇنياغا ئائىت ھەر نەرسە ئامانەتتۇر. ئامانەتنىڭ ئىگىسىگە تاپشۇرۇلۇشى رەھمەت ۋەسىلىسىدۇر. ئىنفاق ماددىيلا ئەمەستۇر. رەببىمىز ئېھسان قىلغان ھەر نەرسىدىن ئىنفاق قىلىنىشى كېرەك. ئاللاھقا ئىتائەت قىلىپ، تەبلىغ قىلىش ئەڭ گۈزەل ئىنفاقتۇر. كۈنىمىزدە دۆلىتىمىزنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىقتىسادىي بۆھرانلىرىدىن بىرى بولغان مال باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى ۋە بۇ كىرزىسنىڭ ئاساسى سەۋەبى ماددىي ئەمەس، مەنىۋىيدۇر. ئىنسانغا بېرىلگەن ئامانەت لايىقىدا ئورنىغا تاپشۇرۇلماي، نەپسانى ئارزۇلار يولىدا ئىسراپ قىلىنغاندا، ئاللاھتائالا بەرىكەتنى كۆتىرىۋېتىدۇ، ئوتتۇرىغا مەزلۇمنىڭ ئاھى كىرىدۇ، ھەر خىل ئىچ-پۇشۇقلار كەينى-كەينىدىن كېلىشكە باشلايدۇ. زاكات ۋە ئىنفاقنىڭ جەمئىيەتنى قانداق بىر بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرگەنلىكىگە تارىخىمىز شاھىتتۇر.

ئەپەندىم! تارىخىمىزدا ئەجدادىمىزنىڭ ئۆزىگە قانداق كۆڭۈل بۆلگەن بولسا، باشقىلارغا، قوشنىلىرىغا ھەتتا جەمئىيەتنىڭ ئاجىز ۋە بىچارە كىشىلىرىگە تېخىمۇ بەكرەك كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى كۆردۇق. بۈگۈن ماددىي ئىشتىھانى قوزغايدىغان كاپىتالىزمنىڭ قۇلى بولۇپ، كۆپىنچە ئىنسانلار شەخسىيەتچى يەنى باشقىلارنى ئويلىمايدىغان بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى نىمە؟

پۈتكۈل مۇسۇلمانلار زاكىتىنى تولۇق بەرسە، بىر مۇددەتتىن كېيىن زاكات ئالىدىغان ئادەم قالمايدۇ. يەر ئىگىلىرى مەھسۇلاتلىرىنىڭ زاكىتى بولغان ئۆشرىسىنى، چارۋىلارنىڭ ئىگىلىرى ھايۋانلىرىنىڭ زاكىتىنى بەرسە جەمئىيىتىمىزدە يوقسۇل، بىچارە ئىنسان قالماس دەپ تەخمىن قىلىمەن. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز دەۋرىدە بايلار زاكاتلىرىنى جايىدا بەرگەنلىكى ئۈچۈن جەمئىيەت بۇيۇك باياشاتلىققا ئېرىشكەن، ھەتتا زاكات بېرىش ئۈچۈن كەمبەغەل

«ئۇلار: «رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدىكى كىشىلەرنى تەمىنلىمەڭلار، ئۇلار تاراپ كەتسۇن» دەيدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ خەزىنىلىرى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. لېكىن مۇناپىقلار (ئاللاھنىڭ ھېكمىتىنى) چۈشەنمەيدۇ.»

(مۇناپىقۇن سۈرىسى، 7-ئايەت)



تاپقىلى بولمايدىغان دەرىجىگە كەلگەن. ئەجدادىمىز بۇنىڭ گۈزەل ئۈرنەكلىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. ئىنفاق قىلىشتا بىر-بىرى بىلەن مۇسابىقىلاشقان، ھەتتا ئىنفاقتا يۇقىرى دەرىجە بولغان ئىسارغا قەدەر يېتىپ بارغان. ئىسار ئۆزىدىن كېسىپ ئېلىپ بېرىش، يەنى ئۆزى موھتاج تۇرۇپ، قېرىندىشىغا بېرىش دېگەنلىكتۇر. ئەپسۇسكى، كۈنىمىزدە بۇ ئەھۋال يوق دەرىجىدە ئاز. ھەر ئىنساندىن ئىسار سەۋىيەسىدە ئىنفاق قىلىشنى ئۈمىد قىلىشمۇ توغرا ئەمەس. ئەمما پەيغەمبەرلەر ۋە مۇتتەقىلەر بىلەن تەرەققى قىلغان جەمئىيەتلەردە ئىسار تۇيغۇسى ھەيران قالىدىغان دەرىجىدە كۈچلۈكتۇر.

كۈنىمىزدە، ئىنفاققا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئىنسانلارنى ئۇنىڭغا تەشۋىق قىلىش كېرەك. دىنىي مۇئەسسەسەلەرنىڭ قۇرۇلىشى، ئىسلامغا خىزمەت قىلىدىغان غەيرەتلىك ئىنسانلارنىڭ يېتىشتۈرۈلىشى، جەمئىيىتىمىز پايدىلىنىدىغان دوختۇرخانا، ئىگە-چاقىسىزلار قالىدىغان ساناتورىيەلەرنىڭ سېلىنىشى جەمئىيىتىمىزنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرىسىدۇر.

ئەپەندىم! زاكات قانداق بېرىلىشى كېرەك؟ زاكات بەرگەندە نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟

زاكات بەرگەندە، ئالغۇچىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتماسلىققا دىققەت قىلىش كامىل مۇسۇلمانلىقنىڭ تەلىۋىدۇر. ئەجدادىمىز بۇ نوقتىغا شۇنداق دىققەت قىلغانكى، بۇ ئەدەپتىكى گۈزەللىكى ئىسلامى ئەخلاق ۋە ئەدەپنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدىن بىرىنى تەشكىل قىلىدۇ.

بورۇنقى چاغلاردا جامەلەردە «سەدىقە تاشلىرى» قويۇلاتتىكى، ئىنفاق ئەھلى مۇئمىنلار سەدىقىلىرىنى بىر كونۋېرتىنىڭ ئىچىگە قويۇپ، ئۇ يەرگە قويۇپ قوياتتى. موھتاج كىشىلەر قويغۇچىنى كۆرمەي، ئۇ سەدىقە تاشلىرىدىن ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىغا قەدەر ئېلىپ ئىشلىتەتتى. ئىنسانلار ئەخلاق ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى جەھەتتىن شۇنداق پەزىلەتلىك ئەھۋالغا كەلگەنكى، موھتاج كىشىلەر

«ئىشەنچلىك، دۇرۇست ۋە دىندار بىر تىجارەتچى قىيامەت كۈنى شېھىدلەر بىلەن بىللە بولىدۇ.»

(ئىبنى ماجە، «تىجارەت»، 1)



ئېھتىياجىدىن ئارتۇقىنى ئالمايتتى. بۇنداق سەدىقە تاشلىرى بورۇنقى جامەلىرىمىزنىڭ بەزىلىرىدە ھېلىمۇ مەۋجۇت. ئەپسۇسكى، بۈگۈنكى ئەۋلادلار ئۇ تاشلارنى كۆرسىمۇ قانداق ئىشقا ئىشلىتىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئاللاھ جەللە جەلالۇھۇ قۇرئانى-كەرىمدە:

**«نامازنى تەئدىل-ئەركان بىلەن ئوقۇغۇچىلار نىجاتلىققا چىقتى.»** (مۆئمىنۇن سۈرىسى، 1-2-ئايەت) دېگەن. زاكاتتىمۇ ئوخشاش ھېس-تۇيغۇدا بولۇش كېرەك. چۈنكى سەدىقىنىڭ ئۇسۇلى قۇرئانى-كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىنغان:

**«ئى مۆمىنلەر! پۇل-مېلىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان، ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرمەيدىغان كىشى (نىڭ قىلغان ئەمەلىنى) بىكار قىلىۋەتكىنىگە ئوخشاش، بەرگەن سەدىقەڭلارنى مىننەت قىلىش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈش بىلەن بىكار قىلىۋەتمەڭلار. بۇنداق (پۇل-مېلىنى باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان) ئادەم خۇددى ئۈستىگە توپا-چاڭ قونۇپ قالغان، قاتتىق يامغۇردىن كېيىن (يۇيۇلۇپ) بۇرۇنقىدەك بولۇپ قالغان سىلىق تاشقا ئوخشايدۇ. ئۇلار قىلغان ئەمەللىرى ئۈچۈن (ئاخىرەتتە) ھېچقانداق ساۋابقا ئىگە بولالمايدۇ. ئاللاھ كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.»** (بەقەرە سۈرىسى، 264-ئايەت)

زاكات، سەدىقە بەرگەندە شەپقەت ۋە مەرھەمەت بىلەن ئۆزىمىزگە بېرىۋاتقاندەك: «بۇ بىر تەقدىردۇر، بەلكىم مەنمۇ شۇنداق بولۇشۇم مۇمكىن ئىدى» دېگەن تۇيغۇلاردا بولىشىمىز كېرەك. قەلبىمىزنىڭ ئەھۋالىغا قارىتا زاكات ئالغۇچىنىڭ ئەھۋالىدا ئۆزگىرىش بولىدۇ. قەلبىمىزدىكى روھى ھالەت ئالغۇچىغىمۇ تەسىر قىلىدۇ. بەرگەندە قەلبىمىز قانچىلىك سەممىي بولسا، ئالغۇچىدا ئەينى سەممىيەت بولىدۇ. ئالدىراشلىقتا بېرىپلا قايتاي دېسىڭىز ئالىدىغان روھى ئۆزۈقىڭىزمۇ شۇنىڭغا چۈشلۇق بولىدۇ. زاكاتنى بېرىش ئۇسۇلىدىكى ئەدەپمۇ ناھايىتى مۇھىم. زاكاتنى ئاللاھقا

«ئىنسان يەيدىغان نەرسىلەرنىڭ ھالال ۋە گۈزەل بولغىنى، ئۆزى ئىشلەپ يېگىنىدۇر.»

(ئىبنى ماجە، «تىجارەت»، 1)



تەقدىم قىلغاندەك، تەشەككۇر ھېسسىياتى بىلەن، بۇنىڭ ئاللاھنىڭ ئۆزىگە قىلغان ئېھسانىدىن بىر لۇتۇپ ئىكەنلىكى ئېڭى بىلەن بېرىلسە مەنىۋى جەھەتتىن ئېلىنىدىغان لەززەت شۇنچىلىك كۈچلۈك بولىدۇ. پەرز بولغان بىر ئىبادەتنى ئادا قىلىشقا ۋەسىلە بولغانلىقى ئۈچۈن يوقسۇللارغا مىننەتدارلىق تۇيغۇسىدا بولۇشىمىز كېرەك. شۇڭا، ئىنفاق ۋە سەدىقىلىرىمىزنى بىۋاستە ھاجەتمەنلەرنىڭ يېنىغا بېرىپ، بېرىشىمىز كېرەك.

ئىنفاقنىڭ ئەدەپ ۋە نازاكىتى جەھەتتە سەدىقە ئالدى بىلەن ئاللاھ جەللە جەلالۇھۇنىڭ قولىغا ئۆتۈپ، ئۇ يەردىن يوقسۇللارغا بارىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ھەدىسكە رىئايە قىلىش كېرەك. شۇڭا، سەدىقىلەرنى ئاللاھقا تەقدىم قىلىش ئېڭى بىلەن بېرىشىمىز كېرەك. بىر ھەدىيە ۋە بىر ئامانەتنى تەقدىم قىلغاندا، بىر نەرسىگە ئوراپ بېرىش نازاكىتىگە دىققەت قىلغاندەك، سەدىقىنىمۇ ئۇ ئۇسلۇبتا بېرىش كېرەك. ئۆزىمىزگە بىر نەرسە ئالغان ۋاقىتتا، قانداق دىققەت قىلساق، ئەينى ئەستايىدىللىق بىلەن ۋاقتىمىزنى چىقىرىپ، ئامانەتنى ھەق ئىگىسىگە يەتكۈزۈشىمىز كېرەك. ئاخىرقى دەۋرنىڭ مەنىۋىيات سىمالىرىدىن رامىزان ئوغلى ماخمۇت سامى ھەزرەتلىرى بىر موھتاجنى كۆرگەن ۋاقتىدا ماشىنىدا بولسا ماشىنىنى توختۇتۇپ، موھتاجنىڭ ئالدىغا بېرىپ، تەبەسسۇم بىلەن سەدىقىسىنى بېرەتتى. مەخلۇقاتقا قارىتا غەمگۈزار، نازاكەتلىك ۋە مەرھەمەتلىك بولۇش، بىز مۇسۇلمانلارنىڭ باشقىلاردىن پەرقلىنىدىغان بىر ئالاھىدىلىكىمىز بولۇشى كېرەك. قۇرئانى-كەرىمدە ئىنفاق ۋە سەدىقە بەرگەندە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئەدەپ-قائىدىلەر ھەققىدە مۇنداق دېيىلگەن:

**«ئى مۆمىنلەر! سىلەر ئېرىشكەن نەرسىلەرنىڭ ۋە بىز سىلەرگە زېمىندىن چىقىرىپ بەرگەن نەرسىلەر (يەنى ئاشلىقلار، مېۋىلەر)نىڭ ياخشىلىرىدىن سەدىقە قىلىڭلار؛ ئۆزەڭلارمۇ پەقەت كۆزۈڭلارنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئالىدىغان ناچارلىرىنى ئىلغاپ**

«مالنىڭ ھالالى ۋە ھارامىمۇ تۈگەيدۇ. لېكىن بۇنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قىلىنغان ساۋاب ۋە گۇناھ ئىشلار قالىدۇ.»

-ئابدۇراھمان ئەل ئەۋزائى



**سەدىقە قىلماڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھ (بۇنداق سەدىقەڭلاردىن بىهاجەتتۇر، ھەمدىگە لايىقتۇر.»** (بەقەرە سۈرىسى، 267 ـ ئايەت)

ئىنسان بۇ ئىبادەتنى ئىشتىياق بىلەن چىن كۆڭلىدىن خالاپ، نازاكەت ئىچىدە ئورۇنلىشى كېرەك. بۇ ھەقتە مەۋلانا:

«كۆڭۈل ئاللاھنىڭ نەزەرگاھىدۇر» دېگەن. ئىمان بىر كۆڭۈل ئىشىدۇر. يەر ـ زېمىندىكىلەرگە مەرھەمەت قىلايلىكى، ئاسماندىكىلەر بىزگە مەرھەمەت قىلسۇن، چەكسىز قۇدرەت ساھىبى رەببىمىز بىزگە رەھىم قىلسۇن، بىزنى ئەپۇ قىلسۇن.

زاكات ۋە ئىنفاقنىڭ مەنىۋىي تەرىپى ناھايىتى مۇھىم. بىز مەنسۇپ بولغان ھۇدايى ۋەقپىگە ھەر خىل ئىنفاقلار قىلىنىدۇ. بەزى كىشىلەرنىڭ ئىنفاقى بىلەن قىلىنغان خەير ئىشلىرى كۆپ بەرىكەتلىك بولىدۇ. دېمەككى، بۇ ئەھۋال ئۇ پۇلنىڭ ھالاللىقىنىڭ ئالامىتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ پۇلدا كىرىمغا نىسبەتەن جەلپ قىلىش كۈچى جارى بولغاندەك. يەنە تاپقان پۇل پۈتۈنلەي ھالال بولسا، ئۇ پۇلنى ئالغان ۋە بەرگەندىمۇ ئۇنىڭ خۇشاللىقىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. ئالغان يوقسۇل بەرگۈچىگە قارىتا مىڭلارچە دۇئا قىلىدۇ. بۇ ئىشنىڭ مەنىۋىي تەرىپىدۇر.

ئېھتىياجىنى ئېيتالايدىغان موھتاجلار بىلەن خىجىللىقىدىن ئېھتىياجىنى ئېيتالمىغان كەمبەغەل كىشىلەرنىڭ بايلىق ئىگىلىرى ئۈستىدە ھەققى بار. بۇنى قۇرئانى ـ كەرىم بىزگە تەبلىغ قىلىدۇ. قۇرئانى ـ كەرىمدە:

**«ئۇلارنىڭ پۇل ـ ماللىرىدا سائىللار ۋە (ئىپپەتلىكىدىن سائىللىق قىلمايدىغان) موھتاجلار ھوقۇقى ئىگە ئىدى (يەنى ئۇلار سائىللارغا ۋە موھتاجلارغا سەدىقە قىلاتتى.)»** (زارىيات سۈرىسى، 19 ـ ئايەت) دېيىلگەن. بۇ يەردە «موھتاج» دەپ ئىپادىلەنگەن كىشىلەر يەنى خىجىللىقىدىن ئېھتىياجىنى ئېيتالمىغان سالىھ ئادەملەر مەلۇم جەھەتتىن تەربىيە كۆرگەن كىشىلەردۇر. بۇنداق موھتاجلارنى

«مال بېخىللاردا، قۇرال قورقۇنچاقلاردا، ھۆكۈم ئاجىزلاردا بولسا، ئىشلار بوزۇلىدۇ.»

ـ ئەبۇ بەكىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ



ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگە ئالدىنىپ، بۇلارنىڭ ئېھتىياجى يوق دەپ دىققەتسىزلىك قىلىشقا بولمايدۇ.

**جىددى تەكشۈرۈشىمىز كېرەكمۇ؟**

شۇنداق. چۈنكى پەرز بولغان زاكات ئەمرىنى ئىجرا قىلىشتا تەكشۈرۈش شەرت. ئەگەر تەكشۈرۈلمەستىن بېرىلگەن زاكاتلار ئورنىغا تەگمىگەن بولسا، زاكاتنى قايتىدىن بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. زاكاتنىڭ ئىككى شەرتى بار: بىرى تاھارىرى يەنى تەكشۈرۈش، يەنە بىرى تەملىك يەنى مۈلكىيەتنى زاكات ئالغۇچى ئادەمگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش. تاھارىرى قىلىنماي بېرىلگەن زاكاتلار ھەقىقىي موھتاجلارغا بېرىلمىگەن بولسا، قايتىدىن بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

**ئەپەندىم! ۋەقىپكە ئوخشاش ئوتتۇرىدا ۋاستە بولىدىغان مۇئەسسەسەلەرگە بېرىلگەن زاكاتلاردا تاھارىرى قىلىش مەسئۇلىيىتى ئىنساندىن كۆتۈرۈلۈپ كېتەمدۇ؟ يەنە تاھارىرى تامامەن مۇئەسسەسەگە ئائىت بولامدۇ؟**

ئوتتۇرىدا ۋاستە بولىدىغان تاھارىرى قىلىش پۈتۈنلەي مۇئەسسەسەگە ئائىتتۇر. مۇئەسسەسەنىڭ بۇ ئىشقا مەسئۇل خادىملىرى زاكات ئالماقچى بولغان ئادەمنىڭ ئەھۋالىنى جامە ئىمامى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن سوراپ تەكشۈرۈشى كېرەك. مۇمكىن بولسا ئۆيىگە زىيارەتكە بېرىش كېرەك. چۈنكى بەزى ۋاقىتلاردا ئىنسانلار خەير مۇئەسسەسەلىرىنى شەخسىي مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. تاھارىرى (تەكشۈرۈش)دىن كېيىن بىر مەسئۇلىيەت قالمايدۇ. يەنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ پۇل بېرىلگەندىن كېيىن بۇ كىشىلەرنىڭ زاكاتقا موھتاج كىشىلەر ئەمەسلىكى ئوتتۇرىغا چىقسا، زاكاتنى قايتۇرۇۋالمىسىمۇ بولىدۇ.

زاكات پەقەتلا شەخسكە بېرىلىدۇ، تەملىك (ئىگىدارچىلىق) شەرت. ھۆكمى جەھەتتىن شەخس ھېسابلىنىدىغان ئورۇنلارغا زاكات بېرىلمەيدۇ. مەسجىد، جامە، مەكتەپ، قۇرئان كۇرۇسلىرى، دوختۇرخانىلارغا زاكات بېرىشكە بولمايدۇ، بۇ يەرلەرگە ئىنفاق قىلىنىدۇ.

«ئىنفاق قىلغىن، ساناپ تۇرما، ئۇنداق قىلساڭ ئاللاھمۇ ساڭا بەرگەن نېمىتنى ساناپ، ئازايتىشى مۇمكىن. پۇلۇڭنى ساندۇقتا ساقلىما، ئاللاھمۇ سەندىن ساقلايدۇ.»

(مۇسلىم، «زاكات»، 88)



بۇنىڭ ئۈچۈن زاكاتنىڭ سىرتىدا قىلىنغان ئىنفاقلارنىڭ ئىسلامدا مۇھىم ئەھمىيىتى بار. مەسىلەن: ئوسمانىيە دۆلىتىدە قۇرۇلغان 26 مىڭغا يېقىن ۋەقىپ پۈتۈنلەي ئىنفاق بىلەن قۇرۇلغان ۋەقىپلەر ئىدى. كۆپلىگەن خىزمەتلەر بۇ ۋەقىپلەرنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان. قۇدۇق، دوختۇرخانا، يېتىملارنى ئۆيلەندۈرۈش ۋەقپىدىن باشلاپ، ھامماللار، قۇشلارغا خىزمەت قىلىدىغان ۋەقىپلەرگىچە، خىيالىمىزغا كەلمەيدىغان ۋەقىپلەر قۇرۇلغان. بۈگۈن بۇ ھېس-تۇيغۇنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز. بۇ ۋەقىپلەر بۈيۈك ھېس-تۇيغۇلارنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئوسمانىيەدە جامە سېلىنغان ۋاقىتتا يېنىغا دوختۇرخانا، شىپالىق سۇ تۇرۇبىسى ۋە مەدرىسە بىرگە سېلىنغان. جەمئىيەتنىڭ پۈتكۈل ئېھتىياجى جامە ئەتراپىغا توپلانغان. بۇنىڭ بىلەن خەلق مۈلۈكنىڭ ئاللاھقا ئائىت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ھەمدە ئىجتىمائىي تەڭپۇڭلۇق ساقلانغان. يوقسۇللار باي بىر مەھەللىدە باياشاتلىق ئىچىدە ياشىغان ۋە بايلارنىڭ ئۆيلىرى يوقسۇللارنىڭ پاناھلىنىدىغان يېرى بولغان. يوقسۇللار ئۇ يەردە راھەتلىك بىلەن دەردىنى ئېيتالىغان، يېتىملار ئۇ يەردە ھىمايە قىلىنغان. كەمبەغەل بىلەن باي ئارىسىدا چوڭ پەرق بولمىغان. باي بىلەن كەمبەغەلنىڭ قەلبى ئوخشاش سوققان ۋە بىر-بىرىگە قارىتا قېرىنداشلىق بىلەن باغلانغان. بايلار سەدىقىسىنى پەرز ئىبادەتلىرىنى ئادا قىلىشقا ۋەسىلە بولغانلىقى ۋە بالا-قازادىن ساقلاپ قالغانلىقى ئۈچۈن نازاكەت تۇيغۇسى ئىچىدە بەرگەن. يوقسۇللار ئاللاھ بەرگەن بۇ ھەدىيەلەرگە بايلارنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارغا قارىتا تەشەككۈر ھېسسىياتىدا بولغان ئىدى.

ئەپەندىم! تارىخىمىز چەكسىز ئىنفاق ۋە ئىسار ئۆرنەكلىرى بىلەن تولغان. كۆپ بولمىسىمۇ كۈنىمىزدە ئىبرەتلىك ۋەقەلەرنى ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. سىزگە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان بىر نەچچە ۋەقەنى بايان قىلىپ بەرسىڭىز؟

ئالدى بىلەن دادام ۋە تاغام ئەقلىمگە كېلىدۇ. ئۇلار يوقسۇلغا

«مەرھەمەت دۇنيادا ۋىجدانى راھەتلىك، ئاخىرەتتە ئەبەدىي سائادەتنىڭ خوشخەۋىرىدۇر.»



بىر نەرسە تەقدىم قىلغان ۋاقىتدا گۈزەل بىر نەرسىگە ئۇراپ، كەمتەرلىك بىلەن ئالغۇچىنى رەنجىتمەي تەقدىم قىلاتتى. بۇنىڭ بىلەن ئالغۇچى ناھايىتى خۇشال بولاتتى، بەرگۈچىمۇ مەمنۇنلۇق ھېس قىلاتتى. بىرى ئاللاھتىن كەلگەنلىكىنى قوبۇل قىلىپ ئالاتتى، يەنە بىرى ئاللاھ بەرگەن بۇ ئامانەتنى جايىغا تاپشۇرغان بولاتتى.

ھۇدايى ۋەقپىدە بۇ خىل ئۆرنەكلەر كۆپ. بىر نەچچە مىسال بەرگۈم بار. ۋەقپىتىن بىر ئانا-بالىغا ياردەم قىلاتتۇق. ئوغۇل پالەچ بولىشىغا قارىماي، ئالىي مەكتەپنى تۈگەتتى. بىر كۈنى بۇ ئوغۇلنىڭ ئانىسى ۋەقپىكە كېلىپ، تەشەككۈر ئېيتىپ: «بۇنىڭدىن كېيىن ياردەم ئالمايمەن، بۇنىڭدىن كېيىن ماڭا بېرىدىغاننى باشقا موھتاجلارغا بەرسەڭلار. چۈنكى ئوغلۇم ۋاپات قىلدى. ئەڭ ئاخىرى ئالغان پۇل بىلەن ئوغلۇمنىڭ جىنازىسىنى ئۇزاتتىم. ھازىر مېنىڭ بىر دانە قۇرۇق بېشىم قالدى. ئۇنى بىر ئامال قىلىپ بېقىپ كېتەلەيمەن. ماڭا بېرىشكە تېگىشلىك پۇلنى بىزنىڭ بۇرۇنقى ھالىتىمىزدە بولغان موھتاج بىر ئائىلىگە بېرەرسىلەر.» دېدى. يەنە گوللاندىيەلىك بىرسىگە، يولدىشى ۋاپات بولۇپ، باللىرى بىلەن قالغان بىر ئائىلىگە ياردەم قىلاتتۇق. ئۇلارمۇ بىر كۈنى ۋەقپىكە خەت يازدى. خېتىدە: «يولدۇشۇمنىڭ قەرزلىرىنى تۆگەتتىم، ئۇنى باشقىلارنىڭ ھەققىدىن قۇتقۇزدۇم، ئۆز كۈچۈم بىلەن تىرىكچىلىك قىلالايدىغان ھالەتكە كەلدىم» دەپ، تەشەككۈر ئېيتتى. بۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ. بۇلار ئىسار نەمۇنىلىرىدۇر. ئىسار، ئۆز ئىمكانىدىن ۋاز كېچىپ، ئىمكانىنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىش پەزىلىتىدۇر.

**بۇ گۈزەل سۆھبەت ئۈچۈن تەشەككۈر ئېيتىمىز.** مەنمۇ سىلەرگە تەشەككۈر ئېيتىمەن.

«ئېيتقىنكى، ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىم قايسى بەندىسىنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىشنى خالىسا، ئۇنى كەڭ قىلىدۇ، (قايسى بەندىسىنىڭ رىزقىنى تار قىلىشنى خالىسا ئۇنى) تار قىلىدۇ، (ئاللاھنىڭ يولىدا) بەرگەن نەرسەڭلارنىڭ ئورنىنى ئاللاھ تولدۇرۇپ بېرىدۇ، ئۇ رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر.»


(سەبە سۈرىسى، 39-ئايەت)

ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ پەزىلەت نەمۇنىلىرىدىن



# خىزمەت ۋە ئەدەبى

(ئۈچۈنچى باپ)




# مەنۋىي كامالەتنىڭ تۈنجى قەدىمى

## خىزمەت

ئىسلام ئەخلاقىنىڭ ئاساسى ئاللاھقا ئىخلاس بىلەن يۆنىلىش ۋە بۇ يۆنىلىشنىڭ ئاساسى «خىزمەت»تۇر. چۈنكى «خىزمەت قىلغۇچى ھىممەتكە نائىل بولىدۇ» دېگەن دەستۇرغا ئاساسلانغاندا، خىزمەت ئىنسان قەلبىنى ئىلاھىي مۇھەببەتنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقارتىدىغان مۇقەددەس قەدەمدۇر.

بۇ شۇنداق بىر قەدەمكى، ئىلاھىي ۋۇسلات (ئۇچرىشىش) ۋە ئەبەدى مۇكاپاتقا نائىل بولغۇچى پەيغەمبەر، مۇتتەقىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ قەدەمنىڭ ئۈستىدە يۈكسەلگەن. يەنى ھاياتى بويىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بىر قەۋمنىڭ خوجىسى ئۇ قەۋمنىڭ خىزمەتچىسىدۇر.» (دەيلەمى، «مۇسنەد»، 2-جىلد، 324) دېگەن ھەدىس-شەرىپىنىڭ گۈزەل نەمۇنىلىرى بولغان.

بۇنىڭغا ئاساسەن، ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ يۈكسەك نوقتا ۋە ھىدايەتكە نېسىپ بولۇشنىڭ توغرا يولى سەممىي قىلىنغان خىزمەتلەرگە باغلىقتۇر. ھەتتا ۋاقتى كەلگەندە، ئىلاھىي

رىزاغا ئۇيغۇن كىچىككىنە بىر خىزمەت، نۇرغۇن نەپلە ئىبادەتلەردىنمۇ ئۈستۈندۇر.

هاۋا ئىسسىق كۈنلەرنىڭ بىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر يەردە بارگاھ قۇردى. ساھابىلارنىڭ بىر قىسمى روزا تۇتقان، بىر قىسمى روزا تۇتمىغان ئىدى. روزا تۇتقانلار چارچاپ كەتكەنلىكتىن ئۇيقۇغا كەتتى. روزا تۇتمىغانلار روزا تۇتقانلارنىڭ تاھارەت ئېلىشى ئۈچۈن سۇ ئەكىلىپ، چېدىر تىكتى. ئىپتار ۋاقتى يېقىنلاشقاندا، ئاللاھ رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«بۈگۈن روزا تۇتمىغانلار، روزا تۇتقانلاردىن كۆپ ساۋاب قازاندى.» (مۇسلىم، «سىيام»، 100 ـ 101) دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈممىتىگە خىزمەت دەستۇرلىرى تەلىم بېرىپ، مەسجىدى قۇبا ۋە مەسجىدى نەبەۋىنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئەسھابىنىڭ ئۆتۈنىشىگە قارىماي، مۇبارەك مۆرىسىدە تاش توشىغان. پەيغەمبەرنىڭ بۇ كەمتەرلىكى ۋە خىزمەت روھى پۈتۈن ئۈممەت ئۈچۈن تەڭداشسىز نەمۇنىدۇر.

ئۇ پەيغەمبەرنى ئۆرنەك قىلغان بەختىيار ئىنسانلارنىڭ، ھاياتىدىكى ئەڭ بۈيۈك ئالاھىدىلىكلەردىن بىرى خىزمەتتۇر. يەنى ھەق ئاشىقى ۋە پەيغەمبەر مەجنۇنى بولغان ھەر كۆڭۈل خىزمەت ئەھلىدۇر. بۇ ئالاھىدىلىك بىلەن، خىزمەت بىر تەرەپتىن باشقىلارغا پايدىلىق بولۇشقا ۋەسىلە بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىخلاسى نىسبىتىدە خىزمەت قىلغۇچىلارنىڭ تەرەققى قىلىشىغا ۋەسىلە بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار خىزمىتىنى قىلغان كىشىلەردىن كۆپ پايدىغا ئىگە بولىدۇ.

خىزمەت ئەھلى دەرياغا ئوخشاش، ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە جانلىقلار، ئىنسانلار، ھايۋاناتلار، دەل ـ دەرەخلەر ۋە گۈل ـ چېچەكلەرگە ھايات بېرىدۇ. بۇ دەريانىڭ بارىدىغان يېرى جانابى ئاللاھنىڭ ئەبەدى ۋۇسلات دەرياسىدۇر.

بۇ ھەقىقەتكە ئىشتىياق باغلىغانلار، خەلققە پادىشاھ بولسىمۇ



كۈچلۈك، تېنىڭ سالامەت، پېخسىق، يوقسۇل بولۇپ قېلىشتىن قورقۇدىغان، تېخىمۇ باي بولۇشنى ئارزۇ قىلىۋاتقان ۋاقتىڭدا قىلغان سەدىقىنىڭ ساۋابى ناھايىتى بۈيۈكتۇر. ئەمما بۇ ئىشنى جان ھەلقۇمغا كەلگەن ۋاقىتتا «پالانىغا شۇ قەدەر، پۇكۇنىغا شۇ قەدەر بېرىڭلار» دەيدىغان ۋاقىتقا قويۇپ قويماڭلار. چۈنكى ئۇ چاغدا مال ـ دۇنيا ۋارىسلاردىن بىرسىگە مەنسۇپ بولغان بولىدۇ.

(بۇخارى، «زاكات»، 11)



ئۆزىنى داۋاملىق خادىم يەنى خىزمەتكار دەپ بىلىدۇ. ھەرەم (مەككە ـ مەدىنە) ئوسمانىيلارغا ئامانەت قىلىنىپ ئۇقۇلغان بىر خۇتبىدە، ئوسمانىيە پادىشاھى ياۋۇز سۇلتان سەلىمخان:

«ھاكىمۇل ھەرەمەينىش ـ شەرىپەيىن (مەككە ۋە مەدىنىنىڭ ھاكىمى) دېگەننى ئاڭلىغاندا، كۆزىدىن ياشلار تۆكۈلۈپ، ئىمامغا ئېتىراز قىلىپ:

«مېنى "خادىمۇل ھەرەمەينىش ـ شەرىپەيىن (مەككە ـ مەدىنىنىڭ خىزمەتچىسى)" دەپ ئاتاڭلار» دېيىشى، خىزمەت ئېگى ۋە ئىبادەتتىكى ئەسلى غايىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇبەيدۇللاھ ئەھرار ھەزرەتلىرى، ئېرىشكەن مەرتىبىسىنى خىزمەتتىكى بەرىكەتكە باغلاپ، نائىل بولغان نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلىپ، مۇنداق دېگەن:

«بىز بۇ يولدىكى مۇساپىنى كۆپ كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق ئەمەس، ئۇقۇغانلىرىمىزنى قولىمىزدىن كېلىشىچە تەتبىق قىلىش ۋە خەلققە خىزمەت قىلىش ئارقىلىق باستۇق. ھەر كىشىنى بىر يولدىن كۆتۈرىدۇ، ئەمما بىزنى خىزمەت يولىدىن كۆتۈردى.»

بۇ سۆزلەر پەقەتلا بىر نەرسىنى بىلىشنىڭ كۇپايە قىلمايدىغانلىقى، بىلگەننى خىزمەتتە كۆرسىتىش لازىملىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

خىزمەتنىڭ ئاللاھ نەزىرىدە مەقبۇل بولىشى بەزى شەرتلەرنى ئۇرۇنلاشقا باغلىق. مەقبۇل بىر خىزمەت ئىخلاس ۋە غەمگۈزارلىق تولغان قەلب بىلەن پۈتۈن مەخلۇقاتقا شەپقەت نەزىرى بىلەن قاراش ئارقىلىق ئاللاھ رىزاسىنى ئىزدەشتىن ئىبارەتتۇر. خىزمەتتە ھەر قانداق شەخسي مەنپەئەت كۈتمەي، سەمىمى قىلىنىشى ۋە ئاخىرەت پايدىسى غايە قىلىنىشى كېرەك. بۇنداق بولغان ۋاقىتتا ھەدىستە ئېيتىلغان «يېرىم خورما» چىلىق نەرسىمۇ ئەبەدى قۇتۇلۇشقا ۋەسىلە بولىدۇ.

ئۇبەيدۇللاھ ئەھرار ھەزرەتلىرى بىر كۈنى بازارغا بارغان ئىدىم. بىر كىشى يېنىمغا كېلىپ:

«دەرتكە ئۇچرىساڭ، مەخلۇقاتقا شىكايەت قىلما! ئۇنداق قىلساڭ، مەرھەمەتلىكنى مەرھەمەتسىزگە شىكايەت قىلغان بولىسەن.»

ـ ھەزرىتى ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

– مېنىڭ قارنىم ئاچ، مېنى ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن تويغۇزساڭ.
– دېدى. ئۇ ۋاقىتتا، پۇلۇم يوق ئىدى. ئەمما كونا بىر سەللەم بار ئىدى. بىر ئاشخانىغا كىرىپ، ئاشپەزگە:
– بۇ سەللەمنى ئال، بۇ سەللە كونا، ئەمما پاكىز، قاچا-قۇچا يۇغاندا ئىشلىتەرسەن. بۇنىڭ ھېساۋىغا شۇ ئادەمگە تاماق بېرەمسەن؟ – دېدىم. ئاشپەز ئۇ يوقسۇل ئادەمگە تاماق بېرىپ، سەللەمنى قايتۇرۇپ بەردى. قاتتىق تەلەپ قىلساممۇ، سەللىنى ئېلىشنى خالىمىدى. ئۆزەم ئاچ بولساممۇ، ئۇ يوقسۇلنىڭ تاماقنى يەپ، قورسىقى تويغىچە ساقلاپ تۇردۇم.»

ئۇبەيدۇللاھ ئەھرار ھەزرەتلىرى كېيىن ئاللاھنىڭ لۇتپى بىلەن كاتتا مال-دۇنياغا ئىگە بولدى. شۇنداق باي بولدىكى، بېغىدا مىڭلارچە خىزمەتچى ئىشلەيتتى. ئەمما ئۇ مۇبارەك زات بۇنداق باي بولۇشقا قارىماي، خىزمەتنى توختاتمىدى. مەنىۋي كامالەت يولىدا، تونىغان-تونىمىغان ھەر ئىنسانغا ياردەم قىلىشتا چەك قويمىدى. بۇ خىزمەتلەردىن بىرسىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

«سەمەرقەنتتە مەۋلانا قۇتبىددىن مەدرىسسىدە تۆت بىمارغا قاراشنى ئۈستۈمگە ئالغان ئىدىم. بۇ بىمارلار كېسىلى ئېغىرلاشقان ۋاقىتىدا، ياتقان يېرىگە تەرەت قىلاتتى. مەن كىر-قاتلارنى قولۇم بىلەن يۇيۇپ، كىيىم-كېچەكلىرىنى كىيگۈزۈپ قوياتتىم. داۋاملىق خىزمەت قىلغانلىقىم ئۈچۈن بىمارلارنىڭ كېسىلى ماڭىمۇ يۇقتى ۋە مەنمۇ يېتىپ قالدىم. ئەمما كېسەل ھالىم بىلەن قاچىدا سۇ ئېلىپ، ئاغرىقلارنىڭ تەرىتىگە قاچا تۇتۇپ، كىيىم-كېچەكلىرىنى يۇيۇشنى داۋاملاشتۇردۇم.»

❁

مۇبارەك زاتلارنىڭ خەلق يولىدىكى ئىنفاق ۋە خىزمەتتىكى پەزىلىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىش-ھەرىكەتلىرى بىز ئۈچۈن گۈزەل نەمۇنىدۇر. بىر مۇسۇلمان قانچىلىك باي بولىشىدىن قەتئىنەزەر،



«سەدىقە بېرىڭلار. كىشى سەدىقە بېرىش ئۈچۈن يولغا چىقتى، ئەمما سەدىقە ئالماقچى بولغان كىشى: «بۇنى تۈنۈگۈن ئەكەلگەن بولساڭ قوبۇل قىلاتتىم، لېكىن ھازىر ئېھتىياجىم يوق» دەپ جاۋاب بېرىدىغان، بۇنىڭ بىلەن سەدىقىسىنى ئالىدىغان بىر كىشى تاپالماي، قايتىپ كېتىدىغان ۋاقىت ناھايىتى يېقىندۇر.»

(بۇخارى، «فىتەن»، 24)



ماددىي ئىمكانلىرىنىڭ ھەققىنى، پەقەت مەنىۋىياتىنى كۆچلەندۈرگەن نىسبەتتە تۆلىيەلەيدۇ. مەنىۋىياتتا يۈكسەلگەنسىرى مۇتتەقى بولۇپ، كەمتەر بولۇش ئۈچۈن ئۇبەيدۇللاھ ئەھرار ھەزرەتلىرىنىڭ قىسسىسىدىكى ھالەتكە كېلىدۇ.

خىزمەتتە ئېرىشىش مۈشكۈل بولغان مەرتىبىلەردىن بىرى مەرۇپى كەرھى ھەزرەتلىرىنىڭ شۇ قىسسىسىدا ئېنىق كۆرسىتىلگەن.

ئاغرىقجان بىر بوۋاي مەرۇپى كەرھى ھەزرەتلىرىنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇپتۇ. بوۋاي بىچارە بولۇپ، چېچى چۈشۈپ، يۈزلىرى ساغىرىپ كەتكەن ئىكەن. بوۋاي ئاغرىق ئازابىدا تولغىنىپ تۇرغاچقا مەرۇپى كەرھى ئۇرۇن-كۆرپە سېلىپ، بىمارنى دەم ئېلىشقا چاقىرىپتۇ.

كېسەل ئاغرىق ئازابىدىن ئىڭراپ، نالە-پەرياد قىپتۇ. بىمار ئاقشامدىن ئەتىگەنگىچە بىر دەممۇ ئۇخلىيالماي، نالە-پەريادى بىلەن ئۆيدىكىلەرنىڭ ھېچ بىرسىنى ئۇخلاتماپتۇ.

بىمارنىڭ خۇيى بارغانسىرى ناچارلىشىپ، ئۆيدىكىلەرگە مىننەت قىلىپ، بىئارام قىلىشقا باشلاپتۇ. ئاخىرىدا ئۇنىڭ بۇ خىل مىجەزىگە ئۆيدىكىلەر بەرداشلىق بېرەلمەي، بىر، ئىككىدىن ئۆينى تەرك ئېتىپ، باشقا يەرگە كېتىپتۇ. ئۆيدە كېسەل بىلەن مەرۇپى كەرھى ۋە ئايالى قاپتۇ.

مەرۇپ كەرھى بۇ مىجەزى ئەسكى بىمارنىڭ ئېھتىياجىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كېچىلىرى ئۇيقۇسىز قاپتۇ. بىر كۈنى قاتتىق چارچاپ كەتكەنلىكتىن كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئۇخلىغانلىقىنى كۆرگەن غاپىل بىمار، ئۆزىگە شەپقەت بىلەن قۇچاق ئېچىپ كۈتكەن بۇ سالىھ زاتقا تەشەككۈر ئېيتىشنىڭ ئورنىغا:

— بۇ قانداق بىر دەرۋىش؟ بۇ ئىنسانلار تاشقى كۆرۈنۈشىدە سالىھتەك كۆرۈنىدۇ، ئەمىلىيەتتە رىياكار. باشقىلارغا تەقۋانى ئەمىر قىلىدۇ، ئەمما ئۆزى قىلمايدۇ. بۇ سەۋەپتىن شۇ ئادەم مېنىڭ ھالىمنى ئويلىماي ئۇخلاۋاتىدۇ. ئۆزىنىڭ قارنىنى تويغۇزۇپ، ئۇيقۇغا كەتكەن

ئىنفاق ماددىيلا ئەمەس، رەببىمىز ئېھسان قىلغان ھەر نەرسىدىن ئىنفاق قىلىش كېرەك.
ئىسلامنىڭ ياشنىلىپ تەبلىغ قىلىنىشى ئىنفاقنىڭ ئەڭ گۈزەل شەكلىدۇر.



بىر ئادەم، ئەتىگەنگىچە ئۇخلىيالمىغان بىچارە كېسەلنىڭ ھالىنى قانداق چۈشەنسۇن. ــ دەپ، ئۆز-ئۆزىگە سۆزلەشكە باشلاپتۇ.

مەرۋېي كەرھى بۇ ناھەق سۆزلەرگە قارشى چىقماي، سەۋرلىك بىلەن ئاڭلاپ تۇرۇپتۇ. ئاڭلىسمۇ بىلمەسكە ساپتۇ. لېكىن سەۋرى قاچىسى تولغان ئايالى بىمارنىڭ سۆزلىرىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، مەرۋېي كەرھىغا:

ــ شۇ ئەسكى مىجەزلىك بىمارنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىڭ، ئەمدى ئۇنى بۇ ئۆيدە ئېلىپ قالالمايمىز. بىزگە بۇنىڭدىن كۆپ ئېغىرلىق سېلىشىغا ۋە ساڭا تېخىمۇ كۆپ جاپا سېلىشىغا ئەمدى يول قويمايلى. ئۇنىڭغا ئېيت، ئەمدى بۇ يەردىن كېتىپ، باشقا يەردە، دەردىگە داۋا ئىزدىسۇن. ياخشىلىقنى بىلگەن ئادەمگە قىلىش كېرەك. تۇزكورلارغا ياخشىلىق قىلىش تۇزكورلۇقتۇر. بۇ ئۇلارنى تېخىمۇ يولدىن چىقىرىدۇ. ئەخلاقسىز كىشىنىڭ بېشىغا ياستۇق قويساق بولمايدۇ. بۇنداق زالىم كىشلەرنىڭ بېشىغا تاش قويۇش كېرەك. ــ دەپتۇ. مەرۋېي كەرھى ئايالىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى سۈكۈتتە ئاڭلاپ، تەبەسسۇم بىلەن:

ــ ئۇنىڭ گەپلىرىدىن سەن نېمشقا خاپا بولسەن؟ ۋاقىرسا ماڭا ۋاقىردى، ئەدەبسىزلىك قىلسا ماڭا قىلدى. ئۇنىڭ مىننەتلىك سۆزلىرى ماڭا چىرايلىق بىلىنىدۇ. كۆرۈۋاتىسەن، ئۇ داۋاملىق ئازاب تارتىۋاتىدۇ، قاراپ باق، بىچارە بىر دەم بولسىمۇ ئۇخلىيالمىدى. شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، ھەقىقىي ھۈنەر، ھەقىقىي شەپقەت بۇ خىل كىشلەرنىڭ جاپاسىغا بەرداشلىق بېرەلىشىمىزدە. ــ دەپتۇ.

شەيخ سەئىد بۇ قىسسىنى بايان قىلىش ئارقىلىق مۇنداق دەيدۇ:

«خىزمەتتىكى پەزىلەت ئۆزىنى كۈچلۈك ۋە ساغلام ھېس قىلغان ۋاقىتلاردا بۇنىڭ شۈكرىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئاجىزلارنىڭ يۈكىنى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت.»

مۇھەببەتكە تولغان قەلب ئەپۇ قىلغۇچى بولىدۇ. ئەگەر سەن

«سەدىقە بىرىشكە ئالدىراڭلار. چۈنكى بالا-قازا سەدىقىنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيدۇ.»

(ھەيسەمى، «مەجمائۇز زاۋئىد»، 3-جىلد، 110)



قۇرۇق سۆرەتتىن ئىبارەت بولساڭ، ئۆلگەن ۋاقتىڭدا جىسمىڭغا ئوخشاش ئىسمىڭمۇ ئۆلىدۇ. ئەگەر سەن كەرەم ساھىبى ۋە خىزمەت ئەھلى بىرسى بولساڭ، ھاياتىڭ ئۆلۈمىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىشىدۇ. كۆرمەيۋاتامسەن! كەرھتە بىر نەچچە قەبرى بار، ئەمما مەرۇپى كەرھىنىڭ قەبرىسىدىن تېخىمۇ مەرۇپ (ياخشىلىقتا مەشھۇر بولغان) ۋە زىيارەتچىسى كۆپ قەبرە بارمۇ؟»

بۇ ھەقتە ۋەلىلەر:

«تەسەۋۋۇپ يار بولۇپ، بار بولماسلىق» يەنى ھەر ئىنساننىڭ يۈكىنى كۆتۈرۈش، بۇنداق بولىشىغا قارىماي، باشقىلارغا يۈك بولماسلىقتۇر دېگەن.

مەرھەمەت ۋە پىداكارلىقتا قىلىنغان خىزمەتلەردە ئۈممەتكە رەھمەت ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ. بىر خىزمەتنىڭ قىممىتى، ئۇنىڭ ئادا قىلىنىشى ئۈچۈن قىلىنغان پىداكارلىق بىلەن ئۆلچىلىدۇ. مەقبۇل بىر خىزمەت پەقەتلا ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ۋە خىزمەتكە موھتاج بولغان كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتماي ئادا قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ ھەقتە ئابدۇللاھ ئىبنى مۇنازىل ھەزرەتلىرى:

«خىزمەتتە ئەدەپ خىزمەتتىن تېخىمۇ مۇھىمدۇر.» دېگەن.

بۇ ھەقىقەتكە ئاساسەن ھەزرىتى مەۋلانا:

«ئاللاھ ئاشقى ئۈچۈن ئىشلە، ئاللاھ ئاشقى ئۈچۈن خىزمەت قىل، خەلقنىڭ قوبۇل قىلىشى ياكى رەت قىلىشى بىلەن كارىڭ بولمىسۇن. بۇ پانى دۇنيادا ساڭا كۆپ پايدا كەلتۈرىدىغان بىر خېرىدارنىڭ ئاللاھ بولىشى ساڭا كۇپايە قىلمامدۇ؟ ئاللاھتىن ئالىدىغىنىڭنىڭ ئالدىدا ئىنسانلار ساڭا قانچىلىك بىر نەرسە بېرەلەيدۇ؟ شۇڭا كۆزۈڭنى ۋە كۆڭلۈڭنى ئىنسانلاردىن كېلىدىغان تەشەككۈرگە ئەمەس، ئاللاھتىن كېلىدىغان رەھمەتكە قارات!»

تەسەۋۋۇپ يولىنىڭ كۆڭۈلگە ئورنىتىدىغان گۈزەللىك ۋە مۇقەددەسلىكى بۇنىڭدىن ئىبارەت. بۇ مەنادا ئەمىر كۇلال ھەزرەتلىرى ئوقۇغۇچىسى باھائاددىن نەقشىبەندى ھەزرەتلىرىگە كۆڭلىدىكى

«ھەقىقىي يوقسۇل ئېھتىياجىنى ھەل قىلىدىغان بىر نەرسە تاپالمىغان ۋە ئەھۋالىنى ئۇقۇپ ياردەم قىلىدىغان بىرسى چىقمىغان، (بۇنداق بولىشىغا قارىماي) ئورنىدىن تۇرۇپ، خەلقتىن بىر نەرسە تەلەپ قىلالمايدىغان كىشىدۇر.»

(بۇخارى، «زاكات»، 53)

نەپسانى تۇيغۇلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن شۇ تەۋسىيەلەرنى قىلغان:

«كۆڭۈل ئېلىشقا تىرىش، كۈچسىزلەرگە خىزمەت قىل، ئاجىز ۋە كۆڭلى سۇنۇقلارنى ھىمايە قىل، ئۇلار شۇنداق كىشىلەركى، خەلقتىن كېلىدىغان بىر كىرىمى يوق. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى كۆڭۈل خاتىرجەملىكى، كەمتەرلىك ئىچىدە ياشاپ ئالەمدىن كېتىدۇ. بۇنداق كىشىلەرنى ئىزدەپ تاپ ۋە ئۇلارغا خىزمەت قىل!»

شاھى نەقشىبەندى ھەزرەتلىرى مەنىۋي تەربىيە ئېلىشنىڭ تۇنجى يىللىرىدا مەغرۇرلۇق ۋە تەكەببۇرلۇقنىڭ زىددى بولغان «ھېچلىك» (كەمتەرلىك) ھالىغا كېلىش ئۈچۈن كېسەللەر، بىچارە كىشىلەر ۋە ھايۋانلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشقا تىرىشقان. ھەتتا ئىنسانلار ماڭىدىغان يوللارنى سۈپۈرۈپ، يەتتە يىل خالىس خىزمەت قىلغان. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

«ئۇستازىم كۆرسەتكەن يولدا ئۇزۇن مۇددەت خىزمەت قىلدىم. كىملىكىم شۇ ھالغا كەلدىكى، يولدا ماڭغاندا ئاللاھنىڭ ھەر قانداق بىر مەخلۇقىنى ئۇچراتسام، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئۆتىشىگە يول قويدۇم. بۇ خىزمىتىم يەتتە يىل سۈردى. بۇنىڭغا قارشىلىق شۇ ھالغا كەلدىمكى، ئۇلارنىڭ ئىڭراشلىرىدا دەرتلىك ئاۋازلار چىقىرىپ، ئاللاھقا ئىلتىجا قىلغىنىنى ھېس قىلىدىغان بولدۇم.»

يۇقىرىدىكى مىسالدىن خالىق (ياراتقۇچى)نىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن مەخلۇقاتقا يەنى ئۇنىڭ مۇھەببىتى بىلەن نەزەر قىلىپ، پىداكارانە خىزمەت قىلىشنىڭ ئالامەتلىرى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.



«كۆڭۈل ئېلىشقا تىرىش، ئاجىزلارغا خىزمەت قىل! ئاجىز، كۆڭلى سۇنۇقلارنى ھىمايە قىل! ئۇلار شۇنداق كىشىلەركى، خەلقتىن ئۇلارغا بىر نەرسە كەلمەيدۇ. بۇنداق بولىشىغا قارىماي كۆڭلى خاتىرجەم ۋە كەمبەغەللىك ئىچىدە تۇرىدۇ، ئۇلارنى ئىزدەپ تاپ.»

- ئەمىر كۇلال

✿

ئاللاھتائالا سالىھ مۇئمىنلار ھەققىدە:

**«ئۇلار ياخشى ئىشلاردا بىر-بىرى بىلەن مۇسابىقىلىشىدۇ.»**

(ئال ئىمران سۈرىسى، 114-ئايەت) دېگەن.

سالىھ مۇئمىنلارنىڭ ياخشى ئىشلاردا مۇسابىقىلىشىشىدىكى



خىزمەتلىرىنىڭ نەتىجىسى ۋەقىپ مۇئەسسەسەلىرىدۇر. ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ ئەڭ يۇقىرى نوقتىسىدا تۇرۇۋاتقانلار پەيغەمبەرلەر، ۋەلىلەر ۋە ئۇلارنىڭ تەربىيەسىدە كامالەتكە يەتكەن مۇئمىنلاردۇر. ئۇلار كۆڭلىدىكى ئىمان ھاياجىنىنى دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىگە تارقىتىپ، تارىخنىڭ ئالتۇن دەۋرىنى بەرپا قىلغان.

خىزمەت ھەر خىلدۇر. ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن قىلىنغان غەيرەتلەرنىڭ ھەممىسى خىزمەت دائىرىسىگە كىرىدۇ. بۇ يەردە مۇھىم بولغىنى ماددىي، مەنىۋىي جەھەتتىن لاياقەت ۋە كۈچى نىسبىتىدە بىر خىزمەتنى ئادا قىلىشتۇر. چۈنكى ئاللاھتائالا ھەر كىشىگە بىر خىزمەت تەقدىر قىلىپ، ئۇنىڭ يارىتىلىشىغا قارىتا بىر ئىشنى قىلالايدىغان ۋە بۇ ئىشنى قىلىش ئۈچۈن ئىمكان ئاتا قىلغان. ناھايىتى ئىبرەتلىكى، ۋىدالىشىش ھەججىدە تەخمىنەن 120 مىڭ ساھابە توپلانغان ئىدى. بۇلاردىن تەخمىنەن 100 مىڭغا يېقىن ساھابە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقىلىپ، ئىلاھىي رىزانى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا، ئۇ يەرلەردە ۋاپات بولغان. ھەزرىتى ئوسمان ، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەبرىلىرى سەمەرقەنتتە ۋە كۆپلىگەن ساھابىنىڭ قەبرىلىرى ئىستانبۇلدا مەۋجۇت. بۇ ساھابىلاردىن مەككە، مەدىنىدە قالغانلار مەركەزنى مۇھاپىزەت قىلىپ، ئۇ يەرلەردە خىزمەتلەرنى داۋاملاشتۇرغان.

خالىد ئىبنى زەيد ئەبۇ ئەييۇب ئەل ئەنسارى ھەزرەتلىرىنىڭ 80 ياشقا كىرىشكە قارىماي، ئىككى قېتىم ئىستانبۇلنىڭ فەتھى ئۈچۈن ئىستانبۇل قەلئەلىرىگىچە كېلىشى ۋە ئۇ يەردە شېھىد بولۇشى، ئىنسانلارنى ھىدايەتكە چاقىرىپ، ئۇلارنى دۇنيا ـ ئاخىرەت سائادىتىگە ئېرىشتۈرۈش يولىدىكى جاھانشۇمۇل غەيرەتلىرىدىن بىرسىدۇر. خىزمەت ئاشقى ۋە ئاخىرەتلىكنى قۇتقۇزۇش كۈرىشى ئۇلارنىڭ دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىگە بېرىشىغا تۈرتكە بولغان.

خىزمەت روھىنىڭ كۈچلۈك ئۈرنەكلىرىدىن بىرى ۋەھب ئىبنى كەبشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر. بۇ مۇبارەك ساھابىنىڭ قەبرىسى

ۋەقىپ ئىشكىنىڭ ئالدىدىكى موھتاجلار، دوختۇرنىڭ ئىشكى ئالدىدا ئاغرىق ئازابىدا قىينىلىۋاتقان كېسەللەرگە ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىنى ھەل قىلىشقا تىرىشقاندەك، دەرتلىك كۆڭۈللەرنىمۇ خوش قىلىشقا تىرىشىشىمىز لازىم. «بۇگۈن كېتىپ، ئەتە كەل» دېيىش بىزنىڭ ئەخلاقىمىز ئەمەس.



جۇڭگوۇدا[17]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى جۇڭگوۇغا تەبلىغ قىلىشقا ئەۋەتكەن. ھالبۇكى، ئۇ دەۋىرنىڭ شارائىتىدا جۇڭگوۇغا بىر يىلدا يېتىپ بارغىلى بولاتتى. بۇ ساھابە ئۇ يەرگىچە بېرىپ بىر مۇددەت تەبلىغ قىلغاندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھنى سېغىنىپ، مەدىنىگە سەپەر قىلغان. بىر يىل سۈرگەن جاپالىق سەپەردىن كېيىن مەدىنىگە يېتىپ كەلگەن. ئەپسۇسكى، پەيغەمبىرىمىز ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى كۆرەلمىگەن. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ھەسرىتى ئىچىمۇ كۆچلىنىپ، ئاللاھ رەسۇلى تاپشۇرغان ۋەزىپىنىڭ ئۇلۇغلىقىنى ھېس قىلىپ، تەكرار جۇڭگوۇغا قايتىپ، خىزمەت جەريانىدا ۋاپات بولغان.

بۇلار بۈيۈك ئىمتىھان ۋە ئىمان ھاياجىنى بىلەن تاقەت قىلغىلى بولىدىغان ئۇلۇغۋار خىزمەت روھىدۇر. ئۇلارنىڭ خىزمەت روھى بىز ئۈچۈن ئەبەدى قۇتۇلۇش يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىرەر يۇلتۇز مىسالىدۇر.

شۈبھىسىزكى، ساھابە-كىرام بۇ مەرتىۋىگە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تەربىيەسى، بولۇپمۇ شۇ 9 پرىنسىپنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش ئارقىلىق ئېرىشكەن.

1. ئاللاھقا خىزمەت. ئاللاھنىڭ ئەمىر-چەكلىمىلىرىنى چىن كۆڭلىدىن ئىجرا قىلىش ۋە ئىلاھىي كەلىمەتۇللاھ يولىدا غەيرەت كۆرسىتىش.

2. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خىزمەت. ئۇنىڭغا كۆڭۈلدىن مۇھەببەت باغلاپ، سۈننىتى دائىرىسىدە ياشاش ۋە

«بىلىم ۋە ھېكمەت ھالال لوقمىدىن مەيدانغا كېلىدۇ، ئاشىق ۋە مەرھەمەتمۇ ھالال لوقمىدىن مەيدانغا كېلىدۇ؛ بىر لوقمىدىن ھەسەت، ھىلە، نادانلىق مەيدانغا كەلسە، سەن ئۇ لوقمىنى ھارام دەپ بىل. بۇغداي تېرىپ ئارپا ئۈنگىنىنى كۆردۈڭمۇ؟»

- ھەزرىتى مەۋلانا

17. جۇڭگوۇنىڭ گۇۋاڭجۇ شەھرىدە سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا نىسبەت قىلىنغان بىر ماقام مەۋجۇت. ساھابە قەبرىلىرى كۆپىنچە تۈرۈۋاتقان رايوندىكى خەلقلەرنىڭ دىنىي تۇيغۇلىرىنىڭ جانلىق تۇتۇلىشى ۋە مۇھاپىزەت قىلىنىشىدا ئەھمىيىتى كۆپ بولىدىغان تارىخى ھەققەت. چۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيادا سەمەرقەنت، بۇخارا، تۈركىستان ۋە تاشكەنت قاتارلىق شەھەرلەردە بۇنىڭ ئۆرنەكلىرى مەۋجۇتتۇر.



سۈننەتنى ياشىتىش.

3. ئىسلام بۈيۈكلىرىگە خىزمەت. ئۇلارغا سۆيگۈ-مۇھەببەت ۋە ساداقەت كۆرسىتىش.

4. ئاتا-ئانىغا خىزمەت. ئۇلارغا ئوھ دەپ سالماي، غودىرىماي رىزاسىنى قولغا كەلتۈرۈش.

5. ئەۋلادقا خىزمەت. ئۇلارنىڭ سالىھ بىر مۇئمىن بولۇپ ئۆسۈپ-يېتىلىشىگە كۈچ سەرپ قىلىش.

6. ئۇرۇق-تۇغقانغا خىزمەت. ئۇلارغا سىلە-رەھىم ۋە كۆپلەپ ئېھسان قىلىش.

7. مۇئمىنلارغا خىزمەت. ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى ۋە قايغۇسىغا ئورتاق بولۇش.

8. پۈتكۈل ئىنسانلارغا خىزمەت. ئىنسانلارغا قولى ۋە تىلى بىلەن پايدىلىق بولۇشقا تىرىشىش.

9. مەخلۇقاتقا خىزمەت. بارلىق مەۋجۇداتلارنى شەپقەت قانىتى ئاستىغا ئېلىش.

بۇ خىزمەتلەرنى ئادا قىلىش جەھەتتە مەرھۇم مۇسا ئەپەندى ئەلى رامتەنى ھەزرەتلىرىنىڭ شۇ تەۋسىيەلىرىنى پات-پات ئېيتىپ بېرەتتى:

«مىننەت قىلغاچ خىزمەت قىلىدىغانلار كۆپتۇر. ئەمما خىزمەتنى نېمەت بىلىدىغانلار ئازدۇر. سىلەر خىزمەت قىلىش پۇرسىتىنىڭ قولۇڭلارغا كېلىشىنى نېمەت بىلىپ، مىننەتدار بولساڭلار ھەممە ئادەم سىلەردىن مەمنۇن بولىدۇ ۋە شىكايەتچىڭلار ئازلايدۇ.»

ھەممىمىزنىڭ ئارزۇ قىلىدىغان نەرسىسى بىلسەك، بىلمىسەك، شۇ روھىمىزنىڭ خۇشاللىقى ۋە خاتىرجەملىكىدۇر. بۇ خۇشاللىقلار ئاللاھقا ئىبادەت ئىشتىياقى بىلەن قىلىنغان خىزمەتلەر ئارقىلىق قولغا كېلىدىغان روھانى خەزىنىدۇر. بۇ سەۋەپتىن خىزمەت ئېڭىغا ئىگە بولغان بىر مۇئمىن ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا خىزمەت قىلىشنى بىلىدۇ. ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن كۆرسەتكەن پىداكارلىقىدا

ۋەقىپ خىزمەتلىرىدە قىلماقچى بولغان سۆزنىڭ مەزمۇنى، مېتودى، ھەرىكىتى بولۇپمۇ يۈز ئىپادىسىگە دىققەت قىلىش، كۆڭۈلنى ئاغرىتىدىغان سۆز-ھەرىكەتلەردىن ئالاھىدە يىراق تۇرۇش كېرەك.



دۇنيا مەنپەئەتلىرىنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈۋاتقانلاردىن تېخىمۇ كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ.

سۆيگۈ ھاۋاسىدىن ئۈزۈلمىگەن خىزمەت ئارزۇسى قەلبتە ماكانلاشقان ۋاقىتدا، ئىنساننى ئەبەدىلىكنىڭ سەيياھى قىلىدۇ. قەلب ھەججاج زالىمنىڭ تاش يۈرەكلىكىدىن چىقىپ، يۇنۇسنىڭ شەپقەت پوستىغا ئورۇنىدۇ. بۇ روھ بىلەن ئىگە بولغان سەنئەت، ئەخلاق، جەلىپ قىلغۇچى ئەبەدىلىككە ئىگە بولىدۇ. بۇ سەۋەپتىن سەممى ۋە ھەقىقي خىزمەتلەر قەلب پاكلىقىنىڭ نىشانىسىدۇر. بۇنداق قەلبلەر «ئىلاھى نەزەرگاھ»تۇر.

ئەھۋال مۇشۇنداق ئىكەن، ئۆمرىنى قەلبى پاكلىقتىن يىراقلاشتۇرۇش قاتتىق بىپەرۋالىقتۇر. كۆڭلىنى ھەقىقي مەنادا خىزمەت ئاشقى بىلەن تولدۇرغانلار نىمە دېگەن بەختلىك-ھە!

**يا رەببى! كۆڭلىمىزنى سېنىڭ رىزايىڭنى قولغا كەلتۈرۈش مۇھەببىتى بىلەن تولدۇرغىن. ئەسھابى-كىرام، فاتىھلەرنىڭ دىن، ۋەتەن، مىللەت مۇداپىئەسىدىكى قەھرىمانلىرىمىزنىڭ خىزمەت ئاشقىدىن بىزلەرگىمۇ نېسىۋە ئاتا قىلغىن!. ئامىن.**

«بىز بۇ يولدىكى مۇساپىنى كۆپ كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق ئەمەس، ئوقۇغانلىرىمىزنى قولىمىزدىن كېلىشچە تەتبىق قىلىش ۋە خەلققە خىزمەت قىلىش ئارقىلىق باستۇق. ھەر كىشىنى بىر يولدىن كۆتۈرىدۇ، ئەمما بىزنى خىزمەت يولىدىن كۆتۈردى.»



## ئىسلام ئىنساننىڭ تەربىيلىنىشى دېمەكتۇر

ھەر قانداق پىكىر، كۆز قاراشنىڭ تۈپ غايىسى ئىنساننى يۈكسەلدۈرۈش ۋە ئىنسانىي مۇناسىۋەتلەرنى تەرتىپكە سېلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئەمما ھەر قانداق بەشەرى (ئىنسانى) كۆز قاراشلار بۇ غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئىسلام بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولىدىغان دەرىجىگە كېلەلمىگەن. بۇنىڭ سەۋەبى بەشەرى سىستېمىلارنىڭ ئىمكانى چەكلىك بولغان ئەقىلگە تايانغانلىقىدۇر. ئىسلام رەببىمىزنىڭ ئىرادىسىنىڭ مەھسۇلى بولغانلىقى ئۈچۈن ئىنسان ۋە كائىنات ھەقىقتى بىلەن تەڭپۇڭ نىزام بارلىققا كەلگەن. بۇنىڭ بىلەن خىيالى تەسەۋۋۇردىن يىراق مۇكەممەللىك تەقدىم قىلىنغان. بۇنىڭدىن ئارتۇق تەبىئى بىر نەرسە بولمايدۇ. چۈنكى ئاجىزلىقى مەلۇم بولغان ئىنساننىڭ ئۆزىنى ۋە بەشەرى مۇناسىۋەتلەرنى تەرتىپكە سېلىشى رەببىمىزنىڭ چەكسىز قۇدرىتى ئالدىدا ھېچنىمىگە ئەرزىمەيدۇ. بۇ سەۋەپتىن ئىنسانىيەتكە يول كۆرستىشنى غايە قىلغان پەلسەپۋى قاراش ۋە بەشەرى دىنلارنىڭ كۆپ قىسمى غايىسىنىڭ سىرتىدا خاتا يوللارغا كىرىپ كەتكەن. ئۇلار بەشەرىيەتكە سائادەت كەلتۈرۈشنىڭ ئورنىغا پالاكەت كەلتۈرگەن.

ھەقىقەتەن، ئىنسان ئەخلاقىنى پالاكەتكە يۈزلەندۈرگەن فروئىد ۋە ئىنسانلارنى ئىقتسادىي باياشاتلىققا ئىگە قىلىشنى ئۈمىد قىلغان ماركسىقچە بولغان كۆپلىگەن قاراشلارنىڭ نەتىجىسى باشلانغۇچتىكى غايىسىنىڭ ئەكسىچە ئوتتۇرىغا چىققان. ئاخىرىدا ئىنسانىيەتنى پالاكەتكە دۇچار قىلغان.

شۇ نوقتا تارىخى بىر ھەقىقەتكى، ئالەملەرنىڭ پەخرى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زۇلۇم ۋە ئەخلاقسىزلىق پاتقىقىغا چۆكۈۋاتقان ئىنسانىيەتنى ئىماننىڭ قىممەتلىك مېۋىسى بولغان مەرھەمەت بىلەن قۇچاقلىغان. ئۇ رەھمەت ۋە مۇھەببەتكە

> «خىزمەت بىر تەرەپتىن باشقىلارغا پايدىلىق بولۇشقا ۋەسىلە بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىخلاسى نىسبىتىدە خىزمەت قىلغۇچىلارنىڭ روھىنىڭ يۈكسىلىشىگە سەۋەپ بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا كەلگەن پايدا خىزمىتىنى قىلغان كىشىلەرنىڭ- كىدىن ئارتۇق بولىدۇ.»



تولغان سۆز-ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىنسانىيەتكە نەمۇنە بولۇش يولىدا ئەبەدىي كامالەت بەرپا قىلغان.

پەيغەمبەرلىكتىن ئىلگىرى ئىنسانلار بالىلىق دەۋرىدىن باشلاپ ئۇرۇش-جېدەل قىلىدىغان، بىر-بىرىگە زۇلۇم سالىدىغان مەرھەمەتسىز ئىنسانلار ئىدى. ئەمما پەيغەمبەرلىكتىن كېيىن ئۇ مۇبارەك شەخسنىڭ قولىدا ھەر بىرى بۇ مەدەنىيەتسىزلىكتىن قۇتۇلۇپ «ئاسماندىكى يۇلتۇزلار»دەك پارلاق ۋە تاللانغان شەخسلەرگە ئايلاندى. «ئەسھابى گۈزىن» دەپ ئاتالغان بۇ كىشىلەرنىڭ ھاياتلىرىدا كائىناتنىڭ پەخرىنىڭ ئۆرنەك قىلىنىشى بىلەن قولغا كەلگەن گۈزەل ئەخلاقنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان سان-ساناقسىز ھادىسىلەر مەۋجۇت. بۇلار ئارىسىدا مۇسئاب ئىبنى ئۇمەيرنىڭ شۇ ھالى كۆپ ھېكمەتلىك.

مۇسئاب ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئەسئاد ئىبنى زۇرارە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىرلىكتە مەدىنىدە ئابدى ئەشھەل ۋە زافەر ئوغۇللىرىنىڭ يېنىغا باردى. ئۇ كۈنى ئابدى ئەشھەل ئوغۇللىرىنىڭ رەئىسى سەئىد ئىبنى مۇئاز بىلەن ئۇسەيد ئىبنى ھۇداير ئىدى. ئىككىسى تېخى مۇسۇلمان بولمىغان ئىدى. سەئىد مۇسئاب ئىبنى ئۇمەيرنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇسەيدكە:

- قاراپ تۇرما. بىزنىڭ ئاجىز ئىنسانلىرىمىزنى ئالداش ئۈچۈن كەلگەن شۇ ئىككى ئادەمنىڭ يېنىغا بار ۋە ئۇلارنى بۇ يەردىن كەتكۈزىۋەت. - دېدى.

ئۇسەيد مۇسئاب ئىبنى ئۇمەير بىلەن ئەسئاد ئىبنى زۇرارەنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇلارغا ھاقارەت قىلىپ، قولىدىكى نەيزىسىنى ئۇلارغا قارىتىپ:

- ئەگەر ھايات قالاي دېسەڭلار، بۇ يەردىن كېتىڭلار. - دېدى.

مۇسئاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەۋرچانلىق بىلەن تەبەسسۇم ئىچىدە:

- ئەگەر ئولتۇرۇپ ئاڭلىساڭ، ساڭا دەيدىغان ئىككى ئېغىز سۆزىمىز بار، سەن ئەقىللىق ۋە يىراقنى كۆرۈدىغان بىر ئادەم

«خىزمەت ئەھلى دەريادەك، ئۇزۇن يوللار بويىچە مىڭ بىر جانلىققا، ئىنسانغا، ھايۋاناتقا، دەل-دەرەخلەرگە، گۈل-چېچەكلەرگە ھايات بېرىدۇ. بۇ دەريانىڭ بارىدىغان يېرى جانابى ئاللاھنىڭ ئەبەدىي ۋۇسلات دەرياسىدۇر.»



سەن. سۆزىمىزنى توغرا كۆرسەڭ قوبۇل قىلارسەن، توغرا كۆرمىسەڭ قايتۇرىۋېتەرسەن. ــ دېدى. ئۇسەيد بىر ئاز ئويلىنىپ:

ــ توغرا ئېيتتىڭ. ــ دەپ، نەيزىسىنى يەرگە سانجىپ قويۇپ ئاڭلاشقا باشلىدى. مۇسئاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغانسىرى ئىلاھىي گۈزەللىكلەرنىڭ تارتىش كۈچىگە بويسۇنۇپ، مۇسۇلمان بولدى. بۇ يەردىن خۇشاللىقتا ئايرىلىپ، سەئىدكە:

ــ ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدىم، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدە بىر خاتالىق كۆرمىدىم. ــ دېدى. سەئىدنىڭ بۇ سۆزلەرگە ئاچچىقى كېلىپ، بۇ قېتىم ئۆزى مۇسئابنىڭ يېنىغا باردى. قاتتىق ئاچچىقى بىلەن قىلىچىنى يېرىمىغىچە قىنىدىن چىقاردى. مۇسئاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىمۇ ئەينى ئۇسلۇبتا قارشى ئېلىپ، تىنىچلاندۇردى. كېيىن چىرايلىق ئۇسلۇبتا ئۇنىڭغا بىر قىسىم ئىلاھىي ھەقىقەتلەرنى بايان قىلدى. بۇنىڭ بىلەن سەئىد ئۇسەيدكە ئوخشاش ئىلاھىي ھەقىقەتكە بويسۇنۇپ، ئىمان كەۋسىرىنى تېتىدى.

شۈبھىسىزكى، بۇ ئەھۋاللار ئاللاھ رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەنىۋىي تەربىيەسىدە يېتىشكەن تەگدىشى بولمىغان ساھابىلارنىڭ قانداق بىر مۇكەممەللىككە يەتكەنلىكىنىڭ مىسالىدۇر. ئۇ بەختىيارلار، ئىنسانىنىڭ تەربىيەسىدىن ئىبارەت بولغان ئىسلامنىڭ بەرىكىتى بىلەن «سېنى ئۆلتۈرگىلى كەلگەن، سەندە تىرىلسۇن» دەستۇرىنى بەشەرىيەت تارىخىغا ئالتۇن ھەرپلەر بىلەن يازدى.

بۇ دائىرىدە ئاللاھ رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆلتۈرۈلۈشكە تېگىشلىك گۇناھكارلارنى، ھەتتا تاغىسىنى ئۆلتۈرگەن ۋەھشىنىمۇ ئەپۇ قىلىپ، ئۇلارغا شەپقەت بىلەن مۇئامىلە قىلدى. ئۇنىڭ سۆز-ھەرىكىتىدە مەرھەمەت داۋاملىق غەزەپىنىڭ ئالدىدا تۇردى. بەشەرىيەتنى كۆيدۈرۈۋاتقان غەپلەت ئۇچقۇنلىرى ئۇنىڭ ھەقىقەت كەۋسىرىدە ئۆچۈپ، تەگداشسىز غۇنچىلار ئۈنۈپ چىقىدىغان بىر گۈلىستانغا ئايلاندى. ئۇ دەۋرىنىڭ ئىنسانلىرى:

«چىشسىز بىر ئىنساننى تۇققانلىرى يەيتتى» دەپ تەسۋىرلەنگەن

«خىزمەتتىكى پەزىلەت ئۆزىنى كۈچلۈك ۋە ساغلام ھېس قىلغان ۋاقىتلاردا، بۇنىڭ شۈكرىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئاجىزلارنىڭ يۈكىنى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت.»

ـ شەيخ سەئىد



ۋەھشىلىكتىن قۇتۇلدى. ئۇرۇشتىن كېيىن بىر تامچە سۇغا تەشنا بولغان ئەھۋالدا جان بېرىش ئالدىدا ئۆزىگە ئېلىپ كېلىنگەن سۇنى باشقا ياردار قېرىنداشلىرىغا ئىشارەت بىلەن:

- بۇ سۇنى ئۇنىڭغا بەر... دەپ، ئاخىرقى نەپەسىدىمۇ باشقىلارنى ئويلايدىغان غەمگۇزار شەخسىيەتلەرگە ئايلاندى.

ئىنسانىيەتنى تەسۋىرلىگۈسىز مەنىۋى كامالەتكە يەتكۈزگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى تەشكىل قىلغان ئىلاھىي كارۋاننىڭ ئەڭ ئالدىدا ماڭدى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا گوللاندىيەنىڭ لاھەي شەھىرىدە توپلانغان ئالىملار كېڭىشى دۇنيانىڭ 100 مەشھۇر ئادىمىنى تاللاپ چىقتى. تاللاپ بېكىتكۈچىلەر ھەيئىتىنىڭ ھەممىسى خىرىستىئان بولىشىغا قارىماي، قويغان ئەخلاقى ئۆلچەملەر ئاساسىدا ئەڭ مەشھۇر شەخسنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەپ بېكىتتى.

دىققەتنى تارتىدىغان يەنە بىر جەھەت شۇكى، ساھابە-كىرامنىڭ يۈزدە توقسان پىرسەنتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇسۇۋەئى ھەسەنە (گۈزەل ئۆرنەك) شەكلىدە ئىپادىلەنگەن ئۆرنەك شەخسىيتى، خارەكتېرى، گۈزەل ئەخلاقى ۋە ئۈستۈن ئالاھىدىلىكىگە مەپتۇن بولۇپ، ئىسلامنى قوبۇل قىلغان كىشىلەر ئىدى. ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك قىلىشتا ھەددىدىن ئاشقانلارمۇ ئۇنىڭغا ھېچ بىر ۋاقىت «يالغانچى» ۋە «زالىم» دېگەن سەلبى سۈپەتلەرنى ئىشلەتمىدى. ئۇنى كەمسىتىش نىيىتى بىلەن گەپ-سۆز قىلغان ۋاقتىدىمۇ ئۇنىڭ ھەققىدە ماختاشتىن باشقا سۆزنى تاپالمىغانىدى.

❀

ئىسلامغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىشنى ئارزۇ قىلغانلار بۇ مۇقەددەس داۋانىڭ ئالدى بىلەن ئىنساننى تەربىيەلەش ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىشى ۋە ھەر ئىنسانغا ئۇنىڭ ئەسلى جەۋھىرى ئېتىبارى بىلەن شەرەپلىك مەخلۇقات ئىكەنلىكى چۈشەنچىسىدە

«مۇھەببەتكە تولغان قەلب ئەپۇ قىلغۇچىدۇر. ئەگەر سەن قۇرۇق بىر سۈرەتتىن ئىبارەت بولساڭ، ئۆلگەن ۋاقتىڭدا جىسمىڭغا ئوخشاش ئىسمىڭمۇ ئۆلىدۇ. ئەگەر سەن خىزمەت ئەھلى بولساڭ، ھاياتىڭ ئۆلۈمىڭدىن كېيىنمۇ قەلبتە تەخت قۇرالىغان نىسبەتتە داۋاملىشىدۇ.»

- شەيخ سەئىد



يېقىنلىششى كېرەك. چۈنكى ئىسلامنىڭ مەقستى گۈزەل ئەخلاقنى ئومۇملاشتۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ ئىنسان تەبىئىتىدىكى مۇكەممەللىككە سايە تاشلايدىغان ھەر تۈرلۈك تەسىرلەرنى تازىلاپ، ئۇنى تەربىيلەش دېگەنلىكتۇر. بۇنداق بىر سەۋىيەگە يېتىش كۆڭۈل ئۆلچىمى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدىغان گۈزەللىكلەر بىلەن مۇمكىندۇر.

ئىسلام بارلىققا كەلگەندىن باشلاپ ئىنساننىڭ تەربىيەسى ۋە ئەخلاق گۈزەللىكىنى ئاساس قىلىپ، ئەگەشكۈچىلىرىنى پۈتكۈل ئىنسانلار ھەيران قالىدىغان شەخسلەرگە ئايلاندۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ئۆمرى بويىچە نەپسگە ئىتائەت قىلىپ، ھايۋانىي ھايات ياشىغان غاپىل ئىنسانلارنى پەرىشتىدەك ھالەتكە كەلتۈردى. مەسىلەن: بىر ۋاقىتلاردا قىزىنى تىرىك تۇپراققا كۆمگەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېيىن بىر چۈمۈلىگە زىيان سېلىشتىن قورقىدىغان غەمگۈزار ئادەمگە ئايلاندى.

ئىسلام ئىنسانلارغا سۆيگۈ بىلەن يېقىنلىشىدىغان روھقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئىسلام كۆڭۈللەرگە يەرلەشتۈرگەن مەرھەمەت ئۇرۇقىدىن ئۈنۈپ چىقىدىغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئىنسانىي سۆز-ھەرىكەتلەردىكى مۇكەممەللىككە، ئاخىرىدا ئىككى جاھان سائادىتىگە ئېرىشتۈرىدۇ.

ئىسلام ئىنساننى تەربىيەلەشنى ئاساس قىلىدۇ. ئىسلامنىڭ ئاساسىدىكى مۇقەددەس تۇيغۇلار ھەقىقىي مەنادا ئەڭ ئىنسانىي تۇيغۇلاردۇر. يۇنۇس بۇ تۇيغۇلارنى مۇنداق ئىپادىلىگەن:

كەلگىن تونۇشۇپ قالايلى،
ئىشنى ئاسانلاشتۇرايلى،
ياخشى كۆرەيلى ۋە ياخشى كۆرۈلەيلى،
دۇنيا ھېچكىمگە قالمايدۇ.

بۇ ھېس-تۇيغۇ شانلىق ئەجدادىمىزدا شۇ ھالەتكە كەلدىكى، ئۇرۇشتىن كېيىن ئەسىر بولغان بىر دۈشمەننى، قوماندىنىغا:

«روھانىيەت تولغان قەلبلەردىن گۈزەل ئەخلاق، سالىھ ئەمەل ۋە مەنىۋىي تاكامۇللۇقنىڭ ئالامەتلىرى سادىر بولىدۇ.»

- نىمانداق زالىمسەن ئەي مەرھەمەت! ماڭا دۈشمىنىمنىمۇ ياخشى كۆرسىتىۋاتىسەن! - دېگۈزگەن.

دەۋرىمىزدىكى بىر قىسىم غاپىللار، ئىسلامنىڭ ئاساسىدىكى بۇ چوڭقۇر مەرھەمەتنى «تېرور» دېگەن كەلىمىلەر بىلەن بىر يەرگە قويۇپ، قۇياشنى بىر پارچە رەخت بىلەن يېپىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. مەلۇم ئىنسانلارنى مەلۇم تەسىرلەرنىڭ ئاستىغا ئېلىپ، ئۇلارغا ئىگىسىز، خىيالى تەھدىتلەر بىلەن قورقۇتۇش ھېسسىياتى بېرىش ئۈچۈن كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بىچارە ئىنسانلارنى قۇربانلىق قىلىۋاتىدۇ. ئىسلام گۇناھكار، جىنايەتچى ئىنسانلارنىمۇ مەرھەمىتى بىلەن قۇچاقلاپ، ئىسلاھ قىلىشنى ئەمىر قىلىدۇ. ئەھۋال مۇشۇنداق ئىكەن، مەسۇم ئىنسانلارنىڭ تەھدىت ۋە قورقۇتۇلۇشنى ئىسلام قوبۇل قىلامدۇ؟

ئىسلام دۇنياغا كەلگەن ۋاقىتتىن باشلاپ، ئىنسانلارنى كاپىر-مۇسۇلمان دەپ ئايرىماي مەرھەمەت ۋە ئادالەت بىلەن قۇچاقلىغان. مال، جان ۋە ئىنسان تەبىئىتىگە زىيان سالىدىغان ھەر قانداق سۆز-ھەرىكەتنى چەكلىگەن.

ئىسلام دۆلەتنى ئىنسانلارنىڭ جېنى، مېلى، ئائىلىنىڭ قوغدىلىشى، روھ ساغلاملىقى ۋە جەمئىيەت تەڭپۇڭلىقىنىڭ ئورنىتىلىشىدا مەسئۇل قىلىدۇ. بۇ مېتودنىڭ تېرور بىلەن ۋاستىلىق ياكى بىۋاستە ئالاقىسى بولمىغاندەك، ئۇنىڭغا شەرت-شارائىت يارىتىپ بېرىدىغان ھەر تۈرلۈك سۆز-ھەرىكەتلەرنىمۇ ۋاقتىدا يوقىتىدۇ. بۇ ھەقتە مۇسلىم ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى بىر سەرىيە (قوشۇن) بىلەن ئۇرۇشقا ئەۋەتكەن ئىدى. مەن ئۇرۇش يېرىگە يېقىنلاشقاندا ئېتىمنى چاپتۇرۇپ، دوستلىرىمنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتىم ۋە بىز بىلەن ئۇرۇشماقچى بولغان خەلقنىڭ ھىدايىتىگە ۋەسىلە بولدۇم، شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش بولمىدى. ئەمما ئەھۋالنىڭ مۇھىملىقىدىن غاپىل بولغان بەزى دوستلىرىم مېنىڭ بۇ ئىشىمنى كۆرۈپ:

«خىزمەتتە ئەدەپ، خىزمەتتىن تېخىمۇ مۇھىمدۇر.»

- ئابدۇللاھ ئىبنى مۇنازىل



«ئۇلار ياخشى ئىشلاردا بىر-بىرى بىلەن مۇسابىقىلىشىدۇ.»

(ئال ئىمران سۈرىسى، 114 ـ ئايەت)

ـ بىزنى غەنىمەتتىن مەھرۇم قويدۇڭ. ـ دەپ، ئەيىپلەشكە باشلىدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگەن ۋاقتىمدا، دوستلىرىم ئەھۋالىمنى پەيغەمبىرىمىزگە شىكايەت قىلدى. ئالەملەرنىڭ پەخرى مېنى چاقىرىپ:

ـ بىلگىنىكى، ئاللاھ ساڭا سەن قۇتقۇزغان ئۇ ئىنسانلارنىڭ ھەر بىرسى سەۋەبى بىلەن شۇ قەدەر ساۋاب يازدى.ـ دېدى. كېيىن:

ـ مەندىن كېيىن كېلىدىغان مۇئمىنلارنىڭ رەھبەرلىرىگە سېنى تەۋسىيە قىلىپ مەكتۇپ يازىمەن.ـ دېدى. مەكتۇپنى يېزىپ، مۆھرىنى بېسىپ ماڭا بەردى[18].

يەنە بىر ئىبرەتلىك ۋەقە مۇنداق:

بىرى ـ مائۇنە پاجىئەسىدە 70 نەپەر مۇئەللىمنىڭ ئۆلتۈرۈلىشى، باشقا قەتلىئام ۋە سۇيىقەستلەرنىڭ مەيدانغا چىقىشى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەبىلىلەرگە ئەۋەتكەن مۇئەللىملەرنى قوغداش ئۈچۈن بىرقانچە ئەسكەرنى قوشۇپ قويدى. بىر قېتىملىق ۋەقەدە بۇ قوغدىغۇچىلاردىن خالىد ئىبنى ۋەلىد ئاگاھلاندۇرۇشقا دىققەت قىلماي قىلىچىنى ئىشلەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، بىئارام ھالدا قىبلىگە قاراپ:

«يا رەببى! خالىدنىڭ قىلغىنىدىن پاناھ تىلەيمەن، ئۇنىڭ قىلغانلىرىنى قوبۇل قىلمايمەن.» دەپ، ئۈچ قېتىم ئىدا قىلدى.

بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئاللاھ رەسۇلى ھەزرىتى ئەلىنى ۋەقە يۈز بەرگەن يەرگە ئەۋەتىپ، ئىنسانلارنىڭلا ئەمەس، ھايۋان ھەتتا ئىتلارنىڭمۇ دىيىتىنى (قان قەرزىنى) تۆلەتكۈزدى.[19]

بۇ گۈزەل ئەخلاقنى ئۆزىگە شۇئار قىلغان ئوسمانىيلارمۇ ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى غەيرى مۇسۇلمانلارنى ئىسلامغا كىرىشكە

18. ئىبنى سائاد، «تاباقات»، 7 ـ جىلد، 419 ـ 420 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

19. بۇخارى، «ئەھكام»، 35؛ ئىبنى كەسىر، «ئەلبىدايە ۋەننىھايە»، 4 ـ جىلد، 304 ـ 305 ـ بەتلەرگە قاراڭ



مەجبۇرلىمىغان، قەتلىئام ۋە مەدەنىيەت ئىمپېرىئالىزمىغا يول قويمىغان. دۆلىتىدىكى غەيرى مۇسلىملارنى ئاللاھنىڭ ئامانىتى دەپ قوبۇل قىلغان. بۇ مۇئامىلىنىڭ بەرىكىتى بىلەن لەھىستان (پولشا) دا:

«ئوسمانىيە ئاتلىرى پولشادىكى ۋىستول دەرياسىدىن سۇ ئىچمىگىچە، بۇ دۆلەت ئىستىقلالىغا ئېرىشەلمەيدۇ.» دېگەن سۆز مەسەللەشكەن.

ئوسمانىيە دۆلىتى بۇ پەزىلىتى بىلەن باشقا مىللەتلەر ئارزۇ قىلىدىغان دۆلەتكە ئايلانغان. چۈنكى فاتىھنىڭ ئەسكەرلىرى قەلئەلەرنى يىقىشقا تەمشىلىۋاتقاندا ۋىزانتىيە يۇقىرى تەبىقىسىدىن بولغان خرىستىئان گراندۇك نوتاراس ئاياسوفيادىكى بىر مۇزاكىرىدە پاپادىن ياردەم تەلەپ قىلىش پىكرىگە قارشى:

«ئىستانبۇلدا كاردىنال شەپكىسى كۆرگىچە تۈركلەرنىڭ سەللىسىنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىمەن» دېگەن.

كۆنىمىزدە رەببىمىزنىڭ «راھمان ۋە رەھىم» سۈپەتلىرىدىن نېسىۋە ئېلىپ، خالىقنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن مەخلۇقاتقا مەرھەمەت قىلىشىمىز كېرەك. بۇ ئەھۋال ئاللاھقا يېقىن بولۇشنىڭ مۇھىم ئاساسلىرىدىن بىرىدۇر.

بىر مۇسۇلماننىڭ كۆڭلىنىڭ ئۇيقىنى كۆرسىتىدىغان شۇ مىسال نىمە دېگەن ئىبرەتلىك-ھە!

بەيازىدى بەستامى ھەزرەتلىرى بىر سەپەردە تاماق ۋاقتىدا بىر دەرەخنىڭ ئاستىدا تاماق يېگەندىن كېيىن سەپىرىنى داۋاملاشتۇرغان. مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن خورجۇنىنىڭ ئۈستىدە بىر چۈمۈلە كۆرۈپ، كۆڭلى يېرىم بولۇپ:

«بۇ ھايۋاننى ۋەتىنىدىن جۇدا قىپتىمەن.» دەپ، دەرھال كەينىگە قايتىپ، تاماق يېگەن يەرگە بېرىپ، ئۇ چۈمۈلىنى ئورنىغا قويغان. چۈنكى ئۇ «شەپقەتى لى خەلقىللاھ» (ياراتقۇچىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن يارىتىلغۇچىلارغا مەرھەمەت قىلىش) ئېڭى بىلەن

«خىزمەت: ئىخلاس ۋە غەمگۇزارلىق بىلەن تولغان بىر كۆڭۈلنى، پۈتكۈل مەخلۇقاتقا قارىتىش ئارقىلىق ئاللاھ رىزاسىنى ئىزدەشتىن ئىبارەتتۇر.»



چۈمۈلە بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھەققىگە رىئايە قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇپ يەتكەن.

ئىسلام ھايۋانلارغا مۇشۇنداق مەرھەمەت قىلغان يەردە، ئىنساننى ئەزىز بىر مەۋجۇدىيەت دەپ قارايدۇ. بۇ قىممەتنىڭ قوغدىلىشى يولىدا بەشەرنىڭ غەپلەتكە چۈشمەي، مۇقەددەسلىككە قاراپ مۇساپە ئېلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. يەنى «ئەھسەنى تەقۋىم» جەۋھىرى دىققەتكە ئېلىنغان ۋاقىتتا، ئىنسانغا بېرىلگەن ئەھمىيەت ھەقىقىي مەناسىنى تاپقان بولىدۇ. ئىسلام ئىنسان بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ھۆكۈملەردە داۋاملىق بۇ ئۆلچەمنى ئاساس قىلىدۇ. ئىنساننىڭ نەپسانى مايىللىقىنى ئازدۇرۇپ، ئۇنى خار قىلىشنىڭ ئورنىغا، پەرىشتىلەر ھەيران قېلىپ، ئارزۇ قىلىدىغان ئۇلۇغلۇققا نائىل قىلىش ئىسلامنىڭ ئاساسى غايىلىرىدىن بىرىدۇر.

بۈگۈن دۇنيانىڭ ھەر تۈرلۈك زۇلۇم ۋە ناھەقچىلىققا سەھنە بولىشى، شۈبھىسىز ئىنسانلارنىڭ ئازغۇن نەپسانى مايىللىقىغا بويسۇنۇپ، ئىلاھىي مۇھەببەت، سۆيگۈ قاتارلىق ئىنساننى يۈكسەلدۈرىدىغان خىسلەتلەردىن يىراقلاشقانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. يەنى ئىسلامنىڭ تەڭداشسىز گۈزەللىكىدىن مەھرۇم قېلىشنىڭ تەبئىي بىر نەتىجىسىدۇر. بۇ ئەھۋالدا ئىسلامنى ياخشى چۈشىنىش، ئۇنىڭ ئىلاھىي ساداسىغا چىن كۆڭۈلدىن قۇلاق سېلىش، ھاياتنىڭ ھەر تەرىپى بىلەن پانىلىقىنى بىلىش، مىڭ تۈرلۈك پىتنە-پاسات، كەيپ-ساپادا جان تالىشىۋاتقان ئىنسانىيەتكە يېڭىدىن قۇتۇلۇش ئىمكانى بېرىدۇ. باشقىچە ئېيتساق، بەشەرىيەتنىڭ ئەسلى ئېھتىياجى ئىسلامنىڭ ماھىيىتىنى لايىقىدا تونۇپ، ھاياتنى ئۇنىڭغا قارىتا رەتكە سېلىشتىن ئىبارەتتۇر. چۈنكى ئۇنىڭ جانغا-جان قاتىدىغان بەرىكەتلىك نەپەسى قىيامەتكىچە ئىنسانىيەت موھتاج بولىدىغان ئەڭ بەرىكەتلىك مەنبەدۇر. يۇنۇس ئەمرەنىڭ ھەقىقىي سۆيگۈ-مۇھەببەت ھەققىدە:

«مىننەت قىلغاچ خىزمەت قىلىدىغانلار كۆپ. ئەمما خىزمەتنى نىيمەت بىلىدىغانلار ئازدۇر. سىلەر خىزمەت قىلىش پۇرسىتىنىڭ قولۇڭلارغا كېلىشىنى نىيمەت بىلىپ، مىننەتدار بولساڭلار، ھەممە ئادەم سىلەردىن مەمنۇن بولىدۇ ۋە شىكايەتچىلار ئازلايدۇ.»

-ئەلى رەمتەنى ھەزرەتلىرى



يارىتىلغانلارنى ياخشى كۆر،
ياراتقۇچىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن.

دېگەن شېئىرى پۈتكۈل مەخلۇقاتنى قۇچاقلايدىغان، دۇنيانىڭ قەيىرىدە بولسا بولسۇن، ھەقىقەتتىن مەھرۇم كىشىلەرگە ئۇنى دۇنيا-ئاخىرەت پىلانىدا قۇتقۇزۇدىغان ئابى ھايات ئەمەسمۇ؟ بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىز مۇسۇلمانلارغا قالدى.

دەۋرىمىزدە ئۈچۈر ۋە خەۋەرلىشىش ۋاستىلىرىنىڭ تەرەققى قىلىشى بىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى مەسئۇلىيىتىمىزنى تېخىمۇ كۈچلەندۈردى. چۈنكى تېخنىك ئىمكانلارنى ئىشلىتىپ ئىسلامنى پۈتكۈل ئىنسانلار قايىل بولىدىغان ئۇسلۇبتا تەقدىم قىلىش، ئۆتمۈش ئەسىرلەردىن قالغان سەلبى تەشۋىقاتلارنىڭ تەسىرىنى يوقۇتۇش كۈنىمىزدە ھەر دەۋىردىكىدىن تېخىمۇ مۇھىم. بۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن كۈنىمىزدە يۈز بەرگەن شۇ ۋەقەنى بايان قىلىپ ئۆتەيلى:

ئامېرىكىدا بىر دوختۇر ھىدايەتكە ئېرىشكەن ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن مەسجىدتە مۇراسىم ئۆتكۈزۈلگەن. بۇ مۇراسىمغا يىراق ۋە يېقىندىن كۆپلىگەن مۇسۇلمانلار قاتناشقان. بۇ مۇراسىمدا ھىدايەتكە ئېرىشكەن دوختۇر، ئۆزىنىڭ ئىسلامنى تاللاشتىكى سەۋەبىنى ئوتتۇرىغا قويماقچى بولۇپ، سۆزىنى باشلاشتىن ئىلگىرى:

- سىز مۇسۇلمانلاردىن بىر سوئالىم بار. سۆزۈمنى باشلاشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاشنى ئارزۇ قىلىمەن. مېنىڭ ئاتا-ئانام بىر خىرىستىئان سۈپىتىدە دۇنيادىن كەتتى. سىلەردىن بۇلارنىڭ ئۆلگەندىن كېيىنكى ئەھۋالىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى سورايمەن. بۇنىڭغا جاۋاب بەرسەڭلار! - دېدى.

جامائەت بۇ سۆزلەردىن ئەنسىرىدى. بۇ يېڭى مۇسۇلماننىڭ قارارىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان بىر ئەھۋال ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئەجىبا مۇراسىمدا بىر كۆڭۈلسىزلىك بولارمۇ دەپ قورقتى. ئەمما بۇ سوئالغا:

- ئىسلام تەبلىغى ئۇلارغا يېتىپ بارمىغان بولسا ئۆزۈرلۈكتۇر،

«خىزمەت، ئىماننىڭ تەلىۋىدۇر.»



بەرزاخ (قەبىر) ئالەمدە ساقلايدۇ. قىيامەت كۈنى مىزاندىن كېيىن ئەھۋالى مەلۇم بولىدۇ. ـ دەپ جاۋاب بەردى.

بۇنى ئاڭلىغان دوختۇر:

ـ ئەي مۇسۇلمانلار! مېنىڭ ئاتا ـ ئانام مەندىن تېخىمۇ بىلىملىك، ئىنساپلىق يەنى ھەقنى ئىزدەۋاتقان ئىنسانلار ئىدى. لېكىن ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ تەسىرى بىلەن خرىستىئان بولۇپ ياشىدى ۋە ئۇ ھالەتتە ۋاپات بولدى. مەسۇم نەبى بولغان ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئۇلۇھىيەتتە جانابى ئاللاھقا شېرىك دەپ ئويلىدى. ئىسلامدىن ھېچ قانداق خەۋىرى يوق ئىدى. بۇنداق بىر دىنىنىڭ پەقەت ئىسمىنىلا بىلەتتى.

ئاللاھ سىلەردىن رازى بولسۇنكى، بۇ يەرگە كېلىپ، بۇ مەسجىدنى بىنا قىلدىڭلار. مېنى تېپىپ، ئىسلامنى تەبلىغ قىلدىڭلار. سىلەرگە تەشەككۈر ئېيتىمەن. مېنىڭ ئاتا ـ ئانامۇ دەم ئېلىشقا چىققان ئىنسانلار ئىدى. نېمىشقا بىرىڭلار ماڭا ئاڭلاتقانلىرىڭلارنى ئۇلارغا ئاڭلاتمىدىڭلار؟ ئەگەر بۇنى قىلغان بولساڭلار، ئۇلارنىڭ ماڭا قارىغاندا ئىسلامنى تېخىمۇ ئىشتىياق بىلەن قوبۇل قىلىدىغانلىقىغا شۈبھەم يوق ئىدى.

شۇنى بىلىمەنكى، ئىمان نېسىۋە ئىشى. لېكىن بۇ ئالەم سەۋەبلەر ئالەمىدۇر. سىلەر نېمىشقا سەۋەبكە مۇراجىئەت قىلىپ، بۇ ۋەزىپىنى ئادا قىلمىدىڭلار؟ مەن ئىشىنىمەنكى، ئۇلارنىڭ ئىسلام نېمىتىدىن مەھرۇم ھالەتتە ئاخىرەتكە كۆچىشىگە سىلەرنىڭ ۋەزىپىنى ئادا قىلمىغانلىقىڭلار ۋە غەپلىتىڭلار سەۋەب بولدى. ئۇلار قىيامەت كۈنى سىلەردىن شىكايەتچى بولىدۇ. مەنمۇ ... ھۆ. ھۆ... ـ دەپ بىر دەم بوقۇلداپ يىغلىغاندىن كېيىن مۇسۇلمان بولۇش سەۋەبىنى بايان قىلغان.

بۇ ئىبرەتلىك ۋەقە بىزنى چۆچۈتۈشى ۋە چوڭقۇر ئويغا سېلىشى كېرەك. چۈنكى ئىسلامنى كۈچىنىڭ يېتىشىچە تەبلىغ قىلىش ھەر مۇئمىنىنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن ئىلاھىي ۋەزىپىدۇر. بۇ ئىش كۈنىمىزدە

«قۇياشنىڭ ئىسسىتماسلىقى مۇمكىن بولمىغاندەك، يۈكسەك روھلارنىڭمۇ ئىنسانلارغا ئىچ ئاغرىتماسلىقى، ئۇلارغا خىزمەت قىلىشتىن يىراق تۇرۇشى، جاپا ـ مۇشەققەتلەر ئالدىدا باش ئېگىشى مۇمكىن ئەمەستۇر.»



تەشۋىقات ۋاستىلىرىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن مەسئۇلىيىتى تېخىمۇ مۇھىم بولغان ۋەزىپىدۇر. دۇنيانىڭ بىر بۇلۇڭىدا ياشاپ، ئىسلامدىن خەۋىرى بولمىغانلارنى قويۇپ تۇرۇپ، يېنىمىزدا ياشاۋاتقانلارنىڭ ئېھتىياجىدىن خەۋەرسىز يۈرسەك، كارىمىز بولمىغان بۇ كىشىلەر ئاخىرەتتە ياقىمىزغا ئېسىلىپ، ئىسلامنى تەبلىغ قىلمىغانلىقىمىزنىڭ ھېسابىنى سورايدۇ.

❁

بۇ يەردە شۇنى ئوچۇق ئېيادىلەيمىزكى، دىن بىر قىسىم سىياسى ھادىسىلەرگە ئويۇنچۇق قىلىنماسلىقى كېرەك. بۇ سەۋەپتىن دىنىي ھەقىقەتلەر بىلەن سىياسى ھادىسىلەرنى بىر-بىرىدىن ئايرىش كېرەك. مەسىلەن: «خاۋارىجىلار» قىلغان ئىشلىرىنى ئىسلام نامىغا قىلغان ئىدى. ئەمما قىلغان ئىشلىرى ئىسلام بىلەن ئالاقىسى بولمىغان سىياسى بوزغۇنچى ھەرىكەتلەر ئىدى. ئىنسانلارنىڭ خاتىرجەملىكىنى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بوزۇش ۋە بۇنىڭدىن مەنپەئەت ھاسىل قىلىشنى ئىستىگەن سىياسى گۇرۇھلار ھەتتا بەزىدە دۆلەتلەر تارىختىن بۇيان بۇنداق ھىيلىگەرلىكنى قىلىپ كەلدى. بۇنداق ھىيلىگەرلەر توغرا بولمىغان ھەرىكەتلىرىنى توغرا كۆرسىتىش ۋە قارشىسىدىكى كىشىلەرنى بىچارە ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن جەمئىيەتتە توغرا دەپ قارالغان ئامىللارنى، بولۇپمۇ دىننى قوللىنىپ، پۈتۈن دىندارلارنى قارىلاش ھەرىكەتلىرىنى باشلىدى. جامال ۋەقەسىگە شارائىت يارىتىپ بەرگەن ئىبنى سەبەنىڭ ئۆز تەرەپتارلىرىغا سۆزلىگەن ۋە كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان پۈتۈن پىتنە-پاساتلارنىڭ مەقسىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان شۇ سۆزلەر ناھايىتى ئىبرەتلىك:

«ئەي قەۋمىم! سىلەرنىڭ شەرىپىڭلار ئىنسانلارنىڭ بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇش-جېدەل قىلىشىغا باغلىق. شۇڭا، ئۇلارنى بىر-بىرىگە

«زوراۋانلىقىقا دۈشمەن، مەرھەمەتكە ھەيران بولۇش روھى گۈزەللىكىنىڭ تەلىۋىدۇر.»



دۈشمەن قىلىشىلار. ئەتە بۇلار ئۇچراشقان ۋاقىتىدا، ئۇلارنى ئۇرۇشۇشقا كۈشكۈرتۈشلار. ئۇلارنىڭ باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇشىغا يول قويماڭلار. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بىلەن بىرگە بولغان كىشىلەر سىلەر خالىمىغان نەرسىنى، يەنى تىنچلىقتىن يۈز ئۆرۈشنى ۋە ئاللاھنىڭ ئەلى، زۇبەير، تەلھاغا ئوخشاش ئويلايدىغانلارنى بىر-بىرسى بىلەن ئۇرۇشقا سېلىپ، مەشغۇل قىلىشنى زۆرۈر دەپ ئويلىسۇن.» (ئىبراھىم جانان، «ھەدىس ئېنسىكلوپېدىسى» 13 ـ جىلد، 334)

بۇ سۆزلەر تارىختىكى ۋە دەۋرىمىزدىكى كۆپلىگەن ئىختىلاپلارنىڭ پەردە ئارقىسىنى ئېچىپ بېرىشتە ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدۇ. يېقىنقى ۋاقىتلاردا ئىسلام دۇنياسىنىڭ باشسىز قېلىشىنى ۋە مۇسۇلمان خەلقلەرنىڭ ھەر خىل ئىختىلاپلارغا چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. بۇنىڭ سەۋەبىنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسى ۋە دەۋرىمىزدىكى ئوخشاشلىقلىرىنى دىققەت بىلەن ئويلىشىمىز كېرەك. بۇ ھەقتە ھەزرىتى مەۋلانا:

«ئەي دۇنياغا تىكەن ئۇرۇقى چاچقان كىشى! ھۇشۇڭنى تاپ. سەن تېرىغان تىكەننى ھەرگىز بۇلبۇللار سايراۋاتقان گۈل باغچىسىدىن ئىزدىمە. ئۆزەڭنىڭ خاتالىقىنى گۈلىستانغا ئارتما.»

«سەن قايسى ئەقلىڭ بىلەن ئاينىڭ يۈزىدىن داغ ئىزدەشكە، جەننەتتىن تىكەن تويلاشقا ئۇرۇنىۋاتىسەن؟ گۈل ئىزدىمەي تىكەن ئىزدەۋاتقان ئەي ئادەم! سەن جەننەتكە كىرسەڭمۇ، ئۇ يەردە ئۆزەڭدىن باشقا تىكەن تاپالمايسەن.» دېگەن.

ھەزرىتى مەۋلانا بۇنداق پاساتچىلارغا قارشى يەنە مۇنداق ئاگاھلاندۇرۇش قىلىدۇ:

«بەزىلىرى بار، ئىنسان يەيدىغان جانىۋارغا ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ سالام بېرىشى ۋە ئېغىزىدىكى«لاھەۋلە» سۆزلىرى سەممى ئەمەستۇر. چۈنكى كۆڭلى شەيتان ياتىقىدۇر، ئۆزىمۇ ئىنسانى شەيتاندۇر. بەزىلەر دوستىنىڭ تېرىسىنى سويۇشنى ئىستەيدىغان قاسساپلارغا ئوخشايدۇ. بىر تەرەپتىن: «جېنىم، دوستۇم» دېسە،

«ھەقىقىي بىر مۆمىن، بارغانلىكى يېرىگە ھايات بېرىشى، ئۇ يەردىكى مەنىۋىي بايلىققا، ھەسسە قوشىشى كېرەك.»



يەنە بىر تەرەپتىن پىچىقنى تەييارلايدۇ. سىنىڭ تىنىڭنى سويۇش ئۈچۈن سىنى ئالدايدۇ، يۈزۈڭگە كۈلىدۇ، چىرايلىق سۆزلەر قىلىدۇ. ئەھۋال مۇشۇنداق تۇرۇپ، دۈشمەن بەرگەن ئەپيۈننى يۇتقانلارنىڭ ھالىغا ۋاي!»

بۇ ئەھۋالدىكى ھەر ئىنسان، ئىنسانلىقتىن خەۋەرسىز، ئىلاھىي سۆيگۈ-مۇھەببەتنى تېتىمىغانلىقى ئۈچۈن ئىنسانلىقنى پەقەتلا ئۆزىگە ماسكا قىلىدۇ. بۇنداق كىشىلەرنىڭ پىكرى ھەقىقەتنى ئۆلتۈرىدۇ، شائىر بولسا روھىنى سېىستىدۇ، ئەخلاق تەشەببۇسچىسى بولسا ئەخلاقنى يۇقۇتىدۇ.

بۇ ھەقتە ھەزرىتى مەۋلانا:

«بۇنداق كىشىلەر قولىغا بىر گۈل ئالسىمۇ ئۇ گۈل باشقىلارغا تىكەن بولىدۇ. بىر دوستىنىڭ يېنىغا بارسا ئۇنى يىلاندەك چاقىدۇ.» دېگەن. ئاللاھتائالا بۇنداق غاپىللارنىڭ ئەھۋالىنى قۇرئانى-كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىدۇ:

**«ئۇلارغا يەر-يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار دېيىلسە، «بىز ئىسلاھ قىلغۇچىلارمىز» دەيدۇ. بىلىڭلاركى، ئۇلار ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلاردۇر، لېكىن بۇنى ئۆزلىرى بىلمەيدۇ.»** (بەقەرە سۈرىسى، 11-12-ئايەت)

ئۇنداق بولغان ئىكەن ئىنساننىڭ نەپسانى قارار ۋە ئارزۇلىرى مۇھىم ئەمەس، ئاللاھنىڭ رىزاسى مۇھىم. دىنىي كەلىمە ۋە شۇئارلارنى قوللىنىپ، نەپسانى ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلار ئەسلىدە بۇلاردىن قەتئىي يىراق بولغان ئاللاھنىڭ رىزاسىنى يوقۇتۇپ قويىدۇ. چۈنكى يەر-زېمىندا پىتنە-پاسات، بۇزغۇنچىلىق چىقارغان، ھەتتا پەيغەمبەرلىرىنى ئۆلتۈرگەن قەۋم ۋە تەڭداشلىرىنى جانابى ئاللاھ قۇرئانى-كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىدۇ:

**«شۇ (يەنى قابىلنىڭ ھابىلنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكى) سەۋەپتىن (تەۋراتتا) ئىسرائىل ئەۋلادىغا ھۆكۈم قىلدۇقكى، كىمكى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمىگەن ياكى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق**

«سىنى ئۆلتۈرگىلى كەلگەن، سەندە تىرىلسۇن.»



**قىلمىغان بىر ئادەمنى ئۆلتۈرسە، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەندەك بولىدۇ، كىمكى بىر ئادەمنى تىرىلدۈرسە (يەنى قۇتقۇزسا ياكى ھايات قېلىشىغا سەۋەبچى بولسا)، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى تىرىلدۈرگەندەك بولىدۇ، پەيغەمبەرلىرىمىز بەنى ئىسرائىلغا راستلا (شانلىق) مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ (بەنى ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ) تولىسى (كۇفرىدا، ئادەم ئۆلتۈرۈشتە) زېمىندا ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردىن بولدى.»** (مائىدە سۈرىسى، 32 ـ ئايەت)

بىركىشىنى ناھەق ئۆلتۈرگەن بىر قاتىل پاك نەپسكە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭغا ياشاش ھەققى تونىمىغان ۋە بۇ ھەرىكىتى بىلەن باشقىلارغا جاسارەت بەرگەن بولىدۇ. شۇڭا، بىر ئىنساننى ئۆلتۈرگۈچى ھەممە ئادەمنى ئۆلتۈرگەنگە ئوخشاش، ئاللاھنىڭ قاتتىق ئازابىغا دۇچار بولىدۇ. ھەر كىم بىر جانلىققا ھايات بەرسە يەنى ئەپۇ قىلىش ياكى ئۆلتۈرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئالسا، بۇ پۈتكۈل ئىنسانلارغا ھايات بەرگەنلىك بولىدۇ.

بۇ ئاساسلار نۇرى ئاستىدا ئىسلامنى بىر ئابى ھاياتقا، يەنى ئەبەدىيلىك ئاتا قىلىدىغان سۇغا ئوخشاتقان ھەزرىتى مەۋلانا:

«ئابى ھاياتنىڭ يېنىدا ھېچكىم ئۆلمەيدۇ.» دەپ، ئىلاھىي دىنىنىڭ ھەقىقەتلىكىنى بايان قىلىدۇ.

شۇنى دېيەلەيمىزكى، ئىسلامنىڭ بارلىق ھۆكۈملىرى بۇ خىل ئەستايىدىللىق ئەتراپىدا ھالقا بولىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئىسلام ھەر ۋەسىلە بىلەن ئىنسانلارنى ئالدى بىلەن توغرا بىر ئەقىدە، كەينىدىن گۈزەل ھەرىكەت، بۇلارغا ۋاستە قىلىپ مەرھەمەت، خىزمەت، ئىلىم، نازاكەت ۋە گۈزەل ئەخلاق قاتارلىق سۈپەتلەر بىلەن يۇغۇرۇپ، ھەقىقىي مەنادا تەربىيىلەيدۇ.

كۆنىمىزدە بىر مۇئمىننى ئىمان ھاياجىنىدا ياشىتىدىغان، نەپسىنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتقۇزۇپ، روھىنى يۈكسەلدۈرىدىغان

«سىلەرنىڭ مەندىن كېيىن تەكرار مۇشرىكلىككە قايتىشىڭلاردىن غەم يېمەيمەن. ئەمما سىلەرنىڭ مال ـ دۇنيا تېپىش ئۈچۈن بىر ـ بىرىڭلار بىلەن رىقابەتلىشىپ، جەڭگى ـ جېدەل قىلىشىڭلاردىن غەم يەيمەن.»

(بۇخارى، «جەنائىز»، 17)

خىسلەت پەقەتلا مەرھەمەتتۇر. مەرھەمەتنىڭ مېۋىلىرى مەرتلىك، كەمتەرلىك، خىزمەت، ئەپۇچانلىق ۋە ھەسەتتىن قۇتۇلۇشتىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەنبەسى ئىماندۇر.

نەپسانىي مەنپەئەت غېمىدىن يىراق ھەر سەممىي خىزمەت نەپسىدىن ھالقىپ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدە ئىنسان ۋە مەخلۇقاتقا قىلىنسا بەندىنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدۇ. مەخلۇقاتقا خىزمەت بىلەن قەلبىمىزدىكى ئۈمىد ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ ۋە ۋۇسلات بولۇش ئىمكانىمىز كۆپىيىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا سۆز ـ ھەرىكەتلىرىمىزدە كۆرۈلگەن بۇنداق نەپسانىي مەيىل ۋە سۈپەتلەر دۇنياغا كېلىشىمىزنىڭ تۈپ غايىسىغا سايە تاشلايدىغان خەتەرلىك ھالەتكە كېلىدۇ.

خۇلاسىلىساق، ئىمان ۋە بۇنىڭ نەتىجىسى بولغان گۈزەل ھەرىكەتلەرنىڭ توپلىمى سائادەتنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇڭا، سالىھ مۇئمىنلار ئەقلى ۋە كۆڭلىنى ھەقتائالاغا قارىتىپ، ئەزالىرىنى ياخشى، پايدىلىق ئىشلارغا ئايرىپ، ئۆمرىنى سالىھ ئەمەللەر بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. بۇ ئىشلاردىن كېيىن ھەزرىتى مەۋلانانىڭ:

«ئۇ كۆرۈمسىز ئادەمگە خوشخەۋەرلەر بولسۇنكى، گۈزەللەر گۈزەللىكگە رام بولۇپتۇ! ئۇ چىرايلىق ئادەمنىڭ ھالىغا ۋايكى، قىشقا ئوخشاش تاش يۈرەك ئادەمگە دوست بولۇپتۇ!» دېگىنىدەك، ھالەتكە كېلىدۇ.

بۇ سەۋەپتىن خىزمەت ئەھلى قىلماقچى بولغان ئىشنى قانداق قىلسا، ئەڭ گۈزەل قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىشى كېرەك. ھەدىستە بايان قىلىنغان يەنە بىر نوقتا شۇكى، قىلىنغان خىزمەتلەر ئېھسان ئىدراكىدا يەنى ئاللاھنىڭ ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقانلىق ھېس ـ تۇيغۇسىدا قىلىنغاندا ئىلاھىي مۇھەببەتنى جەلپ قىلىدۇ.

كەلگىن، تونۇشۇپ قالايلى،
ئىشنى ئاسانلاشتۇرايلى،
ياخشى كۆرەيلى ۋە ياخشى كۆرۈلەيلى،
دۇنيا ھېچكىمگە قالمايدۇ.

ـ يۇنۇس ئەمرە





ئاللاھىم! ئىككى دۇنيايىمىزنى ئىسلامنىڭ گۈزەللىكى بىلەن ئەزىز قىلغىن! دۆلىتىمىز، ئىسلام ئالەمى ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى ھەر تۈرلۈك پىتنە ـ پاساتلاردىن يىراق قىلغىن، ئامىن!

«ئەپۇنى دوست تۇتقىن، ياخشىلىققا (يەنى ياخشى سۆز قىلىشقا، ياخشى ئىش قىلىشقا) بۇيرىغىن، نادانلارنىڭ قىلغىنىنى قىلماي، ئۇلارغا مۇلايىم بولغىن.)»

(ئەئراف سۈرىسى، 199 ـ ئايەت)



## خىزمەتتە ھىدايەت ۋە رەھمەت مېتودى

خىزمەت ماھىيىتىدىكى بىر ئىش، ئىلاھىي رىزاغا مۇۋاپىق بولۇشى ئۈچۈن بىر قىسىم سۈپەتلەرگە ئىگە بولۇشى كېرەك. بۇلارنىڭ بېشىدا نىيەت ئاللاھنىڭ رىزاسى بولۇشى لازىم. «ئاجايىپ خەيرى-ساخاۋەتچى ئادەمكەن» دېگۈزۈش ۋە بۇنىڭدىن نەپسكە كەلگەن مەغرۇرلىنىش ھېس-تۇيغۇسى خىزمەتنىڭ غايىسى بولماسلىقى كېرەك. بۇنداق نەپسانى ھېس-تۇيغۇلار بىلەن ئۇ مۇقەددەس غايە كىرلەنسە بولمايدۇ. خىزمەت مەرھەمەت ۋە نازاكەت مېتودى بىلەن قىلىنىشى، خىزمەت قىلىنغان ئىنساننىڭ رەنجىپ قالماسلىقىغا ئالاھىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىلىشى كېرەك.

بۇھەقتە ئەرزۇرۇملۇق ئىبراھىم ھەققى ھەزرەتلىرىگە ئائىت بولغان شۇ قىسسە ناھايىتى ئىبرەتلىك.

ئىبراھىم ھەققى ھەزرەتلىرى رامىزاندا خەلققە ۋەز-نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن ئەرزۇرۇمنىڭ بىر يېزىسىغا تەكلىپ قىلىنغان. ئۇنى تەبلىغ قىلىشقا ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن بىر ئات ۋە بىر نەپەر غەيرى مۇسلىم خىزمەتكار ئەۋەتىلگەن. بۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم ھەققى ھەزرەتلىرى غەيرى مۇسلىمنىڭ ھەمراھلىقىدا يولغا چىققان. مىندىغان ئات بىر دانە بولغانلىقى ئۈچۈن ئىبراھىم ھەققى ھەزرەتلىرى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قۇددۇسقا بارغاندا، قۇلى بىلەن نۆۋەتلىشىپ تۆگىگە مىنگەنلىكى ھەققىدىكى گۈزەل ئەخلاقىنى تەتبىق قىلغان. غەيرى مۇسلىم خىزمەتچى بۇ ئىشقا ھەيران بولۇپ، قاتتىق تۇرۇۋېلىپ:

- يېزىدىكىلەر بۇ ئەھۋالنى ئاڭلىسا مېنى تىللايدۇ، مېنىڭ ئىش ھەققىمنىمۇ بەرمەيدۇ.- دەپ ئېتىراز قىلغان. ھەزرەت:

- ئوغلۇم! ئاخىرقى نەپەسىمىزدە ھالىمىزنىڭ نېمە بولىدىغانلىقى مەلۇم ئەمەس، سەن يېزىدىكىلەرنىڭ ساڭا ئازار بېرىشىدىن

«يا ئەلى! بىر كىشىنىڭ سېنىڭ ۋاستەڭ بىلەن ھىدايەتكە ئېرىششى، سېنىڭ ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك دۇنيا نېمىتى بولغان، قىزىل تۆگىلەرگە ئىگە بولۇشتىن تېخىمۇ ئەۋزەل.»

(بۇخارى، «جىھاد»، 143)



قورقۇۋاتىسەن، مەن ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا بېرىلىدىغان بۈيۈك ھېسابتىن قورقىمەن. - دەپ، ئاتقا نۆۋەتلىشىپ مىنىدىغانلىقنى ئېيتقان.

ئىلاھىي ھېكمەتكە بىنائەن يېزىغا يېقىنلىشىپ قالغاندا، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مىسالىدىكىدەك، ئاتقا مىنىش نۆۋىتى خىزمەتچىگە كەلگەن. يېزىدىكىلەردىن قورققان خىزمەتچى ھەققىدىن ۋاز كەچكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئاتقا ھەزرەتىنىڭ مىنىشىنى تەلەپ قىلغاندا، ھەزرەت:

- نۆۋەت سېنىڭكى. - دەپ، ئاتنىڭ ئالدىدا ماڭغان. خەلق بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، دەرھال خىزمەتچىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

- ۋۇ كۇسپۇرۇچ، ياش تۇرۇپ، شۇ ئاقساقاللىق ئۇستازنى يەردە ماڭغۇزدۇڭمۇ؟ سېنىڭ ساداقىتىڭ بۇمۇ؟ بىز ساڭا مۇشۇنداق قىل دەپ ئۆگەتتۇقمۇ؟ - دەپ، ئەيىپلەشكە باشلىغان.

ئىبراھىم ھەققى ھەزرەتلىرىنىڭ ئەھۋالنى بايان قىلىشى بىلەن ئەيىپلەش توختىغان. ئۇ ۋاقىتتا يېزىدىكىلەردىن بىرسى خىزمەتچىگە:

- قارا! بۇ قەدەر پەزىلەتنى كۆردۈڭ! كاشكى مۇسۇلمان بولساڭچۇ!- دېگەن. خىزمەتچى بىر نەچچە مىنۇتلۇق سۈكۈتتىن كېيىن:

- ئەگەر سىلەرنىڭ دىنىڭلارغا دەۋەت قىلساڭلار ئەسلا كىرمەيمەن. ئەمما شۇ مۇبارەك زاتنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلساڭلار، ئۇ دىنغا يولدىكى ۋاقتىمدىلا ئىمان ئېيتتىم. - دېگەن.

كۆڭلى شەپقەت بىلەن تولغان بىر مۇتتەقىدىكى بۇ ئەخلاق ھىدايەت ۋە رەھمەت مېتودىدۇر. ئىنسانغا ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ ئۆزىگە قاراپ ئېتىبار كۆرسىتىش، بىر مەنادا يارىتىلغۇچىلارغا ياراتقۇچىنىڭ نەزىرى بىلەن قاراشتۇر. شۇڭا، سالىھ كۆڭۈللەر ئىنسانلارغا ئاللاھنىڭ يەر-زېمىندىكى «خەلىپىسى» چۈشەنچىسى بىلەن نەزەر تاشلايدۇ. يەنە ئۇلارغا ئىلاھىي بىر سىر (ئاللاھ تەرىپىدىن جان)

«خىزمەت قىلىشۋاتقانلار ئاستىغا مىنا كۆمۈلگەن يەردە دىققەت بىلەن ماڭغانغا ئوخشاش، سۆز-ھەرىكىتىدە نازاكەتكە دىققەت قىلىشى كېرەك.»



كىرگۈزۈلگەنلىك[20] ئېڭى بىلەن يېقىنلىشىدۇ. ئۇلار گۇناھ پاتقىقىغا قانچىلىك پېتىپ كەتكەن بولسىمۇ، ماھىيىتىدىكى مۇكەممەللىككە قاراپ گۇناھكارلارغا ئارقىسىنى قىلمايدۇ. ئۇ سالىھ زاتلار ئىنسانلاردىن ئاسانلىقچە ئۈمىدىنى ئۈزمەيدۇ، ئەكسىچە ئۈمىدۋار بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىك ئىنكار قىلىنمايدىغان ئەقلى ۋە ھېسسى ھەقىقەتتۇر. چۈنكى ئاللاھ قۇرئانى-كەرىمدە بىزگە ئەڭ كۆپ «راھمان» ۋە «رەھىم» ئىسمىنى بايان قىلغان، ھەتتا پۈتكۈل مەخلۇقاتقا مەرھەمەت قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان «راھمان» ئىسمى-شەرىپىنى بىلدۈرىدىغان بىر سۈرە نازىل قىلىپ، بۇ سۈرىنىڭ تۇنجى ئايىتىنى بۇ ئىسمى بىلەن باشلىغان.

شۇڭا، ئىنسانغا بۇ كۆڭۈل دېرىزىسىدىن يەنى ھىدايەت ۋە رەھمەت مېتودى نوقتىئىنەزىرىدىن يېقىنلىشىش، ئىلاھىي رىزاغا ئەڭ مۇۋاپىق، نەتىجە جەھەتتىمۇ ناھايىتى بەرىكەتلىكتۇر. يەنە ئىنساندا مەۋجۇت بولغان مۇقەددەس ھېسلارنى ياشارتىدىغان بىر خۇسۇسىيەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى بۇ مېتود تەتبىق قىلغۇچى ھەمدە تەتبىق قىلىنغۇچىغا ئايرىم بىر گۈزەللىك، مۇھەببەت ۋە ھەققە رام قىلىدىغان خىسلەتلەرنى بېغىشلايدۇ. بۇ مېتود يۇنۇسلارنى يۇنۇس، مەۋلانالارنى مەۋلانا قىلغان شىپالىق قۇۋۋەت ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئۆلۈۋاتقان كېسەل روھلارغا نىسبەتەن ئابى ھاياتتۇر.

بۇ سەۋەپتىن تەبلىغدە ئۇنىڭغا ئائىت مېتودنىڭ ئىشلىتىلىشى ھەر ۋاقىت بۈيۈك ئەھمىيەتكە ئىگە. ئاناتولىيەنىڭ ئىجتىمائىي نىزامىنىڭ موڭغۇل ئىشغالىيىتى بىلەن بۇزۇلغان ۋاقىتلىرىدا يېتىشكەن مەۋلانا، يۇنۇس ئەمرە ھەزرەتلىرىگە ئوخشاش بۈيۈك مۇتەسەۋۋۇپلار تىنچلىق، خاتىرجەملىك بولاقلىرى بولۇپ، چۈشكۈن روھلار، قانىغان يارىلار، بىتاپ كۆڭۈللەرگە شىپا بولغان. ئۇلار غاپىل كىشىلەرنى قۇتقۇزۇلۇشنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان بىرەر كېسەل دەپ قاراپ، ئۇلارغا

«بىر نەرسە تويلاۋاتقان چۈمۈلە بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئازار بەرمە. چۈنكى ئۇنىڭ جېنى بار، جان تاتلىقتۇر.» (سەندە بار جان ئۇنىڭدىمۇ بار.)

- شەيخ سەئىد

20. ھىجرى سۈرىسى، 29-ئايەتكە قاراڭ.

شەپقەت بىلەن مۇئامىلە قىلغان. بۇ ھەقتە يۇنۇس:

مەن كەلمىدىم دەۋا ئۈچۈن،
مېنىڭ ئىشىم سۆيگۈ ئۈچۈن.
دوستنىڭ ئۆيى كۆڭۈللەردۇر،
كۆڭۈل ئېلىشقا كەلدىم.

دەپ، ناھايىتى گۈزەل شېئىرلار يازغان.

بۇ بۈيۈك زاتلار كۆڭۈل ئېلىشقا كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئىنسانلارغا كۆڭۈل دېرىزىسىدىن قاراپ، ئەتراپىغا شەپقەت، مەرھەمەت تارقىتىپ، كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ھىدايىتىگە ۋەسىلە بولغان. ئەگەر بۇلار بۇ گۈزەل خىسلەتنىڭ ئەكسىچە ھەرىكەت قىلغان بولسا ئىدى، نەتىجىدە، ئوتتۇرىدا ھاڭ بولغان ئىنسانلار بىلەن مۇناسىۋەت ئۈزۈلۈپ، بۇ خىل ئىنسانلارغا ھەقنى تەبلىغ قىلىش ئىمكانى قالمىغان بولاتتى. بۇ ئەھۋال ئىلاھىي غايىگە زىتتى. چۈنكى جانابى ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ چۈشكەن پاتقاقتىن قۇتۇلۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانىيەتكە تارىخ بويىچە مىڭلارچە پەيغەمبەر ئەۋەتىلىپ، ئۇلارغا گۈزەل مېتودتا كۆڭۈللەرنى تەربىيىلەشنى ئەمر قىلغان. يەنە ئەينى غايىگە ئىگە بولغان پەيغەمبەر ۋارىسلىرىمۇ ئۇلارنىڭ مەنىۋى تەربىيەسىدە بۇ نەبەۋى مېتودنى داۋاملاشتۇرغان.

مەرھەمەتنىڭ مەنبەسى بولغان رەببىمىز بەندىلىرىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشتا قوللىنىدىغان تەسىرلىك مېتودنى قۇرئانى كەرىمدە مۇنداق بايان قىلغان:

**«پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا (يەنى ئىسلام دىنىغا) ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز-نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن، ئۇلار (يەنى مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلار) بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن، پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ئۇنىڭ يولىدىن ئازغانلارنى ئوبدان بىلىدۇ، ھىدايەت تاپقۇچىلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ.»**
(نەھل سۈرىسى، 125-ئايەت)



يارىتىلغانلارنى ياخشى كۆر،
يارىتقۇچىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن.

- يۇنۇس ئەمرە



**«ئاللاھقا (يەنى ئاللاھنىڭ تەۋھىدىگە ۋە تائىتىگە دەۋەت قىلغان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە «مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىنمەن» دېگەن كىشىدىنمۇ ياخشى سۆزلۈك ئادەم بارمۇ؟ ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ، ياخشى خىسلەت ئارقىلىق (يامان خىسلەتكە) تاقابىل تۇرغىن، (شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ.»** (فۇسسىلەت سۈرىسى 33-34-ئايەت)

بۇ ئىلاھىي مېتودنىڭ تەتبىقى نەتىجىسىدە، تارىختا تىكەنلەشكەن روھلار گۈلگە ئايلىنىپ، زىندانغا ئوخشاش كۆڭۈللەر نۇرغا چۆمگەن.

بۇ ھەقىقەتتىن ئىلھام ئالغان ھەزرىتى مەۋلانا ئىمانسىز، گۇناھكار ئىنسانلارنى توغرا يولغا چاقىرىشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە بۇ جەھەتتىكى مېتودنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

«قاپقارا ۋە دات بېسىپ كەتكەن بىر تۆمۈر سۈرتۈلۈپ پاقىرىتىلغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭدىكى دات يۇقايدۇ. بىر ئەينەك تۆمۈردىن ياسالغان بولسىمۇ پاقىرىتىلغاندىلا يۈزى پاقىراپ، گۈزەللىشىدۇ، ئۇ يەردە شەكىل ۋە سۈرەتلەر كۆرۈنىدۇ.

«كۆڭۈل شەھرىنىڭ سۈيىنى لېيىتمىساڭ، ئۇ يەردە ئاي-يۇلتۇزلارنى ھەرىكەت قىلىۋاتقان ھالەتتە كۆرىسەن. چۈنكى ئىنسانلار دەريانىڭ سۈيىگە ئوخشايدۇ، سۇ لېيىتىلغاندا ئۇ يەردە ھېچ بىر نەرسە كۆرۈنمەيدۇ.»

مەۋلانانىڭ دېگىنىدەك، ئىنساننىڭ كۆڭلى سۈپ-سۈزۈك سۇغا ئوخشايدۇ. ئەمما ئەخلاقسىز ۋە گۇناھ ئىشلار قىلىنغاندا، بىر نەرسە كۆرۈنمەس بولىدۇ. بۇ ئەھۋالدا مەنىۋىيات ۋە ھەقىقەت نۇرلىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن، ئۇ سۇنى سۈزۈك ھالەتكە كەلتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ سەۋەپتىن ئىسلامنىڭ غايىسى نەپسانى ھېس-تۇيغۇلارنى تەربىيەلەپ، شەخس ۋە جەمئىيەتنى باياشاتلىققا ئىگە

«خىزمەت ئەھلى، يۈرىكى يېتىپ بارغانلىكى ھەر يەردىن مەسئۇلدۇر»



قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. چۈنكى، جانابى ئاللاھ ئىنساننى نازۇك، ۋە مۇقەددەس سۈپەتلەر بىلەن بېزىگەن. ئىنساننىڭ ئەسلى قىممىتى بۇ خىسلەتلەرنى قەلب دۇنياسىدا ياشارتىپ، تەرەققى قىلدۇرۇشقا باغلىقتۇر. روھانىيەتكە تولغان قەلبلەر گۈزەل ئەخلاق، سالىھ ئەمەل ۋە مەنىۋي ھالەتلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىش ماكانىدۇر. بەندە بۇ شەكىلدە ئەڭ گۈزەل سۈرەتتە يەنى «ئەھسەنى تەقۋىم» قىلىپ يارىتىلغانلىقىنىڭ مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ.

بۇ سەۋەپتىن گۇناھلاردا قانچىلىك چوڭقۇرلاپ كىرىپ كەتكەن بولسىمۇ ھەر قانداق ئىنساننىڭ ھىدايەت دەۋتىدىن مەھرۇم قىلىنىشىغا يول قويۇلمايدۇ. بۇنىڭ ئەسرى سائادەتتىكى سان-ساناقسىز مىساللىرىدىن بىرسى مۇنداق:

ئاللاھ رەسۇلى تاغىسى ھەمزىنى شېھىد قىلىپ، قاتتىق غەم-قايغۇغا سالغان ۋەھشىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئەسھابىدىن بىرىنى ئەۋەتتى. ۋەھشى رەسۇلۇللاھقا قارىتا:

**«ئۇلار ئاللاھقا ئىككىنچى بىر مەبۇدنى شېرىك قىلمايدۇ، ئاللاھ ھارام قىلغان ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشىنى قىلمايدۇ، زىنا قىلمايدۇ، كىمكى بۇ (گۇناھلار)نى قىلىدىكەن، (ئاخىرەتتە) ئۇ جازاغا ئۇچرايدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ ئازاب قىلىنىدۇ، ئۇ مەڭگۈ ئازاب ئىچىدە خارلانغان ھالدا قالىدۇ.»**

(فۇرقان سۈرىسى، 68-69-ئايەت) دېگەن ئاللاھنىڭ ھۆكمى بار تۇرۇپ، نېمىشقا مېنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىسەن؟ مەن بۇ گۇناھلارنىڭ ھەممىسىنى قىلدىم. مەن ئۈچۈن بىر قۇتۇلۇش يولى قالدىمۇ؟ دەپ سورىدى. بۇنىڭغا ئاساسەن ئاللاھتائالا:

قُلْ يَا عِبَادِيَ الَّذِيْنَ أَسْرَفُوا عَلٰى أَنْفُسِهِمْ لَا تَقْنَطُوا مِنْ رَحْمَةِ اللّٰهِ
إِنَّ اللّٰهَ يَغْفِرُ الذُّنُوبَ جَمِيْعًا إِنَّهُ هُوَ الْغَفُورُ الرَّحِيْمُ

**«(ئى مۇھەممەد! مېنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى، «(گۇناھلارنى**

«ئاغىينە! ئالىجاناپ ۋە سالىھ ئىنسانلارنىڭ يولىنى تۇت. سەن تىنك تۇرۇۋاتسەن، يىقىلغان ئىنساننى ئورنىدىن تۇرغۇزۇش ئۈچۈن قولىنى تۇت، ياخشىلىق قىلىشقا تىرىش. ئاللاھ دوستلىرى بىر كىم كىرمىگەن دۇكاندىن ئېلىم-سېتىم قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ.»

- شەيخ سەئىد



**قىلىۋېرىپ) ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم! ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن (خالىغان ئادەمنىڭ) جىمى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.»** (زۇمەر سۈرىسى، 53-ئايەت) دېگەن ئايىتىنى نازىل قىلدى. ۋەھشى ئاخىرىدا ئايەتتىكى خوشخەۋەر بىلەن راھەتلەپ:

- رەھمىتىڭ نېمە دېگەن بۈيۈك يا رەببىم! - دەپ، سەممىي تەۋبە قىلىپ، دوستلىرى بىلەن بىرلىكتە مۇسۇلمان بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىكى ساھابىلەر:

-يا رەسۇلۇللاھ، بۇ مەغپىرەت پەقەتلا ۋەھشى ئۈچۈنمۇ؟ - دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- پۈتكۈل مۇسۇلمانلار ئۈچۈن - دەپ جاۋاب بەردى.

ھەزرىتى ھەمزىنى ئۇھۇد ئۇرۇشىدا شېھىد قىلغان ۋەھشى، ھازىر ۋەھشى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئايلاندى. بۇ ھىدايەت ۋە مەغپىرەتنىڭ مەنىۋىي خۇشاللىقىدا ئۆزىنى ئەپۇ قىلدۇرۇش ئۈچۈن ھەزرىتى ھەمزىنىڭ دىيىتىگە تەڭ كېلىدىغان پەيغەمبەر دەۋاسى قىلغان مۇسەيلىمەتۇل كەززاپنى بىر ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈپ، بۈيۈك بىر پىتنىنى يۇقاتتى.

سەممىي تەۋبىگە ئىنتىلگەن كۆڭۈللەر، بۇ رىۋايەتتە بايان قىلىنغان، ھەقىقىي مەنادىكى مەرھەمەتنىڭ تەسىرلىك نەغمىلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان. ئىنسانىيەت تەسەللى ۋە خۇشاللىق ئاتا قىلىدىغان سۆزلەرنى ئۇنىڭ مۇبارەك ئېغىزىدىن ئاڭلىغان. ئوكياندەك بىپايان ئەپۇ، مەرتلىك دېڭىزى ۋە ئۇنىڭ ئۈمىد ساھىلىنى يەنە «مەۋجۇدات نۇرى»نىڭ كەرىمى بىلەن كۆرگەن. قانچىلىغان گۇناھى بولىشىغا قارىماي: «ئەي مېنىڭ بەندىلىرىم» شەكلىدىكى شەپقەتلىك ئىلاھىي خىتاپقا نائىل بولغان.

بۇ جەھەتتىن ئاللاھنىڭ رەھمەت، مەغپىرىتىنى ئالدىنقى پىلاندا تۇتۇپ، ئۈمىد بېغىشلايدىغان ئۇسلۇب بىلەن تەبلىغ قىلىش

«ئەي دۇنياغا
تىكەن ئۇرۇقى
چاچقان كىشى!
ھۇشۇڭنى تاپ.
سەن تېرىغان
تىكەننى
ھەرگىز بۇلبۇللار
سايراۋاتقان گۈل
باغچىسىدىن
ئىزدىمە.
ئۆزەڭنىڭ
خاتالىقىنى
گۈلىستانغا
ئارتما.»

-ھەزرىتى مەۋلانا



دەۋرىمىزدە ماتېرىيالىست قاراشلار بىلەن غەرپكە ئوخشاش مەنىۋى بوھران ئىچىدە قالغان جەمىيىتىمىز ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە مۇھىمدۇر. ئىنسانلارنى ئەقىل جىددىلىكە ئىتتىرىش بىلەن ئەمەس، ھېسسى يول بىلەن يېتىمىزغا تارتىش تېخىمۇ پايدىلىقتۇر. چۈنكى بىر قىسىم كىشىلەر ئەقلى جەھەتتىن خاتا شەرتلەندۈرۈلگەن بولىشى مۇمكىن. «جېدەل» ۋە «مۇنازىرە» بىلەن قايىل قىلىش، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ياخشى نەتىجە بەرمەيدۇ. چۈنكى سەلبى شەرتلىنىش ئەقلىي دەلىللەرنى قوبۇل قىلىشقا توسالغۇ بولىدۇ. قەلبىنىڭ ھەقىقەت بىلەن دوست بولىشى ئۈچۈن ئالدى بىلەن مۇھەببەت بىلەن يېقىنلىشىپ، كۆڭۈلدىكى ھېس-تۇيغۇلارنى ئويغىتىشقا تىرىشىش تېخىمۇ پايدىلىق مېتودتۇر.

❁

دىنىنىڭ ئەمىرلىرنى ئىجرا قىلىشتىن ئىلگىرى، گۇناھقا پاتقان بىر ئىنساننى ئەيىپلىمەي، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشقا تىرىشىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن شەخسىي يېقىنلىق ۋە تەۋسىيە تەسىر قىلالايدىغان شارائىتنى يېتىلدۈرىدىغان مۇھەببەتلىك بىر ئالاقە تەسىس قىلىش لازىم. قارشى تەرەپنىڭ قەلبى تەييار ھالەتكە كەلگەندىن كېيىن خاتالىقلار ئاستا-ئاستا تۈزىتىلىسمۇ بولىدۇ. يەنە ماددىي-مەنىۋي ئىكرام ۋە ھەدىيەلەرنىڭ قارشى تەرەپتە كۆرسىتىدىغان تەسىرلىرىنىڭمۇ بەرىكەتلىك بولىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىدا تۇتۇش كېرەك. بۇ جەھەتتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ گۇناھ تۇمانلىرى بىلەن تولغان كۆڭۈللەرگە ساماۋى دېرىزە ئېچىپ، يېگى ھاۋا سۇنۇپ:

«شاپائىتىم ئۈممىتىمنىڭ ئىچىدىن بۈيۈك گۇناھ قىلغۇچىلار ئۈچۈن.» (ئەبۇ داۋۇد، «سۈننەت»، 20) دېگەن سۆزىدىكى ئىنچىكىلىككە دىققەت قىلىش كېرەك.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گۇناھلارغا بولغان پوزىتسىيىسنى

گۈل تەبىئەتلىك بولۇش ناھايىتى مۇھىم. يەنى بۇ دۇنيا باغچىسىدا تىكەننى كۆرۈپ، تىكەنلىشىشنىڭ ئورنىغا، ئوتتۇرىغا قىشقا ئوخشاش دەرتلەر كىرسىمۇ ئۇلارنى باھار ئىقلىمى بىلەن قۇچاغلاپ، پۈتۈن ئالەمگە گۈل بولۇش لازىم.



هەزرىتى مەۋلانا مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

«دورا ساقايتىش ئۈچۈن كېسەل ۋە يارىدار كىشىلەرنى ئىزدەيدۇ. قەيەردە بىر دەرت بولسا، داۋا ئۇ يەرگە بارىدۇ. قەيەر پەس ۋە چوڭقۇر بولسا، سۇ شۇ يەرگە ئاقىدۇ. ساڭا مەرھەمەت سۈيى لازىم بولسا سەنمۇ شۇنداق قىل.» دورا ۋە مەرھەمەتنىڭ تەسىر قىلىشى ئۈچۈن ئالدى بىلەن يارىنىڭ مىكروپلاردىن تازىلىنىشى لازىم. بۇ كېسەل كۆڭۈللەرنىڭ گۇناھ مىكروبىدىن پاكىزلىنىشى، يەنى تەۋبە سۈيى بىلەن يۇيۇلۇشى دېگەنلىكتۇر. دورا يەنى شاپائەت بۇنىڭدىن كېيىن ئەمەلگە ئاشىدۇ. بىر ھەدىستە ئاللاھ رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ:

«گۇناھلىرىغا نادامەت بىلەن تەۋبە قىلغان كىشى ھېچ گۇناھ قىلمىغان كىشىدەك بولىدۇ.» (ئىبنى ماجە، «زۇھد»، 30) دېگەن بايانى بىر تەرەپتىن خوشخەۋەرنى بىلدۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ خوشخەۋەرنىڭ شەرتىنى ئىپادىلەيدىغان ماھىيەتتىكى مۇھەببەتنىڭ ئالامىتىدۇر.

بۇ ئۆلچەم ئاساسىدا ھىدايەت، رەھمەت ئۇسلۇبىدىكى ئىنچىكىلىككە بارلىق پەيغەمبەرلەر رىئايە قىلغاندەك، ئۇلارنىڭ ئىزىدىن ماڭغان پەيغەمبەر ۋارىسلىرىمۇ رىئايە قىلغان. بۇنىڭغا بىنائەن، ئىماننىڭ تۇنجى مېۋىسى مەرھەمەت دەپ ئىپادىلەنگەن. ئىبادەت قىسقىچە شۇ ئىككى ئۆلچەم ئاساسىدا تەبىر قىلىنغان:

A. «تازىمى لىئەمرىللاھ» يەنى ئاللاھنىڭ ئەمرلىرىنى ئېھتىرام بىلەن ئورۇنلاش.

B. «شەپقەتى لىخەلقىللاھ» يەنى ياراتقۇچىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن يارىتىلغۇچىلارغا شەپقەت كۆرسىتىش.

پەيغەمبەر ۋارىسلىرىدىن فۇدايىل ئىبنى ئىيازنىڭ ئەھۋالى بۇ ئۆلچەمدە ياشىغان مۇئمىن كۆڭۈللەرگە ئۆرنەكتۇر:

خەلق فۇدايىل ئىبنى ئىيازنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

- نېمىشقا يىغلايسىز؟ - دەپ سورىغاندا، فۇدايىل:

«باھار مەۋسۇمىدا تاش ئۈنۈپ چىقامدۇ؟ تۇپراق بولغىنكى، سەندە رەڭگارەڭ گۈل-چېچەكلەر ئېچىلسۇن.»

- ھەزرىتى مەۋلانا



- ماڭا زۇلۇم قىلغان بىر مۇسۇلمانغا ئىچىم ئاغرىپ يىغلاۋاتىمەن. ئۇنىڭ قىيامەت كۈنى رەسۋا بولىشىدىن غەم قىلىۋاتىمەن. - دەپ جاۋاب بەرگەن.

بۇ كامىل ئىنسانلارنى مۇشۇنداق مەرھەمەتكە ئىگە قىلغان روھنى مەۋلانا مۇنداق ئىزاھلىغان:

«رەھمەت دېڭىزى شاۋقۇنلىسا، تاشلارمۇ ئابى ھايات ئىچىدۇ، يۈز يىللىق ئۆلۈم مازىرىدىن چىقىدۇ، شەيتان روھلۇق قارا يۈزلەر ھۆرلەر كۆنلەيدىغان گۈزەل پەرىشتە بولىدۇ.»

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىبراھىم ئىبنى ئەتھەم بىر مەستىنىڭ سېسىق پۇرايدىغان ئېغىزىنى يۇغاندا، خەلق بۇنى نېمە ئۈچۈن قىلغانلىقىنى سورىغان. ئىبراھىم ئىبنى ئەتھەم:

- ئەگەر ئاللاھنىڭ ئىسمىنى زىكىر قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغان ئېغىزنى پاسكىنا قويۇپ قويسام ھۆرمەتسىزلىك بولاتتى. - دەپ جاۋاب بەرگەن. مەست ھوشىغا كەلگەندە، بۇ يەردىكى كىشىلەر:

- خۇراسان زاھىدى ئىبراھىم ئىبنى ئەتھەم سېنىڭ ئېغىزىڭنى يۇدى. - دېگەن. بۇ ئەھۋالدىن قاتتىق خىجىل بولغان ھاراقكەشنىڭ كۆڭلى ئويغۇنۇپ:

- ئۇنداق بولسا، مەنمۇ تەۋبە قىلدىم.- دېگەن.

بۇنداق بىر ھادىسىگە ۋەسلە بولغان ئىبراھىم ئەتھەمگە چۈشىدە جانابى ئاللاھ تەرىپىدىن مۇنداق دېيىلگەن:

«سەن بىز ئۈچۈن ئۇنىڭ ئېغىزىنى يۇدۇڭ، بىزمۇ سېنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ قەلبىنى يۇدۇق.»

ئاللاھتائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ شەخسىيىتى ئارقىلىق ئۈممىتىگە:

خُذِ الْعَفْوَ وَأْمُرْ بِالْعُرْفِ

**«سەن داۋاملىق ئەپۇنى دوست تۇتقىن ۋە ياخشىلىقنى**

«كۆز پەسلىدە گۈل شېخىنى ئۈزمىگىنكى، باھاردا ئۇنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىدىن مەھرۇم قالمىغىن.»

- شەيخ سەئىد



**بۇيرىغىن.»** (ئەئراپ سۈرىسى، 199 ـ ئايەت) دېگەن.

بۇ ئەمرنى تەتبىقلاش جەھەتتە شۈبھىسىزكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىز ئۈچۈن ئەڭ گۈزەل ئۆرنەكتۇر. ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاقى ۋە ئەپۇچانلىقى پەرىشتىلەرنىمۇ ھەيران قالدۇرىدىغان، ئېرىشكىلى بولمايدىغان ئۇلۇغلۇقتۇر. بۇلاردىن بىرسى مۇنداق:

مەككە فەتىھ قىلىنغان كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئومۇمي كەچۈرۈم ۋە ئامانلىق ئېلان قىلدى. يىللاردىن بېرى زۇلۇم ۋە دۈشمەنلىكتىن باشقا بىر نەرسىگە شاھىت بولمىغان مەككە ئۇ كۈنى كۆرسىتىلگەن كەچۈرۈم تەنتەنىسى بىلەن تەرىپلىگۈسىز خۇشاللىققا چۆمدى. لېكىن مەككىلىك فۇدالە ئىسىملىك بىرى، بۇ گۈزەللىككە سايە چۈشۈرۈش نىيىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن يېنىغا يېقىنلاشتى. ئۇنىڭ نىيىتىنى مەنەن بىلگەن ئاللاھ رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئالاقزادە بولماي شەپقەت قاناتلىرىنى ئېچىپ:

ـ سەن فۇدالەمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. فۇدالە:

ـ ھەئە، مەن. ـ دەپ جاۋاب بەردى. بۇنىڭ كەينىدىن ئۇ رەھمەتەن لىلئالەمىن (ئىككى دۇنياغا رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر):

ـ ئەي فۇدالە! كاللاڭدا ئويلاۋاتقان نەرسىدىن تەۋبە قىلغىن.

ـ دېدى ۋە مۇبارەك قولىنى ئۇنىڭ كۆكسىگە قويدى.

بۇنىڭ بىلەن ئۇ ۋاقىتتا زېھنىدە ئۆلتۈرۈشنى پىلانلاۋاتقان فۇدالەنىڭ قەلبى ئىمان نۇرى بىلەن تولدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئۈچۈن يارىتىلغانلارنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكى بولدى.[21]

شۈبھىسىزكى، بۇ ئەھۋال «سېنى ئۆلتۈرگىلى كەلگەن، سەندە تىرىلسۇن» مەنىسىدە ئىپادىلەنگەن يۈكسەك پەزىلەت بولۇپ،

21. ئىبنى ھىشام، «ئەس سىرە»، 4 ـ جىلد، 46؛ ئىبنى كەسىر، «ئەس سىرە»، 3 ـ جىلد، 583.

«خىزمەت ئەھلى ھەر مەۋجۇداتنىڭ ياردىمىگە يۈگرەيدۇ، گۇناھكارغىمۇ مەرھەمەت قىلىدۇ. ئۇلارغا يىلاننىڭ زەھەر چاچىدىغان تىلى بىلەن ئەمەس، رەھمەت لىسانى (تىلى) بىلەن يېقىنلىشىپ، كۆڭلىنى فەتھى قىلىدۇ.»



ئىسلام تارىخى بۇنىڭغا ئوخشاش، ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز مىساللار بىلەن تولغان. باشتا ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە كۆپلىگەن كىشىلەر بۇ گۈزەل ئۇسلۇبنىڭ قىممەتلىك بىرەر مېۋىلىرى بولغان.

بۇ ھەقتە ھەزرىتى مەۋلانا:

«ئاللاھنىڭ مەرھەمىتىنىڭ كامالى ۋە سېخىلىق دەرياسىنىڭ شاۋقۇنلىنىشى نەتىجىسىدە ھەر قۇرغاق يەرگە يامغۇر ياغىدۇ، ھەر سۇسىز يەر سۇغا قانىدۇ.»

«ئەي ھىدايەتكە چاقىرغۇچى! بىلىشىڭ كېرەككى، كۆزى كەمنىڭ دورىسى ياخشى كۆزدۇر! ياخشى كۆز ۋە گۈزەل قاراش كەم كۆزنى ئايىغىنىڭ ئاستىدا ئېزىپ يۇقۇتىدۇ. ياخش كۆز ۋە پاكىز نەزەر ئاللاھنىڭ رەھمىتىنىڭ غەزىپىدىن ئۈستۈن بولغانلىقى ئۈچۈن رەھمەت بولىدۇ. كەم كۆز غەزەپتىن يەنى لەنەتتىن مەيدانغا كېلىدۇ. بۇ سەۋەپتىن گۈزەل قاراش جانابى ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن بولغانلىقى ئۈچۈن كەم كۆزگە غالىپ بولىدۇ. بۇ ئەھۋال ھەدىس قۇدسىدىكى: «رەھمىتىم غەزىپىمنى بېسىپ چۈشتى.» (بۇخارى، «تەۋھىد»، 55) دېگەن باياننىڭ تەجەللىسىدۇر. شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، ئاللاھنىڭ رەھمىتى ھەر ۋاقىت غەزىپىدىن ئۈستۈندۇر. بۇ جەھەتتىن ھەر پەيغەمبەر ئۆزىگە قارىشى چىققان دۈشمەنلىرىگە غالىپ بولغان.»

«ئۇنداق بولسا بالا ـ قازانىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ چارىسى ھاقارەت ۋە زۇلۇم قىلىش ئەمەس. ئۇنىڭ چارىسى ئەپۇچانلىق ۋە سېخىلىق قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. «سەدىقە بالانى يەيدۇ»[22] دېگەن نەبەۋى ئاگاھلاندۇرۇش سېنى ئويغاتسۇن. ئەمدى كېسەللىكنى داۋالاش ۋە بالا ـ قازانى دەپئى قىلىشنىڭ ئۇسۇلنى ياخشى ئۆگەن.»

«ئەمما شۇنى ئونۇتمىغىنكى، زالىملارنى ئەپۇ قىلىش مەزلۇملارغا

ئىسلام ئەخلاقىنىڭ ئاساسىنى، ئاللاھقا ئىخلاس بىلەن ئىنتىلىشتە، بۇ ئىنتىلىشنىڭ يېگانە يولىنى شۈبھىسىزكى، خىزمەتتە تاپىمىز.

22. تىرمىزى، «زاكات»، 28؛ سۇيۇتى، «ئەلجامىئۇس سەغىر»، 1ـ جىلد، 108ـ بەتكە قاراڭ



زۇلۇم قىلغانلىقتۇر. ئوغرى ۋە ھەر تۈرلۈك ئەخلاقسىز ئادەملەرگە ئىچ ئاغرىتىش، ئاجىز ئىنسانلارغا ۋاپاسىزلىق قىلىش ئۇلارغا مەرھەمەت قىلمىغانلىق بولىدۇ.»

تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش كېرەك. چۈنكى ئاللاھ «غەفۇرۇر-راھىم» يەنى ناھايىتى ئەپۇ قىلىدىغان ۋە مەرھەمەت ئىگىسى بولۇش بىلەن بىرلىكتە «ئەزىزۇن ئىنتىقام» يەنى ئىنسانلارغا زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن ئىنتىقام ئالىدىغان ئىززەت ساھىبىدۇر. شۇڭا، رەسۇلى ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ھەدىسىدە:

«جېدەللىشىپ قالغان ئىككى قېرىندىشىڭلارنى كۆرگەن ۋاقتىڭلاردا زالىم ۋە مەزلۇمغا ياردەم قىلىڭلار.» دېگەن. ساھابىلار بۇ سۆزنى ئاڭلاپ:

- يا رەسۇلۇللاھ! مەزلۇمغىغۇ ياردەم قىلارمىز، ئەمما زالىمغا قانداق ياردەم قىلىمىز؟ - دەپ سورىغاندا:

- ئۇنىڭ زۇلمىغا توسالغۇ بولۇش ئارقىلىق. - دەپ جاۋاب بەرگەن. (بۇخارى، «ئىقراھ»، 7؛ مۇسلىم، «بىرر»، 62)

خۇلاسە قىلساق، بۈگۈن دۇنيا بىلەن بىرلىكتە دۆلىتىمىز ئىنسانلىرى ئىمان جەھەتتىن بىر ياردار قۇشقا ئوخشايدۇ. دىققەت بىلەن ئۇلارنىڭ يارىلىرىنى تېڭىش ئۈچۈن شەپقەت بىلەن يېقىنلىشىش كېرەك. بۇ ئەلۋەتتە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۇسلۇب بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

**رەببىمىز بىزنى «رەھمىتىم غەزىپىمنى بېسىپ چۈشتى» دېگەن ھېكمىتى ئەتراپىدا ھەرىكەت قىلىش بىلەن داۋاملىق ئەپۇ يولىنى تۇتۇپ، ھىدايەت رەھبىرى بولغان سالىھلار ھالقىسىغا قوشىسۇن! ئامىن!**

«ئەۋلادىم! ئېھسان قىل. چۈنكى ۋەھشى ھايۋانلارنى تۇزاق بىلەن ، ئىنسان ئوغلىنىڭ كۆڭلىنى ئېھسان بىلەن ئالغىلى بولىدۇ»

- شەيخ سەئىد

## خىزمەتتە ھېلىم (يۇمشاقلىق) ۋە شەپقەت مېتودى

ئىنسانغا ئىسلامى نوقتىدا قاراش، ئۇنىڭ گۇناھلار بىلەن كىرلەنگەن ئەھۋالىغا قاراشتىن بەكرەك، ئەسلىگە ئېتىبار قىلىشنى زۆرۈر قىلىدۇ. ھەقىقىي بىر مۇسۇلمان گۇناھكار بىر ئىنساننى قانىتى سۇنۇپ كەتكەن قۇشقا ئوخشاش كۆرىدۇ. ئۇنىڭ بۆھرانلىق روھىنى خاتىرجەم قىلىش، قايتىدىن سالامەتكە چىقىرىشنىڭ غېمىنى يەيدۇ. چۈنكى خالىق (ياراتقۇچى) ئۈچۈن مەخلۇقاتقا كۆرستىلىدىغان شەپقەت مۇئمىنلارنى پەزىلەتكە ئىگە قىلىدىغان ئەڭ كۈچلۈك ئامىلدۇر.

ئىسلام ئىككى قۇتۇپقا ئايرىلمايدىغان مۆتىدىل ئۇسلۇبنى بولۇپمۇ ئىنسان تەربىيەسىدىكى خىزمەتلەردە ئاساسى دەستۇر دەپ قوبۇل قىلىدۇ. بۇ دەستۇر «ھىلىم» يەنى سۆز-ھەرىكەتلەردە يۇمشاق بولۇش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ پۈتۈن ئەسھاب ۋە سالىھ كىشىلەرنىڭ ھاياتى گۇناھكار ئىنسانلارغا قارىتا قوللانغان بۇ ئۇسلۇبنىڭ سان-ساناقسىز مىساللىرى بىلەن تولغان. بۇلاردىن بىرى مۇنداق:

ئەسھابى-كىرامدىن ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شامدا قازىلىق قىلىۋاتاتتى. بىر كۈنى خەلقنىڭ بىر گۇناھكارنى ئەيىپلىگەنلىكىنى ئاڭلىدى. ئەبۇ دەردا ھەزرەتلىرى ئۇ خەلققە:

- سىلەر قۇدۇققا چۈشۈپ كەتكەن بىر ئادەمنى كۆرسەڭلار قانداق قىلىسىلەر؟ - دەپ سورىدى. ئۇ يەردىكىلەر:

- ئاغامچا تاشلاپ ئۇنى قۇدۇقتىن چىقىرىشقا غەيرەت قىلىمىز. - دېدى. ئەبۇ دەردا ھەزرەتلىرى بۇنىڭ بىلەن:

- ئۇنداق بولسا، گۇناھ قۇدۇقىغا چۈشۈپ كەتكەن بۇ ئادەمگە نېمىشقا ئاغامچا تاشلاپ



مەن كەلمىدىم دەۋا ئۈچۈن،
مېنىڭ ئىشىم سۆيگۈ ئۈچۈن،
دوستىنىڭ ئۆيى كۆڭۈللەردۇر،
كۆڭۈل ئېلىش ئۈچۈن كەلدىم.

- يۇنۇس ئەمرە



ئۇنى قۇتقۇزۇشنى ئويلىمايسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ يەردىكىلەر ھەيران بولۇپ:

ـ سەن بۇ گۇناھكارغا دۈشمەنلىك ھېس قىلمامسەن؟ دەپ سورىغاندا، ئەبۇ دەردا:

ـ مەن ئۇنىڭ شەخسىيىتىگە ئەمەس، گۇناھىغا دۈشمەنلىك قىلىمەن. ـ دېگەن ھېكمەتلىك جاۋابنى بەردى.

بۇ مىسالدا ئەبۇ دەردا ھەزرەتلىرى مۇئمىن كۆڭۈللەرگە ئورنىتىشنى ئارزۇ قىلغان چوڭقۇر ھېكمەتلەر بار. بۇ ھېكمەتلەر جانابى ئاللاھنىڭ ئەمىر ۋە رىزاسى بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ گۈزەل ئەخلاقىدىن ئۈممىتىگە ئۆتكەن مۇقەددەس پارلاقلىقتۇر. بۇلار ئىسلام تارىخىدا بىرەر كامالەت نامايەندىسى بولۇپ، ھىدايەتكە ۋەسىلە بولغان ۋە سالىھ ئەمەللەر تۇپرىقىدا يىلتىز تارتقان.

بۇ ئۇسلۇب گۇناھكارنى گۇناھى ئىچىدە غەرق قىلماي، ئۇنى كەڭ قورساقلىق بىلەن ئەپۇ قىلىش، مەرھەمەت ۋە مۇھەببەت ھاۋاسىدا، تەۋبە دەرياسىدا پاكلاش تىرىشچانلىقىدۇر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇ جەھىلگە ئوخشاش ئازغۇن مۇشرىكلارغىمۇ يۇمشاقلىق بىلەن يېقىنلىشىپ، گۇناھكار كىشىنىڭ گۇناھ پاتقىقىنى كولاپ ئازغۇنلىقى بىلەن مەشغۇل بولمىغان. پەقەتلا ئىمانىنى قۇتقۇزۇشقا ۋە سائادەت دەرياسىدا پاكىز بولۇشقا چاقىرغان. چۈنكى جانابى ئاللاھنىڭ ئىمان ۋە تەۋبىگە ئېرىشلىگەن كىشىلەرنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرىنى ئۆچۈرىدىغانلىقى، ھەتتا ئۇ گۇناھلارنىڭ ھەممىسىنى ساۋاب دەپ ئەمەل دەپتىرىگە يازىدىغانلىقى بۇ جەھەتتە بىزگە يول كۆرسىتىدىغان ھېكمەت مەشئىلىدۇر. بۇ ھەقتە قۇرئانى ـ كەرىمدە:

إِلاَّ مَن تَابَ وَآمَنَ وَعَمِلَ عَمَلاً صَالِحاً

فَأُوْلَئِكَ يُبَدِّلُ اللهُ سَيِّئَاتِهِمْ حَسَنَاتٍ وَكَانَ اللهُ غَفُوراً رَّحِيماً

«ئەگەر رىزايىمىزنى ئارزۇ قىلساڭ، بۇنىڭ پەقەتلا بىر كۆڭۈل ئېلىشقا باغلىق ئىكەنلىكىنى ئونۇتما.»

ـ ھەزرىتى مەۋلانا



**«پەقەت (ئۇلارنىڭ ئىچىدىن) (بۇ دۇنيادىكى چېغىدا) تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارلا بۇ ھالدا قالمايدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ياخشىلىققا ئالماشتۇرىدۇ، ئاللاھ تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر.»** (فۇرقان سۈرىسى، 70 ـ ئايەت) دېيىلگەن.

بۇ مۇقەددەس مەرھەمەتتىن نېسىۋە ئالالمىغانلار ھەم ئۆزىنىڭ ھەمدە ئىنسانىيەتنىڭ دۈشمىنىدۇر. شەپقەت ۋە مەرھەمەتنى بىلمىگەن بۇنداق غاپىللار ئىلاھىي نېسىۋە يوللىرىنى ئېتىۋەتكەن بىچارىلاردۇر. ئەمما مەرھەمەت مەنبەسىنى تاپقان مەۋلانا ۋە يۇنۇسقا ئوخشاش مۇتتەقى زاتلار ئىنسانلارنىڭ دوستلىرى بولۇپ، ھەممە ئادەم تەرىپىدىن ھەتتا قۇرت ـ قوڭغۇز تەرىپىدىنمۇ ياخشى كۆرۈلگەن جەننەت گۈللىرىدۇر. ئۇلار تىكەننىڭ ئۈستىدە بولسىمۇ دۇنياغا گۈزەللىك تارقىتىپ، كۆڭۈل يارىلىرىنى داۋالايدۇ، گۈل تەبىئەتلىك بولىدۇ. يەنى دۇنيا باغچىسىدا تىكەنلەرنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشنىڭ ئورنىغا ئوتتۇرىغا قىشقا ئوخشاش سوغۇق كىرسىمۇ ئۇلارنى باھار ئىقلىمى بىلەن قۇچاقلايدۇ، پۈتۈن ئالەمگە گۈل بولىدۇ. بۇ ھەقتە ھەزرىتى مەۋلانا:

«ئاي كېچىدىن قورقمىغانلىقى، قاراڭغۇلۇقتىن قاچمىغانلىقى ئۈچۈن نۇرلاندى، يورۇقلۇق بېرىشكە باشلىدى. گۈلمۇ ئۇ گۈزەل پۇرىقىغا تىكەن بىلەن ياخشى ئۆتەلىگەنلىكى ئۈچۈن ئېرىشتى.» دېگەن.

«بۇ ھەقىقەتنى گۈلدىن ئاڭلىغىن. ئاڭلا، ئۇ نېمە دەيدۇ؟ تىكەن بىلەن بىللە بولغانلىقىم ئۈچۈن نېمىشقا غەم قىلىمەن؟ نېمىشقا ئۆزەمنى غەمگە پاتقۇزىمەن؟ مەن كۈلۈشنى ئۇ ئەسكى مىجەزلىك تىكەن بىلەن بىللە بولۇشقا بەرداشلىق بېرەلىگەنلىكىم ئۈچۈن قولغا كەلتۈردۈم. ئۇنىڭ ۋەسىلىسى بىلەن ئالەمگە گۈزەللىك ۋە خۇش پۇراقلار چېچىش ئىمكانىغا ئېرىشتىم.» ئەشرەپئوغلى رۇمى بۇ ھالەتكە كېلىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئۇسلۇبنى بىر بەيتىدە

«پەرۋەردىگار ـ ىڭنىڭ يولىغا (يەنى ئىسلام دىنىغا) ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز ـ نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن، ئۇلار (يەنى مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلار) بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن، پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ئۇنىڭ يولىدىن ئازغانلارنى ئوبدان بىلىدۇ، ھىدايەت تاپقۇچىلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ.»

(نەھل سۈرىسى، 125 ـ ئايەت)



مۇنداق ئىپادىلىگەن:

ئۇ دوست (ئاللاھ) ئۇچۇن ئوغنىنى (زەھەرنى)،
شېكەر كەبى يۇتۇش كېرەك.

ئەسھاپتىن بىرەيلەن ھاراقنى خۇمار بولۇپ قالغان بىر ھاراقكەشكە جازا بېرىۋېرىشتىن زېرىكىپ، ئۇنىڭغا لەنەت قىلغانىدى. ئاللاھ رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«ئۇنىڭغا لەنەت قىلماڭلار! ئاللاھقا قەسەم بىلەن ئېيتىمەنكى، بۇ ئادەم ھەققىدە بىلىدىغان نەرسەم ئۇنىڭ ئاللاھ ۋە رەسۇلىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىدۇر.» (بۇخارى، «ھۇدۇد»، 5) دېدى.

مەرھۇم رامىزان ئوغلى ماخمۇت سامى ھەزرەتلىرىنىڭ بىر ئوقۇغۇچىسى روھى چۈشكۈنلۈككە ئۇچراپ، مەست ھالدا ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلگەن. ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئاچقان ئادەم:

- بۇ نېمە ئىش؟ سەن كىمنىڭ ئۆيىگە كەلگەنلىكىڭنى بىلەمسەن؟ - دەپ ئازار بەرگەندە، بۇ بىچارە ئادەم:

- مېنى مەرھەمەت بىلەن قۇچاقلايدىغان باشقا ئۆي بارمۇ؟ - دەپ چارىسىزلىكىنى ئېيتقان.

بولۇپ-ئۆتكەن ۋەقەنى ئاڭلىغان ماخمۇت سامى ھەزرەتلىرى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنى ئېچىپ، ئوقۇغۇچىسىنى ئۆيىگە باشلاپ، ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلغان. ئۇنىڭ خاراپ بولغان كۆڭلىگە مەرھەمەت بىلەن تەسەللى بەرگەن. بۇ خىل ئىرشادقا نائىل بولغان ئۇ شەخس، بارلىق سەلبى ئىللەتلىرىدىن قۇتۇلۇپ، ۋاقتىنىڭ ئۆتىشى بىلەن سالىھلار قاتارىغا قوشۇلغان.

پەيغەمبەر ۋارىسلىرىدا ئوتتۇرىغا چىققان «مەخلۇقاتقا خالىقنىڭ نەزىرى بىلەن قاراش» گۈزەل ئەخلاقى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شۇ ھەدىسىدە ناھايىتى گۈزەل ئىپادىلەنگەن:

«نەپسىم قۇدرەت قولىدا بولغان ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى،

مۇھەببەتسىز ۋە مەرھەمەتسىز بىر خىزمەت، كۆڭۈل ئاغرىتىشتىن ئىبارەتتۇر.



بىر ـ بىرىڭلارغا مەرھەمەت قىلمىغىچە جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر.»
ئەسهابى ـ كىرام:
«يا رەسۇلۇللاھ! ھەممىمىز مەرھەمەتلىك» ـ دېگەندە، ئاللاھ رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:
«مەن دېمەكچى بولغان مەرھەمەت بىر ـ بىرىڭلارغا بولغان مەرھەمەت ئەمەس، ئەكسىچە پۈتۈن مەخلۇقاتقا بولغان مەرھەمەت، يەنى پۈتۈن مەخلۇقاتقا كۆرسىتىلىدىغان مەرھەمەتتۇر.» (ھاكىم، «مۇستەدرەك»، 4 ـ جىلد، 185) دېگەن.

ئىنسان ئەسلى غايىسىدىن قانچىلىك يىراق بولىشىدىن قەتئىنەزەر «ئىنسان» بولۇش سۈپىتى بىلەن يەنە شەرەپ ئىگىسىدۇر. ئۇنىڭ ئۆز جەۋھىرىدىن خەۋەرسىز قېلىپ، گۇناھ پاتقىقىغا پېتىپ قېلىشى خۇددى كەبە مۇئەززەمەنىڭ تېمىدىكى ھەجەرۇل ئەسۋەدنىڭ يەرگە چۈشۈپ، چاڭ ـ تۇزاڭ ئارىسىدا قالغانلىقىغا ئوخشايدۇ. بۇ ئەھۋالدىن پەرۋاسىز قىلىشقا مۇسۇلمانلارنىڭ ۋىجدانى يول قويمايدۇ. بۇ ھالەتتىمۇ مۇسۇلمانلار ھەجەرۇل ئەسۋەدكە ھۆرمەت قىلىشتىن ۋاز كەچمەيدۇ. ئۇنى دەرھال چاڭ ـ تۇزىڭى بىلەن قولىغا ئېلىپ، كۆز ياشلىرى ئىچىدە سۈرتۈپ، قايتىدىن ئورنىغا قويۇش ئۈچۈن بىر ـ بىرى بىلەن مۇسابىقىلىشىدۇ. ئۇنىڭ جەننەتتىن كەلگەنلىكىنى ئويلايدۇ. ئىنسانمۇ ھەجەرۇل ئەسۋەدكە ئوخشاش جەننەتتىن كەلگەن. قانچىلىك گۇناھ قىلىشىدىن قەتئىنەزەر، ئۇنىڭ ئۆزىدىكى قىممەت باقىدۇر.

ئۇستا دوختۇر ئاغرىق كىشىگە: «نېمىشقا كېسەل بولدۇڭ؟» دەپ ئاچچىقلانمايدۇ. كېسەللىك كىشىنىڭ شەخسىي سەۋەنلىكى تۈپەيلىدىن مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، بۇنى كېسەلنىڭ ھەرىكىتى ۋە چۈشەنچىسىدىكى ئاجىزلىقتىن مەيدانغا كەلگەن نەتىجە دەپ بىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىمارغا كېسەل بولۇشىغا سەۋەپ بولىدىغان ئىشلار تۈپەيلىدىن خاپا بولماي، ئۇنىڭ تارتىۋاتقان ئازاۋىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ۋاقتىدا مەرھەمەت ۋە شەپقەت بىلەن داۋالاشقا

«مەن دېمەكچى بولغان مەرھەمەت بىر ـ بىرىڭلارغا بولغان مەرھەمەت ئەمەس، ئەكسىچە پۈتۈن مەخلۇقاتقا بولغان مەرھەمەتتۇر. يەنى پۈتۈن مەخلۇقاتقا كۆرسىتىلىدىغان مەرھەمەتتۇر.»

(ھاكىم، «مۇستەدرەك»، 4 ـ جىلد، 185)



تىرىشىدۇ، دوختۇر ئۆزىنى داۋالاشقا مەسئۇل دەپ بىلىدۇ. پەيغەمبەر ۋارىسلىرىمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش، دوختۇرخانا ياتاقلىرىنى ئايلىنىۋاتقان بىر دوختۇرنىڭ ھېس-تۇيغۇسى بىلەن ياشايدۇ. سۆز-ھەرىكىتىگە ھاكىم بولغان بۇ ھېس-تۇيغۇ يولدىن چىقىپ كەتكەنلەر ئۈچۈن ئابى ھايات بولىدۇ.

بۇنداق جان قۇتقۇزغۇچى ئابى ھاياتنى تەقدىم قىلىش، گۇناھكار بىر ئىنساننى، ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن گۇناھ پاتقىقىدىن قۇتقۇزۇش ئۇلۇغ سائادەتتۇر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خەيبەرنىڭ فەتھىدە، ھەزرىتى ئەلىگە قىلغان شۇ نەسىھەتى ناھايىتى مەنىدار:

«يا ئەلى! بىر كىشىنىڭ سېنىڭ ۋاستەڭ ئارقىلىق ھىدايەتكە ئېرىششى، سېنىڭ ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك، دۇنيا نېمىتى بولغان قىزىل تۆگىلەرگە ئىگە بولۇشتىن تېخىمۇ ئەۋزەل.» (بۇخارى، «جىھاد»، 143)

بۇ ھەقىقەت قۇرئانى-كەرىمدە مۇنداق دېيىلگەن:

وَمَنْ أَحْيَاهَا فَكَأَنَّمَا أَحْيَا النَّاسَ جَمِيْعاً

**«كىمكى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمىگەن ياكى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلمىغان بىر ئادەمنى ئۆلتۈرسە، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەندەك بولىدۇ، كىمكى بىر ئادەمنى تىرىلدۈرسە (يەنى قۇتقۇزسا ياكى ھايات قېلىشىغا سەۋەبچى بولسا)، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى تىرىلدۈرگەندەك بولىدۇ»** (مائىدە سۈرىسى، 32-ئايەت) دېيىلگەن.

بۇ بىر ئىمان مەسىلىسى. شۈبھىسىز ئىنسانى تۇيغۇ ۋە چۈشەنچىلەرنىڭ خاتالىقى جەھەتتە ئەڭ ئېغىرى كۇفۇردۇر. بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى يۇمشاق سۆزلۈك مېتود بىلەن مۇمكىن بولۇش ئېھتىمالى، تېخىمۇ يۇقىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، جانابى

«دورا ساقايتىش ئۈچۈن كېسەل ۋە ياردار كىشىلەرنى ئىزدەيدۇ. قەيەردە بىر دەرت بولسا، داۋا ئۇ يەرگە بارىدۇ. قەيەردە پەس ۋە چۇقۇر بولسا، سۇ شۇ يەرگە ئاقىدۇ. ساڭا مەرھەمەت سۈيى لازىم بولسا، سەنمۇ شۇنداق قىل. ئىگە-چاقىسىز ۋە دەرتلىك كىشىلەرگە يېقىنلاش.»

- ھەزرىتى مەۋلانا

ئاللاھ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى فىرئەۋننى ئىمانغا دەۋەت قىلىشقا ئەۋەتكەندە، ئۇنىڭغا «قەۋلى لەييىن»، يەنى يۇمشاق سۆز بىلەن خىتاب قىلىشنى ئەمىر قىلغان. چۈنكى ھىدايەتكە دەۋەت قىلغۇچىنىڭ بۇ ئىشتىكى مۇۋەپپەقىيىتى يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، ساۋابنىڭ ئەڭ بۈيۈككە كۆۋرۈك بولىدىغان سالىھ ئەمەللەردۇر. ئاللاھتائالا فىرئەۋننىڭ كۇفۇردىكى قاتتىق غەپلىتىنى بىلەتتى. بۇ سەۋەپتىن ئۇدۇلىمىزدىكى ئادەم كاپىرلىقتا فىرئەۋن دەرىجىسىدە قاتتىق بولسىمۇ بىزنىڭ دەۋەت مېتودىمىز ئۇرۇپ چېقىش، تەھدىت قاتارلىق نەپسانى ھېس-تۇيغۇلار بىلەن ئەمەس، يۇمشاق سۆز بىلەن دەۋەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىلاھىي تەلىمات دائىرىسىدە بولۇشى كېرەك. ھەزرىتى مەۋلانا:

«ئاللاھنىڭ (ئەي مۇسا! فىرئەۋنگە قارىتا يۇمشاق گەپ قىل، ئۇنىڭغا يۇمشاق بولغىن!) دېگەن سۆزىنى ياخشى چۈشەنگىن. چۈنكى قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ تۆكسەڭ ئۇچاقنى ھەتتا قازاننىمۇ خاراپ قىلىسەن.» دېگەن.

جانابى ئاللاھ قۇرئانى-كەرىمدە بۇ ھەقىقەتنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

فَبِمَا رَحْمَةٍ مِّنَ اللّٰهِ لِنْتَ لَهُمْ وَلَوْ كُنْتَ فَظّاً غَلِيظَ الْقَلْبِ
لاَنفَضُّواْ مِنْ حَوْلِكَ فَاعْفُ عَنْهُمْ وَاسْتَغْفِرْ لَهُمْ

**«ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ. ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى. ئۇلارنى ئەپۇ قىل، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن، ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن (كېڭەشكەندىن كېيىن) بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋەككۇل قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ.»** (ئال ئىمران سۈرىسى، 159-ئايەت)



«مەرھەمەتلىك ئاللاھنىڭ (ياخشى كۆرىدىغان) بەندىلىرى زېمىندا ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ تەمكىنلىك بىلەن ماڭىدۇ، نادانلار ئۇلارغا (ياقتۇرمايدىغان) سۆز قىلسا، ئۇلار: «سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمىز» دەيدۇ (يەنى گۇناھ بولمايدىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ.) »

(فۇرقان سۈرىسى، 63-ئايەت)

«ئۇنداق بولسا جاھىل كىشىلەرنىڭ يېنىدا سەنمۇ كىتابقا ئوخشاش سۈكۈت قىل.»

- ھەزرىتى مەۋلانا



بۇ مېتود پەقەتلا گۇناھكار، كاپىرلار ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئەڭ يۇقىرى نوقتىدا ئىسلامنى ياشاۋاتقان ئىنسانلار ئۈچۈنمۇ، ئىنسان تەبىئىتىدىكى بىر قىسىم ئاجىزلىقلارغا قارىتا كېرەكلىكتۇر. چۈنكى خاتالىقنى تۈزۈتىشكە ئۇرۇنغاندا، قارشى تەرەپنىڭ قەلبىنى رەنجىتىدىغان دەرىجىدە قاتتىق، قوپال ئۇسلۇب قوللىنىش مەقسەتكە زىت نەتىجە كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. چۈنكى بۇ خىل مېتودتا قىلىنغان ئاگاھلاندۇرۇشلاردا، ئىنسانلار بەزى ۋاقىتلاردا ئاتا-ئانىسىنىڭ تەربىيەسىگىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. ئاتا-ئانىسىنىڭ ئەيىپلىشىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن كىشىلەر باشقىلارنىڭ ئەيىپلىشىگە تېخىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئېيتىلغان توغرا سۆزلەرمۇ كۆڭۈلگە سېلىنغان پىچاققا ئوخشاش تەسىر كۆرسىتىپ، ھېچ قانداق پايدا كەلتۈرمەيدۇ. بۇ ھەقتە ھەزرىتى مەۋلانا:

«بىر خاتالىقنىڭ تۈپەيلىدىن ساڭا ئازار بەرگەن ۋاقىتىدا داداڭمۇ سېنىڭ كۆزۈڭدە بىر يىرتقۇچ ھايۋان كەبى ھۇجۇمچى بولۇپ كۆرۈنىدۇ.»

«بۇ ئەھۋال ئۇنىڭ ئازار ۋە جاپاسىدىن كېلىپ چىققان دەرتنىڭ تەسىرىدۇر. يەنى داداڭنىڭ نەسىھەتى سېنىڭ پايداڭ ئۈچۈن بولغان بولسىمۇ، ساڭا قىلغان تەسىرى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى مەرھەمەت ۋە ئىچ ئاغرىتىشنى ساڭا يىرتقۇچ ھايۋاندەك كۆرسىتىدۇ.»

ئىنساندىكى بۇ پىسخىك ئەھۋالنىڭ ئونۇتۇلماسلىقى، قانچىلىك گۇناھقا پاتقان بولسىمۇ، يارىتىلىش ئېتىبارى جەھەتتىن ئۇنىڭ قىممەتلىك بىر مەۋجۇدىيەت ئىكەنلىك ئېڭى بىلەن ھەرىكەت قىلىنىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەدىسلەردە رەسۇل ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«ئىنساننىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىنى پەس كۆرىشى، ئۇنىڭ گۇناھكار بولۇشىغا يېتەرلىكتۇر.» (مۇسلىم، «بىرر»، 32) دېگەن.

بۇ ھەدىسنىڭ ھېكمىتىنى ياخشى چۈشەنگەن خانىش بەزمىئالام ۋالىدە سۇلتان خىزمەتچىلەرنىڭ شەخسىيىتى رەنجىپ قالماسلىقى

«ئىلاھىي خۇشاللىققا ئېرىشىدىغانلار كۆڭۈل باغچىسىدىن ئەپۇ چېچەكلىرى ئۈندۈرىدىغانلار-دۇر. چۈنكى ئەپۇ قىلىش ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ ئەپۇ قىلىنىشىغا شارائىت ھازىرلىيالايمىز. ئەپۇ قىلالمايدىغان ئىنسان ھەقىقەتتە ئۆزىنى ھالاك قىلغان بولىدۇ.»



ئۈچۈن ئۇلار سۇندۇرۇپ سالغان ئەشيالارنى تولۇقلاپ بېرىش ئۈچۈن سۈرىيەدە بىر ۋەقىپ قۇرغان.

بۇ خىل ئاڭغا ئىگە بولغان مۇسۇلمان، تەنقىتنى ئۆزىگە، مەرھەمەتنى باشقىلارغا قىلىشى كېرەك. چۈنكى ئاللاھتائالا قۇرئانى-كەرىمدە:

**«ئى مۆمىنلەر! نۇرغۇن گۇمانلاردىن ساقلىنىڭلار (يەنى ئائىلىدىكىلىرىڭلارغا ۋە كىشىلەرگە گۇمانخورلۇق قىلماڭلار)، بەزى گۇمانلار ھەقىقەتەن گۇناھتۇر، (مۆمىنلەرنىڭ ئەيىبىنى) ئىزدىمەڭلار، بىر-بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىڭلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامسىلەر؟ ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، (ئاللاھ تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ قىلغان) تەۋبىسىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) ناھايىتى مېھرىباندۇر.»** (ھۇجۇرات سۈرىسى، 12-ئايەت) دېگەن.

يەنە ھەدىسلەردە: «مۇئمىن باشقىلارغا ھاقارەت قىلىدىغان، لەنەتلەيدىغان، ناچار ۋە ئەخلاقسىز قىلمىشلارنى قىلىدىغان كىشى ئەمەس.» (تىرمىزى. «بىرر»، 48) دېيىلگەن.

بۇ مۇقەددەس تەلىماتلار نۇرى ئاستىدا ياشايدىغان غايىلىك ئىنسانلار ھېچ بىر ۋاقىت دۇنيانى ئاخىرەتتىن ئايرىپ قارىمايدىغان ئەخلاق ۋە پەزىلەت قەھرىمانلىرىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەلق ئارىسدا گۇناھ قىلغۇچى شەخسنى بىلسىمۇ ئۇنى رەنجىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن بىلمەسلىككە سېلىپ، بۇ خاتالىقتىن باشقىلارنىڭ يىراق تۇرۇشىنى تەۋسىيە قىلغان. بەزى ۋاقىتلاردا كىشىلەرنىڭ خاتالىقىنىڭ ئۇلارغا ياراشمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش مەقسىتى بىلەن:

«ماڭا نېمە بولدىكى، سىلەر بۇنداق ئىشلارنى قىلىۋاتقان چېغىڭلاردا كۆرۈپ قالىمەن.» (بۇخارى، «مەناقىب»، 25؛ مۇسلىم، «سالات»، 119) دەپ، ئۆزىدە غالەتى رۇئيەت (خاتا كۆرۈپ قېلىش)

شەپقەتسىز بىر قەلبتە مەنۋىي لەززەت بولمايدۇ.



بولغانلىقىنى ئېيتقان. بۇ خاتالىق ئۆتكۈزگۈچىنى خىجىل قىلماسلىق ۋە ئۇنى پەس ئەھۋالغا چۈشۈرمەسلىك مېتودىدۇركى، تەسەۋۋۇپنى توغرا چۈشىنىپ ياشاۋاتقانلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكىدۇر. چۈنكى ئاللاھ يولى كۆڭۈل يىقىش ئەمەس، كۆڭۈل ياساشتىن ئۆتىدۇ. بۇ ھەقتە يۇنۇس ئەمرە گۈزەل ئېيتقان:

كۆڭۈل ئاللاھنىڭ تەختى،
ئاللاھ كۆڭۈلگە قارىدى،
ئىككى جاھان بەدبەختى،
شۇ كۆڭۈلنى يىققۇچى!

خاتالىقى سەۋەبىدىن تەنقىدلىنىپ چەتكە قېقىلغان، خار كۆرۈلگەن كۆپلىگەن كىشىلەر بۇ مېتودنىڭ بەرىكىتى بىلەن تەكرار رەھمەت ئىقلىمىغا كىرگەن.

❁

رىۋايەت قىلىنىشىچە، جۇنەيدى باغدادى ھەزرەتلىرىنىڭ بىر ئوقۇغۇچىسى بار ئىكەن. بىر كۈنى ئۇنى ئەيىپلىك بىر ئىش قىلىۋاتقاندا كۆرۈپ قاپتۇ. بۇنىڭدىن ناھايىتى خىجىل بولغان ئۇ ئوقۇغۇچى ئۇ يەردىن ئايرىلىپ، مەدرىسگە قايتا كەلمەپتۇ. ئارىدىن بىر مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن كۆڭلى خاراپ بولغان بۇ ئوقۇغۇچى سۆھبەت دوستلىرى بىلەن بىللە بازاردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان جۇنەيدى باغدادىنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قاپتۇ. بۇ ئوقۇغۇچى ئۇستازىنى كۆرۈپ خىجىللىقىدىن ئۇ يەردىن تېزلا يىراقلىشىپتۇ. بۇ ئەھۋالنى سەزگەن جۇنەيدى باغدادى ھەزرەتلىرى يېنىدىكىلەرگە قاراپ:

- سىلەر، كېتىپ تۇرۇڭلار، مېنىڭ ئۇۋامدىن بىر قۇش ئۇچۇپ كەتتى. - دەپ، ئوقۇغۇچىسىنىڭ كەينىدىن مېڭىشقا باشلاپتۇ. ئوقۇغۇچى كەينىگە قاراپ ئۇستازىنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تېخىمۇ تېزلىكتە مېڭىشقا باشلاپتۇ. مېڭىۋېرىپ ئاخىرىدا

«ئىككى نەرسىنى ئۇنۇتما، بۇلارنىڭ بىرى ئاللاھتائالا، يەنە بىرى ئۆلۈم. ئىككى نەرسىنى ئۇنۇت، بۇلارنىڭ بىرى باشقىلارغا قىلغان ياخشىلىقىڭ، يەنە بىرى باشقىلارنىڭ ساڭا قىلغان يامانلىقى.»

- لوقمان ھەكىم



«مەرتلىك دەرىخى قەيەردە يىلتىز تارتسا، بويى ۋە پۇتاقلىرى ئاسمانغا تۇتىشىدۇ. ئەگەر مىننەت، تاپا-تەنە قىلىش پىچىقىنى گەۋدىسىگە سالساڭ، مېۋىسىنى يېيىشتىن ئۈمىدىڭنى ئۈز.»

- شەيخ سەئىد

ئايغى يوق بىر خالتا كوچىغا كىرىپ قاپتۇ. خىجىللىقىدىن تامغا ئۇسۇپ ساپتۇ. ئۇستازىنى ئالدىدا كۆرۈپ، رەڭگى تاتىرىپ بېشىنى يەرگە ئېگىپتۇ. جۇنەيدى باغدادى ھەزرەتلىرى:

- بالام! قەيەرگە كېتىۋاتىسەن؟ كىمدىن قاچىسەن؟ بىر ئۇستازىنىڭ ئوقۇغۇچىسىغا ياردىمى ئەسلىدە بۇنداق مۇشكۈل ۋاقىتلاردا بولىدۇ. - دەپ، ئۇنى شەپقەت بىلەن مەدرىسىگە ئېلىپ كەپتۇ. بۇ ئوقۇغۇچى ئۇستازىنىڭ ئايىقىغا يىقىلىپ، قىلغان ئىشىغا تەۋبە قىپتۇ.

بۇ ئەھۋال بىر ئىنسان قانچىلىك گۇناھكار بولسىمۇ ئۇنىڭغا ئارقىسىنى قىلماي، گۇناھكارغا بىر دادا شەپقىتى بىلەن يېقىنلىشىشنىڭ مەنىۋى تەربىيەدىكى بەرىكەتلىك نەتىجىلىرىدىن بىرسىدۇر.

خاتا ۋە كەمچىلىكلەرنى ئەيىپ قىلىش بىلەن بىرگە يامانلىققا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش، يامان ئىش قىلغان بىرسىنى كۆرگەن ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئىسلاھى ئۈچۈن دۇئا قىلىش كامىل مۇسۇلماننىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى بولۇشى كېرەك. بۇ ئالاھىدىلىككە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تائىفتا ئۆزىگە تاش ئاتقانلارغا بەددۇئا قىلماي، ھىدايىتى ئۈچۈن دۇئا قىلىشى مىسال بولالايدۇ. يەنە ئۇ ئېلىپ كەلگەن دىنىنىڭ ئىززىتىنى ساقلاش ئۈچۈن مەككىدە ئىنسانلارنىڭ ئىلاھىي غەزەپ بىلەن ھالاك بولۇشىنى ئەمەس، ھەر بىرسىنى ھىدايەت دائىرىسى ئىچىدە كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىش ئۇسلۇبى كۆپلىگەن ئازغۇن نەپىس ساھىبلىرىنىڭ قۇتۇلۇشىغا ۋەسىلە بولغان.

بۇ ھەقتە بىر ھەدىس-شەرىپتە:

«سىلەرگە ياخشىلىق قىلغانلارغا ياخشىلىق قىلىش، يامانلىق قىلغانلارغا يامانلىق قىلىش پەزىلەت ئەمەس. ئەسلى پەزىلەت سىلەرگە يامانلىق قىلغانلارغىمۇ ياخشىلىق قىلالايدىغان بولۇشتۇر.» (تىرمىزى، «بىرر»، 63) دېيىلگەن.

ياخشىلىق قىلىنغان كىشى دۈشمەن بولسا دوست بولىدۇ، ئوتتۇرىدا بولسا يېقىنلىشىدۇ، يېقىن بولسا مۇھەببەت زىيادىلىشىدۇ.



بۈگۈن دۇنيادا ماتېرىيالىزمنىڭ رەھىمسىز قارمىقىغا چۈشۈپ، مەنىۋىي بوھرانغا ئىتتىرىلىۋاتقان ئىنسانلارنىڭ مىستىك ھەرىكەتلەرگە رام بولۇۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبى بۇنىڭدىن ئىبارەتتۇر. ئىسلامنىڭ تەبلىغ قىلىنىشىدا نەبەۋىي ئۇسلۇبىنىڭ قوللىنىلىشى تېخىمۇ كۆپ مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلىدۇ. بۈگۈن غەرپتە ھىدايەتكە ئېرىشكەن يۇقىرى تەبىقىدىكى كىشلەرنىڭ كۆپ قىسمى روھىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ھەزرىتى مەۋلانا ۋە ئىبنى ئەرەبى قاتارلىق بۈيۈك مۇتەسەۋۋۇپلارنىڭ ئەسەرلىرىگە مۇراجىئەت قىلىۋاتىدۇ. يەنە غەرپ دۇنياسىدا راۋاج تېپىۋاتقان ئىسلامى ئەسەرلەرنىڭ بېشىدا تەسەۋۋۇپى ئەسەرلەر كېلىۋاتىدۇ. بۇ سەۋەپتىن كۆنىمىزدە:

«كەل! كەل! نېمە بولساڭ بول، يەنە كەل!
كاپىر، مەجۇسى ۋە بۇتپەرەست بولساڭمۇ يەنە كەل!
بىزنىڭ دەرگاھىمىز (ئىسلام) ئۈمىدسىزلىك دەرگاھى ئەمەس،
يۈز قېتىم تەۋبەڭنى بۇزغان بولساڭمۇ يەنە كەل!»

دېگەن مەۋلانانىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى قۇچاغلىغان شەپقىتىگە ئېھتىياج بار.

مەۋلانا ھەزرەتلىرىنىڭ بۇنداق كەڭ قورساق بولۇش دەۋىتىدىكى ئاساسى مەقسەت ئىنساننى ئۆز جەۋھىرى بىلەن تونۇشتۇرۇپ، مەرھەمەتنىڭ پەيىزلىك زېمىنىدا خاتالىقىدىن قۇتقۇزۇپ، ئىسلام بىلەن شەرەپلەندۈرۈشتىن ئىبارەت. ئەكسىچە، ھەر ئىنساننى ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ھالىتىدە قېلىش شەرتى بىلەن قوبۇل قىلىش ئەمەس. بۇ يەردىكى مەقسەت ئۇ ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىنى تۈزىتىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇنداق زاتلارنىڭ كۆڭۈل دەرگاھلىرى رېمۇنتخانىغا ئوخشايدۇكى، ئۇ يەردە قىلىنىدىغان ئىش خاتانى تۈزىتىش بولغانلىقى ئۈچۈن، خاتاسى كۆپ ئىنسانلارغا قارىتا تەبلىغ قىلىنىشى تەبىئى ئەھۋالدۇر.

«دۈشمەنلىرىڭلار-نىڭ كۆڭلىنى ئاياش ئۈچۈن، دوستلىرىڭلارنى رەنجىتمەڭلار. ئاخىرىدا دۈشمىنىڭلارنى يېقىن قىلالمىغانىنىڭ ئۈستىگە، دوستلىرىڭلارنىمۇ يۇقۇتۇپ قويىسىلەر.»

-ئەبۇ مۇسلىم خۇراسانى



«ئەي ئىنسان! دۇنيادىن بىر-بىرىگە زىت ئىككى ئاۋاز كېلىدۇ. ئەجىبا سېنىڭ قەلبىڭ قايسىسىنى ئېلىشقا لايىق؟ ئۇ ئاۋازلاردىن بىرسى ئاللاھقا يېقىنلىشىدىغانلار-نىڭ ھالى، يەنە بىرسى ئالدانغۇچىلارنىڭ ھالىدۇر. بۇ ئاۋازلاردىن بىرسىنى قوبۇل قىلساڭ، يەنە بىرسىنى ئاڭلىيالمايسەن. چۈنكى ياخشى كۆرگۈچى بىر كىشى ياخشى كۆرگىنىنىڭ زىددى بولغان نەرسىلەرگە نىسبەتەن ئەما ۋە گاس بولىدۇ.»

- ھەزرىتى مەۋلانا

دىنىي ھايات بارغانسىرى ئاجىزلاۋاتقان، ئىنسانلارنىڭ خاتالىقى كۆپىيىۋاتقان زامانلاردا، ئالدىمىزدىكى ئادەمگە مەرھەمەت ۋە كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش كېرەك. چۈنكى بۇنداق مۇئامىلە گۇناھ، پىتنە-پاسات ھەر تەرىپىنى قاپلىغان بۇ خىل كىشىلەرنىڭ قۇتۇلۇش ئېھتىمالىنى كۈچلەندۈرىدۇ.

شۇنى ئەسكەرتىمىزكى، گۇناھكارغا قارىتا كەڭ قورساق بولۇش شەخسىي جەھەتلەردە بولىدۇ. ئەمما كىشىلەرنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلىدىغان دەرىجىدە جەمئىيەتكە تەسىر يەتكۈزىدىغان، جەمئىيەتنىڭ تىنچ-ئامانلىقىنى بۇزىدىغان گۇناھ ۋە زۇلۇملارغا كەڭ قورساق بولۇش، ئۇلارغا كەچۈرۈم كۆزى بىلەن قاراشنى تەۋسىيە قىلمايدۇ. يەنە دىنىنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئۆلچىمىدە ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ گۇناھكارغا «ئاچچىقلاش» تۇيغۇسى بىلەن قارىشى خاتا ئەمەس. ئۇلار ئۇچۇن گۇناھكاردىن يىراق تۇرۇش، كۆڭلىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن دوستلۇق قۇرىشىدىن كېلىپ چىقىدىغان زىيانلاردىن ساقلىنىپ قېلىش ئۇچۇن زۆرۈردۇر. چۈنكى ھاياتنى غاپىللىقتا ئۆتكۈزۈۋاتقان كىشىلەردە گۇناھلار يېقىملىق مۇزىكىغا ئوخشاش نەپسكە چىرايلىق كۆرۈنىدۇ ۋە گۇناھ ئۆتكۈزۈش ئېغىر كەلمەيدىغان بولىدۇ. بۇ سەۋەپتىن گۇناھكارنىڭ گۇناھىنى كىچىك كۆرۈش ھەم ئىلاھىي ئۆلچەمگە خىلاپ ھەمدە كۆڭۈلنىڭ گۇناھ بىلەن كىرلىشىپ قېلىشقا سەۋەپ بولغاچقا، ئومۇم ئۇچۇن خەتەرلىك. يەنى گۇناھكارغا بولغان كەڭ قورساقلىقنى گۇناھقا، گۇناھقا بولغان دۈشمەنلىكنى گۇناھكارغا قىلماسلىق كېرەك. بۇ سۆزلەردىن كېيىن خۇلاسە قىلساق:

«ئاسانلاشتۇرۇڭلار، تەسلەشتۈرمەڭلار! خوشخەۋەر بېرىڭلار، نەپرەتلەندۈرمەڭلار!» (بۇخارى، «ئىلىم»، 11) دېگەن ھەدىس-شەرىپكە رىئايە قىلىش ئۇتتۇرىغا چىقىدۇ. دىنىنىڭ ئۆزىگە زىيان سالماسلىق شەرتى بىلەن مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلساق بولىدۇ.

**يا رەببى! بىزنىڭ كۆڭۈللىرىمىزنى ھېكمەت بىلەن تولدۇرۇپ، ھەقىقىي سۆيگۈ-مۇھەببەت ئەھلى قىلىپ، ئىككى جاھاننىڭ**



سىرلىرىغا ئاشىنا قىل! قەلبىمىزنى خالىقىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن مەخلۇقاتقا شەپقەت ۋە مەرھەمەت مەنبەسى قىلغىن! گۇناھلىرىمىزنى ساۋابلىق ئىشلارغا ئالماشتۇرغىن! ئامىن!

«چوڭ ـ كىچىك ھەر ئىنسانغا قارىتا ياخشى خۇيلۇق بول. يۇمشاق ۋە تاتلىق مۇئامىلە قىلساڭ، كەمبەغەل ساڭا قۇل ۋە قۇربان بولىدۇ، بايمۇ يۇمشاپ ساڭا ھۆرمەت قىلىدۇ. مۇۋەپپەقىيەت تاتلىق تىلدا بولىدۇ. يامان ۋە قاتتىق مۇئامىلە ئىچ پۇشۇقى تېپىپ بېرىدۇ.»

ـ شەيخ سەئىد



## خىزمەتتە ئەدەپ ۋە ئۆلچەملەر

خىزمەت ئاللاھتائالانىڭ بەندىلىرىدىن تەلەپ قىلغان ئىجتىمائىي قۇللۇق ۋەزىپىسىدۇر. مۇئمىنىنىڭ ھاياتى مەخلۇقاتقا خىزمەت قىلىش بىلەن بەرىكەتلىنىپ، ئەھمىيەتلىك بولىدۇ. ئىسلام ئەخلاقىنىڭ مۇھىم بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان خىزمەت، نەپسىنىڭ شەخسىيەتچىلىكىدىن قۇتۇلۇپ، غەمگۈزارلىق بىلەن مەخلۇقاتقا يۆنىلىپ، ئاللاھ رىزاسىنى ئىزدەشتىن ئىبارەت. نەپسانى مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈش چۈشەنچىسىدىن يىراقلىشىپ، پەقەتلا ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ئادا قىلىنىدىغان ھەر سەممىي خىزمەت، ھەقىقەتتە رەببىگە يېتىپ بېرىش ئىشتىياقىنىڭ سۆز-ھەرىكەتلەردە ئەكس ئەتكەن ئىپادىسىدۇر.

بۇ سەۋەپتىن خىزمەت سان ۋە سۈپەت جەھەتتە مۇكەممەل ئادا قىلىنىشى لازىم. يەنى ماددىي، مەنىۋىي خىزمەتلەرنىڭ ئادا قىلىنىشىدا قەلبنىڭ ئەھۋالىغا دىققەت قىلىش كېرەك. چۈنكى خىزمەتنىڭ بەرىكەتلىك ۋە جانابى ئاللاھنىڭ قوبۇل قىلىشى بۇنىڭغا باغلىقتۇر. ئاتا-بوۋىلىرىمىز:

«خىزمەت مۇھىمدۇر، لېكىن خىزمەتتە ئەدەپ تېخىمۇ مۇھىمدۇر.» دەپ، خىزمەتنىڭ سەممىي ۋە مەلۇم ئەدەپ-قائىدىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئادا قىلىنىشىنىڭ مۇھىملىقىنى بايان قىلغان.

جانابى ئاللاھ، قىلغان ئەمەللىرىمىزنىڭ سالىھ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىش بىلەن بىرلىكتە، ئۇ ئەمەلدە تەقۋالىق ئۆلچىمىگە رىئايە قىلغان-قىلمىغانلىقىمىزغا قارايدۇ. يەنى سۆز-ھەرىكەت ۋە ئىبادەتلىرىمىزدە ئەدەپكە رىئايە قىلغانلىقىمىزغا قاراش بىلەن بىرلىكتە ئىبادەتلەرنى قانداق ھالەتتە ئىجرا قىلغانلىقىمىزغىمۇ قارايدۇ. ماددىي جەھەتتىن كەمبەغەل، ئەمما روھى جەھەتتىن باي بولغان بىر ئادەم يېرىم خورما بىلەن جەننەتنى قازانغان بولسا، ماددىي جەھەتتىن باي، ئەمما

«پەقەت (ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بۇ دۇنيادىكى چېغىدا) تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارلا بۇ ھالدا قالمايدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ياخشىلىققا ئالماشتۇرىدۇ، ئاللاھ تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر.»

(فۇرقان سۈرىسى، 70-ئايەت)



روھى جەھەتتىن كەمبەغەل، يەنى مەنىۋى كېسەل ئادەم بارلىق مال-دۇنياسىنى سەرپ قىلسىمۇ يەنە زىيان تارتىدۇ.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قىلىنغان ئىبادەتلەرنىڭ ئاللاھ نەزىرىدە قوبۇل قىلىنىشى كۆڭۈلدىكى ئىخلاسنىڭ ئۇرغۇپ چىقىشىغا باغلىق. تاشقى جەھەتتىن كۆپ كۆرۈنىدىغان كۆپلىگەن سالىھ ئەمەللەر كىچىككىنە كۆڭۈلنىڭ ئىچىدە يۇقاپ كېتىدىغان دەرىجىدە كىچىكلىسە، ئۇلۇغۋار بىر كۆڭۈلنىڭ ئىچىدىكى خىزمەت ئەجرى ئاسمان-زېمىنغا سىغمايدىغان ئەبەدى پايدىغا ۋەسىلە بولىدۇ.

ئۇنداق بولغان ئىكەن ئەڭ مۇھىم نوقتا ئۆز يەنى قەلبىنىڭ ھېس-تۇيغۇسىدۇر. يەنى ئىبادەتتە كۆڭۈل رىئايە قىلىدىغان ئەدەپ ۋە ئۆلچەملەردۇركى، بۇ ھەقىقەت خىزمەتتە تېخىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى ئاللاھتائالا قۇرئانى-كەرىمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەقۋا ئاساسىغا سېلىنغان قۇبا مەسجىدىدە ناماز ئوقۇشنى، ئەمما مۇناپىقلارنىڭ نىفاق ئاساسىغا سالغان مەسجىدى دىرارنى يىقىشنى ئەمىر قىلغان. سىرتتىن قارىغاندا، بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى مەسجىد، ئەمما ئىچىدىن قارىغاندا، ئوتتۇرىسىدا شەرق بىلەن غەرپ، جەننەت بىلەن جەھەننەم قەدەر پەرق بار.

بۇنىڭغا ئوخشاش، ئەدەپ بىلەن ئادا قىلىنغان خىزمەتلەر بىلەن ئەدەب سىرتىدا قىلىنغان خىزمەتلەرنىڭ ئەھۋالىمۇ يۇقارقىدەك بولىدۇ.

ئۇنداق بولغاندا، خىزمەتتە مۇۋەپپىقىيەتلىك بولۇش ئۈچۈن ئىلىم، ئىرپان، لاياقەت، كەمتەرلىك، ساغلام خارەكتېر ۋە شەخسىيەت ئىگىسى بولۇش زۆرۈردۇر. بۇنىڭ زىددى بولغان سەمىمىيەتسىزلىك بىلەن قىلىنغان خىزمەتلەردىن بەرىكەتلىك نەتىجە كۈتۈش بىھۇدىلىكتۇر.

شۇڭا خىزمەت ئەھلى ئۆزىدە ئۈستۈن سۈپەت بار دەپ ئويلايدىغان مەنمەنچى، تەكەببۇر بولماسلىقى كېرەك. ئەكسىچە،

ئىنسانلار ئارىسىدا ئۆزىنى بىلگەنلەر شۇ ئۈچ خىل كىشىدۇر: شامالغىمۇ زىيان سالمىغانلار؛ ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىشتىن خىجىل بولىدىغان ۋە ئىنسانلارغا شەپقەت نەزىرى بىلەن قارايدىغانلار.



روھنىڭ سالامتى ئۈچۈن چوڭلۇقىنى، بايلىقىنى، شۆھرىتىنىلا ئەمەس پۈتۈن بارلىقىنى سەرپ قىلالايدىغان پىداكار بىر مۆئمىن بولۇشى كېرەك. ھەقىقىي خىزمەت ئەھلى ھەر ۋاقىت نادان، بالا-قازاغا ئۇچرىغان ۋە يالغۇزنىڭ يېنىدا بولۇشنى شۇئار قىلىشى، ۋەزىپىسىنى ئىشتىياق بىلەن قىلىشنى بىلىدىغان، ئۈمىد ۋە ئىمان مەنبەسى كۆڭۈل ئىنسانى بولۇش كېرەك.

خىزمەت ئەھلى دەستۇر قىلىشقا تېگىشلىك ئالاھىدىلىكلەر ۋە دىققەت قىلىدىغان ئەدەپ-قائىدىلەرنى تۆۋەندە بايان قىلىمىز:

## 1. خىزمەتنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇپ يېتىش

خىزمەت ئەھلى ھەر نەرسىدىن ئىلگىرى خىزمەتنى ئۆزى ئۈچۈن غەنىمەت بىلىشى، بۇنى خىزمەتنىڭ بىرىنچى دەستۇرى دەپ قوبۇل قىلىشى كېرەك. نېمەتنىڭ داۋامىنىڭ شۈكۈر بىلەن مەيدانغا كېلىدىغانلىقىنى ئىدراك قىلىپ، رەببىگە قارىتا ھەمدۇ-سانا تۇيغۇسىدا بولۇشى كېرەك. خىزمەتلەرنىڭ ئەڭ مۇقەددەسى بولغان ئىلاھىي كەلىمەتۇللاھ، مۆئمىنلارغا ئامانەت قىلىنغان مۇقەددەس ۋەزىپىدۇر. قۇرئانى-كەرىم بىلەن سۈننەت، ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ بىزدىكى ئامانىتىدۇر. ساھابى-كىرام ۋە ئەجدادىمىز بۇ ئامانەتنى 1400 يىلدىن بېرى قانداق قىلىپ بىزگە يەتكۈزگەن بولسا، بىزمۇ كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئۇ شەكىلدە يەتكۈزۈشكە مەجبۇرمىز. بۇ خىزمەتلەر بىزنىڭ ئاخىرەت سەرمايىمىز ۋە ئاللاھ نېسىپ قىلسا جەننەت ۋىزىمىزدۇر.

ئۆمرىنى ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتىغا خىزمەتكە ئاتىغان پەزىلەتلىك ئىنسان مەرھۇم ئاتىمىز مۇسا ئەپەندى خىزمەتنىڭ ئەھمىيىتىنى مۇنداق ئىپادىلىگەن:

«مۇسۇلمان ئىبادەت ۋە ياخشى ئىشلارنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە قارىماي، پۈرسەت تاپسىلا ئىخلاس بىلەن خىزمەت قىلىشقا غەيرەت

«سەنمۇ نۇردىن، تەربىيەدىن، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكتىن نېسىۋەڭنى ئال، بۇرنۇڭنى گۇناھقا تىقمىغىنىڭ، قۇرت-قوڭغۇز كەبى بولما، ئىنسان بول! ئىنسان!»

- ھەزرىتى مەۋلانا

قىلىشى كېرەك. چۈنكى چوڭ خىزمەتلەرنى قىلىدىغان كۆپ كىشىلەر بەزى كىچىك ھېسابلىنىدىغان خىزمەتلەرنى تاشلاپ قويىدۇ، ھالبۇكى، ئاللاھتائالانىڭ قايسى ئىشلاردىن بەكراق رازى بولىشى ئېنىق ئەمەس.

شۇنى بىلىش كېرەككى، خىزمەت قىلىش ھەممە ئادەمگە نېسىپ بولمايدۇ. كۆپ كىشىلەر باركى، ھەر جەھەتتىن خىزمەت قابىلىيىتى بار تۇرۇپ، زامان، ماكان ئۇيغۇن بولمىغانلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن مەھرۇم. خىزمەت قىلغۇچىلار خىزمەتنى نېمەت بىلىپ، تېخىمۇ كەمتەر بولىشى ھەتتا خىزمەتكە ۋەسىلە بولغانلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىنغۇچىلارغا تەشەككۇر ھېس-تۇيغۇسىدا بولىشى كېرەك.»

ئىمامى رەببانى ھەزرەتلىرى، خىزمەت قىلغۇچىنىڭ خىزمەت قىلىنغۇچىلارنى نېمەت بىلىپ، ئۇلارغا تەشەككۇر ھېسسىياتىدا بولۇشى لازىملىقىنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

«بىر كىشى قانداقلارچە كۆپ كىشىلەرنىڭ تالانتلىق بولىشىغا سەۋەپچى بولغان بولسا، بىر نەچچە كىشىمۇ بىر كىشىنىڭ كامالەتنى قولغا كەلتۈرىشىگە سەۋەپ بولالىشى مۇمكىن. چۈنكى بىر ئۇستاز ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كامالاتىغا سەۋەپ بولغاندەك، ئۇلارنىڭمۇ بىر-بىرىگە تەسىر قىلىشى نەتىجىسىدە ئۇستازىنىڭ كامالاتىغا سەۋەپ بولىشى مۇھەققەقتۇر.»

ئاللاھتائالانىڭ بىزگە بەرگەن نېمەتلىرىنىڭ قەدرىنى بىلىپ، بۇلارنى ئۇنىڭ يولىدا ئىنفاق قىلىش غەيرىتى ئىچىدە بولۇشىمىز كېرەك. بۇ ئىمانىمىزدىكى ساداقەتنىڭ نىشانىدۇر. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ قۇرئانى-كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

**«شۈبھىسىزكى، (ھەقىقىي) مۆمىنلەر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئاندىن (ئىمانىدا) شەك كەلتۈرمىگەن، ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلاردۇر، ئەنە شۇلار (ئىمان دەۋاسىدا) راستچىللاردۇر.»**

(ھۇجۇرات سۈرىسى، 15-ئايەت)

مالدىن قىلىنىدىغان ئىنفاقنىڭ پەرز بولغان زۆرۈر ئۆلچىمى بېكىتىلگەن. بۇ جەھەتتىن

خوشچا باق زاتىنا كىم زۇبدەئى ئالەمسىن سەن،
مەردۇمى دىدەئى ئەكۋان ئولان ئادەمسىن سەن.
(ئەي ئىنسان! ئۆزۈڭگە كۆڭۈل كۆزۈڭ بىلەن ياخشى قارىغىنكى، سەن ئالەمنىڭ يەنى يارىتىلغانلارنىڭ ئۆزىسەن ۋە سەن كائىناتنىڭ كۆز نۇرى بولغان ئادەمسەن.)

-شەيخ گالىپ





كىمكى بىر ئادەمنى تىرىلدۈرسە (يەنى قۇتقۇزسا ياكى ھايات قېلىشىغا سەۋەپچى بولسا)، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى تىرىلدۈرگەندەك بولىدۇ،

(مائىدە سۈرىسى، 32 ـ ئايەت)

مېلىنىڭ زاكىتىنى بەرگەن ئادەم مېلى بىلەن ئادا قىلىشقا تېگىشلىك خىزمەتنى قىلغان بولىدۇ. ئەمما جانابى ئاللاھ ئىنسانغا بەخش قىلغان قابىلىيەت ۋە ئىمكانلارنىڭ نىساپ مىقدارىنى ھېسابلاش مۇمكىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئاخىرقى نەپسىمىزگىچە ئۆزىمىزنى ئاللاھ يولىدا خىزمەتكە ئاتىشىمىز كېرەك. بۇ سەۋەپتىن، ھاياتىمىزنىڭ ئاخىرقى چېكىگىچە خىزمەت ئۈچۈن تىرىشىشقا توغرا كېلىدۇ.

رەببىمىز، قۇرئانى ـ كەرىمدە: **«ئاللاھ ھەر ئىنساننى كۈچى يېتىدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلىدۇ.»** (بەقەرە سۈرىسى، 286 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن.

بۇ سەۋەپتىن بىر مۇسۇلمان قىلغان خىزمەتنى يېتەرلىك كۆرمەسلىكى، يەنە باشقا قانداق ئىشلارنى قىلالايدىغانلىق چۈشەنچىسى بىلەن داۋاملىق خىزمەت ئىزدەش ئارزۇسىدا بولۇشى كېرەك.

بۇنىڭ جانلىق مىساللىرىدىن بىرى ساھابە ـ كىرامدىن ئابدۇللاھ ئىبنى مەكتۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر. بۇ ساھابە ئەما بولغانلىقى ئۈچۈن جىھادقا چىقماسلىقىغا رۇخسەت قىلىنغان. لېكىن ئەما ساھابىنىڭ ھېچ بولمىغاندا بايراق كۆتۈرۈشكە يارايمەن دېگەن ئارزۇ بىلەن قادىسىيە ئۇرۇشىغا قاتنىشىشى، كۆڭلىدە پۈكۈپ يۈرگەن نىساپ نامەلۇملۇقىدىن ئوتتۇرىغا چىققان غەم ـ قايغۇنىڭ نەتىجىسى، ھەر قانداق ئەھۋالدا خىزمەت قىلىش ئارزۇسىنىڭ ئالامىتىدۇر.

بىر مۇسۇلمان ئاجىزلىق ۋە ئىمكانسىزلىقلارغا قاراپ، ئۈمىدسىز بولماسلىقى كېرەك. ھەر ۋاقىت ئاللاھ يولىدا قىلالايدىغان خىزمەتلەرنى ئاخىرلاشتى دەپ ئويلىماسلىقى، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر خىزمەت ۋە جىھاد ئارزۇسىدا ياشىشى كېرەك. بۇ ھەقتە قۇرئانى ـ كەرىمدە بايان قىلىنغان:

وَاعْبُدْ رَبَّكَ حَتَّى يَأْتِيَكَ الْيَقِينُ

«سەن ئۆزەڭگە ئۆلۈم كەلگەنگە (يەنى ئەجىلىڭ يەتكەنگە) قەدەر پەرۋەردىگارىڭغا ئىبادەت قىلغىن.» (ھىجر سۈرىسى، 99- ئايەت) دېگەن ئايەت-كەرىمىنىڭ تەلۋى بويىچە ھەر مۇسۇلمان كۆزىنى ئېچىپ-يۇمالىغۇچىلىك ماغدۇرغا ئىگە بولغان مۇددەتكىچە، خىزمەتنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى بىلىشى كېرەك. تۆۋەندىكى ھادىسە بۇ جەھەتتە ئۆلچىمىمىزنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ:

ئۇھۇد ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شېھىد ۋە يارىدارلارنى ئېنىقلاپ چىقىشنى ئەمر قىلدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاقىۋىتىنى بىلمىسە بولمايدىغان بىر ساھابە بار ئىدى. بۇ ساھابە سائاد ئىبنى رەبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى تېپىپ ئەھۋالىنى ئوقۇپ كېلىش ئۈچۈن، ئەسھابىدىن بىرسىنى ئۇرۇش مەيدانىغا ئەۋەتتى. بۇ ساھابە سائاد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى شۇنداق ئىزدىسىمۇ تاپالمىدى. قانچە قېتىم چاقىرىپمۇ ئاۋازىنى ئاڭلىيالمىدى. ئاخىرقى بىر قېتىم:

«ئەي سائاد! مېنى رەسۇلۇللاھ ئەۋەتتى. ئاللاھ رەسۇلى سېنىڭ ھايات قالغانلار ياكى شېھىدلەر ئارىسىدا ئىكەنلىكىڭنى ئۆزىگە خەۋەر بېرىشىمنى ئەمر قىلدى.» دەپ، شېھىدلەر بار تەرەپكە قاراپ ۋاقىرىدى.

ئۇ ۋاقىتلاردا ئاخىرقى نەپەسنى ئېلىۋاتقان، گەپ قىلغۇدەك ماجالى قالمىغان سائاد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنى ئاللاھ رەسۇلىنىڭ ئىزدەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، پۈتۈن كۈچىنى توپلاپ، ئىڭراۋاتقان ھالەتتە:

«مەن ھازىر ئۆلگەنلەر ئارىسىدا» دېدى. ئۇ بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىش ئالدىدا ئىدى. بۇ ساھابە سائادنىڭ يېنىغا يۈگرەپ كەلدى. ساھابە سائادنى بەدىنى قىلىچ زەربىسى بىلەن تىتما-تىتما بولۇپ كەتكەن ئەھۋالدا كۆردى. بۇ ساھابە سائادتىن بوغۇق ئاۋازدا شۇ سۆزلەرنى ئاڭلىدى:



ئالدىمىزدىكى ئادەم كاپىرلىقتا فىرئەۋىن دەرىجىسىدە قاتتىق بولسىمۇ بىزنىڭ دەۋەت مېتودىمىز ئۇرۇپ چېقىش، تەھدىت قىلىش قاتارلىق نەپسانى ھېس-تۇيغۇلار بىلەن ئەمەس، سۇنىڭ ئېقىشىغا ئوخشاش كۆڭۈلگە لەززەت بەخش قىلىدىغان يۇمشاق سۆز بىلەن بولۇشى كېرەك.



«ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، كۆزلىرىڭلار قىمىلدىغان مۇددەتكىچە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنى دۈشمەنلەردىن قوغدىماي، ئۇنىڭغا بىرەر مۇسىبەت كېلىشكە پۇرسەت بەرسەڭلار، سىلەرنىڭ ئاللاھ ئالدىدا ئېيتىدىغان ھېچ قانداق ئۆزرۈڭلار يوقتۇر.»

سائاد ئىبنى رەبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۈممەتكە ۋەسىيەت ماھىيىتىدىكى بۇ سۆزلىرى ئەينى ۋاقىتتا پانى ھايات بىلەن ۋىدالىشىش سۆزلىرى ئىدى.

خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا، ئۆزىنى ھېسابقا تارتىپ:

«ھاياتى ئاللاھ يولىدا ئات چاپتۇرۇپ، قىلىچ پولاڭلىتىپ ئۆتكەن بىر جەڭگىۋارنىڭ، ئاجىزلاردەك، كارۋاتتا يېتىپ ئۆلۈشى نېمدېگەن ئېچىنىشلىق! مېنى ئورنۇمدىن تۇرغۇزۇڭلار! ھېچ بولمىسا قىلىچىمغا تايىنىپ بولسىمۇ ئۆرە تۇرۇپ جان بېرەي!» دېگۈزگەن روھ، ناھايىتى بۈيۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئىپادىلەيدۇ.

بۇ روھنى ئاللاھ يولىدىكى پۈتكۈل خىزمەت ساھەلىرىگە چېچىش مۇمكىن. خىزمەت ئەھلى ھەر مۇئمىن بۇ تۇيغۇلارغا ئىگە بولۇشى، بۇلارنى ھەرىكەتلىرىگە غايە قىلىشى، خىزمەت ئىمكانى بار تۇرۇپ، بۇنى ئادا قىلىشتىن يىراق تۇرۇشنىڭ قانچىلىك ئېغىر مەسئۇلىيىتى بارلىقىنى ئىدراك قىلىشى كېرەك. بۇنىڭ ئەكسىچە ئىش قىلغانلار ئەبەدى ھاياتى ئۈچۈن چوڭ خەتەر پەيدا قىلغانلىقىدىن غاپىل بولماسلىقى كېرەك.

خىزمەت پەيغەمبەرلەر ۋە پەيغەمبەر ۋارىسلىرى يېپىشقان شۇنداق بىر پەزىلەتتۇركى، ئۇ بۈيۈك ئىنسانلار ھەتتا سەكراتتىكى ۋاقتىدىمۇ خىزمەتنى قولدىن بەرمىگەن. بۇ ئەھۋال خىزمەتكە قانداق يېپىشىش كېرەكلىكىنى ئىپادىلەش جەھەتتە ئىرپان ئەھلى ئۈچۈن كۈپايە قىلىدىغان مىسالدۇر.

«ئىنساننىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىنى پەس كۆرۈشى ئۆزىنىڭ گۇناھكار بولۇشىغا يېتەرلىكتۇر.»

(مۇسلىم، «بىرر»، 32)


## 2. كۆڭۈلنى مەنىۋى خىسلەتلەر بىلەن زىننەتلەش

خىزمەت قىلغۇچىلارنىڭ كۆڭلى روھانىيەت بىلەن تولغان بولۇشى كېرەك. كۆڭۈل ئۆپىقىمىز مەنىۋى غىزالار بىلەن ئېچىلىدۇ. بۇ خىل پىشىپ يېتىلىشنىڭ نەتىجىسىدە ئاڭلاش، سىزىش ھېس ـ تۇيغۇلىرىمىز كۈچىيىدۇ. باھائۇددىن نەقشىبەندى، ئەزىز مەھمۇت ھۇدايى، غەززالى، مەۋلانا ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش پەيغەمبەر ۋارىسلىرى پەقەت زاھىرى ئىلىم بىلەنلا كۇپايە قىلىپ، قەلبىي ئىلىم بىلەن زىننەتلەنمىگەن بولسا ئىدى، ئەسىرلەردىن بېرى كۆڭۈل سامايىمىزنى بىرەر سۇرەيىيا يۇلتۇزىغا ئوخشاش نۇرلاندۇرىدىغان ماقاملارغا ئىگە بولالمىغان بولاتتى.

بۇ پەيغەمبەر ۋارىسلىرى ۋەقەلەرگە كۆڭۈل دەرىزىسىدىن سۆيگۈ ـ مۇھەببەت نەزىرى بىلەن قاراپ باھا بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ياشاۋاتقان جەمئىيەتتە ھىدايەتكە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلغان كىشىلەرگە، ھەتتا جاھانغا ھۆكۈم قىلىۋاتقان پادىشاھلارغىمۇ رەھبەرلىك قىلدى. چۈنكى ئۇلار زاھىرى ئىلىم، ئەقىل، مەنتىق بىلىملىرىنىڭ ئۈستىنى يېپىۋاتقان سىرلىق يوپۇقنى ئېلىۋېتىپ، ئىلاھىي سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنىڭ پەيزلىك تەجەللىلىرىگە نائىل بولدى.

بۇ پەيغەمبەر ۋارىسلىرىنىڭ پانى ۋۇجۇتلىرى ئەسىرلەردىن بېرى توپراق ئاستىدا بولۇشىغا قارىماي، كۆڭۈل ئەسەرلىرى بىلەن كۈنىمىزگىچە يېتىپ كەلدى.

خىزمەتنىڭ مۇھىم غايىلىرىدىن بىرى بولغان ھىدايەتكە ۋەسىلە بولۇش، رەھبەر ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى ئەھۋالىغا باغلىق ئالاھىدىلىكتۇر. ئىسلامنى شەخسىي تۇرمۇشىمىزدا قانچىلىك تەتبىق قىلالىساق، باشقا ئىنسانلارغا تەسىر كۆرسىتىش ئىمكانىمىزمۇ شۇنچىلىك بولىدۇ. قەلب ئىلاھىي سىرلارغا ئېچىلغان بىر دېرىزىدۇر. بۇ ۋاستىنى ياخشى ئىشلىتەلىگەنلەرگە ئۆتمۈش ۋە چەكسىزلىك ئايان بولىدۇ. تەۋھىد دائىرىسىگە كىرىش ئىنساننى ئەبەدىيەتنىڭ سەيياھى قىلىدۇ.



كەل! كەل، نېمە بولغان بولساڭ يەنە كەل،
كاپىر، مەجۇسى ياكى بۇتپەرەست بولساڭمۇ كەل!
بىزنىڭ دەرگاھىمىز (ئىسلام) ئۈمىدسىزلىك دەرگاھى ئەمەس،
يۈز قېتىم تەۋبەڭنى بۇزغان بولساڭمۇ يەنە كەل!

ـ ھەزرىتى مەۋلانا



كائىناتنىڭ پەخرىنىڭ ھاياتىغا قارىغان ۋاقتىمىزدا، ئىلاھىي ۋەھيىنىڭ ئالدى بىلەن ئۇنىڭ قەلبىگە نازىل بولغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ ئەھۋال قۇرئانى ـ كەرىمدە:

**«شۈبھىسىزكى، قۇرئان ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر. ئاگاھلاندۇرغۇچىلاردىن بولۇشۇڭ ئۈچۈن، ئىشەنچىلىك جىبرىئىل ئۇنى سېنىڭ قەلبىڭگە ئېلىپ چۈشتى. (قۇرئان) ئوچۇق ئەرەبى تىلدا (نازىل بولدى)»** (شۇئەرا سۈرىسى، 192 ـ 195 ـ ئايەتلەر) دېيىلگەن.

قەلبىگە نازىل بولغان بۇ قۇرئان، ئاللاھ رەسۇلىنىڭ شەخسىيىتىدە گۈيا جانلىق قۇرئان ھالىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلىشىغا ۋەسىلە بولغان. ساھابە ـ كىرام، بۇ شەخسىيەتكە ھەيران بولغان. بۇنىڭ بىلەن ئىسلامى شەخسىيەتنى ئالدى بىلەن رەسۇلۇللاھنىڭ قەلبىدىن ئالغان. ھىدايەتكە ئېرىشىشتىن ئىلگىرى يېرىم ۋەھشى بىر ھايات ياشىغان جاھىلىيەت ئىنسانلىرى، ئاللاھ رەسۇلىنىڭ خۇيى بىلەن زىننەتلىنىپ، ئەخلاقى جەھەتتىن كامالەتكە يەتكەن. بۇنىڭ بىلەن دۇنيا تارىخىدا «پەزىلەتتە ئەڭ ئۈستۈن ئىنسانلار»غا ئايلانغان. ئاللاھنىڭ دىنىغا خىزمەت قىلىشنى غايە قىلغان مۇئمىنلارمۇ ئەسھابى ـ كىرامنىڭ پەزىلىتىدىن ئۆرنەك ئېلىپ، بۇ ھېكمەتلەردىن نېسىۋە ئېلىشى، كۆڭۈلنىڭ قۇرئان نۇرى بىلەن نۇرلىنىشىغا غەيرەت كۆرسىتىشى كېرەك.

كۆڭۈل نۇرىدىن مەھرۇم قالغان بىر خىزمەت، چۆلگە تۆكۈلگەن بىر قاچا سۇ ئوخشايدۇ. قورغاق يەرگە ئېتىلغان خىزمەت ئۇرۇغى ئېتىزلىقتىكى چاشقانلارنىڭ قورسىقىغا يەم بولىدۇ. كۆڭۈل بىلەن ئېتىلغان ئۇرۇق ئىستىقبالنىڭ چىنارلىرى بولىدۇ. بۇ سەۋەپتىن خىزمەت ئەھلى شەخسىي تۇرمۇشىنىڭ مەنىۋىي غىزاسىغا دىققەت قىلىشى كېرەك. ئىبادەتلەردە روھانىيەت، ئەخلاق؛ مۇئامىلىدە ئەستايىدىللىق، ئىنچىكىلىك، غەمگۇزارلىققا ئەھمىيەت بېرىپ، روھى جەھەتتىن يېتىلىشى كېرەك. بۇنداق ئەھۋالغا ئىگە بولۇش بەندىنى

«سىلەرگە ياخشىلىق قىلغانلارغا ياخشىلىق قىلىش، يامانلىق قىلغانلارغا يامانلىق قىلىش پەزىلەت ئەمەس. ئەسلى پەزىلەت يامانلىق قىلغانلارغىمۇ يامانلىق قىلماي، ياخشىلىق قىلىشتۇر.»

(تىرمىزى، «بىرر»، 63)

ئىلاھىي مۇھەببەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

«ئاللاھتائالا مۇتتەقى، كۆڭلى باي، ئۆزىنى ئىبادەتكە بەرگەن، شان-شۆھرەتتىن يىراق تۇرۇپ، نەپسىنىڭ ئىسلاھى بىلەن مەشغۇل بولغان بەندىسىنى ياخشى كۆرىدۇ.» (مۇسلىم، «زۇھد»، 11)

خىزمەت قىلغۇچىنىڭ كۆڭلى مۇنبەت تۇپراقتەك بولۇشى كېرەك. تۇپراقنىڭ ئۈستىدە مېڭىۋاتقان ئىنسانلار ئۇنىڭغا دەسسەيدۇ، ئەخلىتىنى تۆكىدۇ. ئەمما تۇپراق بۇ ئەخلەتنىڭ ھەممىسىنى تازىلاپ، ھەر خىل گۈزەللىكتىكى ئۆسۈملۈكلەر ئۈندۈرۈپ، ئۈستىدە مېڭىۋاتقان پۈتۈن مەخلۇقاتنى تەمىنلەيدۇ. خىزمەت ئەھلىنىڭ كۆڭلى مۇنبەت تۇپراققا ئوخشاش بولۇشى، قەلبىدىكى پۈتۈن گۈزەللىكلەر، مەنزىرىلەر تەبىئى شېئىر شەكلىدە خىزمەت قىلىنغۇچىلاردا ئەكس ئېتىشى لازىم. بۇ ئەھۋالغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن شۇ تۆت نوقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك:

### 1) كۆڭۈلنىڭ ئاللاھ بىلەن بىرگە بولۇشى

ئاللاھتائالا قۇرئانى-كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

**«شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، روشەن دەلىللەر بار. ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ) «پەرۋەردىگارىمىز! بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ. سەن پاكتۇرسەن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن.»** (ئال ئىمران سۈرىسى، 190-191-ئايەت)

**«(تەۋبە قىلغانلار) ئىمان ئېيتقانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ دىللىرى ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ.»** (رەئد سۈرىسى، 28-ئايەت)

بىر قېتىم كۆڭۈل يىقساڭ،
بۇ ئوقۇغىنىڭ ناماز ئەمەس،
يەتمىش ئىككى مىللەت بولسىمۇ،
قولۇڭ يۈزۈڭنى يۇمايدۇ ئەمەس.

- يۇنۇس ئەمرە





ئاللاھنى زىكىر قىلىش ئاللاھ كەلىمىسىنى پەقەت تەلەپپۇز قىلىشلا بولماستىن، بەلكى ئاللاھنى ئىدراك قىلىش ئىچىنى قەلبكە يەرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. قەلب بۇنداق بولغاندا ئارام تاپىدۇ. ئاللاھقا يېقىنلىشىشنىڭ ئىنسانغا ئاتا قىلىدىغان سائادىتى بۇ شەكىلدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

مائىيەتى ئىلاھىييە (ئاللاھ بىلەن بىرگە بولۇش ئېڭى) خىزمەت ئەھلىنىڭ قەلبىدە يەرلەشكەن ۋاقىتتا، خىزمەتتە دۇچ كەلگەن ھەر قانداق مۇشەققەت ئۇنى بۇشاشتۇرۇپ قويمايدۇ، قىيىنچىلىقلار ئۇنىڭغا ئاسان بولىدۇ، خىزمەت ئىشتىياق بىلەن ئادا قىلىنىدۇ. ئىشتىياق بىلەن قىلىنغان خىزمەتلەر ئورنىنى تاپىدۇ، ئىگىسىگە لەززەت ۋە خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن قەلب دۇنيا مۇھەببىتىدىن پاكلىنىشى، ئاللاھنىڭ مۇھەببىتى بىلەن تولغان بولۇشى كېرەك. ئىبنى ئەرەبى «مىشكاتۇل ئەنۋار» ناملىق كىتابىدا شۇ ھەدىسنى نەقىل قىلغان:

«ئەي ئادەم ئوغلى! سېنى ئۆزەم ئۈچۈن، ئەشيانى سېنىڭ ئۈچۈن ياراتتىم. ئۆزەڭنى سېنىڭ ئۈچۈن ياراتقان ماسىۋا يەنى دۇنيا ئۈچۈن ھالاك قىلما!»[23] دېگەن.

«رىمۇنتچىغا بۇزۇلۇپ قالغان سايمان ئاپىرىلغاندەك، بۇنداق زاتلارنىڭ كۆڭۈل دەرگاھلىرى رىمۇنتخانىغا ئوخشايدۇكى، ئۇ يەردە قىلىنىدىغان ئىش خاتانى تۈزىتىش بولغانلىقى ئۈچۈن، خاتالىقى بار ئىنسانلارغا قارىتا تەبلىغ قىلىنىشى تەبىئى ئەھۋالدۇر.»

## 2) كۆڭۈل ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ سۆيگۈسى بىلەن تولغان بولۇشى

خىزمەتتە مۇھەببەت تەرەققىياتنىڭ باشلانغۇچى. بۇ نوقتا ئەسلىدە ھەر نەرسىنىڭ باشلانغۇچىدۇر. قەلب بۇ نوقتىغا كەلگەندە مەنىۋىي جەھەتتىن كۈچلىنىپ، گۈزەللىكلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا باشلايدۇ.

ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ سۆيگۈسى قەلبىمىزدىكى بارلىق سۆيگۈلەردىن ئۈستۈن بولۇشى كېرەك. بۇ ھەقتە قۇرئانى كەرىمدە مۇنداق دېيىلگەن:

23. «مىشكاتۇل ئەنۋار»، نۇرلار خەزىنىسى، 126 ـ 127 ـ بەتلەر



**«مۆئمىنلاردا ئاللاھ سۆيگۈسى بارلىق سۆيگۈلەردىن ئۈستۈندۇر.»** (بەقەرە سۈرىسى، 165-ئايەت)

**«ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتاڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىنداشىڭلار، خوتۇنلىرىڭلار، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭلار (ھەمدە ئۇلاردىن باشقىلار)، تاپقان پۇل-ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشىدىن قورققان تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن ئاللاھتىن، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا (يەنى شۇلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بەرمىسەڭلار)، ئۇ ھالدا سىلەر تاكى ئاللاھنىڭ ئەمرى (يەنى مەككىنى فەتھ قىلىش ئىزنى) كەلگۈچە كۈتۈڭلار، ئاللاھ پاسىق قەۋمنى (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ چەك-چېگرىسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى) ھىدايەت قىلمايدۇ.»** (تەۋبە سۈرىسى، 24-ئايەت)

قەلب ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ مۇھەببىتى بىلەن تولغان ۋاقىتتا، پۈتۈن گۈزەللىكلەر كۆڭلىمىزدە ئەكس ئېتىدۇ. ئاللاھ ۋە رەسۇلى پەقەت كىتابلاردىن ئوقۇلۇش بىلەن ئەمەس، كۆڭۈلدىكى مۇھەببەت بىلەن تونۇلىدۇ. سۆيگۈچى سۆيگىنىگە مۇھەببىتى نىسبىتىدە ھەيران بولىدۇ ۋە ئۇنى تەقلىد قىلىدۇ. چۈنكى سۆيگۈ-مۇھەببەت ئىككى قەلب ئوتتۇرىسىدىكى توك ئېقىمىغا ئوخشايدۇ. ياخشى كۆرگۈچىلەر ياخشى كۆرگىنىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويمايدۇ ۋە ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدۇ. ياخشى كۆرگىنى ئۈچۈن جان ۋە مېلىنى مەرتلەرچە خەجلەپ، پىداكارلىق كۆرسىتىپ دۇنيادىن كېتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ياخشى كۆرۈپ، ئۇنىڭ سۆيگۈسىگە لايىق بولۇش ئۈچۈن تىلىمىز دۇرۇتتا، قەلبىمىز سۆيگۈدە بولۇشى كېرەك.

قەلب رەسۇلۇللاھتىن قانچىلىك تەسىر ئالسا، شۇ دەرىجىدە كامالەتكە يېتىدۇ. جانابى ئاللاھ قۇرئانى-كەرىمدە رەسۇلنى ماختاپ مۇنداق دەيدۇ:

گۇناھكارغا قىلغان كەڭ قورساقلىقنى، گۇناھقا چاچراتماسلىق، گۇناھقا بولغان نەپرەتنى، گۇناھكارغا قاراتماسلىق كېرەك.



إِنَّ اللّٰهَ وَمَلٰئِكَتَهُ يُصَلُّونَ عَلَى النَّبِيِّ يَآ أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا صَلُّوا عَلَيْهِ وَسَلِّمُوا تَسْلِيمًا

**«ئاللاھ ھەقىقەتەن پەيغەمبەرگە رەھمەت يوللايدۇ (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت قىلىدۇ، شانىنى ئۇلۇغ قىلىدۇ، دەرىجىسىنى ئۈستۈن قىلىدۇ)، پەرىشتىلەرمۇ ھەقىقەتەن (پەيغەمبەرگە) مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، ئى مۆمىنلەر! سىلەر پەيغەمبەرگە دۇرۇت ئېيتىڭلار ۋە ئامانلىق تىلەڭلار (چۈنكى رەسۇلۇللاھنىڭ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىكى ھەققى چوڭدۇر، ئۇ سىلەرنى گۇمراھلىقتىن ھىدايەتكە، زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا چىقارغۇچىدۇر.)»** (ئەھزاب سۈرىسى، 56 ـ ئايەت)

جانابى ئاللاھ باشقا بىر ئايەتتە:

**«سىلەرگە ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر.»** (ئەھزاپ سۈرىسى، 21 ـ ئايەت) دېگەن.

بۇ ئىككى ئايەتنىڭ مەنىسى ۋە مۇھەببىتىنىڭ ئەسھابى ـ كىرامدا ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مۇھەببەتنىڭ مەنبەسىگە ئاللاھ ۋە رەسۇلىدا ئېرىشكەنلەر قىيامەتكىچە ئۈممەتى مۇھەممەدنىڭ تاللانغان كىشىلىرى قاتارىدا ياشايدۇ، پانى ھاياتىدىن كېيىن دۇئالار بىلەن ياد قىلىنىدۇ. بۇ ماقامغا يەتكەن رەسۇلۇللاھ ئاشىقلىرىدىن ئىككى كىشىنىڭ ئەھۋالىدىن مىسال بېرەيلى:

«ئاسانلاشتۇرۇڭلار، تەسلەشتۈرمەڭلار! خوشخەۋەر بېرىڭلار، نەپرەتلەندۈر ـ مەڭلار!»

(بۇخارى، «ئىلىم»، 11)

ئاللاھ رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن ئەتراپىدىكى قەبىلىلەرگە مۇئەللىملەر ئەۋەتكەن ئىدى. ئەمما ئەۋەتىلگەن بەزى مۇئەللىملەرگە سۇيىقەست قىلىنىدى. بۇلاردىن بىرى رەجى ۋەقەسىدە يۈز بەردى.

ئادال ۋە قارا قەبىلىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىسلامنى ئۆگىتىدىغان مۇئەللىم تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇن



كىشىلىك بىر ھەيئەت ئەۋەتتى. بۇ ھەيئەت رەجى دېگەن يەرگە كەلگەندە تۇزاققا چۈشۈرۈلۈپ، سەككىزى شېھىد قىلىندى. ئىككىسى ئەسىر ئېلىنىپ، مەككە مۇشرىكلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى.

ئەسىر قىلىنغان ساھابىلار زەيد ۋە ھۇبەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئىدى. ئىككىسى زالىم مۇشرىكلار تەرىپىدىن شېھىد قىلىندى. شېھىد قىلىنىشتىن ئىلگىرى، زەيدتىن:

ـ ھاياتىڭنىڭ قۇتقۇزۇلۇشى ئۈچۈن، سېنىڭ ئورنۇڭدا پەيغەمبەرنىڭ بولۇشىنى خالامسەن؟ ـ دەپ سورىدى. زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ سوئالنى سورىغان ئەبۇ سۇفيانغا ئېچىنىپ قاراپ:

ـ مېنىڭ بالا ـ چاقامنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ، پەيغەمبىرىمنىڭ بۇ يەردە بولۇشىنى ئارزۇ قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭ پۇتىغا بىر تىكەن كىرىشىنىمۇ خالىمايمەن. ـ دەپ جاۋاب بەردى. ئەبۇ سۇفيان بۇ خىل سۆيگۈ ئالدىدا قېتىپ قېلىپ:

ـ بۇنىڭغا ھەيرانمەن. مەن دۇنيادا مۇھەممەدنىڭ ئەسھابىنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرگىنىدەك بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرگەن باشقا ئىككى كىشىنى كۆرمىدىم. ـ دېدى. كېيىن ھۇبەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا دىنىدىن ۋاز كەچسە قۇتۇلدىغانلىقىنى ئېيتتى. ھۇبەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ دۇنيانى ئالدىمغا قويساڭلارمۇ دىنىمدىن قايتمايمەن. ـ دېدى. زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن سورىغان سوئالنى ئۇنىڭدىن سورىغاندا ئوخشاش جاۋابنى ئالدى. ھۇبەيب شېھىد قىلىنىشتىن ئىلگىرى بىر نەرسىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ بولسىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇھەببەتلىك بىر سالام يوللاش ئىدى. ئەمما سالامنى ئەۋەتىدىغان بىرسى يوق ئىدى. چۈنكى يېنىدا بىرەر تونۇشى يوقتى. كۆڭلى يېرىم ھالدا ئاسمانغا تىكىلىپ قاراپ:

«ئاللاھىم! بۇ يەردە سالامىمنى رەسۇلۇللاھقا يەتكۈزۈدىغان يېقىنىم يوق، ئۇنىڭغا سالامىمنى سەن يەتكۈزگىن!» دەپ، ئىلتىجا

«خىزمەت مۇھىمدۇر، لېكىن خىزمەتتە ئەدەپ، تېخىمۇ مۇھىمدۇر.»



قىلدى.

ئۇ ۋاقىتلاردا ئەسھابى بىلەن مەدىنىدە تۇرۇۋاتقان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئۇنىڭغىمۇ سالام بولسۇن» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدىغان:

«ۋە ئەلەيھىسسالام» دېگەنلىكىنى ئەتراپىدىكىلەر ئاڭلىدى. ئەسھابى-كىرام ھەيران بولۇپ:

«يا رەسۇلەللاھ! كىمنىڭ سالامىغا جاۋاب قايتۇردىڭىز؟» دەپ سورىدى. ئاللاھ رەسۇلى:

«قېرىنداشلىرىڭلار ھۇبەيبىنىڭ سالامىغا» دەپ، جاۋاب بەردى. ئاخىرىدا مۇشرىكلار ھەر ئىككى ساھابىنى قاتتىق قىيناپ شېھىد قىلدى. شېھىد قىلىنغان ۋاقىتتا ھۇبەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتقان شۇ سۆزلەر ناھايىتى مەنىداردۇر:

«مۇسۇلمان ھالەتتە ئۆلگەندىن كېيىن، باشقا شەكىلدە ئۆلۈشنىڭ غېمىنى قىلمايمەن.»[24]

رەسۇلۇللاھقا بولغان سۆيگۈسىدىن، ئۇنىڭ مەكتۇپلىرىنى كۆتۈرۈش شەرىپىگە نائىل بولۇش ئۈچۈن ساھابىلار مۇسابىقىگە چۈشەتتى. ئۇنىڭ ئارزۇسىنى ئورۇنلاش يولىدا ھەر تۈرلۈك پىداكارلىققا تەييار تۇرۇپ، ھەر قانداق خىزمەتكە يۈگرەتتى. ساھابە-كىرامنىڭ ئېگىز تاغلار ۋە سۇسىز چۆل-باياۋانلاردىن كېسىپ ئۆتۈپ، جاللاتلارنىڭ ئارىسىدا پادىشاھلارنىڭ ئالدىدا ئاللاھ رەسۇلىنىڭ مەكتۇبىنى جاسارەت بىلەن ئوقۇشى، ئۇلارنىڭ رەسۇلۇللاھقا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنىڭ تەڭداشسىز نامايەندىلىرىدىن بىرى ئىدى.

بۇلار ساھابىدىكى ئىمان ۋە جاسارەت ئىدى. ئەسھابى-كىرام ئۇچرىغان قىيىنچىلىقلار بىزنى قاتتىق ئويلاندۇرسا، ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ ئاشىقلىرى بۇنداق قىيىنچىلىق ئالدىدا قىلچە ھۇدۇقۇش ھېس قىلمايدۇ. چۈنكى، بۇلارنىڭ غايىسى ئاللاھ رەسۇلىنىڭ

«كۆپ كىشىلەر باركى، ھەر جەھەتتە خىزمەت قابىلىيەتلىرى بولسىمۇ زامان، ماكان ئۇيغۇن بولمىغانلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن نېسىۋىلىرى يوقتۇر. خىزمەت قىلغۇچىلار خىزمەتنى نېمەت بىلىپ، تېخىمۇ كەمتەر بولىشى ھەتتا نېمەتكە ۋەسىلە بولغانلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىنغۇچىلارغا تەشەككۈر ھېسسىياتىدا بولىشى كېرەك.»

-مۇسا ئەپەندى

---

24. بۇخارى، «مەغازى»، 10؛ ۋاقىدى، «مەغازى»، 280-281-بەتلەرگە قاراڭ



سۆيگۈسىگە لايىق بولۇشتىن ئىبارەت ئىدى.

بۇنداق شانى ئۇلۇغ پەيغەمبەرنىڭ مۇھەببىتى بىلەن كۆڭۈللەرنى زىننەتلەش مۇقەددەس خىزمەتلەرنىڭ بەرىكەتلىك ئۇرۇقى بولىدۇ.

«مۇسۇلمان ئىبادەت ۋە ياخشى ئىشلارنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قارىماي، پۇرسەت تاپسىلا ئىخلاس بىلەن خىزمەت قىلىشقا غەيرەت قىلىشى كېرەك. چۈنكى چوڭ خىزمەتلەرنى قىلىدىغان كۆپ كىشىلەر بەزى كىچىك ھېسابلىنىدىغان خىزمەتلەرنى تاشلاپ قويىدۇ، ھالبۇكى، ئاللاھتائالانىڭ قايسى ئىشلاردىن بەكراق رازى بولىدىغانلىقى ئېنىق ئەمەس.»

ـ مۇسا ئەپەندى رەھمەتۇللاھى ئەلەيھ

## 3) كۆڭۈلنىڭ دىن قېرىنداشلىرىغا مۇھەببەت بىلەن تولغان بولىشى

قېرىنداشلىق بولغان يەردە مەرھەمەت بولىدۇ. بىر مۇسۇلمان ئۆز نەپسى ئۈچۈن ئارزۇ قىلغان نەرسىنى دىن قېرىندىشى ئۈچۈنمۇ ئارزۇ قىلمىسا، كامىل مۇسۇلمان بولالمايدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھتائالا قۇرئانى ـ كەرىمدە:

إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ إِخْوَةٌ فَأَصْلِحُوا بَيْنَ أَخَوَيْكُمْ وَاتَّقُوا اللّٰهَ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ

**«مۆمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر، (ئۇرۇشۇپ قالسا) قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەڭلار، رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇڭلار.»** (ھۇجۇرات سۈرىسى، 10 ـ ئايەت)

كائىناتنىڭ پەخرى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەقتىكى بىر ھەدىس ـ شەرىپىدە:

«ئىمان ئېيتمىغۇچە جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر، بىر ـ بىرىڭلارنى ياخشى كۆرمىگىچە تولۇق ئىمان ئېيتقان بولمايسىلەر. سىلەرگە بىر نەرسە ئېيتىمەنكى، ئۇنى قىلغان مۇددەتكىچە بىر ـ بىرىڭلارنى ياخشى كۆرسىلەر، ئاراڭلاردا سالامنى ئومۇملاشتۇرۇڭلار.» (مۇسلىم، «ئىمان»، 93)

«يەتتە تۈرلۈك كىشى باركى، ئاللاھتائالا قىيامەت كۈنى ھەر قانداق سايە بولمىغان بىر كۈندە ئۇلارنى ئەرشىنىڭ سايىسىدا



سايىدىتىدۇ. بۇلاردىن بىرى ئاللاھ ئۈچۈن بىر-بىرىنى ياخشى كۆرگەن، ئاللاھ ئۈچۈن بىر يەرگە كەلگەن ۋە ئايرىلغان ئىككى كىشى.» (بۇخارى، «ئەزان»، 36) دېگەن.

بۇ قۇدسى ھەدىستە ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

«مېنىڭ رىزالىقىم ئۈچۈن بىر-بىرىنى ياخشى كۆرگەن، بىر-بىرىگە ئىكرام قىلغان، بىر-بىرىگە سەمىمىيەت بىلەن ئىشىنىپ دوست بولغان، ئۇرۇق-تۇغقان، دوستلىرى بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئۈزمىگەن، مەن ئۈچۈن بىر-بىرىنى زىيارەت قىلغانلار مېنىڭ مۇھەببىتىمگە ئېرىشىدۇ.» (ئەخمەد ئىبنى ھەنبەل، «مۇسنەد»، 5-جىلد، 229)

ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش، قېرىنداش بولۇش ۋە بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈش ھەققىدە ئاللاھ رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇ ھەدىسنى نەقىل قىلغان:

«بىر كىشى باشقا بىر يەردىكى دىن قېرىندىشىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. ئاللاھتائالا ئۇ كىشىنى كۆزىتىش ئۈچۈن يولنىڭ ئۈستىگە بىر پەرىشتە ئەۋەتتى. ئۇ كىشى پەرىشتىنىڭ يېنىغا كەلگەن ۋاقتىدا، پەرىشتە:

- قەيەرگە كېتىۋاتىسەن؟ - دەپ سورىدى. ئۇ ئادەم:

- پالانى ئادەمنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كېتىۋاتىمەن. - دەپ جاۋاب بەردى. پەرىشتە:

- ئۇ كىشى بىلەن ئاراڭلاردا بىر تۇغقانچىلىق بارمۇ؟ - دەپ سورىدى. ئۇ ئادەم:

- يوق. - دېدى. پەرىشتە:

- ئۇ ئادەمدىن ساڭا كېلىدىغان بىر پايدا بارمۇ؟ - دەپ سورىدى. ئۇ ئادەم:

- يوق. - دېدى. پەرىشتە:

- ئۇنداق بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ يېنىغا نېمە ئۈچۈن بارىسەن؟ - دەپ سورىدى. ئۇ ئادەم:

«سېنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھقا شۈكۈر قىلغىن! چۈنكى ئاللاھتائالا سېنى لۇتۇپ ۋە ئېھسانى بىلەن بىكار قويمىدى. پادىشاھقا خىزمەت قىلغۇچى ئۇنىڭغا مىننەت قىلالمايدۇ. سېنى بىر ئىشتا خىزمەت قىلدۇرغانلىقى ئۈچۈن سەن ئۇنىڭغا مىننەتدار بولغىن.»

- شەيخ سەئىد

ـ مەن ئۇنى پەقەت ئاللاھنىڭ رىزاسى ئۈچۈنلا ياخشى كۆرىمەن. شۇڭا زىيارەتكە كېتىۋاتىمەن. ـ دەپ جاۋاب بەردى. پەرىشتە:

ـ مەن ئاللاھ ساڭا ئەۋەتكەن ئەلچى بولىمەن. ئۇ قېرىندىشىڭنى پەقەتلا ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ياخشى كۆرگەنلىكىڭ ئۈچۈن ئاللاھتائالا سېنى ياخشى كۆردى.ـ دېدى. (ئەخمەد ئىبنى ھەنبەل،«مۇسنەد» ، 2ـ جىلد ، 292)

خىزمەت ئەھلىنىڭ بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈشى ئۇلارنىڭ قەلبىگە ئۇلپەتداشلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلىپ، غەيرىتىگە غەيرەت قوشىدۇ. ھەقىقەتەن، سەمىمى ھەمكارلىق بىلەن يەڭگىلى بولمايدىغان قىيىنچىلىق يوق. جانابى ئاللاھ بىر ـ بىرى بىلەن سەمىمى ھەمكارلىشىپ، مۆرىنى ـ مۆرىگە تىرەپ، بىرلىكتە كۈرەش قىلغانلارنى شۇ ئايەت ـ كەرىمىدە ماختىغان:

إِنَّ اللّٰهَ يُحِبُّ الَّذِيْنَ يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيْلِهِ صَفًّا كَأَنَّهُم بُنْيَانٌ مَّرْصُوصٌ

**«شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئۆزىنىڭ يولىدا مۇستەھكەم بىنادەك سەپ بولۇپ جىھاد قىلغانلارنى (يەنى ئۇرۇش مەيدانىدا دۈشمەنلەرگە ئۇچراشقان چاغدا مەۋقەسىدە ساباتلىق تۇرۇپ غازات قىلغانلارنى) دوست تۇتىدۇ.»** (سەف سۈرىسى، 4ـ ئايەت)

تارىخ ئىمان ۋە مۇھەببەت بىلەن بىر ـ بىرى بىلەن ھەمكارلاشقان قوشۇنىنىڭ سان ـ ساناقسىز زەپەرلىرىگە شاھىت بولغان.

بۇنىڭ يېقىن تارىخىمىزدىكى نامايەندىلىرىدىن بىرى چاناققەلئە ئۇرۇشىدۇر.

ماددىي جەھەتتىن ناھايىتى ئاجىز بولغان ئەسكىرى كۈچىمىز، ئىمانىنىڭ كۈچى بىلەن ئۇرۇشنى غەلبە بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان. ھەتتا دۈشمەنلەرمۇ بۇ ئىلاھىي ياردەم مەنزىرىسىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغان. بۇ ھەقتە ئىنگلىز گېنىرال ھاملتون:

«بىزنى تۈركلەرنىڭ ماددىي كۈچى ئەمەس، مەنىۋىي كۈچى مەغلۇپ قىلدى، بىز

ماڭا كېپەندۇر يوتقان ـ كۆرپە ، ساڭا تاۋۇتتۇر كۆلچەك ،
سەن ئۇينا ، مەن كېتەي ، ئاخىرقى پەيغەمبەر رەھبەر.

ـ نەجىپ فازىل قىساكۈرەك





ئاسماندىن چۈشۈۋاتقانلارنى كۆردۇق.» دېگەن.

مانا بۇ ئىلاھىي مۇھەببەتكە نائىل بولغان، ئىمانلىق، ئىخلاسلىق بىر قوشۇندىكى قۇرئانى-كەرىم ھەقىقىتىنىڭ ئىپادىسى. چۈنكى، قەلبى ئىمانغا تولغان ئەسكەر ئۈچۈن شېھىد بولۇش سائادەت، غازى بولۇپ ياشاش شەرەپ ئىدى. گۇيا ھەر بىرسىنىڭ ئىچىدە بىر مىللەت بار ئىدى. مەھمەتچىك (تۈرك ئەسكەرلىرى) چاناققەلئەدە ئىمان ۋە قۇرئان تولدۇرۇلغان قەلبى بىلەن دۈشمەنگە قارشى چىقتى.

❁

ئاللاھتائالا مۇئمىنلارنىڭ بىر-بىرلىرىگە قارىتا مۇھەببەت تۇيغۇلىرىغا دەخلى يەتكۈزىدىغان مەسخىرە، غەيۋەت، يامان گۇمان قاتارلىق ئىشلارنى ھارام قىلغان. بۇنداق ناچار ئىللەتلەرگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلارنى شۇ ئايەت بىلەن ئاگاھلاندۇرغان:

**«(كىشىلەرنى) ئەيىپلىگۈچى سۇخەنچىگە ۋاي! ئۇ مال توپلىدى ۋە ئۇنى (ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلماي ساقلاش ئۈچۈن) ساندى،»** (ھۇمەزە سۈرىسى، 1-2-ئايەتلەر)

بۇ ئايەتكە ئاساسلانغاندا، قول، تىل بىلەن ئىنسانلارنى ماددىي، مەنىۋىي جەھەتتىن رەنجىتىشنى ئادەت قىلىپ، غەيۋەت قىلغۇچى كىشىلەرنىڭ جەھەننەمدە قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇ نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق ئاقىۋەت-ھە!

«ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، كۆزلىرىڭلار قىلىدىغان مۇددەتكىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دۈشمەنلەردىن قوغدىماي، ئۇنىڭغا بىرەر مۇسىبەت كېلىشىگە پۇرسەت بەرسەڭلار، سىلەرنىڭ ئاللاھ ئالدىدا ئېيتىدىغان ھېچ قانداق ئۆزرۈڭلار يوقتۇر.»

-سائاد ئىبنى رەبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئىسلام بۇنداق ئاقىۋەتكە قېلىشتىن يىراق بولۇش ئۈچۈن كۆڭۈلنىڭ ئەپۇچان، ئەيىپ ياپىدىغان بولۇشىنى، ھەتتا بىر-بىرىگە دۇئا قىلىشنى تەۋسىيە قىلغان. بۇ ھەقتە ئاللاھ رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ھەدىس-شەرىپىدە مۇنداق دېگەن:

«بىر-بىرىڭلارنى كۆرەلمەسلىكتەك ناچار ئادەتنى ئۆزەڭلارغا يۇقتۇرماڭلار، ئاچچىق ۋە نەپرەتلىنىشنى بىر-بىرىڭلاردىن چىقىرىشقا تىرىشماڭلار. بىر-بىرىڭلارنىڭ ئەيىپىنى ئىزدىمەڭلار. باشقىلارنىڭ



گەپ-سۆزلىرىگە قۇلاق سالماڭلار، ئەي ئاللاھنىڭ بەندىلىرى، بىر-بىرىڭلار بىلەن قېرىنداش بولۇڭلار.» (مۇسلىم، «بىرر»، 30)

كائىناتنىڭ پەخرى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەسھابى-كىرام ئارىسىدا قىيامەتكىچە كېلىدىغان مۆمىنلەرگە يول كۆرسىتىدىغان ئۈرنەك قېرىنداشلىق تەسىس قىلغان. چۈنكى مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان مۇھاجىر بىلەن ئەنسار ئوتتۇرىسىدىكى بۇ قېرىنداشلىقنىڭ تارىختا تەڭدىشى بولمىغان. بۇ قېرىنداشلىق شۇ ھالغا كەلگەنكى، ئەنسارى-كىرام پۈتۈن مال-دۇنياسىنى ئوتتۇرىغا تاشلاپ، مۇھاجىر قېرىنداشلىرى بىلەن تەڭ بۆلۈشۈشنى ئارزۇ قىلىدىغان دەرىجىگە يەتكەن. بۇ خىل سۆيگۈ ئالدىدا، كۆڭلى بىرەر قانائەت خەزىنىسى ھالىغا كەلگەن مۇھاجىرلار بۇ تەلەپنى قوبول قىلماي:

«مال-مۈلكۈڭ، ساڭا مۇبارەك بولسۇن قېرىندىشىم! سەن ماڭا بازارنىڭ يولىنى كۆرسەتسەڭ كۇپايە.» دەپ، تەييار نەرسىنى ئالماي، ئىشلەپ تېپىشنىڭ كويىغا كىرگەن. ئۇلارنىڭ بۇ خىل قېرىنداشلىقى ئاللاھتائالا تەرىپىدىن تەقدىرلىنىپ، ئەبەدىي خىتاپ شەكلىدە قۇرئانى-كەرىمدە يەر ئېلىش شەرىپىگە نائىل بولغان:

**«ئۇلاردىن (يەنى مۇھاجىرلاردىن) مەدىنىدە يەرلىك بولغان، ئىمانى كۈچلۈك بولغانلار (يەنى ئەنسارلار) يېنىغا ھىجرەت قىلىپ كەلگەنلەرنى (يەنى مۇھاجىرلارنى) دوست تۇتىدۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن نەرسىلەر ئۈچۈن ئىچى تارلىق قىلمايدۇ، ئۇلار موھتاج تۇرۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئەتىنى) ئۆزلىرىنىڭ (مەنپەئەتى)دىن ئەلا بىلىدۇ، ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.»** (ھەشر سۈرىسى، 9-ئايەت)

ھەزرىتى ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان شۇ ھادىسە ئەسھابى-كىرامنىڭ غەمگۇزارلىقىنى ئىپادىلەشتە دىققەتنى جەلپ قىلىدۇ:

يەرمۇك ئۇرۇشىغا قاتناشقان ئىدۇق. شىددەتلىك ئېلىشىش

«ھاياتى ئاللاھ يولىدا ئات چاپتۇرۇپ، قىلىچ پولاڭلىتىپ ئۆتكەن بىر جەڭچىۋارنىڭ ئاجىزلاردەك، ياتاقتا يېتىپ ئۆلىشى نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق! مېنى ئورنۇمدىن تۇرغۇزۇڭلار! ھېچ بولمىسا قېلىچىمغا تايىنىپ بولسىمۇ ئۆرە تۇرۇپ جان بېرەي.»

-خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ



ئاخىرلىشىپ، ئوقيا ۋە نەيزە زەربىسى بىلەن مۇسۇلمانلار قىززىق قۇمنىڭ ئۈستىدە جان بېرىشكە باشلىدى.

بۇ ئەسنادا مەنمۇ تەسلىكتە ئورنۇمدىن تۇرۇپ، تاغامنىڭ ئوغلىنى ئىزدەشكە باشلىدىم. تاغامنىڭ ئوغلى قانلار ئارىسىدا ئېغىر يارىلانغانىدى. كۆز ئىشارىتى بىلەن تەس گەپ قىلالىغۇدەك ھالى بار ئىدى. مەن ئېلىگىرى تەييارلىغان سۇ تولۇمنى كۆرسىتىپ:

ــ سۇ ئىچەمسەن؟ ــ دەپ سورىدىم. ئەھۋالىدىن مەلۇمكى، سۇ ئىچكۈسى بار ئىدى. چۈنكى ئىسسىقنىڭ ھارارىتىدىن لەۋلىرى قۇرۇپ كەتكەن ئىدى. ئەمما جاۋاب بەرگۈدەك ماجالى يوقتى. گۇيا كۆز ئىشارىتى بىلەن ئىچىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن سۇ تۇلۇمنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپ، سۇنى ئۇنىڭ ئېغىزىغا تىمىتاي دەپ تۇرۇشۇمغا ئىكرىمەنىڭ:

ــ سۇ! ماڭا بىر يۇتۇم سۇ بېرىڭلار! ــ دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. تاغامنىڭ ئوغلى ھارىس بۇ پەرياتنى ئاڭلاپلا، سۇ ئىچىشتىن ۋاز كېچىپ، كۆز ئىشارىتى بىلەن سۇنى ئىكرىمىگە بېرىشىمنى ئىشارەت قىلدى. قىززىق قۇمنىڭ ئۈستىدە يېتىۋاتقان شېھىدلارنىڭ ئارىسىدا يۈگرەپ بېرىپ، سۇنى ئىكرىمىگە ئۇزاتتىم. ئىكرىمە سۇنى ئىچەي دەپ تۇرۇشىغا، ئىياشنىڭ:

ــ ماڭا بىر تامچە سۇ بېرىڭلار! ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن سۇ بېرىڭلار! ــ دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ پەرياتنى ئاڭلىغان ئىكرىمە قولىنى دەرھال سۇ تولۇمدىن تارتىپ، سۇنى ئىياشقا بېرىشىمنى ئىشارەت قىلدى. ھارىسقا ئوخشاش ئۇمۇ سۇدىن ئىچمىدى. مەن سۇ تۇلۇمنى ئېلىپ شېھىدلەرنىڭ ئارىسىدا يۈگرەپ يۈرۈپ، ئىياشنىڭ يېنىغا بارغان ۋاقتىمدا، ئۇنىڭ:

ــ ئىلاھىم! ئىمان داۋاسى يولىدا جېنىمىزنى پىدا قىلىشقا ئىككىلىنىپ قالمىدۇق، ئەمدى بىزنى شاھادەت مەرتىۋىسىگە يەتكۈزگىن، گۇناھلىرىمىزنى ئەپۇ قىلغىن! ــ دېگەن ئاخىرقى سۆزلىرىنى ئاڭلىدىم.

خىزمەت قىلغۇچىنىڭ كۆڭلى مۇنبەت تۇپراققا ئوخشاش بولىشى كېرەك. تۇپراقنىڭ ئۈستىدە مېڭىۋاتقان ئىنسانلار ئۇنىڭغا دەسسەيدۇ، ئەخلەتنىمۇ تۆكىدۇ. ئەمما تۇپراق بۇ ئەخلەتنىڭ ھەممىسىنى تازىلاپ، ھەر خىل گۈزەللىكتىكى ئۆسۈملۈكلەر ئۈندۈرۈپ، ئۈستىدە مېڭىۋاتقان پۈتۈن مەخلۇقاتنى تەمىنلەيدۇ.



مەلۇم بولدىكى ئىياش شاھادەت شەربىتىنى ئىچىۋاتاتتى. ئۇ سۇنى كۆردى، ئەمما ئىچىشكە ۋاقتى يەتمىدى، كەلىمە شاھادەتنى باشلاپ ئاران تۈگەتتى.

قولۇمدىكى سۇ تولۇمنى ئېلىپ، دەرھال ئىكرىمەنىڭ يېنىغا يۈگرەپ كەلدىم. يېنىغا بارغان ۋاقتىمدا ئۇمۇ شېھىد بولغان ئىدى. ئاخىرىدا ھېچ بولمىسا تاغامنىڭ ئوغلى ھارىسقا ئاپىرىپ بېرەي دېدىم. يۈگۈرگەنچە ئۇنىڭ يېنىغا باردىم. قارىسام ئۇمۇ كۆيدۈرگۈچى قۇمنىڭ ئۈستىدە، روھىنى تەسلىم قىلىپ بولغان ئىدى. ئەپسۇسكى، بۇ سۇ تولۇمى لىق ھالەتتە ئۈچ شېھىدنىڭ ئارىسىدا قالدى.[25]

يۇقىرىدىكى مىسالدا كۆرسىتىلگەندەك، ھەقىقىي قېرىنداشلىق مۈشكۈل ۋاقىتلاردىكى قېرىنداشلىقتۇر.

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ ۋاقىتتىكى روھى ھالىتىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

ئۆمرۈمدە كۆپلىگەن ۋەقەلەرنى ئۇچراتتىم، ئەمما ھېچ بىرسى مېنى بۇ قەدەر تەسىرلەندۈرمىگەن ئىدى. ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، بۇلارنىڭ بىر-بىرىگە بۇ دەرىجىدە غەمگۈزار، پىداكار ۋە شەپقەتلىك بولۇشىنى ھەيرانلىقتا كۆردۈم. بۇ ماڭا ئىماننىڭ قانچىلىك كۈچى بارلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى.

مۇھەببەت قۇرۇق شۇئار ئەمەس. مۇھەببەت قېرىندىشىڭنىڭ دەردى بىلەن دەرتلىنىپ، ئېھتىياجىنى ھەل قىلىش، پىداكار، كۆيۈمچان بولۇش ۋە قولۇڭدىكى نېمەتنى ئۇنىڭ بىلەن ئورتاقلىشالايدىغان بولۇشتىن ئىبارەتتۇر. يۇقىرىدىكى مىسالدا كۆرسىتىلگەندەك، ھەقىقىي قېرىنداشلىق مۈشكۈل ۋاقىتلاردىكى قېرىنداشلىقتۇر. بىر ھەدىستە:

«بىر-بىرىگە رەھىم قىلىش، بىر-بىرىگە شەپقەت كۆرسىتىشتە

25. ھاكىم: «مۇستەدرەك»، 3-جىلد، 270

كۆكۈل پەيزىدىن مەھرۇم قالغان بىر خىزمەت، چۆلگە تۆكۈلگەن بىر قاچا سۇغا ئوخشايدۇ. قۇرغاق يەرگە چېچىلغان خىزمەت ئۇرۇغى ئېتىزلىقتىكى چاشقانلارنىڭ قورسىقىدا يوق بولىدۇ. كۆكۈل بىلەن چېچىلغان خىزمەت ئۇرۇقلىرى ئىستىقبالنىڭ چىنارلىرىدۇر. بۇ سەۋەپتىن، خىزمەت ئەھلى قەلبىنى كۈچلەندۈرۈپ تۇرۇشى كېرەك.

مۆمىنلەرنىڭ يەك ۋۇجۇد بولغانلىقىنى كۆرسەن! (بۇ ۋۇجۇدنىڭ بىر ئەزاسى ئاغرىغاندا باشقا ئەزالىرىمۇ ئۇيقۇسىز قېلىپ، قىزىتمىسى ئۆرلەپ، ئاغرىقنى ھېس قىلىدۇ.» (مۇسلىم، «بىرر»، 66) دېيىلگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يات ـ يات ئەسهابىدىن:

«ئەسهابىم! بۈگۈن بىر يېتىمنىڭ بېشىنى سىلىدىڭلارمۇ؟ بىر كېسەلنى يوقلىدىڭلارمۇ؟ بىر جىنازا نامىزىغا قاتناشتىڭلارمۇ؟» دەپ سورىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سوئاللىرى بىلەن مۇسۇلمانلارنى شەخسىي ئىشلىرى بىلەنلا مەشغۇل بولۇپ قالماي، ئىجتىمائىيلىشىش، يەنى باي ۋە غەمگۈزار بىر كۆڭۈلگە ئىگە بولۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئىپادىلىگەن. يەنە بىر ھەدىستە:

ئاللاھتائالا قىيامەت كۈنىدە:

ـ ئەي ئادەم ئوغلى! مەن كېسەل بولدۇم، مېنى يوقلاپ كەلمىدىڭ؟ ـ دېگەندە:

ئادەم ئوغلى:

ـ سەن ئالەملەرنىڭ رەببى تۇرساڭ، مەن سېنى قانداق يوقلاپ بارىمەن؟ ـ دەيدۇ. ئاللاھتائالا:

ـ پالانى بەندەم كېسەل بولدى، يوقلاپ بارمىدىڭ، ئۇنى يوقلاپ بارغان بولساڭ، مېنىڭ ئۇنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكىمنى بىلەتتىڭ. بۇنى بىلمەمسەن؟

ـ ئەي ئادەم ئوغلى، ماڭا تائام بەر! دېدىم، ئەمما سەن بەرمىدىڭ؟ ـ دەيدۇ. ئادەم ئوغلى:

ـ سەن ئالەملەرنىڭ رەببى تۇرساڭ، مەن سېنى قانداق تويغۇزالايمەن؟ ـ دەيدۇ. ئاللاھتائالا:

ـ پالانى بەندەم سەندىن تائام تەلەپ قىلدى، بەرمىدىڭ. ئەگەر سەن ئۇنىڭغا تائام بەرگەن بولساڭ، بەرگىنىڭنى مەندىن چۇقۇم ئالغان بولاتتىڭ. بۇنى بىلمەمسەن؟

ـ ئەي ئادەم ئوغلى، سەندىن سۇ تەلەپ قىلدىم، بەرمىدىڭ ـ دەيدۇ. ئادەم ئوغلى:

«ئاللاھ تەقۋا ساھىبى، كۆڭلى باي، ئۆزىنى ئىبادەتكە بېرىپ، شان ـ شۆھرەتتىن يىراق تۇرغان ۋە نەپسىنىڭ ئىسلاھى بىلەن مەشغۇل بولغان بەندىسىنى ياخشى كۆرىدۇ.»

(مۇسلىم، «زۆھد»، 11)



— ئەي رەببىم! سەن ئالەملەرنىڭ رەببى تۇرساڭ، ساڭا قانداقلارچە سۇ بېرىمەن؟ — دەيدۇ. ئاللاھتائالا:

— پالانى بەندەم سەندىن سۇ تەلەپ قىلدى، بەرمىدىڭ، ئەگەر بەرگەن بولساڭ، بەرگىنىڭنىڭ ساۋابىنى مەندىن ئالاتتىڭ، بۇنى بىلمەمسەن؟ — دەيدۇ. (مۇسلىم، «بىرر»، 43)

قېرىنداشلىقتا نەزەر دائىرىمىزنى كۆرسىتىدىغان شۇ ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن:

**«ئۆزى موهتاج تۇرۇقلۇق، مىسكىنگە، يېتىمگە ۋە ئەسىرگە تائام بېرىدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ) «سىلەرگە بىز ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن تائام بېرىمىز، سىلەردىن (بۇنىڭ بەدىلىگە) هېچقانداق مۇكاپات ۋە تەشەككۇر تەلەپ قىلمايمىز. شۈبهىسىزكى، بىز پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىدىن مەيدانغا كەلتۈرۈلىدىغان ئېغىر، قاتتىق كۈندىن قورقىمىز. ئاللاھ ئۇلارنى شۇ كۈننىڭ شەررىدىن ساقلايدۇ، ئۇلارنىڭ (يۈزلىرىگە) نۇر، (دىللىرىغا) خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ.»** (ئىنسان سۈرىسى، 8 ـ 11 ـ ئايەتلەر)

خۇلاسە قىلساق، خىزمەت ئەهلى بىر ـ بىرىگە قارىتا نەپرەت، هەسەتكە ئوخشاش، خىزمەتنىڭ بەرىكىتىنى ئۇچۇرىۋېتىدىغان سەلبى هىس ـ تۇيغۇلاردىن يىراق بولۇشى، كۆڭۈلگە خۇشاللىق ئاتا قىلىدىغان مۇهەببەتتىن نېسۋە ئېلىشى كېرەك.

### 4) كۆڭۈل مەخلۇقاتقا قارىتا سۆيگۈ ـ مۇهەببەتكە تولغان بولۇشى

قەلب ئىلاهىي نۇرغا تولغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭدا خالىقنىڭ هۆرمىتى ئۈچۈن مەخلۇقاتقا خىزمەت قىلىش ئارزۇسى مەيدانغا كېلىدۇ. دوستلۇقنىڭ مەركىزىگە ئاللاھ ۋە رەسۇلىنى يەرلەشتۈرەلىگەنلەر پۈتكۈل مەخلۇقات بىلەن دوست بولىدۇ. بۇنداق خىزمەت ئەهلىنىڭ يۈرىكى چوڭىيىپ، پۈتكۈل مەخلۇقاتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «غەنى كۆڭۈل» يەنى پۈتكۈل مەخلۇقاتنى قۇچاقلىغان سەييار دەرگاھ هالىغا

«مۆمىنلەردە ئاللاھ سۆيگۈسى بارلىق سۆيگۈلەردىن ئۈستۈندۇر.»

(بەقەرە سۈرىسى، 165 ـ ئايەت)



كېلىدۇ.

خىزمەت پەقەتلا باي قەلب بىلەن ئادا قىلىنىدۇ ۋە بەرىكەتلىك مېۋە بېرىدۇ. ئىنسان بۇ ھالەتكە كەلگەندە، مۇھەببەتنىڭ مەركىزى بولىدۇ. مۇھەببەت بىلەن سېلىنغان ئۇرۇق ئەبەدى بولىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇھەببىتى بىلەن تىرىلدۈرۈپ، ھاياتىمىزنى بۇنىڭغا قاراپ پىلانلىشىمىز كېرەك.

## 3. ئىخلاس ۋە توغرا يولنى مۇھاپىزەت قىلىش

ئىخلاس ۋە ئىستىقامەت (توغرا يول) خىزمەت ئەھلىنىڭ ۋاز كېچەلمەيدىغان ئىككى ئاساسلىق خۇسۇسىيىتى بولىشى كېرەك. ھەقىقىي بىر خىزمەت ئەھلى بولۇش ئاللاھتائالانىڭ بەندىسىگە قىلغان ئۇلۇغ لۇتپىدۇر. بۇ بۈيۈك نېمەتنىڭ قەدرىنى بىلىپ، قىلغان ھەر ئىشتا ئىخلاسلىق بولۇشقا غەيرەت قىلىش كېرەك. ئەكسى تەقدىردە بۇ نېمەتنىڭ قولدىن چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى ئونۇتماسلىق كېرەك. بولۇپمۇ ئاللاھ يولىدىكى خىزمەتلەردە مۇھىم ۋەزىپە بېرىلگەنلەر بۇ جەھەتكە ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك. ئېگىز تاغنىڭ چوققىسىغا يامىشىۋاتقان بىر ئادەم، قولى تۇتقان ۋە پۇتى باسقان يەرگە قاتتىق دىققەت قىلىشى كېرەك. چۈنكى چوققىغا خاتا يامىشىش ياكى يىمىرىلىپ كېتىدىغان بىر نەرسىنى تۇتۇش ئۇنى چوققىدىن ئازگالغا يۇمۇلتىۋېتىشى مۇمكىن.

«مۇخلىسلار (ئىخلاس ساھىبى) بۈيۈك بىر خەتەرگە قارشى تۇرغان بولىدۇ.» (بەيھاقى، «شۇئابۇل ئىمان»، 5-جىلد، 345) دېگەن ھەدىس-شەرىپ، بۇ ھەقىقەتنىڭ گۈزەل ئىپادىسىدۇر.

ئىخلاس بىلەن خىزمەت قىلغۇچىلار شەيتان ۋە ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ھىيلىلىرىگە قارشى ئىلاھىي كاپالەت ئاستىدىدۇر. بۇ ھەقىقەت قۇرئانى-كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىنغان:

سۆيگۈ-مۇھەببەت ئىككى قەلب ئوتتۇرىسىدا تۇتۇشۇپ تۇرىدىغان سىمغا ئوخشايدۇ. ياخشى كۆرگۈچىلەر ياخشى كۆرگىنىنى ئېسىدىن چىقارماي، ھەر ۋاقىت ياد ئېتىدۇ. ياخشى كۆرگىنى ئۈچۈن جان-مېلىنى مەرتلەرچە خەجلەپ، دۇنيادىن كېتىدۇ.

**«ئىبلىس ئېيتتى: «ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى چوقۇم ئازدۇرىمەن. ئۇلاردىن پەقەت تاللانغان بەندىلىرىڭلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا (يەنى ئۇلارنى ئازدۇرالمايمەن.)»** (ساد سۈرىسى، 82 ـ 83 ـ ئايەت)

ئىخلاس، خىزمەتنىڭ ساغلام بولۇشىنىڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن بىرى. ئىخلاس بولغان يەردە بۆلۈنۈش، شەخسىيەتچىلىك، ئاچكۆزلۈك بولمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن نەپسىنىڭ يولى ئېتىلىپ، خىزمەتتىكى توسالغۇلار ئەڭ تۆۋەن ھالەتكە چۈشىدۇ.

ئىخلاس ۋەسىلە بولغان بەرىكەتنىڭ نامايەندىسى بەزى خەيرلارنىڭ قىلىنىشىدا، بولۇپمۇ ۋەقىپ تەسىس قىلىشتا كۆرۈلگەن. بەزى ۋەقىپلەر ھەر خىل شەرتلەر ئاستىدىمۇ ۋەقىپ قىلغان كىشىنىڭ پۇل ـ مېلىنىڭ ھالاللىقى ۋە نىيىتىدىكى ئىخلاس سايىسىدا ئەسىرلەرگىچە ياشىغان. بەزى ۋاقىتلاردا زىيانغا ئۇچرىتىلغان بولسىمۇ، بىرسى چىقىپ، ئۇنى قايتىدىن ئىھيا قىلغان.

ئىخلاسنىڭ غالىپ كېلىدىغانلىقىدىن شۈبھە قىلماسلىق كېرەك. چۈنكى ئىخلاسلىق غەيرەتلەر مۇھاپىزەت قىلىنىدۇ ۋە ھېچ بىر ۋاقىت زايا بولمايدۇ. ئىخلاسلىق، سەۋرلىك كىشىلەردىن تەركىپ تاپقان ھەربى قىسىملار سان ۋە قورال كۈچى جەھەتتىن قاتمۇ ـ قات ئۈستۈن بولغان دۈشمەنلەرگە ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن غالىپ كەلگەن. بۇ ئەھۋال، ئىخلاسنىڭ غەلبىنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بەدىر ئۇرۇشىدىكى غالىبىيەت بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. ھۇنەيىن ئۇرۇشىدا ئىسلام قوشۇنىنىڭ سان جەھەتتىن كۆپلىكىگە ئىشەنچە قىلىشى ۋە ئۆزىدىن مەغرۇرلىنىشى نەتىجىسىدە ئىخلاس زىبدىلەنگەنلىكى ئۈچۈن دەسلىپىدە قىسمەن زىيان تارتقان. لېكىن ئاللاھ رەسۇلىنىڭ ئەسھابى ـ كىرامنى ئاگاھلاندۇرىشى بىلەن ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى قايتىدىن كونترول قىلىپ، تۈزۈتۈشى نەتىجىسىدە، مۇسۇلمانلار ئاخىرىدا غەلىبىگە ئېرىشكەن.

خىزمەتتە ئىخلاسنىڭ ئەڭ مۇھىم نىشانلىرىدىن بىرى، ئۇنىڭ ھەققىنى ئاللاھتىن

زامان ئۇل گۈل كەبى، گۈل كۆرمىگەن زامان بولدى،
گۈلنىڭ گۈزەللىكى، تىللاردا داستان بولدى.

ـ يەھيا كەمال





ئۈمىد قىلىشتۇر. بۇنىڭ ئەڭ گۈزەل ئۆرنەكلىرىنى پەيغەمبەرلەر ۋە پەيغەمبەر ۋارىسلىرى ئوتتۇرىغا قويغان. قۇرئانى-كەرىمدە ھەر پەيغەمبەرنىڭ تىلىدىن نەقىل قىلىنغان:

**«قىلغان بۇ تەبلىغىم ئۈچۈن سىلەردىن ھېچ قانداق بىر ھەق تەلەپ قىلمايمەن. مېنىڭ ھەققىمنى پەقەت ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھ بېرىدۇ.»**[26] دېگەن سۆز، بۇ ھەقىقەتنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ياسىن سۈرىسىدە بايان قىلىنغان «ئەسھابى كارىيە» قىسسىسىمۇ بۇنىڭ جانلىق مىسالىدۇر.

ھەق دىنغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئانتاكياغا ئەۋەتىلگەن ئۈچ ئەلچىگە، ئۇ يەرنىڭ خەلقى قارشى چىققان، ھەتتا ئۇلارنى ئۆلۈم بىلەن تەھدىت قىلغان. ئۇلارنىڭ بۇ خىل تەھدىتلىرىدىن خەۋەر تاپقان ھەبىب نەجار خەلقنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇلارغا مۇنداق خىتاب قىلغان:

**«شەھەرنىڭ يىراق جايىدىن بىر كىشى (يەنى ھەبىب نەجار) يۈگۈرۈپ كېلىپ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشىڭلار. توغرا يولدا بولغان، (ئىمانغا دەۋەت قىلغانلىقىغا) سىلەردىن ھەق سورىمايدىغان كىشىلەرگە ئەگىشىڭلار.»** (ياسىن سۈرىسى، 20-21-ئايەت)

خىزمەت ئەھلى دۇنياغا خېرىس قىلماي، ماددىي مۇكاپاتتىن بەكرەك ئىلاھىي رىزانى نىشان قىلغان تەقدىردە، ئاللاھتائالانىڭ، ھەممە ئۆزى خىزمەت قىلغان ئىنسانلارنىڭ سۆيگۈسىگە ئېرىشىدۇ. بۇ ھەقتە شۇ ھادىسە بۇ ھەقىقەتنى گۈزەل ئىپادىلەيدۇ:

بىر كۈنى، ئاللاھ رەسۇلىنىڭ يېنىغا بىر ئادەم كېلىپ:

- ماڭا بىر ئىشنى دېگىنكى، ئۇنى قىلغان تەقدىردە ئاللاھ ۋە

گۈل پەيغەمبەرنىڭ سىمۋولىدۇر. يەنى ئۇ كائىناتنىڭ پەخرى بولغان پەيغەمبىرىمىز، گۈزەل ئەخلاقى بىلەن گۈللەر گۈلىدۇر، زاھىرى ۋە باتىنى ھاللىرى بىلەن گۈللەرنىڭ شاھىدۇر.

26. شۇئەرا سۈرىسى، 109، 127، 145، 164، 180-ئايەتلەر؛ يۇنۇس سۈرىسى، 72؛ ھۇد سۈرىسى، 29-ئايەتلەرگە قاراڭ.



ئىنسانلار مېنى ياخشى كۆرسۇن. ـ دېدى. ئاللاھ رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ دۇنياغا قارىتا زاھىد بول، ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمىگىنىكى، ئاللاھ سېنى ياخشى كۆرسۇن. ئىنسانلارنىڭ قولىدىكى نەرسىلەرگە قارىتا زاھىد بول، ئۇنى تەلەپ قىلمىغىنىكى، ئىنسانلارمۇ سېنى ياخشى كۆرسۇن. ـ دېدى. (ئىبنى ماجە، «زۇھد»، 1)

خۇلاسە قىلساق، ھەر ئىشنى ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن قىلىش چۈشەنچىسى خىزمەت ئەھلىنىڭ قەلبىدە ئىدراك ھالىغا كېلىشى كېرەك. خىزمەت قىلىۋاتقان كىشىلەر ئاللاھ ئۆزىگە ئېھسان قىلغان پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار، شېھىدلەر ۋە سالىھلار مېڭىۋاتقان يولدىن يەنى ئىستىقامەتتىن ئايرىلماسلىقى كېرەك. ئەقىدە، سۆز، ئەمەل، ھەرىكەت قاتارلىق ئىشلاردا ئىلاھىي رىزاغا ئۇيغۇن ھەرىكەت قىلىش دەپ، تەبىر قىلىنغان ئىستىقامەتكە رىئايە قىلغانلار، قۇرئانى ـ كەرىمدە مۇنداق ماختالغان:

**«شۈبھىسىزكى، «پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھدۇر» دېگەنلەر، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا پەرىشتىلەر چۈشۈپ؛ «قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت ئۈچۈن خۇشال بولۇڭلار» دەيدۇ.»** (فۇسسىلەت سۈرىسى، 30 ـ ئايەت)

خىزمەت ئەھلى ھەممىدىن ئاۋۋال ساغلام خاراكتېر بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىشى كېرەك. چۈنكى ئىنسانلار ساغلام خارەكتېرلىك، يىراقنى كۆرىدىغان ئۆرنەك شەخسلەرگە ھەيران ۋە ئارقىسىدىن ماڭىدۇ.

ئىسلام تارىخى بۇ ھەقىقەتلەرنىڭ سان ـ ساناقسىز مىساللىرىغا شاھىت بولغان.

ئابباسىيلار دەۋرىدە ئىسلام تۇپراقلىرىنىڭ كېڭىيىشى بىلەن بۇ تۇپراقلاردىكى بايلىقلار دۆلەتنىڭ مەركىزى باغداتقا قاراپ ئاققان. بۇنىڭغا ئەگىشىپ، يۇقىرى تەبىقىدىكى كىشىلەر ئارىسىدا دۇنياغا خىرىس قىلىپ، ئەيشى ـ ئىشرەت، كەيپ ـ ساپاغا بېرىلىدىغانلار

«پۇل ـ مال بېرىش مەرتىكە لايىق. ئاشىقلارنىڭ مەرتىلىكى جان بېرىش. سەن ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن نان بەرسەڭ، ساڭىمۇ نان بېرىلىدۇ. ئەگەر ئاللاھ ئۈچۈن جان بەرسەڭ ساڭىمۇ جان بېرىلىدۇ.»

ـ ھەزرىتى مەۋلانا



كۆپىيىشكە باشلىغان. بۇ ئەھۋال شۇنداق ھالەتكە كەلگەنكى، خەلىپە مەمۇننىڭ قىزى بىلەن ئۆيلەنمەكچى بولغان باش ۋەزىر ھاسان ئىبنى سەھلنىڭ تويى 19 كۈن سۈرگەن. بۇ ئەھۋال ئىسراپچىلىقنىڭ يۇقىرى پەللىگە چىقىشى ئىدى. دۆلەت خەزىنىسى بوزۇپ چېچىلىپ، ئىسراپ قىلىنغان. دۆلەتنىڭ بۇنداق بايلىققا ئىگە بولىشى كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ئىشتىھاسىنى قوزغىغان. بۇ خىل ئىشتاھانى تويغۇزۇشقا ئۇرۇنغان ئاجىز خارەكتېرلىك ئىنسانلار ئۆز ئەتراپىدا ئىجابى ئۆرنەك بولالمىغان ۋە ئارقىسىدا ئۆچمەس بىر ئىزمۇ قالدۇرالمىغان.

بۇخىل ئەھۋاللار بىلەن بىرلىكتە ئۇ ۋاقىتلاردا باغداتتا ئىنسانلارنى ئاللاھقا دەۋەت قىلىدىغان، نەپسلەرنى پاكلاشقا تىرىشىۋاتقان، كۆڭۈللەرنى قۇرئانى ـ كەرىم ۋە سۈننەت يولىدا تەربىيلەيدىغان، ئۆزىنى ئاللاھ يولىغا ئاتىغان مۇتتەقى ئىنسانلارمۇ بار ئىدى. بۇلار، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك، سۇپيانى سەۋرى، فۇدايىل ئىبنى ئىياز، جۇنەيدى باغدادى، مەرۇپى كەرھى ۋە بىشرى ھەفى قاتارلىق زاتلار ئىدى. بۇ ھۆرمەتلىك زاتلار باشقىلارنىڭ يەنى كەيپ ـ ساپاغا بېرىلىپ ئېزىپ كېتىۋاتقان ئىنسانلارنىڭ ئەكسىچە، خەيرلىك خىزمەتلەرنى قىلدى. دۇنيا سەلتەنەتى بۇ مۇتتەقى زاتلارنىڭ كۆڭلىنى سېتىۋالالمىدى، دۇنيانىڭ ھەر قانداق ماقام ـ مەنسىپى ئۇلارنى مۇقەددەس غايىلىرىدىن ئايرىۋېتەلمىدى. ئۇلار ماددىچىلىق تۇپانىدا غەرق بولۇۋاتقان ئىنسانلارنىڭ پاناھلىنىدىغان قەلئەسى بولدى. سۇلتانلار، ۋەزىرلەر، دۆلەت رەھبەرلىرى ئىنسانلارنىڭ بەدىنىگە ھۆكۈم قىلدى، ئەمما بۇ مۇتتەقى زاتلار، كۆڭۈللەرگە تەخت قۇردى. ئۇلار قىلچىلىك ماددىي مەنپەئەت كۆزلىمەي، خەلققە پىداكارانە خىزمەت قىلدى. ئۇلارنىڭ سۆيگۈ ـ مۇھەببەتكە تولغان ئىمانلىق ھالىتى غەيرى مۇسلىملارغىمۇ تەسىر كۆرسەتتى.

«مۇسۇلمان ھالەتتە ئۆلگەندىن كېيىن، باشقا شەكىلدە ئۆلۈشنىڭ غېمىنى قىلمايمەن.»

ـ ھەزرىتى ھۇبەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئاباسى خەلىپىسى ھارۇن رەشىد ئۆز سەلتەنىتى ئىچىدە راككادا ئولتۇراتتى. بىر كۈنى ئۇ شەھەرگە ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك ھەزرەتلىرى كەلدى. پۈتۈن شەھەر خەلقى ئۇنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن



شەھەر سىرتىغىچە چىقتى. خەلىپە گويا شەھەردە يالغۇز قالدى. بۇ مەنزىرىنى بالكوندىن كۆرگەن ھارۇن رەشىدنىڭ بىر كېنىزىكى:

- بۇ نېمە ئەھۋال؟ نېمە بولدى؟ - دەپ سورىدى. ئۇ يەردىكىلەر:

- خوراساندىن بىر ئالىم كەلدى. ئىسمى ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك، ئاھالە ئۇنى قارشى ئېلىشىۋاتىدۇ. - دەپ جاۋاب بەردى. بۇنى ئاڭلىغان كېنىزەك:

- ھەقىقىي سۇلتانلىق، مۇشۇنداق بولىدۇ. ھارۇننىڭ سۇلتانلىقى ھەقىقىي سۇلتانلىق ئەمەس! چۈنكى ھارۇننىڭ سۇلتانلىقىدا لەشكەر بولمىسا، ئىشچىلارنىمۇ بىر يەرگە يىغقىلى بولمايدۇ. - دېدى.

ھەقىقەتەن، تارىخ بويىچە بۇنداق سالىھ زاتلار ئۈستۈن ئەخلاقى بىلەن جەمئىيەتنىڭ مەنىۋىي جانلىقلىقى ۋە ئىسلامنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى ساقلاپ كەلگەن. رەببىمىز ئۇلاردىكى قۇۋۋەتلىك ئىمان ۋە يۈكسەك ئەخلاقتا چوڭقۇر ئۇلارنى ياخشى كۆرۈپ، قىيامەتكىچە كېلىدىغان مۇئمىنلارغا ئۇلارنى ياخشى كۆرسەتكەن. بۇ ھەقتە قۇرئانى-كەرىمدە:


إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ سَيَجْعَلُ لَهُمُ الرَّحْمَنُ وُدّاً

**«ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ئۈچۈن ئاللاھ ھەقىقەتەن (ئۇلارنىڭ دىللىرىدا) مۇھەببەت پەيدا قىلىدۇ.»** (مەريەم سۈرىسى، 96-ئايەت) دېيىلگەن.

خىزمەت ئەھلى «ئەل-ئەمىن» ۋە «ئەس-سادىق» سۈپەتلىرى بىلەن بىزەنگەن پەيغەمبەر ئۈممىتى ئىكەنلىك ئېڭىدا سۆز-ھەرىكىتىدە راستچىل «سىدىق ئەھلى»، ئىشەنچلىك بولىشى كېرەك. بۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت توغرا بولغان ئىبادەتتە ئەمەلگە ئاشىدۇ. شۇڭا، كۆۋرۈكتە ماڭغاندا دىققەت قىلغاندەك، مەيلى شەخسىي ھايات، مەيلى قىلىۋاتقان خىزمەتلەردە بولسۇن ئەستايىدىل بولۇش كېرەك.

«مۆمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر، (ئۇرۇشۇپ قالسا) قېرىنداشلىرىڭلار-نىڭ ئارىسىنى تۈزەڭلار، رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇڭلار.»

(ھۇجۇرات سۈرىسى، 10-ئايەت)



## 4. مەرھەمەتلىك ۋە ئەپۇچان بولۇش

كامىل بىر مۇئمىن كۆڭۈل ئىنسانىدۇر. مەرھەمەت، غەمگۇزارلىق ئۇنىڭ كۆزگە كۆرۈنىدىغان خۇسۇسىيىتى ۋە تەبىئىتى ئەسلىيەسىدۇر. مەرھەمەت مۇئمىن قەلبتە پەقەت ئۆچۈپ قالمايدىغان ئۇچقۇنغا ئوخشايدۇ. ئىنسان روھى يېتىپ بارالايدىغان مۇكەممەللىك سىماسىغا يېتىشىنىڭ يولى مەرھەمەت ۋە خىزمەت باسقۇچىدىن ئۆتىدۇ. مەرھەمەت ئىمانىمىزنىڭ بۇ ئالەمدىكى شاھىدى ۋە بىزنى رەببىمىزگە يېقىنلاشتۇرىدىغان ئىلاھىي جەۋھەردۇر.

خىزمەت ئەھلى جانابى ئاللاھنىڭ راھمان ۋە رەھىم ئىسمىنى لايىقىدا تەپەككۇر قىلىپ، خىزمەت قىلىۋاتقان مەخلۇقاتقا مەرھەمەت قىلىشى كېرەك. چۈنكى خىزمەت، مەرھەمەت ئىشىدۇر. پۈتۈن گۈزەللىكلەر شەپقەتلىك خىزمەتلەر، نەتىجىسىدە بارلىققا كېلىدۇ. مەرھەمەتنىڭ ئېنىق ئالامىتى ئىنفاقتۇر. بۇ جەھەتتىن خىزمەت ئەھلى ئەينى ۋاقىتتا مەرت بولۇشى كېرەك. چۈنكى يۈكسەك ئەخلاق ۋە پەزىلەتلەر بىر-بىرىنى تاماملايدۇ. مەرھەمەتلىك ئىنسان مەرت، مەرت ئىنسان كەمتەر، كەمتەر ئىنسان ھەقىقىي خىزمەت ئەھلىدۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئاللاھتائالا مەرتتۇر، ئېھسان ئىگىسىدۇر، مەرتلىكنى ۋە گۈزەل ئەخلاقنى ياخشى كۆرىدۇ.» (سۈيۈتى،«ئەل جامىئۇسسەغىر»، 1-جىلد، 60) دېگەن.

بۇنىڭغا قارشى ناچار ئەخلاق ۋە ناچار ئىللەتلەرمۇ بىر-بىرىگە باغلىقتۇر. شەپقەتتىن مەھرۇم ئىنسان بېخىل، بېخىل ئىنسان تەكەببۇر، تەكەببۇر ئىنسان خىزمەتتىن يىراقتۇر. بۇ سەۋەپتىن گۈزەل ئەخلاق بىلەن بېزەنمىگەن، قوپاللىق بىلەن قىلىنغان خىزمەتلەردىن نەتىجە كۈتكىلى بولمايدۇ. ئىنسانغا خىتاب قىلىدىغان تەربىيە ۋە تەبلىغ قاتارلىق خىزمەتلەردە بۇ جەھەت تېخىمۇ مۇھىمدۇر. چۈنكى قۇرئانى-كەرىمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ شەخسىدە

ئىمان ئېيتمىغۇچە جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر، بىر-بىرىڭلارنى ياخشى كۆرمىگىچە تولۇق ئىمان ئېيتقان بولمايسىلەر. سىلەرگە بىر نەرسە ئېيتىمەنكى، ئۇنى قىلغان مۇددەتكىچە بىر-بىرىڭلارنى ياخشى كۆرىسىلەر: «ئاراڭلاردا سالامنى ئومۇملاشتۇرۇڭلار.»

(مۇسلىم، «ئىمان»، 93)



پۇتۇن ئۈممىتىگە خىتابەن:

**«ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ. ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى. ئۇلارنى ئەپۇ قىل، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن، ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن. (كېڭەشكەندىن كېيىن بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋەككۇل قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ.»** (ئال ئىمران سۈرىسى، 159 ـ ئايەت) دېيىلگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قېتىم ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا:

«ئەي ئائىشە! ئاللاھ رەفىقتۇر (رىفىق ئىگىسىدۇر) رىفىق (يۇمشاق) مۇئامىلىنى ياخشى كۆرىدۇ، باشقا نەرسىگە بەرمىگەن ساۋابنى رىفىق ھالەتتە قىلىنغان مۇئامىلىگە بېرىدۇ.» (مۇسلىم، «بىرر»، 77) دېگەن.

يەنە ئاللاھ رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم باشقا بىر ھەدىسىدە:

«ئاللاھتائالا ئەدەپلىك، مەرھەمەتلىك، ئىنسانلارغا ياخشىنى ئۆگىتىپ، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشقا چاقىرىدىغان قەلبنى ياخشى كۆرىدۇ. قوپال، پايدىسىز نەرسىلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، روھىنىڭ قايتىدىن ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىلىدىغان ياكى بېرىلمەيدىغانلىقىنى بىلمەي تۇرۇپ، پۈتۈن كېچىنى ئۇيقۇ بىلەن ئۆتكۈزىدىغان، ئاللاھنى ئاز زىكىر قىلىدىغان ھەر قەلبكە غەزەپ قىلىدۇ.» (دەيلەمى، «مۇسنەد»، 1 ـ جىلد، 158) دېگەن.

دىنىنىڭ زاھىرى قىسمى ئەقىل بىلەن، باتىنىي قىسمى (يەنى ماھىيىتى) قەلب بىلەن چۈشىنىلىدۇ. ئىنسانلارنى تەربىيىلەش، خىزمەتكە سېلىشتا مەرھەمەت تېخىمۇ كۆپ بەرىكەتلىك نەتىجە ھاسىل قىلىدۇ. چۈنكى قوپاللىق بىلەن باش ئەگمىگەن ئىنسان، يۇمشاقلىق ئالدىدا باش ئېگىدۇ.

«شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئۆزىنىڭ يولىدا مۇستەھكەم بىنادەك سەپ بولۇپ جىھاد قىلغانلارنى (يەنى ئۇرۇش مەيدانىدا دۈشمەنگە ئۇچراشقان چاغدا مەۋقەسىدە ساباتلىق تۇرۇپ غازات قىلغانلارنى) دوست تۇتىدۇ.»

(سەف سۈرىسى، 4 ـ ئايەت)



بىر مۇئەللىمگە قىلىنغان مۇھەببەت ئۇنىڭغا بولغان باغلىنىش ۋە ئوقۇتقان نەرسىلىرىگە بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ مەرھەمەت بىلەن يېقىنلىششى ئۇنىڭ ئۆگەتكەن نەرسىلىرىنى ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئەقلى مۇلاھىزە ئارقىلىق ئەمەس، قەلبى ئارقىلىق مۇلاھىزە قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تەلىم-تەربىيە ئىنسانىنىڭ روھى مايىللىقىغا ئۇيغۇن ھالەتكە كېلىپ، بۈيۈك نىسبەتتە، شەخسكە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، ئوقۇغۇچىغا تەسىر قىلىش ئۈچۈن شەپقەت بىلەن يېقىنلىشش كېرەك. چۈنكى ئىنسان مۇھەببەت ۋە مەرھەمەتكە تەسلىمدۇر. بۇ سەۋەپتىن يەر يۈزىنىڭ ھەقىقىي فاتىھلىرى كۆڭۈللەرنى فەتىھ قىلغانلاردۇر.

سۆيگۈ-مەرھەمەتتىن مەھرۇم، شەخسىيەتچى باشلىقلار، قول ئاستىدىكى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ھۆكۈم قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى مەجبۇرى ئىتائەت قىلدۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىنى كۆڭۈلسىز قىلىدۇ. بۇ سەۋەپتىن تۆۋەن نىسبەتتە نەتىجە قازىنىدۇ. بۇنداق كىشىلەر ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، نەپرەتنىڭ گىرداۋىدا ھالاك بولۇشقا مەھكۇم بولىدۇ. مەرھەمەت ۋە شەپقەتتىن مەھرۇم، مەنپەئەتپەرەس ئىنسانغا ھۇقۇق تۇتقۇزۇش ئىنسانىيەتكە زۇلۇم قىلغانلىقتۇر.

زۇلۇم ھەقىقەتتە مەرھەمەت ۋە سۆيگۈدىن مەھرۇم قېلىشنىڭ مەھسۇلىدۇر. بۇ ئىككى ئۇلۇغ خىسلەتتىن مەھرۇم قالغانلار، ھەر ۋاقىت زۇلۇم قىلىشقا مايىلدۇر. مەرھەمەت مۇھەببەتنىڭ مېۋىسىدۇر. سۆيگۈ ئاساسىغا قۇرۇلمىغان بىر ئائىلىدە خۇشاللىق، بەرىكەت بولمىغىنىدەك، مۇھەببەتسىز خىزمەتتىنمۇ خەيرلىك نەتىجە كۈتكىلى بولمايدۇ.

خىزمەتكە موھتاج ئىنسانلار، ياردار قۇشقا ئوخشايدۇ. ئۇلارغا شەپقەت بىلەن قىلىنغان خىزمەت پايدا بېرىدۇ. خىزمەتتە بۇ شەپقەت ئۇسلۇبىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن تەلىم-تەربىيەگە موھتاجمىز. بۇ تەربىيەنىڭ ماھىيىتى دىنىي ئەدەپ ۋە دەستۇرلار ھاكىم بولغان

«مۇھەممەد ئاللاھنىڭ رەسۇلىدۇر، بۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان مۇئمىنلەر كۇففارلارغا قاتتىقتۇر، ئۆزئارا كۆيۈمچاندۇر.»

(فەتىھ سۈرىسى، 29-ئايەتنىڭ بىر قىسمى)



مۇھتاجلارنىڭ تەربىيىسىنى ئۆرنەك قىلىش بىلەن قولغا كېلىدۇ.

ھەقىقەتەن، بىر خىزمەت ئەھلىدە «مەنمەنلىك» ۋە «شەخسىيەتچىلىك»نىڭ ئورنىنى، سۆيگۈ-مۇھەببەت ئېلىشى كېرەك. مەرھەمەت كۆچىتىنىڭ گۈزەل، ئىنچىكە، نازۇك چېچەكلىرى بۇ شەكىلدە ياشىرىپ چىقىدۇ. مەرھەمەت بىلەن ھەرىكەت قىلىش كامالىتىگە يەتكەنلەر، ئەتراپىدىكى ماددىي-مەنىۋىي ياردەمگە موھتاج، كۆڭلى سۇنۇق كىشىلەرنى ئىزدەيدۇ. چۈنكى ئۇلار ،چۈشكۈن ئىنسانلار مۇپتىلا بولغان ئازابنى كۆڭلىدە ھېس قىلىدۇ.

بارلىق مۇئەسسەسەلەر بولۇپمۇ مەنىۋىي تەربىيە بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار بىرەر شەپقەت، پىداكارلىق ۋە خىزمەت مەكتىۋى بولۇشى كېرەك. ئۇ تاملارنىڭ ئارىسىدا قۇرۇق مەلۇماتلار يېزىلغان قەغەزلەر ئەمەس، مەرھەمەتنىڭ ئاشق ۋە ھاياجىنى يەر ئېلىشى كېرەك. چۈنكى ئوقۇغۇچىسىغا مۇھەببەت ئۇرۇقىنى چاچالمىغان ھېس-تۇيغۇسىز بىر مۇئەللىم؛ جامائىتىگە ئىمانىنىڭ لەززىتىنى ھېس قىلدۇرالمىغان بىر ئىمام؛ ئىشچىسى ياكى ئەمرى ئاستىدىكىلەرنى قوغدىيالمىغان، ئۇلارغا شەپقەت قاناتلىرىنى ئاچالمىغان بىر خوجايىن (كاپىتالىست) ئىلاھىي مەرھەمەتتىن يىراق شەپقەت يوقسۇللىرىدۇر. موھتاج ۋە ئىگە-چاقىسىز كىشىلەرنىڭ ئازابى ئالدىدا، تۇيغۇسىز قالغانلار، خىزمەتتىن نېسىۋىسى يوق شەخسىيەتچى كىشىلەردۇر.

ئېسىمىزدىن چىقارماسلىق كېرەككى، ئاللاھتائالا مەزلۇملارنىڭ يېنىدىدۇر. بۇ دۇنيادا بەشەرى ئادالەتتىن مىڭ بىر ھىيلە بىلەن ئۆزىنى قۇتقۇزغانلار، «سوتچىلارنىڭ سوتچىسى» بولغان ئاللاھتائالانىڭ ئالدىدا چارىسىز بۇيۇن ئېگىپ ھېساب بېرىدۇ، نەتىجىدە زىيان تارتىدۇ.

جازا بېرىشكە خۇشتار، جاللاتقا ئوخشاش قوپال، تەكەببۇر، شەپقەتنىڭ ئورنىغا كىچىك تايىقى بىلەن قۇرئان ئۆگۈتىشكە ئۇرۇنۇپ، كۆڭۈللەرنى قۇرئاندىن زېرىكتۈرىدىغان ئۇستازلارنىڭ تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسى، ھېرىپ-چارچاشتىنلا ئىبارەتتۇر.

ئىككى دىن قېرىنداش، بىر-بىرىنى يۇيىدىغان ئىككى قولغا ئوخشايدۇ.



مۇسۇلمانلار، بولۇپمۇ خىزمەت ئامانىتىنى ئۈستىگە ئالغانلار، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇ ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئېسىدىن چىقارماسلىقى كېرەك:

«سىلەرگە جەھەننەملىك كىشىلەرنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ تاش يۈرەك، بېخىل ۋە چوڭچىلىق بىلەن ماڭىدىغان كىشىلەردۇر.» (بۇخارى، «ئەيمان»، 9)

گۈل-چېچەك مەنزىرىلىرى ئەڭ قوپال بىر ئىنسانىنىمۇ تەبەسسۇم قىلدۇرالىغان يەردە، ئىنسانلارغا رەھبەرلىك قىلىدىغان كىشىلەرمۇ گۈل تەبىئەتلىك بولىشى، يۈرىكى قاتتىق كىشىلەرنى يۇمشىتىپ، كۆلمەس يۈزلەرنى كۈلۈمسىرىتىشى كېرەك.

ئاللاھتائالانىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ ئەپۇ قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان «ئەل-ئەفۇۋ» ئىسمىدۇر. شۇڭا، خىزمەت ئەھلى ئەپۇچان بولىشى كېرەك.

بۇ ھەقتە قۇرئانى-كەرىمدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

**«ئەپۇنى دوست تۇتقىن، ياخشىلىققا (يەنى ياخشى سۆز قىلىشقا، ياخشى ئىش قىلىشقا) بۇيرۇغىن، نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن (يەنى نادانلارنىڭ قىلغىنىنى قىلماي، ئۇلارغا مۇلايىم بولغىن.)»** (ئەئراف سۈرىسى، 199-ئايەت)

ئەپۇ قىلىش ئاللاھنى ياخشى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىشنىڭ تەبىئى نەتىجىسىدۇر. خالىقنىڭ نەزىرى بىلەن مەخلۇقاتقا قاراش، ئەپۇ قىلىشنىڭ شەرت-شارائىتىنى تەييارلاپ بېرىدۇ. ئەپۇنىڭ پەرمانىنى قەلب يازىدۇ. ئىلاھىي خۇشاللىق بىلەن ھۇزۇرلىنىشنى خالايدىغانلار، كۆڭۈل بېغىدا ئەپۇ چېچەكلىرىنى ئېچىلدۇرغانلاردۇر. چۈنكى ئەپۇ قىلىش ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ ئەپۇ قىلىنىشىغا زېمىن تەييارلىيالايمىز. ئەپۇ قىلالمىغان ئىنسان، ھەقىقەتتە ئۆزىنى ھالاك قىلغان بولىدۇ.

ئەپۇ قىلىش، جازالاشقا كۈچى يەتكەن تۇرۇغلۇق جىنايەتچىنى

پىداركارلىق ۋە مەرتلىكنىڭ خېمىر تۇرۇچى مۇھەببەتتۇر.



ئەپۇ قىلىش دېگەنلىكتۇر. ھەقىقىي ئالىيجاناپلىق نەپسىنىڭ ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئەپۇ يولىنى تۇتۇشتۇر. مەككىنىڭ فەتھىدىكى ئومۇمىي كەچۈرۈم پەرمانى بۇ مەنادا بۈيۈك تەبلىغدۇر.

خىزمەت ئەھلى، ئىنسانلارنىڭ ئەيىپلىرىنى ئاچقۇچى ئەمەس، ئەكسىچە ئەيىپ-نوقسانلارنى ياپقۇچى بولۇشى كېرەك. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«كىم دوستىنىڭ ئەيىبىنى ياپسا، ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ. كىمكى مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ ئەيىبىنى ئاچسا، ئاللاھمۇ ئۇنىڭ ئەيىبىنى ئاچىدۇ. ھەتتا ئۆيىدە بولسىمۇ، ئۇنى ئەيىبى بىلەن رەسۋا قىلىدۇ.» (ئىبنى ماجە، «ھۇدۇد») دېگەن.

«كىمكى مۇسۇلمان قېرىندىشىنى بىر خاتالىق بىلەن ئەيىپلىسە، ئۇ خاتالىقنى قىلماي تۇرۇپ ئۆلمەيدۇ.» (تىرمىزى، «قىيامەت»، 53)

## 5. ئىستىشارە (مەسلىھەت) بىلەن ئىش قىلىش

خىزمەتتە ئىستىشارە بىلەن ھەرىكەت قىلىش ئىلاھىي ئەمىر ۋە مۇھىم سۈننەتتۇر. جانابى ئاللاھ رەسۇلىغا خىتابەن:

**«ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ. ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى. ئۇلارنى ئەپۇ قىل، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن، ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن. (كېڭەشكەندىن كېيىن بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋەككۇل قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ.»** (ئال ئىمران سۈرىسى، 159-ئايەت) دېيىش ئارقىلىق رەسۇلۇللاھنىڭ شەخسىدە، پۈتۈن مۇئمىنلارغا ئىستىشارەنىڭ ئەھمىيىتىنى بىلدۈرگەن.

مۇئمىنلارنىڭ مۇھىم مەسىلىلەردە بىر-بىرلىرى بىلەن ئىستىشارە قىلىشى: **«ئۇلارنىڭ ئىشلىرى ئۆزئارا كېڭەش بىلەن بولىدۇ.»** (شۇئەرا سۈرىسى، 38-ئايەت) دېگەن ئايەتتە بايان قىلىنغان.

«بىر-بىرىگە رەھىم قىلىش، بىر-بىرىگە شەپقەت كۆرسىتىشتە مۆمىنلەرنىڭ بىر ۋۇجۇد بولغانلىقىنى كۆرسەن! (بۇ ۋۇجۇدنىڭ بىر ئەزاسى ئاغرىغاندا باشقا ئەزالىرىمۇ ئۇيقۇسىز قېلىپ، قىزىتمىسى ئۆرلەپ، ئۇنىڭ ئاغرىقىنى ھېس قىلىدۇ.»

(مۇسلىم، «بىرر»، 66)



كائىناتنىڭ پەخرى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇھىم دەپ قارىغان كۆپىنچە ئىشلاردا، ئەسھابى-كىرام بىلەن ئىستىشارە (كېڭەش) قىلاتتى. ئۇ ھەر ماۋزۇ ۋە ھەر ئىشتا ۋەھيى بىلەن مېڭىۋاتسىمۇ ئۈممىتىگە مىسال بولسۇن دەپ، ئىستىشارىنى تاللىغان. چۈنكى بەدىر ۋە خەندەك ئۇرۇشىدا دۈشمەن بىلەن قەيەردە، قانداق كۆرەش قىلىدىغانلىقنى ئىستىشارە بىلەن بېكىتكەن. ھەتتا ئۇھۇد ئۇرۇشى ھەققىدە ئۆز ئارزۇسى «مۇداپىئە ئۇرۇشى» بولۇشقا قارىماي، ئىستىشارىنىڭ نەتىجىسى دۈشمەننى مەدىنىنىڭ سىرتىدا كۈتىۋېلىش شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىققانلىقى ئۈچۈن، بۇ قاراشقا بويسۇنغان

ئىنسان، دائىما ھېسسىياتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا قالىدۇ. ھېسسىيات بىلەن تەپەككۇر قىلىپ، قارار چىقىرىدۇ. بۇ سەۋەپتىن خىزمەت ئەھلىنىڭ كېڭەش بىلەن ھەرىكەت قىلىشى، خىزمەتنىڭ توغرا ۋە بەرىكەتلىك بولىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ.

لېكىن ئىستىشارە (كېڭەش) قىلىنىدىغان شەخسلەر ئەقىللىق، بىلىملىك ۋە تەقۋا ساھىبى بولۇشى بىلەن بىرلىكتە چىقىشقاق ۋە كوللىكتىپ خىزمەتلەرنى قىلالايدىغان قابىلىيەتلىك كىشىلەر بولىشى كېرەك. ئومۇمەن، كۆپ كىشىنىڭ ئەقلى بىر كىشىنىڭ ئەقلىگە قارىغاندا تېخىمۇ توغرا قارار چىقىرىدىغانلىقى ئوچۇق ھەقىقەتتۇر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەقىقەتنى:

«ئىستىخارە قىلغان كىشى زىيان تارتمايدۇ، ئىستىشارە قىلغان كىشى پۇشايمان قىلمايدۇ، ئىقتىساتلىق بولغان كىشى يوقسۇل بولمايدۇ.» (ھەيسەمى، «مەجمۇئۇز زاۋائىد»، 2-جىلد، 280) دېگەن سۆزلىرى بىلەن بايان قىلغان.

ئىستىشارە ئەينى ۋاقىتتا ئىستىشارە قىلىنىدىغان كىشىلەرگە بېرىلگەن ئەھمىيەتنى كۆرسىتىدۇكى، بۇ ئۇلارنىڭ خىزمەتتە بۈيۈك كۈچ سەرپ قىلىشىغا ۋەسىلە بولىدۇ. خىزمەت ئەھلىنىڭ مەنمەنلىك تۇيغۇسىنى ئەڭ تۆۋەن ھالەتكە چۈشۈرۈپ، قىلغان خىزمەتلەردە مەغرۇرلىنىش ئاپىتىدىن ساقلايدۇ. ئىستىشارىغا ئەھمىيەت بەرمەسلىك

مۇھەببەت قۇرۇق شۇئار ئەمەستۇر. مۇھەببەت قېرىندىشىنىڭ دەردى بىلەن دەرتلىنىپ، ئېھتىياجىنى ھەل قىلىش، كۆيۈمچان بولۇش ۋە قولۇڭدىكى نېمەتنى ئۇنىڭ بىلەن ئورتاقلىشالاي-دىغان بولۇشتىن ئىبارەتتۇر.



ئۆزىنى ئەتراپىدىكى قېرىنداشلىرىدىن ئۈستۈن كۆرۈش مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان تەكەببۇرلۇق ۋە ماختانچاقلىق ئىللىتىنىڭ بىر ئالامىتىدۇر.

ئىستىشارىنىڭ نەتىجىسى مۇتلەق تەتبىق قىلىنىشى كېرەك. سەممىيەتسىز، شەكىلۋازلىق بىلەن باش لىڭشىتىپ قىلىنغان ئىستىشارىلەر، پايدىنىڭ ئورنىغا زىيان ئېلىپ كېلىدۇ. ئىستىشارە ئۇ ئىشنىڭ ئەھلى كىشىلەر بىلەن قىلىنىشى، ھەممە ئادەم پىكرىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويالايدىغان بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ بىلەن ھەقىقەت ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. لېكىن ئىستىشارە قىلىنىدىغان شەخس مەسلىھەتلىشىدىغان تېمىدا ئىشنىڭ ئەھلى بولمىسا، بۇ ئەھۋالدا قىلىنغان ئىستىشارە خاتا قىلىنغان بولىدۇ. بۇ سەۋەپتىن تىببى بىر مەسلىنى قانۇنشۇناس بىرەيلەن بىلەن مەسلەھەتلىشىپ ھەل قىلىشقا ئۇرۇنۇشتەك، خاتا ئىستىشارە كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان زىيانغا يول قويماسلىق كېرەك.

ئۆزى بىلەن ئىستىشارە قىلىنغان شەخسنىڭ پەقەتلا ئىستىشارە قىلىنغان مەسلىلەردىكى قابىلىيىتىلا كۇپايە قىلمايدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ئەخلاقلىق ۋە ھەر تۈرلۈك يامان غەرەزلەردىن يىراق بولغان بولۇشى كېرەك. ئەكسىچە، ئىستىشارە قىلغۇچى ئىنسانىنى خاتالاشتۇرۇپ قويۇش ئېھتىمالى باردۇركى، بۇ ئەھۋالدا ئىستىشارىدىن ئۈمىد قىلىنغان نەتىجە ھاسىل بولمايدۇ.

ئىستىشارىدە تەرەپبازلىق شەكلىدىكى مۇتلەق ھۆكۈم ۋە قاراشلاردىن يىراق تۇرۇش، قارشى تەرەپنى ساغلام ۋە مۇستەقىل پىكىردە تىڭشاش كېرەك.

بىر خىزمەت ئەھلى خىزمەتتىكى قېرىنداشلىرىنىڭ خۇشاللىقىنى ئۆز خۇشاللىقىدىن مۇھىم دەپ بىلىشى كېرەك. بارلىق خىزمەتلەرنى پەقەتلا مەن قىلاي دېگۈچىلەر ناھايىتى تىز چارچايدۇ، كۆڭلى-كۆكسى تارىيىدۇ، پىكرى ئۆزگىرىدۇ. بۇخىل كىشىلەردە باشقىلارنى تۆۋەن كۆرۈش، ھۇببى رىياسەت يەنى باشلىق بولۇش سەۋداسى

«ئەسھابىم!
بۈگۈن بىر
يېتىمنىڭ بېشىنى
سىلىدىڭلارمۇ؟
بىر كېسەلنى
يوقلىدىڭلارمۇ؟
بىر جىنازا نامىزىغا
قاتناشتىڭلارمۇ؟»

(قاراڭ، مۇسلىم:
«فەزائىلۇسساھابە»، 12)



نەپسانى مەنپەئەت كۆزلىمەي، پەقەتلا ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن قىلىنغان سەممىي خىزمەتلەر ھەقىقەتتە رەببىگە قايتىش ئىشتىياقىنىڭ سۆز-ھەرىكەتلەردە ئەكس ئەتكەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

باش كۆتىرىدۇ.

بۇنداق كىشىلەر ھەققىدە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«ئاللاھتائالا: "«ماڭا بىر-بىرىڭلارغا قارىتا شۇنداق كەمتەر بولۇڭلاركى، بىر ئادەم باشقىسىغا قارىتا ھەددىدىن ئېشىپ زۇلۇم قىلمىسۇن. يەنە ھەر قانداق بىر ئادەم باشقىسىغا قارىتا كىبىرلىنىپ چوڭچىلىق قىلمىسۇن." دەپ ۋەھيي قىلدى.» (مۇسلىم) «جەننەت»، 64) دېدى.

ھەقىقىي ۋە كامىل خىزمەت ئىنسانى پانى مەۋجۇتلۇقىدىن ئايرىلغان ھالەتتە، ئۆزىنى خىزمەت كارۋىنىنىڭ ئەڭ ئارقىسىدا كۆرىدىغان كۆڭۈل لەشكىرىدۇر.

## 6. خىزمەت قىلىنغۇچىنى ياخشى تونۇش

مەخلۇقاتلار ئارىسىدا شەرەپلىك قىلىپ يارىتىلغان ئىنسانغا ھۆرمەت ۋە ئىززەت بىلەن يېقىنلىشىش كېرەك. چۈنكى ئۇنىڭ قەلبى ئىلاھىي نەزەرگاھتۇر. شۇڭا، ئىنسانلارغا قىلىنىدىغان خىزمەتلەردە نازۇك، سىلىق-سىپايە بولۇش خىزمەتنىڭ نەتىجىسى ۋە ئەجرى جەھەتتىن ناھايىتى مۇھىم. خىزمەتنى قوپال ئۇسلۇب بىلەن ئادا قىلىش، ئىگىسىگە ئەجىر قازاندۇرمىغاندەك، ئەكسىچە ئۇنىڭ گۇناھكار بولۇشىغا سەۋەپ بولىدۇ. چۈنكى سۇنۇپ كەتكەن بىر كۆڭۈلنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ماددىي بىر نەرسىنى رېمونت قىلىشقا ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ماددىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بۇزۇۋېتىشتىنمۇ تەس. ئىنساننىڭ كۆڭلى ئاغرىغاندا، ئۇ كۆڭۈلنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بەك مۈشكۈل.

بىر گۈزەل سۆزدە مۇنداق دېيىلگەن: ئۆزىنى بىلىدىغانلار شۇ ئۈچ تۈرلۈك كىشىلەردۇر:

1. ئىلاھىي قۇدرەت ئېقىشىنىڭ شېئىرىيىتىگە مەپتۇن بولۇپ، شامالنىمۇ رەنجىتمىگەنلەر،



2. ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئىزھار قىلىشتىن ھايا قىلىدىغان دەرىجىدە كەمتەر بولغانلار،

3. ئىبادۇللاھنى ئىستىھكار قىلماي، يەنى ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنى پەس كۆرمەي، كىچىك پېئىللىقى بىلەن تۇپراقتەك بولۇپ، مەخلۇقاتقا جانابى ئاللاھنىڭ شەپقەت نەزىرى بىلەن قارايدىغانلار.

خىزمەتتە قارشى تەرەپنى ياخشى تونۇش، خىزمەت قىلىشنىڭ مۇھىم ئاساسلىرىدىن بىرى. چۈنكى نەتىجىلىك خىزمەت بۇ شەكىلدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. مەسىلەن: بىر چاغلاردا باي بولۇپ، كېيىن يوقسۇل بولۇپ قالغان، ئەھۋالىنى ئېيتىشتىن خىجىل بولىدىغان بىر كىشىگە قىلىنىدىغان خىزمەتنىڭ ئۇسۇلى بىلەن ئېھتىياجىنى راھەتلىك بىلەن ئېيتىپ كۆنۈپ قالغان بىر كىشىگە قىلىنىدىغان مۇئامىلە ئوخشاش بولماسلىقى كېرەك.

بىر مۇسۇلمان پەيغەمبەرلەردىكى پەتانەت (قەلبكە باغلىق ئەقىل) سۈپىتىدىن ھەسسە ئېلىپ، ئەقىل نېمىتىنى پايدىلىق ئۇسۇلدا قوللىنىشى كېرەك. كىمگە، نېمىگە، قاچان، قەيەردە، قانداق سۆزلەش لازىملىقىنى ۋە قانداق ئۇسۇلدا سۆزلىسە بولىدىغانلىقىنى بىلىشى كېرەك. مەسىلەن: جاپەر تەييار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەبەشىستان پادىشاھى نەجاشىغا، ئىسلام ھەققىدە مەلۇمات بەرگەندە، قوللانغان مېتود، بىر مۇسۇلماننىڭ پاراسىتىنى كۆرسىتىش جەھەتتە ناھايىتى ئىبرەتلىك. خرىستىئان نەجاشى، جاپەر تەييار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قۇرئانى-كەرىمدىن بىر قانچە ئايەت ئوقۇشنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇ دەسلەپتە ئىنكارچىلارغا قارشى چىقىدىغان كافىرۇن سۈرىسىنى ئوقۇماي، ھەزرىتى ئىسا ۋە ئانىسىنى ھۆرمەت بىلەن زىكىر قىلىدىغان مەريەم سۈرىسىنى ئوقۇغان. ئوقۇلغان بۇ ئايەتلەردىن ناھايىتى تەسىرلەنگەن نەجاشى قولىدىكى ھاسا بىلەن يەرگە بىر سىزىق سىزىپ:

- بىزنىڭ دىنىمىز بىلەن سىلەرنىڭ دىنىڭلار مۇشۇ سىزىقچىلىق بىر-بىرىگە يېقىن. - دېگەن ۋە بىر مۇددەتتىن كېيىن ئىسلام

«ئىخلاس قەلبنىڭ ھايات سۈيى، رىيا قەلبنىڭ زەھىرىدۇر.»

- ئابدۇللاھ ئەل ئانتاكى



بىلەن شەرەپلەنگەن.

خىزمەتنىڭ ئادا قىلىنىشىدا، خىزمەتنى ئەھلىگە بېرىش ئۈچۈن قارشى تەرەپنى ياخشى تونۇش كېرەك. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسكەرلەرگە قوماندانلىق قىلىش قابىلىيىتى بار بىر ئىنسانىنى ئەلچى قىلمىغاندەك، تەبلىغ ۋە كۆڭۈل ئىنسانلىرى بولغان ئەسھابى ـ سۈپپەنىمۇ قوماندان تەيىنلىمىگەن. ئۇ ۋەزىپىلەرنى تەقسىم قىلغاندا قارشى تەرەپنىڭ شەخسىيەت، قابىلىيەت، لاياقەت ھەتتا بەدەن قۇرۇلمىسىنىمۇ نەزەرگە ئالغان.

بۇ يەردىكى ئەھمىيىتىگە بىنائەن ئىنسانىنىڭ تەلىم ـ تەربىيىسىگە دائىر بىر نەچچە نوقتىنى ئەسلىتىپ ئۆتۈش پايدىلىق.

ئىنسان تەربىيەسى ئەڭ مۈشكۈل خىزمەت. چۈنكى تەربىيە قىلىنىمىغان بىر نەپس، ئىنسانىنى داۋاملىق يامان ئىشلارغا كۆڭۈل بەرگۈزىدۇ. ئاللاھتائالا ئىنسان تەبىئىتىگە تەقۋا ۋە گۇناھ ئىشلەش مايىللىقىنى يەرلەشتۈرگەن. بۇ جەھەتتىن بالىلىق دەۋرىدىن باشلاپ، بۇ ئىككى مايىللىقنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. ئىنسانىنىڭ سائادىتى گۇناھ مايىللىقىنىڭ ئاجىزلىتىلىپ، تەقۋانىڭ كۈچلەندۈرىلىشى بىلەن مۇمكىن. بۇنىڭ يولى تەربىيەدىن ئۆتىدۇ. ئەڭ ۋەھشى ھايۋاننى تەربىيلەش، نەپسگە مەغلۇپ بولغان ئىنسانىنى تەربىيلەشتىن ئاسان.

مائارىپ (تەربىيە) خىزمتى پەيغەمبەر كەسپىدۇر. مائارىپچى بولۇش ئۈچۈن ھېس ـ تۇيغۇلار كۈچلۈك بولىشى كېرەك. چۈنكى ئوقۇغۇچى بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقاندا، ئۇلارنىڭ ھېس ـ تۇيغۇسىنى چۈشىنىش، ئەھۋالىغا قاراپ يەكۈن چىقىرىش كېرەك. بۇ بىر دوختۇرنىڭ داۋالاشتىن ئىلگىرى دىئاگنوز يەنى ئاغرىقنىڭ سەۋەبىنى بىلىشكە مەجبۇر بولغىنىدەك بىر ئەھۋال.

ئونۇتماسلىق كېرەككى، مەسىلىسى ھەل قىلىنغان ئىنسان بىزنىڭ ئىنسانىمىزدۇر.

يۇقىرىدىكىلەر دىققەت قىلمىسا، قېيىپ كېتىشى مۇمكىن.

ئىنسانلارنىڭ قابىلىيەتلىرى ھەر خىل بولغاندەك، ئاجىزلىقىمۇ



ھەر خىل بولىدۇ. بۇ سەۋەپتىن، مائارىپچى پسىخولوگىيە دوختۇرىدەك، ئەستايىدىللىق بىلەن ئىنسانغا يېقىنلىششى كېرەك. بىرسىگە پايدىلىق بولغان بىر سۆز باشقا بىرسىگە زىيانلىق بولىشى مۇمكىن. بۇ سەۋەپتىن بىز تەربىيىسىگە مەسئۇل بولغان ئىنسانلارنىڭ خۇي-پەيلىنى ياخشى بىلىشىمىز كېرەك.

تەربىيەنىڭ ۋاقتى ۋە مىقدارىمۇ ياخشى تەڭشىلىشى كېرەك. قاتتىق بىر جىسىمنى مەلۇم بىر نىشان ئۈچۈن ئەگكەندە، ئۇنىڭ سۇنۇپ كېتىش ئېھتىمالىنى كۆز ئالدىمىزدا تۇتقاندەك، نەپسانى ھېس-تۇيغۇلىرى كۈچلۈك بولغان بىر ئىنساننى بۇ ئىللەتتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈنمۇ ئالدىراڭغۇلۇق قىلماسلىق، قارشى تەرەپكە قارشى چىقىدىغان دەرىجىدە قاتتىق مۇئامىلە قىلماسلىق كېرەك.

لىق بىر قاچىدىكى نەرسىنى ئوخشاش ھەجىمدىكى باشقا بىر قاچىغا تىز سۈرئەتتە تۆكسەك، سىرتقا تۆكۈلۈپ كېتىدۇ، زىيان تارتىمىز. لېكىن تەدرىجىلىك قانۇنىغا رىئايە قىلىپ، يەنى ئالدىراڭغۇلۇق قىلماي، ئاستا-ئاستا ھەرىكەت قىلسىڭىز، قولىڭىزدىكى قاچىدا بار نەرسىنى قالدۇرۇپ قويماي، باشقا قاچىغا تۆككىلى بولىدۇ. ئىنسان تەربىيەسىدە بۇ خىل فىزىكىلىق قانۇننى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. دېمەك، بىر ئىنساننى باشقۇرۇپ، تەربىيەلەشتىن ئىلگىرى سەۋرچان بولۇش، قارشى تەرەپنىڭ خۇي-مىجەزىنى ياخشى بىلىشكە توغرا كېلىدۇ.

مائارىپچى، ئوقۇغۇچىسىنىڭ كەمچىلىك-ئارتۇقچىلىقىنى، بىر تىزىق مارجاندەك بىلىشى، كىمنىڭ نېمىگە قابىلىيىتى بولسا، ئۇنى شۇ تەرەپتە تەرەققى قىلدۇرۇشقا غەيرەت قىلىشى كېرەك. مەسىلەن: شائىرلىققا قابىلىيىتى بار بىر كىشىنى ئىنسان روھىنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا ئىنتىلدۈرۈش كېرەك. باشقۇرغۇچى بولۇش قابىلىيىتى بار ئىنسانلارغا مەمۇرى ئىشلارنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى، ئىشنى ئەھلىگە بېرىش لازىملىقى، مەرھەمەتلىك ھەرىكەت قىلىشنىڭ مۇھىملىقى ۋە ئادالەت ھەققىدىكى نوقتىلارنى تەۋسىيە قىلىش كېرەك. باشقا كەسپى

«دۇنياغا قارىتا زاھىد بول، ئۇنىڭغا مەيىل قىلمىغىنكى، ئاللاھ سېنى ياخشى كۆرسۇن. ئىنسانلارنىڭ قولىدىكى نەرسىلەرگە قارىتا زاھىد بول، ئۇ نەرسىلەرنى تەلەپ قىلمىغىنكى، ئىنسانلارمۇ سېنى ياخشى كۆرسۇن.»

(ئىبنى ماجە، «زۇھد»، 1)



ئىشلاردىكى قابىلىيەتلەردىمۇ مۇشۇنداق قىلىش كېرەك. جەمئىيەت ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بۇ قابىلىيەتلەرنىڭ ھەر بىرسىنى يېتىلدۈرۈش ئۇسۇلى ھەر خىل بولىدۇ.

تەربىيە خىزمىتى ئىنسانىدىكى بەدەن، روھ ۋە ئەقىل ـ قەلب ئارىسىدىكى نازۇك نوقتىلارنى دىققەتكە ئېلىپ پىلانلىنىشى كېرەك. ئەگەر ئىنساننىڭ ئەقلىغىلا خىتاب قىلىنسا، مەنپەئەت، مەنسەپ، دۇنياۋى ھەۋەسلەر ئېغىر بېسىپ، روھى تاكامۇللۇققا ئەھمىيەت بېرىلمىگەن بولىدۇ. بۇنداق يېتىشتۈرۈلگەن ئىنسان نەتىجىدە بايلىق، شۆھرەت ۋە شەھۋەتنىڭ قۇلىغا ئايلىنىدۇ. ئەمما ئەقىل بىلەن بىرلىكتە قەلبىمۇ تەربىيىلەنسە، تەبىئەتتە مەۋجۇد بولغان مايىللىقلارنى توغرا يولغا ئىنتىلدۈرۈشكە مۇمكىن بولىدۇ. شۇڭلىغا دىققەت قىلىش كېرەككى، كۆڭۈلگە يەرلەشمىگەن بىلىم ئىرپانغا ئايلىنالمايدۇ. ئىرپاندىن مەھرۇم بىر ئىلىم ئىگىسىنى ھالاكەتكە ئىتتىرىدۇ. مەنىۋى پەزىلەتلەر بىلەن بېزەلمىگەن ئىنسان، داۋاملىق ئەخلاقسىزلىقنى ئەمر قىلىدىغان نەپسىنىڭ خاھىشىغا قۇل بولىدۇ.

«شۇبھىسىزكى، «پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھدۇر» دېگەنلەر، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا پەرىشتىلەر چۈشۈپ: «قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت ئۈچۈن خۇشال بولۇڭلار.» دەيدۇ»

(فۇسسىلەت سۈرىسى، 30 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

## 7. مۆتىدىل بولۇش

ھەر ئىشتا بولغىنىدەك، خىزمەتتىمۇ ئىتىدال (ئوتتۇرا ھال) بولۇشقا رىئايە قىلىش كېرەك. خىزمەت ئەھلىنىڭ خىزمەت قىلىمەن دەپ، بالا ـ ۋاقىسى، ئاتا ـ ئانىسى ۋە رىزقىنى تاپىدىغان ئىشنى بىر يەرگە تاشلاپ قويىشى توغرا بولمىغاندەك، بۇلارنى باھانە قىلىپ، خىزمەتتىن يىراق تۇرۇشىمۇ توغرا ئەمەس.

ئاللاھتائالا ئۈممەتى مۇھەممەدكە ئوتتۇراھال بولۇشنى تەۋسىيە قىلىپ:

**«شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك) كىشىلەرگە (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە) شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولىشى ئۈچۈن، بىز**



**سىلەرنى ياخشى ئۈممەت قىلدۇق.»** (بەقەرە سۈرىسى، 143 ـ ئايەت) دېگەن.

كائىناتنىڭ پەخرى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ بىر ھەدىسىدە:

«ئىشلارنىڭ ياخشىسى (ئىككى قۇتۇپقا ئايرىلىدىغان رادىكال بولماي) ئوتتۇراھال بولغىنىدۇر.» (بەيھاقى، «شۇئابۇل ئىمان»، 5 ـ جىلد، 261) دەپ، ئۈممىتىگە ھەر جەھەتتە قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىدىغان بىر ئۆلچەم بېكىتىپ بەرگەن.

باشقا بىر ھەدىسىدە:

«سىلەردىن بىرىڭلار جامائەتكە ئىمام بولغان ۋاقىتتا، نامازنى قىسقا ئوقۇسۇن، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاجىز، كېسەل ۋە ياشىنىپ قالغان كىشىلەر بار. ھەر قانداق بىرىڭلار يالغۇز ناماز ئوقىغان ۋاقىتىڭلاردا، خالىغانچە ئۇزۇن ئوقۇساڭلار بولىدۇ.» (بۇخارى، «ئىلىم»، 28) دېگەن.

بۇ ئايەت ـ ھەدىسلەرنىڭ بايان قىلىشىچە، دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك ھەر ئىشتا تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش ئاللاھ ۋە رەسۇلى بېكىتكەن تەڭداشسىز ئۆلچەمدۇر. بۇ ئۆلچەمگە رىئايە قىلىنغان ۋاقىتتا شەخسىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتە تەڭپۇڭلۇق ساقلانغان بولىدۇ. بۇ جەھەتتىن خىزمەت ئەھلى تەڭپۇڭلۇقنى ساقلايدىغان ئىنساندۇر. مەسىلەن: بىر ۋائىز ئەپەندى ئەزان بىلەن بىرلىكتە تەبلىغنى تۈگۈتىشى لازىم. پۈتۈن جامائەتنىڭ ھېسسىياتىنى دىققەتكە ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىبادىتىگە دەخلى قىلماسلىقى كېرەك. چۈنكى ۋاقتى قىس بولغان كىشىلەر، بولۇپمۇ مەمۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئەھۋالىنى كۆز ئالدىدا تۇتىشى كېرەك. بۇ جەھەتتىن خىزمەت ئىنسانى كۆڭلى ۋە ئەقلى يىراقنى كۆرەرلىك، چوڭقۇر پىكىرلىك ۋە پاراسەتلىك بولىشى كېرەك. مۇھەببىتى، غەزىپى، ئىلتىپاتى، تەنقىدى، تەقدىرىنى ۋاقتى ۋە شارائىتىدا قىلىشى، ئوتتۇرا يول تۇتىشى كېرەك. پەس كۆرۈلمەيدىغان سەممىيەت ۋە كىبىر بولمايدىغان ئىززەت ئىگىسى بولۇشى، كەمتەر

تەلىم ـ تەربىيە بىلىم بېرىشكە قارىغاندا، ئەخلاق ئۆگىتىشى كېرەك. چۈنكى ئىنسانىيەت ئەخلاق ۋە ۋاپاغا مەپتۇندۇر.



بولۇش بىلەن بىرلىكتە خارلىق ئازگىلىغا چۈشمەسلىكى كېرەك.

خىزمەت ئەھلى قول ئاستىدىكى كىشلەرگە قارىتا شەپقەتلىك، ئادىل، ئىنساپلىق بولىشى، قىلالمايدىغان بىر ئىشنى بەرمەسلىكى، ھەر ئادەمگە كۈچى يېتىدىغان نىسبەتتە ئىش بېرىشى كېرەك.

ئادالەتنى ئورنىتىشنىڭ ھەممە ئادەمگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش ئەمەسلىكىنى؛ ھەققى نېمە بولسا ئۇنى بېرىش ئىكەنلىكىنى بىلىشى ؛ ئادالەتكە دەخلى يېتىدىغان ھەر تۈرلۈك سۆز-ھەرىكەتتىن يىراق تۇرۇش كېرەك. بۇ ھەقتە قۇرئانى-كەرىمدە:

**«ئى مۆمىنلەر! خۇدالىق ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىشتە، ئۆزەڭلارنىڭ ياكى ئاتا-ئاناڭلارنىڭ ياكى تۇققانلىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا (گۇۋاھلىق بېرىشكە) توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئادالەتنى بەرپا قىلىشقا تىرىشىڭلار، (گۇۋاھلىق بېرىلگۈچى) باي بولسا (ئۇنىڭغا رىئايە قىلماستىن)، ياكى يوقسۇل بولسا (ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتماستىن) ھامان ئادىل گۇۋاھ بولۇڭلار، ئاللاھ سىلەردىن ئۇلارغا يېقىندۇر (يەنى ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىنىڭ نېمىدە بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ)، نەپسى خاھىشىڭلارغا ئەگىشىپ (ھەقىقەتتىن) بۇرۇلۇپ كەتمەڭلار. ئەگەر تىلىڭلارنى تولغۇساڭلار (يەنى گۇۋاھلىقتىكى پاكىتنى بۇرمىلىساڭلار)، ياكى گۇۋاھلىقتىن باش تارتساڭلار، مۇنداقتا ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغۇچىدۇر.»**

(نىسا سۈرىسى، 135-ئايەت) دېيىلگەن.

مۆتىدىل بولۇش، رەھبەرلىك خىزمىتىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ ئەينى ۋاقىتتا ئۇ كىشىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى كۆرسىتىدۇ. ساھابى-كىرامدىن مىسىردا ۋالىلىق ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپىقىيەتلىك ئادا قىلغان ئامىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ مۇۋەپپىقىيىتىنىڭ نېمىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى شۇ شەكىلدە بايان قىلغان:

«ئەتراپىمدىكى ھەر ئىنسان بىلەن ئارامدا بىر يىپ باردەك ئويلايمەن. بۇ يىپ تارتىلىپ ئۈزۈلۈش نوقتىسىغا يېقىنلاپ كەلگەندە،

دۇنيا مەنپەئەتلەرگە كۆز قىرىنى سالماي، باغدادقا قازى بولۇشنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن زىندانغا تاشلانغان ئەبۇ ھەنىفە، زىنداندا تېخىمۇ ھۆر ۋە كۈچلۈك ئىدى. ئۇنى ئارزۇسىغا يەم قىلىشنى ئويلاپ، مەنپەئەتكە مەغلۇپ بولغان خەلىپە، بىچارە ھالەتتە ئىدى. ئاللاھقا قۇل بولغان دۇنيا مەنپەئەتلىرىگە قۇل بولمايدۇ.



ئۇنى بىر ئاز يېشىپ قويىمەن. ھەددىدىن ئارتۇق يېشىلىپ كەتكەندە ئۇنى دەرھال چىڭىتىپ قويىمەن. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئىنسانلار بىلەن مۇناسىۋىتىمنى تەڭپۇڭلۇق ئاساسىدا داۋاملاشتۇرىمەن.»

ئىنتىزام نامىدا، قول ئاستىدىكى كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىش توغرا ئەمەس. ئەمما ھاياتتا ئىنتىزامسىزلىقنىڭ زىيان كەلتۈرىدىغانلىقى ئېنىق. بۇ ئەھۋال مال، خىزمەت ۋە ۋاقىتنىڭ ئىسراپ بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئىسراپ پالاكەت ۋە ھالاك بولۇشنىڭ دەۋەتچىسىدۇر. ئەندۇلۇس (ئىسپانىيە) فاتىھى تارىق ئىبنى زىياد ئەندۇلۇسقا كىرگەن ۋاقتىدا، ئۇستىدە ياماق چۈشكەن كىيىملەر بار ئىدى. ئەمما روھى نائىل بولغان شىجائەت ۋە غەلبە كۆزلەرنى قاماشتۇراتتى. نەتىجىدە ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالى بۈيۈك بىر مەدەنىيەتكە ۋاستە بولدى. لېكىن ئەندۇلۇسنىڭ تارىختىن ئۆچۈرۈلۈپ كېتىشىدە، ئاخىرقى دۆلەت بولغان بەنى ئەھمەرنىڭ ھۆكۈمدارى ئابدۇللاھ ساغىر مەغلۇبىيەت ئىچىدە ۋەتىنىنى تەرك ئەتكەندە، ئېتىنىڭ ئىگىرى ۋە تاقىسى ئالتۇندىن ئىدى. دېمەككى، مۇۋەپپەقىيەت ۋە باياشاتلىقتا مۆتىدىللىق يوقۇلۇپ ئىسراپ باش كۆتەرگەندە، ئۇ يەردە مەغلۇبىيەت باشلىيدۇ. بۇنىڭدىن كېيىنكىسى چارىسى تېپىلمايدىغان پۇشايمانلىق. چۈنكى ئابدۇللاھ ساغىر دۈشمەنلىرىگە تەسلىم قىلغان مەملىكەتتىن ئانىسى بىلەن بىرلىكتە ئايرىلغاندا، پائۇل ئىگىزلىكىدە توختاپ ئاخىرقى قېتىم گىرناتاغا قارىغان. ئوت يالقۇنلىرىدا كۆيۈۋاتقان بۇ مەرۋايىتتەك ئىسلام يۇرتى ۋە ئىسلام سەنئىتىنىڭ مۆجىزىسى بولغان ئەلھەمرا سارايىغا قاراپ، ئىختىيارسىز ئۇھ تارتىپ، يىغلاشقا باشلىغان. ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالغا قاراپ ئانىسى قاشلىرىنى تۈرۈپ شۇ تارىخىي سۆزنى قىلغان:

«يىغلا ئەي غاپىل، يىغلا! ئەركەكلەرگە ئوخشاش مۇھاپىزەت قىلالمىغان شۇ مۇبارەك يۇرتۇڭ ئۈچۈن ھازىر ئاياللارغا ئوخشاش يىغلا!»

بۇ ۋەقە مۇناسىۋەتى بىلەن بۇ تارىختىن باشلاپ، بۇ ئېگىزلىك

ئەي ئىنسان! ئەينەكتىكى ئاخىرقى نەقىشكە قارا! بىر گۈزەلنىڭ قېرىغان چاغدىكى ھالىنى ۋە بىر بىنانىڭ كۈنلەرنىڭ بىرىدە خارابە ھالغا كېلىدىغانلىقىنى ئويلىغىنىكى، ئەينەكتىكى يالغانغا ئالدانمىغايسەن.



«ئەرەپنىڭ ئاخىرقى ئاھى» ياكى «ئەرەپنىڭ ئاھ ئېگىزلىكى» دېگەن ئىسىم بىلەن ياد قىلىنغان.

بۇ ئىبرەتلىك تارىخىي ۋەقەدە بايان قىلىنغاندەك، لايىقىدا مۇھاپىزەت قىلىنمىغان ئامانەتلەر ئىسراپ قىلىنغان، ئىسراپ قىلىنغان ئامانەتلەر زايا بولۇپ كەتكەن. چۈنكى ئەندۇلۇس دۆلىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن ئىسپانىيە تۇپراقلىرىلا قولدىن چىقىپ كەتمەي، ئىسلام مەدەنىيەتىنىڭ سىمۋولى بولغان قىممەتلىك ئەسەرلەر يۇقۇتۇلغان. تەخمىنەن بىر مىليۇنغا يېقىن قول يازما كىتاب كۆيدۈرۈۋېتىلگەن.

بۇ سەۋەپتىن، خىزمەت ئەھلى قول ئىلكىدىكى ئامانەتلەرنى لايىق ۋە جايىدا ئىشلىتىشنى بىلىشى كېرەك. ئۆزىنىڭ مال-مۈلكىنى ئىسراپتىن قانداق يىراق تۇتسا، ئۇزگە ئامانەت قىلىنغان ئومۇمنىڭ مال-مۈلكىنى خىزمەتلەردە ئىسراپتىن تېخىمۇ يىراق تۇتىشى كېرەك.

ئىسراپنى، قولىمىزدىكى مال-مۈلۈكنى سورىۋېتىش شەكلىدە چۈشەنسەك بولمايدۇ. ئايەتتىكى: «ئاللاھ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ.» دېگەن ئاگاھلاندۇرۇشنى، ھاياتىمىزنىڭ پۈتۈن باسقۇچلىرىغا رەھبەر قىلىشىمىز كېرەك.

بۇ مەقسەتتە ئۆز ۋەزىپىسىنىڭ ئەھمىيىتىنى ئويلىغان ئۇستاز ئوقۇغۇچىسىنىڭ ۋاقتى ۋە ئېنېرگىيىسىنى قەتئىي ئىسراپ قىلمايدۇ،

بىلىشىمىز كېرەككى، ئۆمۈرنى بىكار ئۆتكۈزۈش ئىسراپ، قولىمىزدىكى ئامانەتلەرنى مۇھاپىزەت قىلماسلىق ئىسراپتۇر. بولۇپمۇ ئىنسانىنىڭ تەربىيەسىدە ئۇنىڭ مەۋجۇدىيەتىنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى بولۇش يولىدا يېتىشتۈرۈلمەسلىكى ئەڭ بۈيۈك ئىسراپتۇر.

بۇ سەۋەپتىن، ئىنسانىنىڭ تەربىيەسىدە ناھايىتى ئەستايىدىل بولۇش كېرەك. ئۇنى مۇقەددەس ياراتقۇچى ياراتقاندا ئارزۇ قىلغان بىر بەندە، يەنى بۇ كائىنات كىتابىنى ئوقۇيدىغان، ئۇنىڭدىكى ئىلاھىي نىزام، تەڭپۇڭلۇق ۋە قۇدرەت ئېقىشىنى تاماشا قىلىپ، چوڭقۇر تەپەككۇر ئىچىدە ئىمانىنى ئېھسانىغا يەتكۈزەلەيدىغان كامىل

«ئاللاھتائالا مەرتتۇر، ئېھسان ساھىبىدۇر، مەرتلىكنى ۋە گۈزەل ئەخلاقنى ياخشى كۆرىدۇ.»

(سۇيۇتى، «ئەل جامىئۇسسەغىر»، 1-جىلد، 60)



مۇسۇلمان قىلىپ يېتىشتۈرۈش كېرەك. ئۇلارنى ئىككى يۈزلۈك كىشىلەر ئەمەس، ئىسلام ئەسرى سائادەتتە ئوتتۇرىغا قويغان ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان شەخسلەر قىلىپ يېتىشتۈرىشىمىز كېرەك. ئۇنداق بولمىسا نەچچە مىليارد نوپۇسلۇق ئىنسانىيەت دۇنياسىدا ھەقىقىي ئىنسانغا بولغان تەشنالىقنى قاندۇرغىلى بولمايدۇ.

پۈتۈن ئىشىمىز شۇ ئاخىر زاماندا يەنە بىر ئىنسان يېتىشتۈرۈش، يېڭى دۇنياغا كەلگەن ئەۋلادلىرىمىز ئىچىگە چۈشكەن ھالاكەت ئازگىلىدىن بىر نەچچە كىشىنى بولسىمۇ قۇتقۇزۇپ قېلىشتىن ئىبارەت. قولىمىز يەتكەن بەزى كىشىلەر، بەلكىم كەلگۈسىنىڭ فاتىھلىرى، سۇلتانلىرى، سۇلايمانلىرى، سىنانلىرى بولىشى مۇمكىن. بەلكى، پىرى رەئىس، ئاقشەمسەددىن ۋە ئەزىز مەھمۇت ھۇدائىلىرىمۇ بولىشى مۇمكىن.

بىر مىللەت بۇنداق داھى ئىنسانلارنى يېتىشتۈرەلىگەن نىسبەتتە، بۈيۈك مىللەت بولىدۇ ۋە مەۋجۇدلۇقىنى داۋاملاشتۇرالايدۇ. ئوسمانىيە بەگلىكى ئاناتولىيەدە قۇرۇلغان كىچىك بەگلىك بولىشقا قارىماي، ئىگە بولغان بۈيۈك شەخسىيەتلەر نىسبىتىدە چوڭىيىپ، ئۈچ قىتئەگە سوزۇلغان بۈيۈك چىنار بولدى. كېيىن بۈيۈك بىر ئىمپېراتورلۇق بولىشىغا قارىماي، ئاق ـ سەۋىيەسى تۆۋەن، پەقەتلا شەخسىي مەنپەئەتىنىلا ئويلايدىغان، مىللەتنىڭ ئىستىقبالىنى ئەمەس، ئۆزىنىڭ ماقامىنى ئويلايدىغان، ئەخلاقى بوزۇلغان كىشىلەرنىڭ قولىدا كىچىكلىدى. نەتىجىدە، تارىخنىڭ تەلەيسىز بەتلىرىدە قالدى.

ھەقىقىي خىزمەت ئەھلى ماددىي ۋە مەنىۋىي كاسسىر (خەزىنىچى) ھۆكمىدەدۇر. چۈنكى ھەر نەرسىنىڭ ئىگىسى جانابى ئاللاھتۇر. بىزگە بېرىلگەن زاھىرى ۋە باتىنى ھەر قانداق نەرسە، ئۇنىڭ لۇتفىدىن كەلگەن. ھەممىسىنىڭ قىيامەت كۈنى ئايرىم ـ ئايرىم ھېسابى ئېلىنىدۇ.

ئۇ ھېسابىنىڭ نەتىجىسىنىڭ ئازاب بولماسلىقى ئۈچۈن، جانابى ئاللاھ قۇرئانى ـ كەرىمدە بىز بەندىلىرىنى مۇنداق ئاگاھلاندۇرىدۇ:

«شۇ يەر يۈزىدە، شۇ قارا تۇپراقتا، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىدىن ئەسەرلەر بار! بۇ سەۋەپتىن تۇپراق ئۈستىگە تۆكۈلگەن ئەخلەتلەرنى يوقۇتۇپ چېچەك ئۈندۈرىدۇ، مېۋە بېرىدۇ. تۇپراق ئەخلەتلەرنى تازىلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا گۈل ـ غۇنچە ئۈندۈرىدۇ، سەنمۇ تۇپراقتا ئوخشاش بولغىن.»

ـ ھەزرىتى مەۋلانا



**«ئاللاھ بىر-بىرىگە ئوخشايدىغان ۋە ئوخشىمايدىغان باغلارنى بەرپا قىلدى، مېۋىلىرى، دانلىرى (رەڭگى، تەمى، ھەجمى ۋە پۇرىقى) بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان خورما دەرەخلىرىنى، زىرائەتلەرنى، (رەڭگى ۋە شەكلى) بىر-بىرىگە ئوخشايدىغان (تەمى) ئوخشىمايدىغان زەيتۇن ۋە ئانارنى ياراتتى، مېۋىسى پىشقاندا، ئۇلاردىن يەڭلار، مېۋە (نىڭ ھوسۇلى)نى يىغقان كۈندە (يەنى يىغقان ۋاقتتا) ئۇنىڭ ئۆشرىسىنى ئادا قىلىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمايدۇ.»** (ئەنئام سۈرىسى، 141-ئايەت)

**«ئى ئادەم بالىلىرى! ھەر ناماز ۋاقتىدا (ياكى تاۋاپ ۋاقتىدا ئەۋرەتلىرىڭلارنى سەترى قىلىپ تۇرىدىغان) كىيىمىڭلارنى كىيىڭلار، يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، ئاللاھ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ.»** (ئەئراف سۈرىسى، 31-ئايەت)

**«ئىسراپ قىلغۇچىلار ھەقىقەتەن شەيتانلارنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر، شەيتان پەرۋەردىگارىغا تولىمۇ كۇفرانى نېمەت قىلغان ئىدى.»** (ئىسرا سۈرىسى، 27-ئايەت)

ئىسراپ نەپسىمىزگە قارىتا ھەددىدىن تاشقىرى خىراجەت بىلەن خىزمەتتىكى ئۇرۇنسىز ماددىي-مەنىۋىي خىراجەتلەردۇر. ئەمما جايىدا ۋە ئاللاھ ئۈچۈن خەجلەنگەن پۇل ئىسراپ ئەمەس. ئەكسىچە، قانچىلىك كۆپ بولسا ئاللاھ نەزىرىدە ئۇ قەدەر مەقبۇل ۋە ئەجرىگە نائىل بولىدۇ. بۇ ھەقتە-قۇرئانى-كەرىمدە: **«ئۇلار سەندىن نېمىنى سەدىقە قىلىش توغرۇلۇق سورايدۇ، (ئېھتىياجدىن) ئارتۇقىنى (سەدىقە قىلىڭلار) دېگىن. (دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئىشلىرىنى) تەپەككۇر قىلىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ ئۆز ئايەتلىرىنى سىلەرگە شۇنداق بايان قىلىدۇ.»** (بەقەرە سۈرىسى، 219-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېيىلگەن. خۇلاسىلىساق، بارلىق ئىشلاردا ئەڭ گۈزەل نەرسە مۆتىدىللىق ۋە تەڭپۇڭلۇقنى مۇھاپىزەت قىلىش. يەنى ماددىي،

يەر يۈزىدە مەرھەمەت ۋە شەپقەت بىلەن فەتىھ قىلغىلى بولمايدىغان يەر يوق.



مەنىۋىي پۈتۈن خىزمەتلەردە، مۆتىدىللىق ۋە تەڭپۇڭلۇقنى بوزىدىغان ئىسراپتىن يىراق تۇرۇش كېرەك.

مۆتىدىللىقنى بوزىدىغان ئامىللاردىن بىرى غەزەپلىنىش. غەزەپلىنىش ئاجىزلىق، ئەقلى تەڭپۇڭلۇقنىڭ قىسمەن زىيانغا ئۇچرىشى ۋە لاياقەتسىزلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر. گويا نەپسنى گۇناھقا كۈشكۈرتىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ سەۋەپتىن خىزمەت ئەھلى ئاچچىقنى يۇتالايدىغان بولىشى كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ئەسھابى-كىرامغا:

- سىلەر ئاراڭلاردا كىمنى باتۇر ھېسابلايسىلەر؟ - دەپ سورىدى. ئەسھاب:

- يىگىتلەر يېڭەلمىگەن كىشنى. - دەپ جاۋاب بېرىشى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئۇنداق ئەمەس، ھەقىقىي باتۇر، غەزەپلەنگەن ۋاقتىدا، نەپسىگە ھاكىم بولالايدىغان (ئاچچىقنى يېڭەلەيدىغان) كىشىدۇر. (مۇسلىم، «بىرر»، 9) دېدى.

ئاخىرى پۇشايمانلىق كەلتۈرۈدىغان خاتا قارارلار، ئومۇمىي جەھەتتە غەزەپلەنگەن ۋاقتتا بېرىلگەن قارارلاردۇر. بۇ ھەقىقەتكە بىنائەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، باشقا بىر ھەدىسىدە:

«ھەر قانداق بىر ئادەم غەزەپلەنگەن ۋاقتىدا ئىككى كىشى ئارىسىدا ھۆكۈم چىقارمىسۇن.» (مۇسلىم، «ئاقدىيە»، 16) دېگەن. ھەتتا ئۆزىدىن نەسىھەت تەلەپ قىلغان بىر ساھابىسىغا ئۈچ قېتىم كەينى-كەينىدىن «ئاچچىقلانما!» (بۇخارى، «ئەدەپ» ،76) دېگەن

ئىنساننىڭ ئەھۋالى بىر خىل تۇرمايدۇ، بەزىدە غەزەپلىك بەزىدە خۇشال. ناھەقچىلىقتا سەۋەپ بولماسلىق ئۈچۈن ئاچچىقى كەلگەن ۋاقتتا، دەرھال قارار بەرمەسلىك كېرەك. غەزەپلەنگەن ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋسىيەسىگە ئاساسەن ئۆرە تۇرغان بولسا ئولتۇرىشى، ئولتۇرغان بولسا يېتىشى، يەنە ئاچچىقى يانمىسا تاھارەت ئېلىشى كېرەك.

«ئاللاھتائالا ماڭا: «بىر-بىرىڭلارغا قارىتا شۇنداق كەمتەر بولۇڭلاركى، ھەر قانداق بىر ئادەم باشقىسىغا قارىتا ھەددىدىن ئېشىپ، زۇلۇم قىلمىسۇن. يەنە ھەر قانداق بىر ئادەم باشقىسىغا قارىتا چوڭچىلىق قىلمىسۇن» دەپ ۋەھيى قىلدى.»

(مۇسلىم، «جەننەت»، 64)



يا رەببى! دېگەن تۇيغۇلۇق قەلب بىلەن ھەقىقەت ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىنمايدۇ، بىر كۆڭۈلگە تىكەن سانجىلمايدۇ، قوپاللىق قەلبكە يامان غەرەز بىلەن قىلىنغان نەپسانىيەت ـ چىلىكتۇر. نەپسانىيەتچىلىك باشلانغان يەردە دىن زىيانغا ئۇچرايدۇ، كۆڭۈلسىز ئوقۇلغان قۇرئاندىن نېمىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ؟

ئاچچىقى يېنىپ ئۆزىگە كەلگەندىن كېيىن قارار قىلىشى كېرەك. چۈنكى ئاچچىقلانغان ۋاقىتتا تەڭپۇڭلۇق بوزۇلىدۇ، مۇھاكىمە ئاجىزلايدۇ، قول ھەققىگە (باشقىلارنىڭ ھوقۇق مەنپەئەتىگە) رىئايە قىلىنمايدۇ. خىزمەت ئەھلى ھەر ۋاقىت تەڭپۇڭلۇق، نازاكەت ۋە پاراسەتكە دىققەت قىلىشى كېرەك.

تەربىيە خىزمەتلىرىدە ئىنسانلارنىڭ روھى ھالىتىنىڭ بۈيۈك ئەھمىيىتى بار. ئۆزىنى پىسخىك جەھەتتىن ياخشى ھېس قىلمىغان ئوقۇغۇچىنىڭ ئايرۇپىلان ھەيدىشىگە رۇخسەت قىلىنمىغاندەك، ئەينى شەكىلدە غەزەپلىك ياكى روھى كەيپىياتى ياخشى بولمىغان بىر مۇئەللىمنىڭ دەرسكە كىرىشىگىمۇ يول قويۇلماسلىقى كېرەك. غەزەپلەنگەن مۇئەللىم غەزەپلىنىشىنىڭ سەۋەبىنى ئىزدىشى ۋە قىسقا ۋاقىتتا ئۆزىگە كېلىشكە تىرىشىشى كېرەك. تەلىم ـ تەربىيە، ئاگاھلاندۇرۇش ۋە نەسىھەتلەرنى خاتىرجەملىكتە قىلىشى، قارشى تەرەپنى رەنجىتىدىغان ھەرىكەتلەردىن يىراق تۇرۇشى كېرەك. ۋاقىراپ ـ جاقىراپ، باشقىلارغا ئەزىيەت قىلىش ئاجىزلىق ۋە ئىنسانغا ياراشمايدىغان بىر قىلىقتۇر. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ قۇرئانى ـ كەرىمدە:

**«ئوتتۇرا ھال ماڭغىن، ئاۋازىڭنى پەسلەتكىن، ئاۋازلارنىڭ ئەڭ زىرىكەرلىكى ھەقىقەتەن ئېشەكلەرنىڭ ئاۋازىدۇر.»** (لوقمان سۈرىسى، 19 ـ ئايەت) دېيىش ئارقىلىق سۆزنىڭ ئېيتىلىش ئۇسلۇبىدىكى نازاكەتكە دىققەتنى تارتىدۇ.

جەمئىيەتتىكى بىر شەخسنى ياخشى بولمىغان بىر نەرسىدىن توسۇشقا توغرا كەلگەندە، ئۇنىڭ شەخسىيىتىنى رەنجىتمەسلىك ئۈچۈن، خاتا ئىش ـ ھەرىكەت ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ياكى ئۆزىگە ئېلىنىشى كېرەك. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككىنچى شەخس (ئالدىدىكى ئىنسان)نىڭ خاتاسىنى يۈزىگە سالماي، ئىنچىكىلىك بىلەن:

«ماڭا نېمە بولغاندۇ؟ نېمىشقا سىلەرنى شۇ ئىشلارنى قىلىۋاتقان

چېغىڭلاردا كۆرۈپ قالدىغاندىمەن؟» دەپ، كۆڭۈل نازۇكلۇقىنى ئوتتۇرىغا قوياتتى.

بۇنداق ئۈستۈن ئەخلاقتا يېتىشكەن ئابىدە شەخسىيەتلەر، تارىخ بويىچە خەلقنىڭ ئەڭ تۆۋەن تەبىقىسىدىن دۆلەت رەئىسلىرىگىچە بولغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە يول كۆرسەتكەن. مىسال بېرىش ئۈچۈن شەيخ ئەدىبالى ھەزرەتلىرىنىڭ ئوسمان غازى ۋە ئۇنىڭ شەخسىدە پۈتۈن دۆلەت رەھبەرلىرىگە، ھەتتا ئەڭ تۆۋەن تەبىقىدىن ئەڭ يۇقىرى تەبىقىغىچە بولغان ھەر بىر ئەمەلدارغا قىلغان شۇ تەۋسىيەلىرى نە قەدەر چوڭقۇر-ھە!

ئەي ئوغۇل بەگ بولدۇڭ! بۇنىڭدىن كېيىن:
«بىز غەزەپلەنسەك، سەن سۈكۈت قىلىسەن.
بىز خاپا بولساق، سەن كۆڭۈل ئالىسەن.
بىز ئەيىپلىسەك، سەن بەرداشلىق بېرىسەن.
بىز ئاجىزلىق قىلساق ياكى يېڭىلسەك، سەن سەۋرى قىلىسەن.بىز جەڭگى-جېدەللەشسەك، سەن ئادالەتنى ئورنىتىسەن.
بىز ناھاق سۆزلەپ، شۇم ئېغىزلىق قىلساق، سەن ئەپۇ قىلىسەن!
ئەي ئوغۇل!
بۇنىڭدىن كېيىن بىز تەپرىقىچىلىك قىلساق، سەن ئىتتىپاقلاشتۇرىسەن.
بىز ھۇرۇنلۇق قىلساق، سەن ئاگاھلاندۇرىسەن.»[27]

## 8. قۇرئان خىزمىتىگە بىرىنچى دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش

ئىنسانىيەتكە ھىدايەت رەھبىرى بولغان قۇرئانى-كەرىم ئاللاھتائالانىڭ بىز بەندىلىرىگە بەرگەن ئىلاھىي ئامانىتىدۇر. بۇ ئامانەتنى نەپسىمىزدىن باشلاپ، ئاللاھنىڭ

27. ئەدىبالى ھەزرەتلىرىگە ئائىت بۇ نەسىھەتلەرنىڭ داۋامى ئۈچۈن تۈركچە كىتاب 295-بەتكە قاراڭ.

شەپقەت ۋە مەرھەمەتتە قۇياش كەبى بول،
باشقىلارنىڭ خاتالىقىنى يېپىشتا كېچە كەبى بول،
ساخاۋەت ۋە مەرتلىكتە ئېقىن سۇ كەبى بول،
غەزەپ-نەپرەتتە جەسەت كەبى بول،
كەمتەرلىك ۋە كىچىك پېئىللىقتا توپراق كەبى بول،
بولغىنىڭ كەبى بول، كۆرۈنگىنىڭ كەبى بول!
- ھەزرىتى مەۋلانا





بەندىلىرىگە يەتكۈزۈش خىزمەتنىڭ بېشىدا كېلىدۇ. بۇ ھەقتە بىر ھەدىس- شەرىپتە:

«سىلەرنىڭ ئەڭ خەيرلىك بولغىنىڭلار قۇرئانى-كەرىم ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەنلەردۇر.» (بۇخارى، «پەدائىلۇل قۇرئان»، 21) دېيىلگەن.

بىر ئىنسانغا قىلىنىشقا تېگىشلىك ئەڭ بۈيۈك خىزمەت، ئۇنىڭ ئەبەدىي ئىستىقبالىنىڭ پارلاق بولىشىغا ياردەم قىلىشتىن ئىبارەت. بۇنىڭ يولى ئۇنى توغرا يول ئۈستىدىكى ئىبادەتكە ئىنتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ پەقەتلا قۇرئانى تۇيغۇلار بىلەن ئەخلاقلىنىش بىلەن مۇمكىندۇر.

قۇرئان دەرت-ئەلەملىك روھلار، چارچىغان كۆڭۈللەرگە شىپا ۋە تەسەللى بولىدىغان ئىلاھىي ھېكمەتلەر مەنبەسىدۇر. ئۇلۇغ رەببىمىز ئىلاھىي كالامىنى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە مۇنداق تەقدىم قىلىدۇ:

يَا أَيُّهَا النَّاسُ قَدْ جَاءَتْكُم مَّوْعِظَةٌ مِّن رَّبِّكُمْ
وَشِفَاءٌ لِّمَا فِي الصُّدُورِ وَهُدًى وَرَحْمَةٌ لِّلْمُؤْمِنِينَ

**«ئى ئىنسانلار! سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن نەسىھەت بولغان، دىللاردىكى (يەنى شەك ۋە نادانلىقتا) شىپا بولغان، مۆمىنلەرگە ھىدايەت ۋە رەھمەت بولغان (قۇرئان) كەلدى.»** (يۇنۇس سۈرىسى، 57-ئايەت)

قۇرئانى-كەرىم قىيامەتكىچە پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئېھتىياجىنى تەمىنلەيدىغان كامالەت، ھەقىقەت ۋە سىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قۇدرەتلىك رەھبەردۇر. قۇرئانى- كەرىمنىڭ بۇ ئالاھىدىلىگى تۆۋەندىكى ئايەتتە مۇنداق بايان قىلىنغان:

**«بۇ قۇرئان ھەقىقەتەن ئەڭ توغرا يولغا باشلايدۇ، ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغان مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ چوڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن خۇشخەۋەر بېرىدۇ.»** (ئىسرا سۈرىسى، 9-ئايەت)

مۇتتەقى ۋە ئىخلاسمەن كىشىلەرنى سىرداش قىل. سېنى ئالقىشلىشىغا، سەن قىلمىغان بەزى گۈزەل ئىشلارنى سېنى قىلدى دەپ كۆرسىتىپ، كۆڭلۈڭنى خوش قىلىشىغا دىققەت قىل. چۈنكى ئالقىشنىڭ كۆپ قىسمى ئۆزىنى چوڭ كۆرۈشكە سەۋەپ بولىدۇ، ئىنساننى مەغرۇر قىلىدۇ.

-ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ



قۇرئانى-كەرىم، رەھبەرلىكى قىيامەت كۈنىگىچە داۋاملىشىدىغان ئىلاھىي كىتاب بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ سايىسى ئاستىدىكى ھەر مۇئمىن، ئۆلۈمنىڭ ئەبەدىيەت ئىشىكى ئېچىلغۇچە، قۇرئان كۆرسەتكەن يولدا ياشاشقا غەيرەت قىلىشى كېرەك. يەنى قۇرئان رەھبەرلىكىگە سادىق بولۇشى، بۇ ئامانەتكە بىنائەن ئىنسانىيەتنىڭ ھىدايەتكە ئېرىشىشىگە ۋەسىلە بولۇپ، كەلگۈسى ئەۋلادلارنى قۇرئان بىلەن تەربىيلەشنى ئۆزىگە ۋەزىپە دەپ بىلىشى كېرەك. بۇ ۋەزىپىنىڭ قانچىلىك بۈيۈك ۋەزىپە ئىكەنلىكى ئەسرى سائادەتتە يۈز بەرگەن شۇ ھادىسىدە بايان قىلىنغان:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رال، ئۇساييا ۋە بەنۇ لىھيان قەبىلىلىرىنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن ئۇلارغا ئەنسارى-كىرامدىن «قۇررا» دەپ ئاتالغان 70 كە يېقىن مۇئەللىم ئەۋەتتى. بۇلار بىررى مائۇنە دېگەن يەرگە كەلگەندە، بۇ قەبىلىلەرنىڭ ئاھالىسى خىيانەت قىلىپ، ئۇلارنى شېھىد قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن بىر ئايغىچە ئۇ قاتىللارغا بەددۇئا قىلدى.

تائىفتا ئۆزىگە تاش ئاتقانلارغا بەددۇئا قىلمىغان شەپقەت پەيغەمبىرىنىڭ، قۇرئان مۇئەللىملىرىگە قىلىنغان بۇ خىيانەتكە قارشى بەددۇئا قىلىشى، قۇرئان خىزمىتىگە توسالغۇ بولغۇچىلارنىڭ قانچىلىك بۈيۈك گۇناھ قىلغانلىقىنى كۆرسىتىش بىلەن بىرلىكتە قۇرئان خىزمىتىنى ئىخلاس بىلەن ئادا قىلىشنىڭ ئاللاھ رەسۇلىنىڭ نەزىرىدە ئەڭ شەرەپلىك ئەمەل ئىكەنلىكىنىڭ ئېنىق دەلىلىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئانغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىشى ئۇنىڭ تەربىيەسىدە يېتىشكەن ئەسھابى-كىرامنىڭ كۆڭۈل دۇنياسىدا تەسۋىرلىگۈسىز قۇرئان مۇھەببىتى بولۇپ ئەكس ئەتكەن.

ئەسھاب-كىرامنىڭ قۇرئانى-كەرىمگە كۆرسەتكەن تەڭداشسىز مۇھەببىتىدىن بىرسى مۇنداق:

زاتۇر-رىقا ئۇرۇشىدا، ئەسھاپتىن ئەممار ئىبنى ياسىر بىلەن ئابباد ئىبنى بىشر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

«ئىستىخارە قىلغان كىشى زىيان تارتمايدۇ، ئىستىشارە قىلغان كىشى پۇشايمان قىلمايدۇ، ئىقتىسادچان بولغان كىشى يوقسۇل بولمايدۇ.»

(ھەيسەمى، «مەجمەئۇز زاۋائىد»، 2-جىلد، 280)



«سېنى قىيىنچىلىقتا ئۇچراش ئېھتىمالى بىلەن قورقۇتۇپ، ياخشى ئىشتىن ۋاز كەچتۈرىدىغان بېخىلنى، چوڭ ئىشلارغا قارىتا غەيرىتىڭنى سۇسلاشتۇر-ىدىغان قورقۇنچاقنى، زۇلۇمغا باش ئەگكۈچى، ساختا ئاچكۆزلۈكنى ياخشى كۆرسىتىدىغان تويماس كىشىنى ئىستىشارە مەجلىسىدىن يىراق تۇت.»

- ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

يېنىغا كېلىپ، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن كېچىدە كۆزەتچىلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ تەلەپنى قوبۇل قىلغاندا، ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېچىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىنى ئىستىراھەت ئۈچۈن ئۇيقۇغا ئايرىدى. دوستى ئابباد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نامازغا تۇردى. ئۇ ۋاقىتلاردا ئۇلارغا يوشۇرۇن يېقىنلاشقان بىر مۇشرىك ئابباد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭغا قارىتىپ ئوق ئاتتى. ئابباد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پىتنى بوزماي، بەدىنىدىكى ئوقنى چىقىرىپ نامىزىغا داۋام قىلدى. ئەمما كەينىدىن ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى ئوقمۇ ئېتىلدى. ئۇ ھەر قېتىمدا ئوقنى تارتىپ چىقىرىپ، ئاخىرىدا رۇكۇ-سەجدىسىنى قىلغاندىن كېيىن دوستى ئاممارنى ئويغىتىپ:

«ئورنۇڭدىن تۇر! مەن يارىدار بولدۇم.» دېدى. ئاممارنىڭ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇشى بىلەن كۆزەتكۈچىلەرنىڭ ئىككى كىشى ئىكەنلىكىنى كۆرگەن مۇشرىك قاچتى. ئاممار ئاببادنى قان ئېقىۋاتقان ھالەتتە كۆرۈپ:

- سۇبھانەللاھ! بىرىنچى قېتىملىق ئوق تەككەندە مېنى نېمىشقا ئويغاتمىدىڭ؟ - دەپ سورىدى. ئابباد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ناماز بولغان مۇھەببىتىنى كۆرسىتىدىغان شۇ جاۋابنى بەردى:

- بىر سۈرىنى ئوقۇشنى باشلىغان ئىدىم، ئۇنى تۈگەتمەي تۇرۇپ، نامازنى بۇزۇشنى خالىمىدىم، ئەمما ئوقلار كەينى-كەينىدىن كېلىشى بىلەن رۇكۇغا بېرىپ، سېنى ئويغاتتىم. ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇھاپىزەت قىلىشنى ئەمر قىلغان بۇ يەرنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق غېمى بولمىغان بولسا، نامازنى بۇزۇشنىڭ ئورنىغا ئۆلۈمنى تاللىغان بولاتتىم.»[28]

قۇرئانى-كەرىمگە بولغان ئىشتىياق كۆڭۈللەرنى ئىھيا قىلسا، ھۆرمەتسىزلىك ئىنسانىنىڭ مەنئۇياتىنى قارايتىدۇ. پەيغەمبەر

28. ئەخمەد ئىبنى ھەنبەل، «مۇسنەد»، 3-جىلد، 343-344-بەتلەرگە قاراڭ

ئەلەيھىسسالامغا ئۈممىتىنىڭ گۇناھلىرى كۆرسىتىلگەندە، ئەڭ بۈيۈك گۇناھنىڭ «ئۆگەنگەن قۇرئانى-كەرىم»نى ئۇنتۇش ئىكەنلىكىنى كۆرگەن.[29]

بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۆزىمىزنى ھەم ئەۋلادلىرىمىزنى، ئەمەل قىلىشقا تىرىشىۋاتقان قۇرئانىنىڭ ئەخلاقى بىلەن بىزنىشىمىز كېرەككى، ئۇنىڭ بەرىكىتى بىلەن ئىھيا بولايلى. ئەكسىچە بولغاندا، قۇرئان كۆڭۈلگە تەسىر قىلمايدۇ. چۈنكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«ئۈممىتىمنىڭ ئۈستىگە شۇنداق بىر ئەھۋال كېلىدۇكى، قۇررا (قۇرئان ئوقۇيدىغانلار) كۆپىيىدۇ، فاقىھلەر (سالىھ ئەمەل ساھىبى، ھەقىقىي ئالىملار) ئازىيىدۇ ۋە ئىلىم كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. كېيىن يەنە شۇنداق زامانلار كېلىدۇكى، ئىنسانلارنىڭ ئوقۇغانلىرى بوغۇزىدىن پەسكە ئۆتمەيدۇ.» (ھاكىم، «مۇستەدرەك»، 6-جىلد، 504) دېگەن.

ئاللاھتائالا قۇرئانى-كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

**«شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە روشەن دەلىللەر بار. ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ) «پەرۋەردىگارىمىز! بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ. سەن پاكتۇرسەن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن.»** (ئال ئىمران سۈرىسى، 190-191-ئايەت)

بۇ ئايەت نازىل بولغاندا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«ئىسىت! بۇنىڭغا دىققەت قىلمىغانلارغا!» دېگەن. يەنە بىر رىۋايەتتە:

«ئىسىت! بۇنى ئېغىزىدا چايناپ (پەقەتلا ئېغىزىدا قىلىپ)، ھەققىدە تەپەككۇر

29. ئەبۇ داۋۇد، «سالات»، 16 گە قاراڭ

يىقىپ تۈزلىۋېتىش بىنانى سالغاندەك قىممەتلىك بولامدۇ؟
بۇنداق ئىشنى چولتا بىچارىلەرمۇ قىلالايدۇ.
سەن ئاددى قىلىپ كۆرسىتۋەر قۇببە دېگەن مۇنچىلىك،
ئىككى رەگەتكە ئاتسام يىقىلىپ چۈشىدۇ سۇلايمانىيە دەپ،
ئەمما كەل كۆتىرەيلى دېدىڭمۇ ھەيھات، ئۇ چاغ،
بىر سۇلايمان قايتا لازىم ھەمدە سىنان.

-مەھمەت ئاكىف ئەرسوي





قىلمىغانلارغا!.. دېگەن.[30]

دېمەك، قۇرئان ئوقۇتۇش ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئۇلۇغ ئىقلىمى ۋە تەپەككۇر ئالىمىگە كىرىشكە مۇۋەپپەق بولۇش بىلەن باشلىنىشى كېرەك. ئەكسىچە بولغاندا، تەپەككۇردىن يىراق، ئاڭسىز ئوقۇش ھەدىستە دېيىلگەندەك:

«گالدىن پەسكە ئۆتمەيدۇ.» يەنى ئىنساننىڭ كۆڭلىگە تەسىر قىلمايدۇ.

ھەق ۋە ھەقىقەت ئۈچۈن ھەر غەيلەت دەۋرىدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەسىلىسى قۇرئان خىزمىتىدىكى غەيرەتلەردۇر. زامانىمىز بۇنداق غەيرەت ۋە تىرىشچانلىقلار ئىنتايىن مۇھىم بولغان بىر دەۋىردۇر. بۇ زاماندا پۈتۈن ئۈممەتنىڭ قايتىدىن سىلكىنىشى ۋە ئۆزىگە كېلىشىگە تۆرتكە بولىدىغان ئەسلى خىزمەت قۇرئانى-كەرىمگە قارىتىلغان ئالاقىنى كۈچلەندۈرۈشتىن ئىبارەت.

ئاللاھنىڭ «نۇرىنى تاماملايدىغان» ۋەدىسى بىر ئىمان پرىنسىپىدۇر. لېكىن جانابى ئاللاھ نۇرىنى تاماملايدىغان ۋەدىسىنى ئىنسانلارنىڭ قولى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ھەممىمىز بۇ ۋەدىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن قاتتىق پىداكارلىق كۆرسىتىشىمىز لازىم. ئەگەر بۇنداق بولمىغان تەقدىردىمۇ رەببىمىز نۇرىنى تاماملايدۇ. ئەمما بوشاڭلىق قىلغۇچىلارنى مەسئۇلىيەتكە تارتىدۇ. ئاللاھ رەسۇلىنىڭ يېنىدا ئۇرۇشلارغا قاتنىشىپ، تەبۇك ئۇرۇشىغىلا قاتناشمىغان ئۈچ كىشىگە كەلگەن ئىلاھىي جازانى بىلىمىز. شۇ ھالىتىمىزدە شەخسىي مەسئۇلىيەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىسلامنىڭ غەلىبىسى يولىدا شەخسىي ۋە دۇنيا ئىشلىرى ئۈچۈن قىلىنغان پىداكارلىقلارغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە خىزمەت ئىگىسى بولۇش زۆرۈر. بۇ شەرەپلىك ئىمان خىزمىتىدىن بىر ھەسسە ئېلىشتىن شەرەپلىك بىر خىزمەت بارمۇ؟ لېكىن تاقەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «نادانلارنىڭ ئاخىرىدا كۆرىدىغان نەرسىسىنى ئەقىللىقلار ئالدىدا كۆرىدۇ.» دېگەن. ئىشلارنىڭ ئاخىرى دەسلەپتە بىلىنمەيدۇ، ئەمما ئەقىللىق ئادەم، ئىشنىڭ ئاخىرىنى ئالدىدىن كۆرىدۇ، گۇناھقا پاتقان ئادەم ئاخىرىدا كۆرىدۇ.»

- ھەزرىتى مەۋلانا

30. ئىبنى ھىببان، «ساھىھ»، 2-جىلد، 386-بەتلەرگە قاراڭ.



نىسبىتىدە غەيرەت كۆرسەتمەي، پەقەتلا ئۆمىدىنىڭلا ئىلاھىي ياردەمنى جەلپ قىلىدىغانلىقىنى كۈتۈش ئىسلامنىڭ روھىغا زىت.

ئىنسانلار كەلگۈندە ئېقىپ كېتىۋاتقان ياغاچ پارچىلىرى مىسالىدەك، زامانىمىزنىڭ سەلبىي مودىلىرىغا رام بولۇۋاتقان كۈنىمىزدە كۇفۇر، گۇناھ كەلكۈنىدىن ئۈستىمىزگە بىر تامچە بولسىمۇ چاچرىمايدىغان ھالەتتە ساقلىنىشىمىز ئۈچۈن يېقىنلىرىمىز، ئائىلە ئەزالىرىمىز ۋە مۇھىتىمىزغا قۇرئانى-كەرىمنى ئۆگۈتۈش، ئۇنىڭ نۇرىنى تارقىتىشقا غەيرەت قىلىشىمىز كېرەك.

قۇرئانى-كەرىمگە بولغان ئېھتىياجىمىزنى، ئۇنۇتماسلىقىمىز لازىم. قۇرئان بىلەن داۋاملىق ئۈلپەتداشلىق ئىچىدە دەرتداش بولىشىمىز، قۇرئان ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىشىمىزغا ۋەسىلە بولىدۇ. ئەكسىچە ھەرىكەت قىلىش، ئېغىر زىيانلارنى كەلتۈرۈپ، ئەبەدىي ئىستىقبالىمىزنى پانىي لەززەتلەرگە تېگىشكەن بولىمىز.

قۇرئان نۇرىدىن يىراق ياشاۋاتقانلار، ئۆمۈر مۇساپىسىدا قاراڭغۇلۇقتا قالغان يولوچىلاردۇر. بولۇپمۇ ئوقۇش يېشىدىكى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ قۇرئانى-كەرىم ۋە دىنىي مەلۇماتلارغا قاتتىق ئېھتىياجى بار. دىنىي تەربىيەنى پەقەتلا ئائىلىلەر بەرسە كۇپايە قىلىدۇ، دەيدىغان قاراش توغرا ئەمەس. پەننى تەربىيە ئائىلىدىن ئەمەس مەكتەپلەردىن ئېلىنغىنىدەك، دىنىي تەربىيەمۇ دىنىي ئىلىم ئەھلىدىن ئېلىنىشى كېرەك. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، ئۆز ئەۋلادلىرىمىز ئۈچۈن دىنىي غەيرەت كۆرسەتكەندە، ئەتراپىمىزدىكى ياشلارنى ئۇنتۇپ قېلىش ئىسلام ئەمىر قىلغان غەمگۈزارلىققا ئۇيغۇن ئەمەس.

كائىناتتىكى ئەڭ شەرەپلىك مەۋجۇدىيەت بولغان ئىنسان ئەۋلادىنىڭ قۇرئان نۇرىدىن خەۋەرسىز يېتىشىشى، ھالاك بولۇش سەۋەبىدۇر. ئاتا-ئانىنىڭ ئاساسى ۋەزىپىسى ئۇلارنى ئېھتىياجىدىن ئارتۇق ماددىي غىزالار بىلەن ئاشقۇنلۇققا ئېلىپ بارىدىغان دەرىجىدە ئۇزۇقلاندۇرۇش ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ مول روھى غىزا بىلەن ئىستىقبالغا تەييارلاشتۇر.

مەسلىسى ھەل قىلىنغان ئىنسان، سىزنىڭ ئىنسانىڭىز. ھەل قىلىنمىغان مەسلىلەر، كېچىكىپ قالغان قارارلار، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا، ھاياجانىنىڭ يوقۇلىشىغا سەۋەپ بولىدۇ.



ئىنسانلارنىڭ كۆپ قىسمى ماددىياتقا رام بولۇۋاتقان كۈنىمىزدە، قۇرئانى-كەرىم ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلىرىغا تېخىمۇ كۆپ ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. ئوقۇغۇچىنىڭ كۆڭلى، ئۇستازىنىڭ مۇھەببىتى بىلەن تولغان بولىشى، «ئېلىپبە»نى باشلاشتىن ئىلگىرى يۇمران يۈرىكىگە ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ سۆيگۈسىدىن نۇرلار ئېقتىلىپ، پەيىز بىلەن يوغۇرۇلىشى؛ ئىسلامنىڭ نازاكەت، زاراپەت قاتارلىق پۈتۈن گۈزەللىكلىرى مەسۇم قەلبلەردە ئورنىشى كېرەك.

ئاللاھ كالامىنى تەلىم بېرىشتە، ئىلاھىي خىتابقا نېسىپ بولۇشنىڭ ھاياجىنى بىلەن باشلاش لازىم. بۇنىڭ بىلەن كىچىك ۋە مەسۇم يۈرەكلەر قۇرئان «ئېلىپبەسى»نىڭ باشقا ئېلىپبەلەرگە ئوخشىمايدىغان پەرقىنى چۈشىنىپ، ھاياتى بويىچە ئۇنىڭغا ھۆرمەت كۆرسىتىدۇ. كۆڭۈلمۇ بۇ مۇقەددەس كىتابنىڭ مەنىسى بىلەن يوغۇرۇلۇپ، ئىلاھىي سىرلارنىڭ نۇرانىي خەزىنىسى ھالىغا كېلىدۇ[31].

مەسۇم كۆڭۈللەر ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ روھانىيىتى بىلەن تولغان ۋاقىتتا، ئىبادەتلەر تەئدىل-ئەركان ئىچىدە كامالەتكە يېتىشكە قاراپ، مۇساپە ئالىدۇ. قەلبىدىكى ئىمان كۈچلەنگەنلىكى ئۈچۈن كۆڭۈل دۇنياسى باي بولىدۇ، قۇرئانى-كەرىمنى لەززەت بىلەن تىلاۋەت قىلىدۇ. قۇرئاننىڭ ئەمىر-چەكلىمىلىرىگە دىققەت قىلىپ، رەسۇلۇللاھ ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىدۇ.

بۇنداق بىر ئەۋلادقا ساھىب بولۇش ئاتا-ئانا ئۈچۈن ئەبەدىيەت كىرىمى بولىدۇ. ئاللاھ رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ھەدىستە بۇ كىرىمنى مۇنداق ئىپادىلىگەن:

ئىدارىچى ۋە تەربىيەچىلەرنىڭ قەلبى، مەنىۋىي جەھەتتىن كۈچلۈك بولىشى لازىم. چۈنكى قۇرۇق قول بىلەن ئىكرام قىلغىلى بولمايدۇ.

31. ئەجدادىمىز ئاللاھ كالامىغا بولغان چوڭقۇر ھۆرمەت تۈپەيلىدىن ھاپىز (قارى) بولغان ئەۋلادلىرىنى، باللار بىر-بىرىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئوينايدىغان «بىردۇر بىر»غا ئوخشاش ئويۇنلارنى ئويناشنى چەكلىگەن. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ قۇرئاننىڭ ئىززىتىنى كۆڭۈلدىن ھېس قىلىپ يېتىششىگە دىققەت قىلغان.



«ئاللاھتائالا جەننەتتىكى سالىھ بەندىسىنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرىلاتقاندا، بۇ بەندە ھەيران بولۇپ:

«يا رەببى! بۇ يۈكسىلىش ماڭا قايسى ئىشىمدىن كەلدى؟» دەپ سورايدۇ. ئاللاھتائالا: "ئەۋلادىڭنىڭ ساڭا قىلغان ئىستىغپار دۇئاسى بىلەن" دەيدۇ.» (ئەخمەد ئىبنى ھەنبەل، 2ـ جىلد، 509؛ ئىبنى ماجە،«ئەدەپ» ، 1)

يەنە باشقا بىر ھەدىستە:

ئىنسان ۋاپات بولغاندا شۇ ئۈچ نەرسىدىن باشقا پۈتۈن ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى توختايدۇ. سەدىقە ـ جارىيە، پايدىلىق ئىلىم ۋە كەينىدىن دۇئا قىلىدىغان سالىھ ئەۋلاد.» (مۇسلىم،«ۋاسىييەت» ، 14؛ تىرمىزى، «ئەھكام» ، 36) دېگەن.

خۇلاسە قىلساق، قۇرئانى ـ كەرىم خىزمىتى، ئەستايىدىللىق تەلەپ قىلىدىغان ۋە ئاللاھنىڭ بەندىسىگە بەرگەن ئۇلۇغ لۇتفىدۇر.

## 9. ئۆزىنى ئىلمي ۋە ئەخلاقى جەھەتتىن داۋاملىق تەرەققى قىلدۇرۇش

خىزمەت ئەھلى، ياخشى بىر خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تەرەققىياتىنىمۇ ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك. داۋاملىق تاكامۇللۇق غەيرىتىدە بولىشى، ئۇنىڭ تەبىئى ئالاھىدىلىكى بولىشى كېرەك. يېتەرلىك بىلىم ۋە تەجرىبىگە ئىگە بولمىغان، مەنىۋي تەرەققىياتىغا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان، ئىشىنىڭ ئەھلى بولمىغان بىر خىزمەت ئەھلى، لايىق شەكىلدە جىددى بىر خىزمەت كۆرسىتەلمەيدۇ.

ھاياتتا تاكامۇللۇق ۋە ئۆزگىرىش، ئاللاھ قويغان ئىلاھي قانۇندۇر. ھاياتنىڭ بۇ ئېقىشىغا ماسلىشالمىغان ھەر مەۋجۇدىيەت ۋاقتىنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئۆچۈرۈلۈپ، يۇقۇلۇشقا مەھكۇمدۇر. بۇ جەھەتتىن خىزمەت ئەھلى بۇ ئىلاھي قانۇنغا رىئايە قىلىشتا ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈشنى ۋەزىپە دەپ بىلىشى كېرەك.

تەپەككۇردىن مەھرۇم، سىنبارغا ئوخشاش ئىنسان يېتىشتۈرۈش، پايدىسىز ھېرىپ ـ چارچاشتىنلا ئىبارەت. ئىنسان كۆڭلى، تۇپراققا ئوخشاش مۇنبەت بولۇشى كېرەك.



يەنە بىر جەھەت شۇكى، زاماننىڭ شارائىتىغا نىسبەتەن خىزمەتنىڭ قىلىنىش شەكلى، ھەتتا قىلىنىدىغان خىزمەت تۈرىمۇ ھەر خىل بولىدۇ.

تۈنۈگۈن ئەھمىيىتى بولغان بىر ئىش، بۈگۈن ئەھمىيىتىنى يۇقۇتۇپ قويغاندەك، خىزمەتنىڭ قىلىنىش ئالاھىدىلىكىمۇ ھەر خىل بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى بىلىش ئۈچۈن خىزمەت ئەھلى داۋاملىق ئۆزىنى تەرەققى قىلدۇرۇشى كېرەك. ھەزرىتى مەۋلانانىڭ شۇ سۆزلىرى، ئېيتىلىدىغان سۆزلەرنىڭ داۋاملىق يېڭى ئۇسلۇب بىلەن ئېيتىلىشىنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرسىتىدۇ:

تۈنۈگۈنگە ئائىت قانچىلىك سۆز بولسا،
تۈنۈگۈن بىلەن بىللە كەتتى جانجاغىزىم[32]
ھازىر يېڭى بىر كۈن،
ئۇنداق بولسا يېڭى نەرسىلەر سۆزلىمەك لازىم.

ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

«ئەۋلادلىرىڭلارنى ئۆزەڭلار ياشاۋاتقان زامانغا قاراپ ئەمەس، ئۇلار ياشىماقچى بولغان زامانغا قاراپ يېتىشتۈرۈڭلار» دېيىش ئارقىلىق ئىچىدە ياشاۋاتقان دەۋرنىڭ تەلەپلىرىنى دىققەتكە ئېلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئىشارەت قىلغان.

بۇ جەھەتتىن خىزمەت ئەھلى، شۇ نوقتىلارغا دىققەت قىلىشى كېرەك.

### 1) ئىلمي تاكامۇللۇق

خىزمەت ئەھلى ئالدى بىلەن ئەبەدىي ئىستىقبالىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان بىلىم بىلەن قۇراللىنىشى كېرەك. باتىل پىكىر، قاراشلارغا ئەگىشىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ساغلام ئەقائىد بىلىمگە

32. جانجاغىز: سۆيگۈ-مۇھەببەت سۆزى

«ئەتراپىمىدىكى ھەر ئىنسان بىلەن ئارامدا بىر يىپ باردەك ئويلايمەن. بۇ يىپ تارتىلىپ ئۈزۈلۈش نوقتىسىغا يېقىنلاپ كەلگەندە، ئۇنى بىر ئاز يېشىپ قويىمەن. ھەددىدىن ئارتۇق يىشلىپ كەتكەندە، ئۇنى دەرھال چىڭىتىپ قويىمەن. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئىنسانلار بىلەن مۇناسىۋىتىمنى تەڭپۇڭلۇق ئاساسىدا داۋاملاشتۇرىمەن.»

- ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ



ئىگە بولۇشى لازىم. ئىبادەت ۋە ئەمەللىرىدە ئىلاھىي ئۆلچەملەرگە قاراپ ھەرىكەت قىلىش ئۈچۈن پىقھى ئىلمىنى بىلىشى كېرەك. ئاللاھتائالانىڭ رىزاسىغا ئۇيغۇن بىر بەندە بولۇش مەقسىدى بىلەن ئىنسانىيەتكە ئۆرنەك ۋە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن كائىناتنىڭ پەخرى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھاياتىنى كۆڭۈل ئىشتىياقىدا ئوقۇپ چىقىشى لازىم.

ئىنسانىيەتكە ھىدايەت رەھبىرى ۋە كۆڭۈللەرگە شىپا قىلىپ نازىل قىلىنغان قۇرئانى كەرىمنى، كۆڭۈلنىڭ پەيىز مەنبەسى قىلىشى، ئۇنى داۋاملىق ئوقۇشى، ئەھكامىنى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئەمەل قىلىشى كېرەك.

خىزمەت ئەھلى، شەخسىيىتىنى تەرەققى قىلدۇرۇشقا، مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشكە ۋەسىلە بولىدىغان كىتابلارنى ئوقۇشنى تاشلاپ قويماسلىقى لازىم. باشقا كىتابلار بىلەن بىرلىكتە ئەدەبىي ۋە تارىخىي كىتابلارنى ئوقۇپ، مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈشى لازىم.

خىزمەتتە ئۆزىگە چىراق بولىدىغان قۇرئانى كەرىم قىسسىلىرى، پەيغەمبەرلەر، ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋالىيلىرىغا ئەۋەتكەن مەكتۇپلىرى ۋە كۆڭۈل ئەھلى زاتلارنىڭ نەسىھەتلىرىنى تاپشۇرۇققا ئوخشاش بىلىپ، پات-پات ئوقۇپ تۇرۇشى كېرەك.

بۇ خىل كىتاب ئوقۇش بىلەن بىرلىكتە، ئىلىم مەجلىسلىرىگە قاتنىشىش ۋە ئېغىزدا سۆزلەنگەنلەرنى قۇلاقتا ئاڭلاش، ئىلىم ئىگىسى بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئامىللاردىن بىرىسىدۇر. شۇڭا، توغرا يولدا مېڭىۋاتقان ئالىملارنىڭ نەسىھەتلىرىنى قاچۇرماسلىق كېرەك.

### 2) مەنىۋى تاكامۇللۇق

خىزمەت قىلغان ئادەم، خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرغان مۇددەتكىچە مەنىۋى جەھەتتىن تەرەققى قىلىشى كېرەك. كۆڭلىنى رەببىگە لايىق

قوشناڭ بىلەن ياخشى ئۆت، ئەمما ئوتتۇرىدىكى تامنى يىقما! دوستۇڭغىمۇ ساڭا دۈشمەنلىك قىلىدىغان دەرىجىدە كۈچ بەرمە!



مۇھەببەتكە تولدۇرۇپ، ئەدەپ ۋە تەقۋالىقتا قۇللۇق ۋەزىپىسىنى كامالەت بىلەن ئادا قىلىشقا غەيرەت قىلىشى كېرەك. خىزمەت ئەھلى روھى جەھەتتىن يېتىشمىسە ۋە تەرەققى قىلالمىسا، قىلغان خىزمەتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئەكسى تەسىر بېرىدۇ. بۇنداق بولغاندا، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلالماي، قىلماسلىققا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلىپ سالىدۇ. چۈنكى پاراسەت ساھىبى بولالمىغان بىر ئىش، بۇنداق داۋاملاشسا، خىزمەتتىن بىر نەتىجە چىقماي، ھېرىپ-چارچىغىنى قالىدۇ. چۈنكى نىيەت خالىس بولمىغانلىقى ئۈچۈن، گەرچە ئىنسان ئۆزىنى خاتالىقتىن خالى دەپ ئويلىسىمۇ، جانابى ئاللاھنىڭ نۇسرىتىدىن مەھرۇم قالىدۇ. بۇ جەھەتتە ئىلاھىي نۇسرەت ۋە مۇھەببەتكە نائىل بولۇش ئۈچۈن كۆڭلىمىزنىڭ تەقۋا تۇيغۇسى بىلەن كامالەتكە يېتىشكە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك.

مەقبۇل بىر خىزمەت، ئىنساننىڭ پاراسەت ساھىبى بولۇپ، ئاللاھنىڭ نۇسرىتىگە نائىل بولۇشى بىلەن مۇمكىن. بۇ ئىش ئاللاھ ياخشى كۆرگەن بىر بەندە بولۇشقا باغلىقتۇر. بۇنىڭ يولى قۇدسى بىر ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىنغان:

«بەندەم ئۆزىگە ئەمىر قىلىنغان پەرزلەردىن تېخىمۇ سۆيۈملۈك بولغان بىر ئەمەل بىلەن ماڭا يېقىنلىشالمايدۇ. (پەرزلەرگە قوشۇمچە قىلىپ قىلغان) نەپلە ئىبادەتلەر بىلەن يېقىنلىق داۋاملىشىدۇ. نەتىجىدە ئۇنى ياخشى كۆرىمەن. بەندەمنى ياخشى كۆرگەندە گويا مەن ئۇنىڭ ئىشىتىدىغان قۇلىقى، كۆرىدىغان كۆزى، تۇتىدىغان قولى ۋە ماڭىدىغان پۇتى بولىمەن. بەندەم مەندىن نېمىنى تەلەپ قىلسا، مۇتلەق ئۇنى بېرىمەن، ماڭا سىغىنسا ئۇنى قوغدايمەن.» (بۇخارى، «رىقاق»، 38)

كۆڭۈلنىڭ سەزگۈرلۈكىنى مۇھاپىزەت قىلىپ، مەنىۋىي جەھەتتىن تەرەققى قىلىش ئىلاھىي نەزەرگاھ بولغان كۆڭۈلنىڭ سەلىم (پاك) ھالىغا كېلىشىگە باغلىق. بۇنى شۇ ئاساسلارغا رىئايە قىلغاندا قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ:

ئېنىرگەنى قورقۇشقا ئەمەس، جاسارەتكە سەرپ قىلغاندا، مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ.



1. رىزىقنىڭ ھالال بولۇشىغا دىققەت قىلىش.
2. ئىنسان ۋە مەخلۇقات ھەققىگە رىئايە قىلىش.
3. داۋاملىق ئىستىغپار ۋە دۇئا ھالىتىدە بولۇش.
4. قۇرئانى-كەرىم ئوقۇش ۋە ئەھكاملىرىنى تەتبىق قىلىش.
5. ئىبادەتلەرنى تەئدىل-ئەركان بىلەن ئادا قىلىش.
6. كېچىلەردىن پايدىلىنىش (كېچىلىرىمىز قانچىلىك يورۇق بولسا، ئۇ كۈندۈزىمىزگىمۇ ئەكس ئېتىدۇ. سەھەرلەر ئەڭ قىممەتلىك ۋاقىتلاردۇر. ئۇ ۋاقىتلارنىڭ قىممىتىنى بىلمەسلىك ئېچىنىشلىق مەھرۇملۇقتۇر)
7. زىكرۇللاھ ۋە مۇراقىبە (ئۆزىنى تەكشۈرۈش)نى داۋاملاشتۇرۇش.
8. ئۆلۈمنى تەپەككۇر قىلىش.
9. سالىھ ۋە سادىقلار بىلەن بىرگە بولۇپ، پاسىقلاردىن يىراق تۇرۇش.
10. ئىلمى بىلەن ئەمەل قىلىدىغان ئالىم ۋە ئارىف ئىنسانلارنىڭ سۆھبەتلىرىگە قاتنىشىش.
11. ئىنفاق ئەھلى بولۇش.

ئىنسان تەربىيەلەيدىغان مائارىپچى، ئۇستاز ۋە ئوقۇتقۇچى قاتارلىق خىزمەت ئىنسانلىرى ئالدى بىلەن ئۆز كۆڭلىنى بىر دەرگاھ ھالىغا كەلتۈرۈشى كېرەك. كۆڭۈل دۇنياسى بىرەر دەرگاھ ھالىغا كەلمىگەن كىشىلەرنىڭ، بىنا تاملىرىدىن پەرقى يوق. بۇلار بىر مۇددەتتىن كېيىن يىقىلىپ، يوقاپ كېتىدۇ. لېكىن كۆڭلىنى ئىنسانلارغا ئېچىپ، ئۇلارنى قۇچاقلىغانلار ھەزرىتى مەۋلانا، ھەزرىتى يۇنۇسقا ئوخشاش قىيامەتكىچە ياشايدۇ، مەكتەپلىرىدە ئەزەل ۋە ئەبەد دەرسلىرى ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىدۇ.

بىلىشىمىز كېرەككى، ئۆمۈرنى بىكار ئۆتكۈزۈش ئىسراپ، قولىمىزدىكى ئامانەتلەرنى مۇھاپىزەت قىلماسلىقمۇ ئىسراپ، بولۇپمۇ ئىنساننىڭ تەربىيەسىدە، ئۇنىڭ مەۋجۇدىيەتنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى بولۇش يولىدا يېتىشتۈرۈلمەسلىكى ئەڭ بۈيۈك ئىسراپ.



### 3) كەسپىي تاكامۇللۇق

خىزمەت ئەھلى خىزمەتنىڭ تەلۋى بولغان بىلىم، تەجرىبە ۋە قابىلىيەتلەرگە ئىگە بولۇشى كېرەك. بۇنىڭدا لاياقەتلىك بولالمىسا، كۆرۈنەرلىك خىزمەت قىلالماسلىق بىلەن بىرلىكتە ئەكسىچە زىيان سېلىشى مۇمكىن. گۈزەل ۋە ساغلام قىلىنغان خىزمەتلەر ھېچبىر ۋاقىت زايا بولمايدۇ. چۈنكى قۇرئانى ـ كەرىمدە ئاللاھتائالا:

إِنَّا لاَ نُضِيعُ أَجْرَ مَنْ أَحْسَنَ عَمَلاً

**«ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا كېلىدىغان بولساق، بىز ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ساۋابىنى ھەقىقەتەن يوققا چىقىرىۋەتمەيمىز.»** (كەھف سۈرىسى، 30 ـ ئايەت) دېگەن.

ئاللاھ رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ھەدىسىدە:

«ئاللاھتائالا ئىشنى گۈزەل ۋە ساغلام قىلغان ئادەمنى ياخشى كۆرىدۇ.» (دەيلەمى، «مۇسنەد»، 1 ـ جىلد، 157) دېگەن.

بۇ سەۋەپتىن خىزمەت ئەھلى قىلماقچى بولغان ئىشنى قانداق قىلسا، ئەڭ گۈزەل قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىشى كېرەك. ھەدىستە بايان قىلىنغان يەنە بىر نوقتا شۇكى، قىلىنغان خىزمەتلەر ئېھسان ئىدراكىدا يەنى ئاللاھنىڭ ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقانلىق ھېس ـ تۇيغۇسىدا قىلىنغاندا ئىلاھىي مۇھەببەتنى جەلپ قىلىدۇ.

ئۆزىمىزنى ئىلمىي، ئەخلاقىي جەھەتتىن داۋاملىق تەرەققى قىلدۇرۇش دېگەنلىك زاھىرى ۋە باتىنى شەخسىيىتىمىزنى تەشكىل قىلىدىغان خىسلەتلىرىمىزنى داۋاملىق كۆپەيتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش دېگەنلىكتۇر. چۈنكى ئەخلاقلىق ئەۋلاد پەقەتلا ئەخلاقلىق تەربىيەچىلەرنىڭ قولىدا يېتىشىدۇ. ئەخلاقسىز ئىنسانلارنىڭ يېتىشتۈرىدىغىنى تەبىئى شەكىلدە ئۆزلىرىگە ئوخشاش پەزىلەتسىز ئىنسانلاردۇر. شۇڭا، مۇقەددەس غايىلەرگە كامىل

«يېڭى نوتا چىقىرىش، دەردىدە بولمىغان دەرەخ ئۇتۇنىدۇر.»

ـ نەجىپ فازىل قىساكۈرەك



شەخسىيەتلەر بىلەن يېتىش مۇمكىن بولغاچقا، ئۇلارنى ئۇستۇن خارەكتېرلىك قوللاردا يېتىشتۈرۈش كېرەك. دەرۋەقە، چاناققەلئەدە بۇنداق بىر ئالىجاناپ قەھرىمانلىقنى كۆرسەتكەن يىگىت ئوغلانلىرى بىلەن ئەجدادىمىز، تارىخنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرىدىغان ئۇنتۇلماس داستانىنى يازدى. قۇماندانى شېھىد قىلىنغان يەردە ھەر ئەسكەر قۇماندان بولدى. ئۇ شەرەپلىك ئوغلانلار «چاناققەلئەدىن ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس» دېگەن ئىپادىنى تارىخقا ئالتۇن ھەل بىلەن يازدى.

بىر جەمئىيەتتە ئامانەتنى مۇرىسىگە ئالىدىغان پەزىلەتلىك ئىنسانلار بولسا، ئۇ جەمئىيەتنىڭ ئىنسانلىرىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش مۇمكىن. ئەگەر پەزىلەتلىك ئىنسانلار بولمىسا، جەمئىيەتتە ئىنسان بوھرانى باش كۆتۈرىدۇ. خۇددى باش ئۈزۈلگەندە، ۋۇجۇد ۋە ئاياقلار بىر مۇددەت ھەرىكەت قىلغاندىن كېيىن، مادارسىز شەكىلدە يىقىلىپ چۈشكەندەك، ئېچىنىشلىق ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا، ئەڭ مۇھىم مەسىلە ئەخلاقلىق، ئالىجاناپ ئىنسانلار يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت. مەرھۇم مەھمەت ئاكىفنىڭ دېگىنىدەك:

«بىر قەۋمنى ئادەم قىلىش ئۈچۈن پەقەتلا ئادەم لازىم»

ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، بىركۈنى دوستلىرى بىلەن بىرگە ئولتۇراتتى. ئۇلارغا ئاللاھتىن بەزى نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىشنى ئېيتتى. ئۇ يەردىكىلەردىن بەزىلەر:

- شۇ ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيىمىزگە لىق توشقىدەك پۇلۇم بولسا، ئۇنى ئاللاھ يولىدا ئىنناق قىلسام...- دېدى. بەزىلەر:

- تۇرۇۋاتقان شۇ ئۆيگە لىق كەلگۈدەك ئالتۇنۇم بولسا، ئۇنى ئاللاھ يولىدا خەجلىسەم. - دېدى. يەنە بەزىلىرى:

- شۇ تۇرۇۋاتقان ئۆيۈمدە لىق كەلگۈدەك جاۋاھىراتلىرىم بولسا ، ئۇلارنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلسام ...- دېدى. ئەمما ھەزرىتى ئۆمەر:

قابىلىيەتلىك ئىنسانغا خىزمەت قىلىش، بەزى ۋاقىتلاردا مىڭلارچە ئىنسانغا تەڭ بولىدۇ. چۈنكى تالانتلىق ئىنسانلارنىڭ ئالدىغا، بارلىق ماددى ئىمكانلارنى قويىسىڭىزمۇ ئىسراپ بولمايدۇ.



ـ يەنە، تېخىمۇ كۆپ تەلەپ قىلىڭلار. ـ دېگەندە، ئۇلار:
ـ ئاللاھتائالادىن باشقا يەنە نېمە تەلەپ قىلساق بولار؟ـ دېدى. بۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:
ـ مەن ئىچىدە تۇرۇۋاتقان شۇ ئۆيىنىڭ، ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ، مۇئاز بىن جەبەل ۋە ھۇزەيفۇل يەمانى كەبى كىشىلەر بىلەن توشۇشىنى ۋە بۇلارنى ئاللاھ يولىدا ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلىمەن...» (بۇخارى، «تارىخۇسسەغىر»، 1 ـ جىلد، 54) دېدى.

## 10. خاتالىقنى نەپسىدىن، مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئاللاھتىن بىلىش

ئاللاھ ئۈچۈن قىلىنغان خىزمەتلەردە نەپسانىيەتنى ئارىلاشتۇرماسلىق كېرەك. خىزمەت ئەھلى ئەڭ كۆپ دىققەت قىلىدىغان نوقتا مۇۋەپپەقىيەتنى ئۆزىدىن ئەمەس، رەببىدىن دەپ بىلىشتۇر. ئاللاھتائالا مۇئمىنلارنىڭ بەدىر ئۇرۇشىدىكى غەلىبىسىنى بايان قىلغاندا:

فَلَمْ تَقْتُلُوهُمْ وَلَكِنَّ اللّٰهَ قَتَلَهُمْ وَمَا رَمَيْتَ إِذْ رَمَيْتَ وَلَكِنَّ اللّٰهَ رَمَى

**«(ئى مۇسۇلمانلار! بەدرىدە) ئۇلارنى (يەنى مۇشرىكلارنى) سىلەر ئۆلتۈرگىنىڭلار يوق، بەلكى ئەمەلدە ئۇلارنى ئاللاھ ئۆلتۈردى. (ئى مۇھەممەد، بىر سىقىم توپىنى مۇشرىكلارغا) ئاتقىنىڭدا سەن ئاتمىدىڭ، بەلكى ئەمەلدە ئۇنى ئاللاھ ئاتتى.»** (ئەنفال سۈرىسى، 17 ـ ئايەت) دېيىش ئارقىلىق ھەقىقىي فائىل (پېئىلنى ئىشلىگۈچى)نىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.

بۇ ھەقىقەتنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان باشقا بىر مىسال:

مۇسا ئەلەيھىسسالام كۆرسەتكەن مۆجىزىلەر بىلەن تەكەببۇرلىقى ئاستىن ـ ئۈستۈن بولغان فىرئەۋن چارىسىزلىكتە قالغان. بۇ ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن زامانىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى سېھىرگەرلىرى بىلەن

«بىر ئادەم غەزەپلەنگەن ۋاقتىدا، ئىككى كىشى ئارىسىدا ھۆكۈم چىقارمىسۇن.»

(مۇسلىم، «ئاقدىيە»، 16)



مۇسا ئەلەيھىسسالام ئوتتۇرىسىدا مۇسابىقە ئۆيۈشتۈرغان. شۇنداقتىمۇ يەنە غەم قىلىپ، سېھىرگەرلەردىن سورىماي تۇرالمىغان:

- سىلەردىن شۇنى سورايمەن. مۇساغا غالىپ كېلەلەمسىلەر؟

باش سېھىرگەر:

- بىز سېھىرنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدە تۇرۇۋاتىمىز! بۇ ئىشنى يەر يۈزىدە بىزدىن ياخشى بىلىدىغان باشقا بىرسى يوق. ئەگەر ئاسماندىن سېھىرىمىزنى بۇزىدىغان بىر كۈچ كەلمىسىلا، ئۇنى قەتئىي يېڭىمىز. ئەلۋەتتە بىز تېخىمۇ كۈچلۈكمىز. - دېگەن.

مۇسابىقىنى بىر بايرام كۈنىدە ئۆيۈشتۈرۈش قارار قىلىنغان. ئۇ كۈنى ھەممە ئادەم توپلانغان. خەلق مۇسابىقىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئالدىراپ كەتكەن.

سېھىرگەرلەر يىپ، كالتەكلەرنى مەيدانغا ئاتقاندا، ھەر بىرى بىر يىلانغا ئايلانغان. بۇ سەھنە قۇرئانى-كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىنغان:

**«مۇسا: "بەلكى سىلەر ئالدىدا تاشلاڭلار!" دېدى. (ئۇلار تاشلىغان ئىدى) ناگاھان ئۇلارنىڭ ئاغامچىلىرى، ھاسىلىرى ئۇلارنىڭ سېھرىدىن (يەنى سېھرىنىڭ تەسىرىدىن) ئۇنىڭغا ھەرىكەتلىنىپ مېڭىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. (بۇنىڭدىن) مۇسا ئۆزىدە قورقۇنچ ھېس قىلدى. بىز (ئۇنىڭغا) ئېيتتۇقكى، "قورقمىغىن، سەن چۇقۇم ئۈستۈنلۈك قازىنىسەن، قولۇڭدىكىنى تاشلىغىن، ئۇ ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن سېھىرلىرىنى دەم تارتىپ يۇتۇۋېتىدۇ، ئۇلارنىڭ كۆرسەتكىنى سېھىرگەرلەرنىڭ ھىيلىسىدۇر، سېھىرگەرلەر قەيەرگە بارسا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ.»** (تاھا سۈرىسى، 66-69-ئايەتلەر)

مۇسا ئەلەيھىسسالام ھاسىسىنى ئاتتى. ھاسا ئۇ ۋاقىتتا، بىر ئەجدىھاغا ئايلىنىپ، سېھىرگەرلەرنىڭ سېھىر ئەسۋاپلىرىنىڭ ھەممىسىنى يۇتىۋەتتى. ئەمما ھاسىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى. بۇ ئىنساننىڭ ھۈنىرى ئەمەس، بىۋاستە ئاللاھ كۆرسەتكەن ئىلاھىي

خىزمەت قىلىۋاتقانلار، ئاچچىقلىنىشنى ئۇنتۇشى كېرەك. چۈنكى ئاچچىقلىنىش، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا لاياقەتسىزلىك ۋە ئاجىزنى بوزەك قىلىش مايىللىقىدۇر.



قۇدرەت ئىدى. سېھرگەرلەرنىڭ قىلغانلىرى كۆز بۇيامچىلىقنى ئاساس قىلغان ئويۇنلاردىن ئىبارەت ئىدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسىدىن مەيدانغا كەلگەن پەۋقۇلئاددە ھادىسىگە قاراپ، سېھرگەرلەرنىڭ باشلىقى، ھەمراھلىرىدىن بىرسىگە:

ـ ھاسا بۇ ئىشلارنى قىلىۋاتقاندا، سەن مۇساغا دىققەت بىلەن قارا، ئۇ قانداق بىر ھالەتتە تۇرىدۇ؟ ـ دېدى.

ھەمراھى ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلدى. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھال ـ ھەرىكىتىگە دىققەت قىلدى. كۆرگىنى، ئۇ ۋاقىتتا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىشى، بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە كىرىشى، ھاسىنىڭ ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇشى ئىدى. بۇ ئەھۋالنى باش سېھرگەرگە مەلۇم قىلىپ:

ـ ھادىسە مەيدانغا كەلگەندە، مۇسانىڭ يۈزى ئۆزگەردى، ئەمما ھاسا ئىشىنى داۋاملاشتۇردى. ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان باش سېھرگەر:

ـ بۇ مۇسانىڭ ئىشى ئەمەس، ئاللاھنىڭ ئىشىدۇر. چۈنكى بىر سېھرگەر ئۆز سېھرىدىن قورقمايدۇ. ئەيىنى شەكىلدە بىر سەنئەتكارمۇ ئۆز سەنئىتىدىن قورقمايدۇ. ئۇ ھالدا بۇ ئىلاھىي بىر ھادىسىدۇر. ـ دەپ، ئىمان ئېيتتى. باشقا سېھرگەرلەرمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىمان ئېيتتى.

بۇ ھادىسە شۇنى كۆرسىتىدۇكى، بىر مەسىلىدە ئىشنىڭ ئىچىگە نەپسىمىزنى ئارىلاشتۇرماي، پەقەتلا ئاللاھ رىزاسىنى ئارزۇ قىلساق، ئۇ ۋاقىتتا جانابى ئاللاھنىڭ لۇتفى مەيدانغا كېلىپ، مۇۋەپپەقىيەت ھاسىل بولىدۇ. ھەتتا بىزنىڭ قابىلىيەت ۋە ماھارىتىمىز ئاجىز قالغان ۋاقىتتىمۇ. چۈنكى مۇسا ئەلەيھىسسالام سېھرگەرلەر بىلەن قىلغان كۈرەشتە ئۆزىنىڭ قابىلىيىتى ئاجىز كۆرۈنگەنلىكى ئۈچۈن ۋاقىتلىق قورققان. ئەمما جانابى ئاللاھقا سىغىنىپ، ئۇنىڭ ئەمرى دائىرىسىدە ھەرىكەت قىلىش نەتىجىسىدە، ئىلاھىي مۆجىزىگە نائىل بولغان.

«ئاغىينە!
يۇمشاقلىق بىلەن
دۈشمەننىڭ
تىرىسىنىمۇ
سويالايسەن،
قوپال مۇئامىلە
دوستىنىمۇ
دۈشمەن
قىلالايدۇ.
تۆمۈرچىنىڭ
سەندىلىگە
ئوخشاش قاتتىق
بولغان ھەر
كىشى بېشىغا
چۈقۇم بازغان
يەيدۇ.»

ـ شەيخ سەئىد



يەنى ئىلاھىي قۇدرەت ياردەمگە كېلىپ، سېھىرگەرلەرنى ئاجىز قالدۇرغان.

بۇ سەۋەپتىن، ھەق (توغرا) يولدا بىزگە چۈشىدىغىنى قولىمىزدىن كېلىشىچە غەيرەت قىلغاندىن كېيىن، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش ۋە نەتىجىنىڭ ئۇنىڭ ئىرادىسى دائىرىسىدە ئوتتۇرىغا چىقىدىغانلىقىنى بىلىشتىن ئىبارەت. ئەجدادىمىز بۇ ھەقىقەتنى:

«تەۋپىق ئاللاھتىندۇر» دەپ، ھېكمەتلەشتۈرگەن.

خۇلاسىلىساق، ئۇرۇقنى تۇپراققا بىز قويىمىز، ئەمما ئۇنىڭ بۈيۈك چىنار بولۇشى ياكى قۇرۇپ كېتىشى ئارىسىدىكى تەقدىر ۋە تەجەللى ياراتقۇچىغا مەنسۇپتۇر. يەنى ھاسىنى مەيدانغا تاشلىغان ھەزرىتى مۇسا، ئەمما ئۇنى يىلانلارنى يۇتىدىغان دەرىجىدە ئەجدىھاغا ئايلاندۇرغۇچى ئاللاھتائالادۇر.

شۇڭا، نائىل بولغان لۇتۇف ۋە نېمەتلەرگە ئەمەس، ئۇنى بەرگۈچىگە نەزەر قىلىپ، غەپلەتتىن يىراق تۇرۇش كېرەك.

ھەزرىتى مەۋلانا بۇ نوقتىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

«ئوتتا قىزدۇرۇلغان تۆمۈردىكى قىزىرىشنى ئۇنىڭغا ئائىت ھېسابلىما! چۈنكى ئۇ ئوتنىڭ ئۇنىڭغا ۋاقىتلىق بىر يورۇقلۇق ۋە ھارارەت بېرىشىدىن ئىبارەتتۇر.»

«ئەگەر دېرىزە ۋە ئۆينى يورۇقلۇق قاپلىغانلىقىنى كۆرسەڭ، سەن ئۇلارنى يورۇق دېمە! چۈنكى يورۇتقۇچى قۇياشتۇر.»

«قۇياش ئۆزىدىن ئەكس ئەتكەن نۇرلار بىلەن پاقىراپ مەغرۇرلانغانلارغا دەيدۇكى، ئەي نادان مەغرۇرلار! بىر ئاز سەۋرى قىلىڭلار! مەن شۇ تاغنىڭ، شۇ دەريانىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، ئۇپۇقتىن بىر ئاز يىراقلىشاي، ئۇ ۋاقىتتا ھەقىقەتنى چۈشىنىسىلەر.»

ئابدۇلقادىر جەيلانى بۇ ھەقىقەتكە مۇناسىۋەتلىك قىلىپ، شۇ نەسىھەتلەرنى قىلغان:

«ئەي ئوغۇل! ھۈنەر-سەنئەت ئاغامچىسىدىن قاچان قۇتۇلۇپ، ئىلاھىي قۇدرەت مەنزىلىگە قاچان يېتىپ بارىسەن؟ ئەمەلىڭ

«سىلەرنىڭ ئەڭ خەيرلىك بولغىنىڭلار، قۇرئان ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەنلەر-دۇر.»

(بۇخارى، «فەزائىلۇل قۇرئان»، 21)



ھېكمەت بىلەن ئەزىز ۋە جەلىل بولغان ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە قاچان يەتكۈزىدۇ؟
سېنى مۇپتىلا قىلغان بالا-قازا تۈپەيلىدىن ئاللاھتىن قاچما! ئاللاھ سېنى بەزى بالا-قازاغا دۇچار قىلار. بۇنىڭ سەۋەبى شۇ:
ئەجىبا سەۋەبلەرگە تايىنىپ، ئۇنىڭ ئىشىكىنى تەرك قىلامسەن؟ ياكى ئۇنىڭ ئىشىكىگە يېپىشامسەن؟ ئەجىبا زاھىرىغا تايىنامسەن؟ باتىنىغىمۇ؟ ئەجىبا ئىدراك قىلىنغۇچىغا ئىشىنەمسەن ياكى ئىدراك قىلىنمىغانىغىمۇ؟ ئەجىبا كۆرۈنىدىغانىغا يۆنىلەمسەن ياكى كۆرۈنمىگەنگىمۇ؟
ساڭا بېرىلگەن ھۈنەر، مۇۋەپپەقىيەتلەرنى نەپسىڭدىن بىلەمسەن ياكى جانابى ئاللاھتىنمۇ؟»
بۇ دېمەكتۇركى، مۇئمىن كۈچ ۋە قۇدرىتىنىڭ پەقەتلا ئاللاھتىن كەلگەنلىكىگە ئىشىنىپ، خىزمەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتىدىن نەپسىگە بىر ئۈلۈش ئايرىماسلىقى كېرەك. ھەتتا ئاللاھتائالانىڭ ئۆزىگە بۇنداق بىر خىزمەتنىڭ قىلىنىشىنى ۋەسىلە قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھقا كۆپ شۈكۈر قىلىشى كېرەك.
جاھان سۇلتانلىقىنى مەنىۋىي ئالەمدىكى سۇلتانلىق بىلەن بىرلەشتۈرگەن، ئابىدە شەخسىيەتلەردىن قانۇنى سۇلتان سۇلايمان (1495-1566)نىڭ مۇۋەپپەقىيەتلەر ئالدىدىكى ئەھۋالى، ھەر خىزمەت ئەھلىگە ئۆلچەم بولۇشى كېرەك:
بارباروس ھەيرەتتىن پاشا ئاندرەئا دورىيانى پرەۋەزەدە قاتتىق مەغلۇپ قىلدۇ. ئاندرەئا دورىيا كېمىلىرىنى تاشلاپ قويۇپ، جېنىنى تەسلىكتە قۇتقۇزىدۇ. بارباروس پاشا يەلكەنلىرى چۇشۇرۇلگەن دۈشمەن پاراخوتلىرى ۋە ئون مىڭلارچە ئەسىرنى ئالدىغا تىزىپ، ساراي بۇرنىدىن خەلىچ (ئىستانبۇل بوغۇزى)غا كېلىدۇ. دېڭىز، دۈشمەن ئەسىرلىرى توپلانغان پاراخوتلار بىلەن تولىدۇ.
سۇلتان قانۇنى، ۋەزىرلەر ۋە پاشالار بۇ مەنزىرىنى ساراي بۇرنىدىكى بىر ساھىلنىڭ ئالدىدا تاماشا قىلىۋاتقاندا، پاشالاردىن

خەلقنى ئىلىم-ئىرپان بىلەن يۇغۇرىدىغان روھلار، توم-توم كىتابلارنىڭ ئۈستىگە ئىگىشىپ ئولتۇرىدىغان، شەخسىيەتچى ئالىملارنىڭ روھى ئەمەس، بەلكى قۇرئان ھېكمەتلىرى بىلەن دىلى يۇرىغان، ئىنسانلارغا ھۇزۇر قۇياشى بولغان مەۋلانا، يۇنۇس ئەمرە ۋە ئۇلار كەبى مۇتتەقى زاتلاردۇر.

بىرى ھاياجان بىلەن:

ـ سۇلتانىم! دۇنيا بۇنداق بىر مەنزىرىنى ئەجەبا قانچە قېتىم كۆردى؟ سىلەر قانچىلىك ماختانساڭلار ئازدۇر! ـ دېگەندە:

سۇلتان قانۇنى بۇ سۆزلەرگە قارىتا:

ـ پاشا! بىز ماختىنامدىمىز ياكى بۇ زەپەرلەرنى بىزگە نېسىپ قىلغان رەببىمىزگە ھەمدۇ ـ سانا بىلەن شۈكۈر قىلامدىمىز؟ ـ دېگەن.

بىر خىزمەت ئەھلى بۇ ئەدەپكە رىئايە قىلسا، مەنمەنچىلىكتىن قۇتۇلۇپ، ئاللاھقا بولغان سۆيگۈسى كۈچىيىپ، ئاياقىنىڭ قېيىپ كېتىشىگە سەۋەپ بولىدىغان مەغرۇرلۇق ئىللىتىدىن قۇتۇلىدۇ. چۈنكى قۇرئانى ـ كەرىمدە:

**«مەغرۇرلانما! ئاللاھ مەغرۇرلانغانلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ.»** (قەسەس سۈرىسى، 76 ـ ئايەت) دېيىلگەن. بۇ سەۋەپتىن، بەندە قانداق بىر نېمەت ۋە لۇتۇفقا نائىل بولسا، مەنمەنلىك قىلىشتىن ئاللاھقا سېغىنىشى كېرەك. ئالەمگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن كائىناتنىڭ پەخرى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھىب بولغان پەزىلەتلىرىگە قارىماي، داۋاملىق «لَا فَخْرَ» (ماختىنىشقا بولمايدۇ) دەپ، كىچىك پېئىللىقنى مۇھاپىزەت قىلغان. چۈنكى بىر ھەدىس ـ شەرىپتە:

«مەن رەسۇللارنىڭ قوماندانىمەن، لېكىن ماختانمايمەن! مەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسىمەن، ئەمما ماختانمايمەن! تۇنجى قېتىم شاپائەت قىلىدىغان ۋە شاپائىتىم تۇنجى بولۇپ قوبۇل قىلىنىدىغان كىشىمۇ مەن، ئەمما (بۇلارنى) ماختىنىش ئۈچۈن ئېيتمىدىم.» (دارىمى، «مۇقەددىمە»، 8) دېگەن.

«قىيامەت كۈنى يەر يېرىلىپ ئېچىلغان ۋاقىتتا ئالدى بىلەن (تىرىلدۈرىلىدىغىنى) مەن، ئەمما بۇنى ماختىنىش ئۈچۈن ئېيتمايمەن. ھامىد بايرىقىمۇ ماڭا بېرىلىدۇ، ئەمما بۇنىڭ بىلەنمۇ ماختانمايمەن. مەن قىيامەت كۈنى ئىنسانلارنىڭ خوجىسىمەن، ئەمما

ئوقۇ ھاپىز قۇرئاننى، ساڭا جەننەتتە بوگۈن گۈللەر ئېچىلار،
تاج بولۇر پىشانەڭگە مەھشەر كۈنى، كۆرىسەن سەلتەنەت،
كېچىدىن قۇتۇلغاندا سۇبھىنى بۇلبۇللار ئاچار،
قەلىمىڭ يېزىشقا ئاجىز قالار ئۇ مۇبارەك كېچىنى.

ـ راھمەتى





ماختانمايمەن. قىيامەت كۈنى جەننەتكە تۇنجى قېتىم كىرىدىغىنىمۇ مەن، ئەمما بۇنىمۇ ماختىنىش ۋەسىلىسى قىلمايمەن.» (دارىمى، «مۇقەددىمە»، 8) دېگەن.

ھەقىقەتەن، «مەنمەنلىك» ۋە «مەغرۇرلۇق» خىزمەتنىڭ راك كېسىلىدۇر. بۇ كېسەلنىڭ داۋاسى ناھايىتى مۈشكۈلدۇر. مەسجىدلەردە ئادەتتە ئۈستىدە «ھېچ» كەلىمىسى يېزىلغان بىر لەۋھە ئېسىلغان بولىدۇكى، بۇ ئىنسانغا مەنمەنچىلىكتىن ۋاز كېچىپ، ئاجىزلىقىنى ئىدراك قىلىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. پۈتۈن مەسىلىلەر بۇ ئاجىزلىقنى ئىدراك قىلىپ، قۇللۇقنىڭ ئەھمىيىتىنى بىلىشتىن ئىبارەت. ئىنسان بۇ نوقتىغا كەلگەندە، ئىخلاسلىق بولىدۇكى، ئاز ئەمەلمۇ ئۇنىڭغا كۈپايە قىلىدۇ. بۇ ھەقىقەت بىر شېئىردا مۇنداق ئىپادىلەنگەن:

ئولدۇنسا ۋاقىپ ئاجزىنە، ئەدنا ئەمەل بىر داغ ئولۇر.
چۈرۈكلەرىن ھەپ ساغ ئولۇر،زەھرىن كامۇ بال ياغ ئولۇر.
داغلار يەمشلى باغ ئولۇر، جۈملە جىھان بوستان سانا[33].

بىلگەن بولساڭ ئاجىزلىقىڭنى، كىچىك ئەمەلىڭ تاغدەك بولۇر،
بۇزۇقلىرىڭنىڭ ھەممىسى ساق بولۇر، زەھىرىڭنىڭ ھەممىسى ھەسەل بولۇر،
تاغلار يەل-يېمشلىك باغ بولۇر، جۈملە جاھان بوستان ساڭا.

خىزمەتكە باشلىغان ئادەم بۇ ئاجزىيەت ۋە ھېچلىك ئېڭى بىلەن داۋاملىق يالۋۇرۇش ھالىتىدە رەببىدىن ياردەم تىلىشى كېرەك. بۇ ھەقتە قۇرئانى-كەرىمدە مۇنداق دېيىلگەن:

**«ئى مۆمىنلەر! سەۋر ئارقىلىق ۋە ناماز ئارقىلىق ياردەم تەلەپ قىلىڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن**

«مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ دىللىرى ئاللاھنىڭ زىكرىگە ۋە نازىل بولغان ھەقىقەتكە (يەنى قۇرئان ئايەتلىرىگە) ئېرىيدىغان ۋاقىت يەتمىدىمۇ؟ ئۇلار ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) دەك بولمىسۇن، (ئۇلار بىلەن پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى) زاماننىڭ ئۇزىرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ دىللىرى قېتىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر.»

(ھەدىد سۈرىسى، 16-ئايەت)

33.م. ئەسئاد ئەربىلى نىيازى بابىنىڭ غەزىلىگە يازغان مۇخەممەستىن ئېلىندى.



بىلىدۇ.» (بەقەرە سۈرىسى، 153 ـ ئايەت)

مۆئمىن بۇ ئىلاھىي تەۋسىيەگە رىئايە قىلىپ، خىزمەتلىرىدە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن تەھەججۇد ۋاقتىدا ياكى باشقا ۋاقىتلاردا ئىككى رەكئەت ھاجەت نامىزى ئوقۇپ، ئاللاھتىن ياردەم تىلىشى كېرەك.

خىزمەت قىلىۋاتقان ئادەم، خىزمەتتىكى كەمچىلىكلەر تۈپەيلىدىن باشقىلارنى ئەيىپلىمەسلىكى، خاتالىقنى ئالدى بىلەن ئۆزىدىن ئىزدىشى، كەڭ قورساق بولۇشى، ئۆزىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشى كېرەك. چۈنكى خىزمەت قىلغۇچىنىڭ ئىچكى دۇنياسى خۇددى فىزىكىدىكى تۇتاش قاچىلار مەسىلىدىكىدەك، خىزمەت قىلىنغۇچىدا ئەكسى ئېتىدۇ. خىزمەت قىلىنغۇچىلاردىكى بىرەر خاتالىق ئەسلىدە خىزمەت قىلغۇچىدىن ئەكس ئەتكەن بىر خاتالىقتۇر.

ئىمام راببانى ئىرشاد ۋەزىپىسى بەرگەن ئوقۇغۇچىلىرىدىن بىرىسى يازغان بىر مەكتۇپقا بەرگەن جاۋابىدا، شۇ ئىبرەتلىك نەسىھەتلەرنى قىلغان:

«ئىرشاد قىلغان ئوقۇغۇچىلىرىڭىزدىن شىكايەتچى ئىكەنلىكىڭىزنى ۋە ئۇلاردىن خاپا بولغانلىقىڭىزنى يېزىپسەن. ئەمەلىيەتتە سەن ئۇلاردىن ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا قارىتا ئۆزەڭنىڭ مۇئامىلىسى، گەپ ـ سۆزلىرىڭدىن شىكايەتچى بولۇشۇڭ كېرەك. چۈنكى سەن ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلمىغانلىقىڭ ئۈچۈن ئاخىرىدا بۇ شىكايەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولدۇڭ. ئەمەلىيەتتە بىر ئۇستازنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا قارىتا ياخشى مۇئامىلە قىلىشى تەۋسىيە قىلىنىدۇ. پەقەتلا ھېكايە ۋە قىسسە ئېيتىپ بېرىش بىلەن ئۇلارغا دوستلۇق يەتكۈزۈشى قىزغىن قارشى ئېلىنمايدۇ (يەنى گەپ ـ سۆزگە قارىغاندا، گۈزەل مۇئامىلە بىلەن ئۈرنەك بولۇش تېخىمۇ مۇھىم.)» («مەكتۇبات»، 209 ـ مەكتۇپ)

ھەق ۋە ھەقىقەت ئۈچۈن ھەر غەپلەت دەۋرىدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەسىلىسى، قۇرئان خىزمىتىدىكى غەيرەتلەردۇر. بۇ زاماندا پۈتۈن ئۈممەتنىڭ قايتىدىن سىلكىنىشى قۇرئانى ـ كەرىمگە بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىشكە باغلىقتۇر

## 11. خىزمەتتە ئۆرنەك بولۇشقا تىرىشىش

خىزمەت قىلىۋاتقان كىشىلەر ئىشلارنى باشقىلارغا قىلدۇرۇش ئۇسلۇبىغا قارىغاندا، مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن ئىشلارنى بىۋاستە ئۆز مۆرىسىگە ئېلىشى كېرەك. ئىشنىڭ بىر ئۇچىدىن تۇتماي، پەقەت ئولتۇرغان يېرىدىلا ئەتراپقا بۇيرۇق ياغدۇرۇپ خىزمەت قىلىشنى ئويلايدىغانلار مەسىلىنىڭ تېگىگە يېتەلمىگەن كىشىلەردۇر.

خىزمەتنىڭ بېشىدىكى كىشىلەر قول ئاستىدىكىلەردىن تېخىمۇ غەيرەتلىك ۋە ئاكتىپچانلىق بىلەن خىزمەتكە بېرىلىشى كېرەككى، بۇنىڭ بىلەن باشقىلارغا ئۆرنەك بولالىسۇن. بۇنداق بىر مۇئامىلە قېرىنداشلىرىنى ھاياجانلاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ خىزمەتنى ئىشتىياق بىلەن ئادا قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدىن بۇنىڭغا ئائىت كۆپلىگەن مىساللارنى كۆرگىلى بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدى قۇبا ۋە مەسجىدى نەبەۋىنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئەسھابىنىڭ ئارىسىدا تاش كۆتۈرۈشى، خەندەك ئۇرۇشىدا ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ئىشلىشى، ھەتتا ئارىلاپ-ئارىلاپ ئەسھابىغا خىزمەت قىلىشى، ئۇلاردىن بىرنەچچە ئۆرنەكتۇر.

كائىناتنىڭ پەخرى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ:

«بىر قەۋمنىڭ خوجىسى ئۇلارغا خىزمەت قىلغۇچىدۇر.» (دەيلەمى، «مۇسنەد»، 2-جىلد، 324) دېگەن سۆزى خىزمەتنىڭ بېشىدىكى كىشىلەرنىڭ خىزمەت كۆتىدىغان ئەمەس، خىزمەت قىلىدىغان روھى ھالەتكە ئىگە بولۇشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

يۇقىرى ماقامدا تۇرۇۋاتقان كىشىلەرنىڭ خىزمەتكە بىۋاستە قاتنىشىشى، باشقىلارنى مەنىۋى جەھەتتىن كۈچلەندۈرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كوللېكتىۋىزىملىق روھ بارلىققا كېلىدۇ. ئورتاق ھېس-تۇيغۇ بىلەن مۆرىگە ئېلىنغان مۈشكۈل خىزمەتلەر ئاسان ھەل بولىدۇ. تارىخ بۇنىڭ سان-ساناقسىز مىساللىرى بىلەن تولغان:



«نېمىشقا سىلەر ئاللاھنىڭ يولىدا (پۇل-مال) سەرپ قىلمايسىلەر؟ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ مىراسى ئاللاھقا خاستۇر، سىلەردىن (مەككە فەتھى قىلىنىشتىن ئىلگىرى پۇل-مال سەرپ قىلغانلار ۋە (رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرلىكتە تۇرۇپ دۈشمەنلەر بىلەن) ئۇرۇشقانلار نەپىقە قىلغانلار ۋە ئۇرۇشقانلار (بىر-بىرى بىلەن باراۋەر ئەمەس، ئەنە شۇلارنىڭ دەرىجىسى (مەككە فەتھى قىلىنغاندىن) كېيىن نەپىقە قىلغان ۋە ئۇرۇشقانلارنىڭ (دەرىجىسىدىن) چوڭدۇر، (ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە ئاللاھ جەننەتنى ۋەدە قىلدى. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر.» (ھەدىد سۈرىسى، 10-ئايەت)



شانلىق ئەجدادىمىزدىن قانۇنى سۇلتان سۇلايمان خان شەخسەن ئۆز ھەرىكىتى بىلەن بۇ روھنى ئەمەلىيىتىدە كۆرسەتكەن سۇلتانلاردىن بىرىدۇر. ئۇ ياشانغان چاغدا قاتناشقان زىگەتۋار سەپىرى ئۇنىڭ روھى كۈچى ۋە ئىمانىنى كۆرسىتىشكە كۇپايىدۇر.

قانۇنى سۇلتان سۇلايمان ئۆز دەۋرىدىكى ھەربى يۈرۈشلەرنىڭ كۆپ قىسمىغا ئىشتىراك ۋە قوماندانلىق قىلغان. ئاخىرقى ھەربى يۈرۈشى بولغان زىگەتۋارغا مېڭىش ئالدىدا، باش ۋەزىر سوقۇللۇ ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ:

- سۇلتانىم! ئۈممەتكە ساناقسىز زەپەرلەر ھەدىيە قىلدىڭىز. ھېرىپ-چارچىدىڭىز، ئۆمرىڭىزنى ئالەمى ئىسلامغا ئاتىدىڭىز! بۇ سەپەرنىڭ جاپاسىغا ياشىنىپ قالغاندا بەرداشلىق بېرىشىڭىز مۈشكۈل. بۇ سەۋەپتىن سىز ئىستانبۇلدا قېلىپ، پادىشاھلىقىڭىزنى قىلسىڭىز. مەن ۋەزىر ۋە پاشا (گېنىرال)لار ھەربى يۈرۈشكە ئاتلانساق. كۆزىڭىز كەينىدە قالمىسۇن! - دېگەندە، ئۇلۇغ خاقان، ۋەزىرى سوقۇللۇغا:

- ياخشى ئاڭلا سوقۇللۇ! بۇ ۋەسىيەتىمنى مەندىن كېيىنكى نەسىللەرگە يەتكۈز! بىر پادىشاھ داۋاملىق ئەسكەرلىرى بىلەن بىرگە سەپەرگە چىقىشى كېرەك. ئەسكەر پادىشاھىنى يېنىدا كۆرسە، شىجائىتى ئارتىدۇ. دۈشمەن، پادىشاھ سەپەرگە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن قارشىسىدىكى قوشۇننى كۈچلۈك ھېس قىلىدۇ، مەنىۋىي قۇۋۋىتى ئاجىزلاپ، جاسارىتى سۇنىدۇ. ئۇرۇشنى زەپەرگە ئېرىشتۈرىدىغان ئەسلى ئامىل مەنىۋىي كۈچتۇر. بىزنىڭ كىچىك ۋاقتىمىزدىن باشلاپ، دۆلەت باشقۇرۇشتا ساناقسىز تەجرىبىلىرىمىز بار. ھەربى يۈرۈشلەردە بۇ تەجرىبىگە زۆرۈر ئېھتىياج بولىدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىقىدۇ. مىنۇت، سىكۇنتلار كۆپىنچە ۋاقىتلاردا تەقدىرنىڭ ئېقىشىنى بەلگىلەيدۇ. بۇ سەۋەپتىن، ياشىنىپ قالغان بولساممۇ ھەربى يۈرۈشكە ئىشتىراك قىلىمەن. سارايدا قېلىپ، بېشىم ياستۇق ئۈستىدە ئۆلسەم، ئەتە مەھشەردە فاتىھ ئەجدادىمىزنىڭ ئالدىغا قايسى يۈزۈم بىلەن چىقىمەن؟ - دېگەن. بۇنىڭ بىلەن سوقۇللۇ:

«ئاللاھتائالا جەننەتتىكى سالىھ بەندىسىنىڭ دەرىجىسىنى يۈكسەلتكەندە، بۇ بەندە ھەيران بولۇپ: «يا رەببى! بۇ يۈكسىلىش ماڭا قايسى ئىشىمدىن كەلدى؟» دەيدۇ. ئاللاھتائالا: "ئەۋلادىڭنىڭ ساڭا قىلغان ئىستىغپار دۇئاسى بىلەن" دەيدۇ.»

(ئەخمەد ئىبنى ھەنبەل، 2-جىلد، 509؛ ئىبنى ماجە، «ئەدەپ»، 1)



ـ قارار پادىشاھىمنىڭ. ـ دەپ، سۈكۈت قىلغان.
ياشىنىپ قالغان پادىشاھ ئات ئۈستىدە ئايلار داۋاملىشىدىغان ئۇزۇن سەپەرنى قانداق تاماملىيالىسۇن؟ ئات ئۈستىدە تىك تۇرۇش ۋە ئەسكەرلەرگە روھلۇق كۆرۈنۈش ئۈچۈن بىلىگە ئۇزۇن پۈتىنى چىڭ باغلىغان.

سەپەر باشلاندى. يامغۇرلۇق بىر پەسىل ئىدى. بىر چاغدا توپ ھارۋىلىرى پاتقاقلىققا پېتىپ قالدى. ھايۋانلارنىڭ كۈچى ھارۋىنى پاتقاقلىقتىن تارتىپ چىقىرىشقا يەتمىدى. ئەسكەرلەر ئىلگىرلەپ، خېلى ئۇزاققا كەتكەن ئىدى. ئەتراپتا ناھايىتى ئاز ئەسكەر ۋە بەزى پاشالار بار ئىدى. سۇلتان ئەمر بەردى:

ـ يۇقىرى ئۇنۋانلىق ئەسكەر، قۇماندان، پاشالارنىڭ ھەممىسى پاتقاقلىققا كىرىپ، توپ ھارۋىسىنى تارتىپ چىقارسۇن!

ھەممە ئادەم ئىشتانلىرىنى تۈرۈپ، پاتقاقلىققا كىردى. ئۇ مەنىۋي ھاياجان بىلەن توپ ھارۋىسى پاتقاقلىقتىن چىقىرىلدى. سۇلتان ۋاقانۇۋىسىگە[34] قاراپ دېدىكى:

ـ ياز، كەلگۈسى ئەۋلادلار ئىبرەت بىلەن ئوقۇسۇن! سۇلتان قانۇنىينىڭ گېنىرال، ۋەزىرلىرى پاتقاقلىققا كىرىپ، توپ ھارۋىسىنى چىقىرىشقا تىرىشتى. ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن بىر پاجىئەنىڭ ئالدى ئېلىندى.

سۇلتان قانۇنى بۇ يەردە، ئۆزىدىن كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئۆرنەك بىر خىزمەت ئۈلگىسى ھەدىيە قىلدى.

تارىخقا قارايدىغان بولساق، ھۆكۈمدارلار يۈكسەك ئەخلاقتا بولغان ۋاقىتلاردا، خەلقمۇ شۇ دەرىجىدە ئەخلاقلىق بولغان. چۈنكى ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلار بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا ئورتاقلىق بولغان. مەسىلەن: خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز

بىر ئىنسانغا قىلىنىدىغان ئەڭ بۈيۈك خىزمەت، ئۇنىڭ ئەبەدى ئىستىقبالىنىڭ پارلاق بولىشىغا ياردەم قىلىش بولىشى كېرەك. بۇنىڭ يولى، توغرا يولدا قۇللۇققا ئىنتىلدۈرۈش بولۇپ، بۇ پەقەتلا قۇرئانى تۈيغۇلار بىلەن ئىستىقامەت قىلىش بىلەن مۇمكىندۇر.

---

34. ۋاقانۇۋىسە: ئوسمانىيە دۆلىتىدە زامانىنىڭ ۋەقەلىرىنى خاتىرلەشكە مەسئۇل رەسمىي دۆلەت كاتىبى.

ھاكىمىيەتكە چىققاندا، ئەخلاسسىزلىق ئەۋج ئالغان ئىدى. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئىككى يېرىم يىل ئىچىدە كۆپلىگەن باتىل ئىشلار يۇقۇتۇلۇپ، ماددىي ۋە مەنىۋىي بۈيۈك پەتىھلەر ئەمەلگە ئاشتى. يەنى جەمئىيەتنىڭ بېشىدىكى ھۆكۈمرانىنىڭ ياشاش شەكلى خەلققە تەسىر قىلدى. شۇڭا، خىزمەتتە بۇ چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش خىزمەتنىڭ ھەر باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلارغا مۇھىم بولغاندەك، ھۆكۈمرانلار ئۈچۈن تېخىمۇ مۇھىم.

## 12. خىزمەت ھاياجىنىنى يوقاتماسلىق ۋە چىدامچان بولۇش

ئىنسانىنى خىزمەتكە يۈگۈرتىدىغان، ئۇنى خۇشاللىق بىلەن ئادا قىلىشقا ئۈندەيدىغان نەرسە، كۆڭۈلدىكى ھاياجاندۇر. قەلبىدە بۇنداق ھاياجان بولمىغان كىشى خىزمەتنىڭ تەمىنى تېتىيالمايدۇ.

شۇ بىر ھەقىقەتكى، مۇئەسسەسەلەر ھەتتا دۆلەتلەرنىڭ قۇدرەت تېپىشى بۇ ھاياجان ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان ۋاقىتلاردا ئەمەلگە ئاشقان. مەسىلەن: ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ ئەڭ قۇدرەتلىك دەۋرى بولغان قانۇنىي دەۋرى، پۈتكۈل جەمئىيەت ئەزالىرىدا پەزىلەت ۋە ئىمان سۆيگۈسى جوشقۇنلاپ ئۆرلىگەن بىر دەۋر بولغان. بۇ دەۋردە ئىماننىڭ ھەيۋەت ۋە ھاياجىنى بىلەن ئالغا ئىلگىرلەش پەقەت سۇلتان قانۇنىدىلا ئەمەس، بەلكى دۆلەتنىڭ پۈتۈن ئورگانلىرىدا ھەتتا ئەڭ تۆۋەن تەبىقىدىكى شەخسلەردىمۇ كۆرۈلگەن.

چۈنكى پرەۋەزە غەلبىسىنىڭ خەۋىرىنى ئات ئۈستىدە ئۇچقاندەك تىز ئېلىپ كەلگەن لەۋەنت توپكاپى سارىيى (ئىستانبۇلدىكى شاھ ئوردىسى)غا كىرىپ، ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىشى بىلەن ئات ئىككى پۇتىنى تىك كۆتىرىپ تۇرغان. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن سۇلتان قانۇنى:

ـ ئازغۇن شاش ئات بىلەن كەپسەن. ـ دېگەندە، لەۋەنت:

ـ پادىشاھىم! ئاق دېڭىزمۇ ئازغۇن بىر شاش ئات ئىدى، بىز ئۇنىمۇ باش ئەگدۈردۇق.



تۈنۈگۈنگە ئائىت قانچىلىك سۆز بولسا،
تۈنۈگۈن بىلەن بىرگە كەتتى جانجاغىزىم،
ھازىر يېڭى بىر كۈن،
ئۇنداق بولسا يېڭى نەرسىلەر سۆزلىمەك لازىم.

ـ ھەزرىتى مەۋلانا



ـ دەپ جاۋاب بېرىشى ئىمان كۈچى بىلەن شاخلىنىشتىن كېلىپ چىققان ھاياجاننىڭ نامايەندىسى ئىدى.

پادىشاھتىن پۇخراغىچە ئوخشاش تۇيغۇ، ئوخشاش قەلب سوقۇشى بار ئىدى. بۇ ھاياجاننىڭ ئاجىزلىشى يىقىلىشنىڭ باشلانغۇچى بولدى.

ئاللاھ يولىدىكى خىزمەتلەرنىڭ تەرەققى قىلىپ، نەتىجە بېرىشى يۈرەكلەردىكى دىنىي تۇيغۇ نىسبىتىدە بولىدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايىتىدە، ئاللاھتائالا مۇئمىنلەرنىڭ قەلبلىرىدە بوشاڭلىق پەيدا بولغاندا، شۇ ئايەتنى نازىل قىلغان:

**«مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ دىللىرى ئاللاھنىڭ زىكرىگە ۋە نازىل بولغان ھەقىقەتكە (يەنى قۇرئان ئايەتلىرىگە) ئېرىيدىغان ۋاقىت يەتمىدىمۇ؟ ئۇلار ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار)دەك بولمىسۇن، (ئۇلار بىلەن پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى) زاماننىڭ ئۇزىرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ دىللىرى قېتىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر.»** (ھەدىد سۈرىسى، 16 ـ ئايەت)

ئۇزۇن ۋاقىت خىزمەت قىلغان بەزى كىشىلەردە ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن خىزمەتكە قارىتا تويۇنغانلىق تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇكى، بۇ ئەھۋال خىزمەت ئەھلى ئۈچۈن خەتەرنىڭ باشلانغۇچىدۇر. «ئەمدى يېتەر» تۇيغۇسى ئىنساننى دۇنياغا چاقىرغان نەپس ئاۋازىدۇر. ئەبۇ ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان شۇ رىۋايەت، خىزمەت ھاياجىنىنىڭ ئۆمۈر بويى يۇقۇلۇپ كەتمەسلىكىنىڭ مۇھىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

ئەمەۋىيلەر دەۋرىدە، ئابدۇراخمان ئىبنى ۋەلىد قۇماندانلىقىدا بىر ئىسلام قوشۇنى رەسۇلۇللاھنىڭ ئىستانبۇلنىڭ فەتھى بىلەن مۇناسىۋەتلىك خوشخەۋەرگە نائىل بولۇش نىيىتى بىلەن يولغا چىققان ئىدى. بۇ قوشۇننىڭ ئىچىدە خالىد ئىبنى زەيد ئەبۇ ئەييۇب ـ ئەل ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ بار ئىدى. رۇملار شەھەر

چۈشنى
ئەمىلىيەتكە
ئايلاندۇرۇشنىڭ
كەسكىن يولى
ئۇخلىماسلىقتۇر.



قەلئەسىنىڭ تېمىغا كەيىننى قىلىپ ئۇرۇشۇۋاتقاندا، ئەنساردىن بىر زات ئېتىنى ۋىزانتىيەلىكلەرنىڭ ئارىسىغا قەدەر چاپتۇرۇپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالدى. بۇنى كۆرگەن مۇئمىنلار: «ئۆز قولۇڭلار بىلەن ئۆزەڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار» دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن:

- لائىلاھە ئىللەللاھ! شۇنىڭغا قاراڭلار! قاراپ تۇرۇپ، ئۆزىنى ھالاكەتكە تاشلاۋاتىدۇ. - دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەبۇ ئەييۇب-ئەل ئەنسارى:

- ئەي مۇئمىنلەر! (خاتا چۈشىنىپ قالماڭلار!) بۇ ئايەت بىز ئەنسار جامائىتى ھەققىدە نازىل بولغان. ئاللاھ پەيغەمبىرىگە ياردەم قىلىپ، دىنىنى غالىپ قىلغاندا، بىز: «ئەمدى ماللىرىمىزنىڭ بېشىدا تۇرۇپ، ئۇلارنى كۆپەيتىش بىلەن مەشغۇل بولايلى» دېگەن ئىدۇق. بۇنىڭغا ئاساسەن ئاللاھ رەسۇلىغا:

وَأَنفِقُواْ فِي سَبِيلِ اللّهِ وَلاَ تُلْقُواْ بِأَيْدِيكُمْ إِلَى التَّهْلُكَةِ

**«ئاللاھنىڭ يولىدا (پۇل-مال) سەرپ قىلىڭلار، ئۆزەڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار.»** (بەقەرە سۈرىسى، 195-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن ئايەتنى ۋەھيى قىلدى. بۇ ئايەتتىكى «ئۆز قولى بىلەن ئۆزىنى ھالاكەتكە تاشلاش» دېگەنلىك مال-دۇنيا بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئاللاھ يولىدىكى خىزمەتنى تاشلاپ قويۇش دېگەنلىكتۇر. - دېدى.

بۇ ئىلاھىي ئاگاھلاندۇرۇشقا پۈتۈن سەممىيىتى بىلەن قۇلاق سېلىپ، ئىتائەت قىلغان ئەبۇ ئەييۇب ئەل-ئەنسارى ئاللاھ يولىدا خىزمەتتىن توختاپ قالمىغان ۋە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا قاتناشقان بۇ ھەربى يۈرۈشتە شېھىد بولۇپ، قەلئەنىڭ يېقىن تەرىپىگە دەپنە قىلىنغان[35].

35. ئەبۇ داۋۇد، «جىھاد»23؛ تىرمىزى، «تەپسىر»، 2 گە قاراڭ.

خىزمەتنىڭ سۈپىتى، خىزمەت قىلغۇچىنىڭ قەلبى ئەھۋالىغا باغلىقتۇر. نەپسىنىڭ پاكلىنىشى نەتىجىسىدە، قەلب سەزگۈر بولىدۇ، بۇ ئالاھىدىلىك خىزمەتتە ئەكس ئېتىدۇ.



ئەبۇ ئەييۇب ـ ئەل ئەنسارى ھەزرەتلىرى، كائىناتنىڭ پەخرى پەيغەمبىرىمىزنى ئالتە ئاي ئۆيىدە مېھمان قىلىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولغان، ئۇ پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىرلىكتە كۆپلىگەن ئۇرۇشلارغا قاتناشقان بىر ساھابە بولسىمۇ، 80 يېشىدا ئاللاھ يولىدا خىزمەتنى داۋاملاشتۇرۇشى ئىمان ھاياجىنىنىڭ ئۆمۈر بويى جانلىق قېلىشىنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرسىتىدۇ.

مۇئمىننى يېگانە قۇدرەت ئىگىسى بولغان ئاللاھقا باغلايدىغان ئىمان، ئەينى ۋاقىتتا بىر ھاياجاندۇر. بۇ ھاياجانغا ئىگە بولغان بىر مۇئمىننىڭ كۆزى ھېچ نەرسىدىن قورقماسلىقى، غەيرىتى بوشاپ قالماسلىقى ۋە ئۈمىدسىز بولماسلىقى كېرەك. چۈنكى ئاللاھتائالا ئىمان ئېيتقۇچىلارنىڭ ھېچ بىر ۋاقىت بۇشاڭلىق قىلماسلىقىنى مۇنداق ئەمر قىلغان:

**«(جىھاتتىن) بوشىشىپ قالماڭلار، شېھىد بولغانلار ئۈچۈن قايغۇرماڭلار، ئەگەر مۆمىن بولساڭلار، ئۈستۈنلۈك قازىنىسىلەر.»**
(ئال ـ ئىمران سۈرىسى، 139 ـ ئايەت)

خىزمەت ئەھلى مەسىلە تۇغدۇرىدىغان ئەمەس، مەسىلە ھەل قىلىدىغان بولۇشى لازىم. ئىشنى قۇرۇق سۆز ۋە تەنقىتكە ئايرىپ، كەمچىلىك ئىزدەشنىڭ ئورنىغا ۋەقەلەرگە ھەل قىلغۇچى روھ بىلەن يېقىنلىششى كېرەك.

مۇشەققەتلەر ئالدىدا رايى يېنىپ ئۈمىدسىز بولۇش، ھېرىپ قېلىپ، بىر چەتتە تۇرۇش ئاجىزلىقتۇر. ئاجىزلىق مۇسۇلمانغا ياراشمايدۇ. خىزمەت قىلىۋاتقان كىشىلەر ئاللاھ رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شۇ دۇئاسىنى تىلى ۋە كۆڭلىدىن چۈشۈرمەسلىكى كېرەك:

«ئەي رەببىم! ئاجىزلىقتىن، ھورۇنلۇقتىن، قورقۇنچاقلىقتىن، كۆچۈم يەتمەيدىغان ئىشتىن ساڭا سېغىنىمەن.» (بۇخارى، «دەئاۋەت»، 38)

خىزمەتتە، مۇۋەپپىقىيەتنىڭ ئاچقۇچى سەۋرى ـ تاقەت ۋە

ئىلاھىي سۆيگۈدە قىلىنغان خىزمەت ئىشتىياقى، قەلبكە ئورنىغاندا، ئىنسان ئەبەدىييەتنىڭ سەيياھى بولىدۇ. قەلب ھەججاجى زالىمنىڭ تاش يۈرەكلىكىدىن چىقىپ، يۇنۇسنىڭ شەپقەت پوستىغا كىرىدۇ. بۇ روھ بىلەن ئىگە بولغان ئىلىم، ئىنسانىنى مەستخوش قىلىدىغان ئەبەدىلىككە يەتكۈزىدۇ.



چىدامدۇر. ئاللاھتائالا قۇرئانى كەرىمدە:

**«ئى مۆمىنلەر! تائەت-ئىبادەتنىڭ مۇشەققەتلىرىگە ۋە سىلەرگە يەتكەن ئېغىرچىلىقلارغا سەۋر قىلىڭلار، دۈشمەنلەرگە زىيادە چىداملىق بولۇڭلار، (چېگرالىرىڭلارنى ساقلاپ) جىھادقا تەييار تۇرۇڭلار، مەقسىتىڭلارغا يېتىش ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇڭلار. (يەنى ئۇنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلماڭلار)»**
(ئال-ئىمران سۈرىسى، 200-ئايەت)

**«ئى مۆمىنلەر! سەۋر ئارقىلىق، ناماز ئارقىلىق ياردەم تىلەڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر.»**
(بەقەرە سۈرىسى، 153-ئايەت) دېگەن.

بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇپەسسىر ئەلماللى مۇھەممەد. ھامدى يازىر شۇ ئىپادىلەرگە يەر بەرگەن:

«ئەسمائى ئىلاھىيە (ئاللاھنىڭ ئىسىملىرى)دىن بىرى «ئەس-سابۇر» ئىسمىدۇر. ھەر كىمدە سەۋر بولسا، ئۇنىڭدا ئاللاھنىڭ قۇدرىتىدىن بىر تەجەللى باردۇر. بۇ سەۋرلىك كىشىلەر بىر يەرگە كېلىپ، بىر جامائەت بولسا ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا ئاللاھنىڭ ياردىمىگە مۇيەسسەر بولىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ دوستى ۋە ۋەلىيسىدۇر[36].»

خىزمەت ئەھلىنىڭ، خىزمەتنى ئادا قىلىش جەريانىدا ھەر تۈرلۈك جاپا-مۇشەققەتلەرگە ئۇچرىشى تەبىئى ئەھۋالدۇر. بۇ مۇشەققەتلەر ئالدىدا چىداملىق بولۇپ، سەۋر بىلەن يولىنى داۋاملاشتۇرغانلار ئىلاھىي ياردەمگە مۇيەسسەر بولۇپ، غەلىبىگە ئېرىشىدۇ.

ئىمامى راببانى مۇنداق دەيدۇ:

«ئىسلامنىڭ ھەقىقەتلىرىنى تەبلىغ قىلىش جەريانىدا، بەزى ئىنسانلار ئۇچرايدىغان جاپا-مۇشەققەتلەرنى سائادەت دەپ بىلىش

«لوقما ئۇرۇقتۇر. پىكىر-قاراشلار، ئۇنىڭ مەھسۇلىدۇر. لوقما دېڭىزدۇر، مەرۋايىتلىرى پىكىرلەردۇر. ئېغىزىڭغا ئالغان ھالال لوقمىدىن ئاللاھقا خىزمەت ۋە ئاخىرەتكە قايتىش ئارزۇسى كېلىپ چىقىدۇ.»

- ھەزرىتى مەۋلانا

---

36. ئەلماللى مۇھەممەد. ھامدى يازىر، «ھەق دىنى قۇرئان تىلى»، 1-جىلد، 546-بەتلەرگە قاراڭ.



كېرەك. پەيغەمبەرلەر نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە ئۇچرىغان. ھەتتا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىكى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: "مەن كۆرگەن ئەزىيەتنى ھېچ بىر پەيغەمبەر كۆرمىگەن." («مەكتۇبات» ، 193 ـ مەكتۇپ)» دېگەن.

مۇھەممەد ئىقبالغا ئائىت شۇ تەمسىلىي سۆزلەر، مۇشەققەت ئالدىدىكى ھەر خىزمەت ئەھلىنىڭ يولىغا چىراقتۇر.

بىر كىيىك يەنە بىر كىيىككە دەردىنى تۆكۈپ:

ـ بۇنىڭدىن كېيىن كەبە، ھەرەمدە ياشايمەن. ئۇ يەردە يېتىپ قوپىمەن، ئۇ يەردە ئوتلايمەن. چۈنكى بۇ يايلاقتا ئوۋچىلار ماراپ تۇرىدۇ، كېچە ـ كۈندۈز بىزنىڭ ئىزىمىزنى پايلاپ يۈرۈۋاتىدۇ. ئوۋچى دەردىدىن خالاس بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن. كۆڭلۈم بىر ئاز بولسىمۇ خاتىرجەم بولسۇن دەيمەن. ـ دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان يەنە بىر كىيىك:

ـ ئەي ئەقىللىق دوستۇم! ياشىماق ئىستىسەڭ، خەتەر ئىچىدە ياشا، ئۆزەڭنى داۋاملىق بىلەي تېشىدا بىلەپ تۇر، جەۋھىرى پاكىز بولغان قىلىچتىن كەسكىن ياشا، خەتەر قۇدرەتنى سىنايدۇ. جىسىم ۋە جاننىڭ نېمىلەرگە قادىر ئىكەنلىكىنى، بىزگە ئۇ بىلدۈرىدۇ. ـ دەپتۇ.

سۇپيانى سەۋرى:

«خوراسانغا بېرىپ تەبلىغ قىلىش مەككىدە مۇجاۋىر بولۇش (ئۇ يەردە قىلىپ ياشاش)قا قارىغاندا، سەن ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىلىقتۇر.» دېگەن.

خىزمەت ئەھلى، جاپا ـ مۇشەققەت ۋە قىيىنچىلىقلار ئالدىدا بوشاپ قالماسلىقى، ئەكسىچە قىيىنچىلىق ئالدىدا تۇرۇۋۇتقانلىقى ئۈچۈن سەۋرچانلىقنى كۈچلەندۈرىشى، تېخىمۇ كۈچلۈك بولۇشى لازىم. كۆڭۈللەرگە شىپا بولىدىغان ئەبەدى سائادەت دورىسىنىڭ مۇشكۈل زامانلار ۋە قىيىنچىلىق دىيارلىرىدا ساقلانغانلىقىنى ئېسىدىن چىقارماسلىقى كېرەك. ھەقىقەتەن، زەخمەت چەكمەستىن رەھمەت،

«كۆڭۈل تۇپراق ئاستىدا چىرىپ كەتمىگەندەك، كۆڭۈل مەھسۇلى بولغان ئەسەرلەرمۇ، ئەينى شەكىلدە ئەبەدىيلىشىدۇ. كۆڭۈل ئەرلىرى خىزمەتلىرىنى بەرزاخ ئالىمىدىمۇ داۋاملاشتۇرۇپ، ئارىمىزدا ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆمۈرلىرى، ھاياتتىكىلەردىن تېخىمۇ ئۇزۇن بولىدۇ.»

ـ ھەزرىتى مەۋلانا



كۆلپەت كۆرمەستىن نېمەتكە ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەستۇر. چۈنكى ئۆمۈرنى مەنىلىك قىلىدىغان نەرسە، شۇ مۇقەددەس غايىلەر ئۈچۈن كۆرسىتىلگەن غەيرەتلەردۇر.

خىزمەت كېلىپ كېتىدىغان سەۋدا ئەمەس. ئاخىرقى نەپەسكە قەدەر سۆيگۈ-مۇھەببەت ۋە ھاياجان بىلەن ئادا قىلىنىدىغان ئۇلۇغۋار ۋەزىپىدۇر. بۇ جەھەتتىن خىزمەت ئەھلىنىڭ ئۇزۇقى سەۋرى-تاقەت، يۆلەنچۈكى ئاللاھ بولۇشى كېرەك.

بۈيۈكلەر شۇ ئۈچ خىل ئالاھىدىلىكتىكى كىشىنىڭ ئاللاھتىن يىراق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان:

1. راھەت-پاراغەت ئۈچۈن خىزمەتتىن قاچىدىغانلار،
2. ئەستايىدىل ئىكەنلىكىنى باھانە قىلىدىغان (كۆڭلۈم خالمايدۇ دەپ) چۈشكۈن كىشىلەر ۋە ماتەم ئەتراپىدىن يىراق تۇرىدىغانلار،
3. گۇناھكار، فاسىقلار بىلەن ئۈلپەت، ھالداش بولغانلار.

ھاياتنىڭ لەززىتى شۇ ئۈچ نەرسە تاتلىق بولىدۇ:

1. سۆيگۈ-مۇھەببەت بىلەن بىرلەشكەن ئىماندا،
2. تەئدىل-ئەركان بىلەن ئادا قىلىنغان ئىبادەتتە،
3. مەپتۇن قىلارلىق گۈزەللىك بىلەن قىلىنغان خىزمەتتە.

❁

خىزمەتنىڭ ئاللاھ نەزىرىدە مەقبۇل بولۇشى ئۇنىڭ ئەستايىدىللىق بىلەن ئادا قىلىنىشىغا باغلىق. ئەستايىدىل بولمىغان غەيرەتلەردىن ئۈمىد قىلغان نەتىجىنى كۆرگىلى بولمىغاندەك، ئەكسىچە ئارزۇ قىلمىغان نەتىجىلەرمۇ كېلىپ چىقىدۇ.

ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتىغا، شەپقەت، مەرھەمەت بىلەن خىزمەت قىلىش كۈچلۈك سەۋرى-تاقەت ۋە غەيرەت تەلەپ قىلىدىغان كۆڭۈل ئىشىدۇر. كامىل خىزمەت ئەھلى مەرھەمەت، شەپقەت، پىداكارلىق، غەمگۈزارلىق كەبى ئەخلاقى خىسلەتلەر بىلەن جابدۇلغان، نەپرەت ۋە

مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇدىيىتى سەممى، ئاك-سەۋىيەلىك قەلبكە ئىگە نەسىللەر يېتىشتۈرۈش بىلەن مۇمكىن. باللىرىغا چاناققەلئە داستانىنى ئەللەي ناخشىسى قىلغان ئەۋلاتلار ئىمانىنىڭ ۋە مىللىتىنىڭ پۈتۈن ماددى-مەنىۋي قىممىتىنىڭ ئىگىسى بولالايدۇ.



ھەسەتتىن يىراق بولغان كىشىدۇر.

ئەقىل ۋە ھېكمەت كۆزى بىلەن قارىغاندا، قۇرئانى-كەرىمدە بۇ گۈزەل خىسلەتلەر ئەڭ كۆپ تىلغا ئېلىنغان. بۇنىڭغا قوشۇمچە قىلىپ، قۇرئاندا زىكىر قىلىنغان قىسسەلەرمۇ ئەخلاقى ئاساسلارنى تاماملايدىغان ماھىيەتتە. ئەھكام ئايەتلىرى يەنە ئەخلاقى ھەرىكەتلىرىمىزنىڭ زۆرۈر تەتبىقاتىنى كۆرسىتىدۇ.

دىنىي مۇكەممەللىشىشتىن ئىبارەت بولغان ئەخلاق، ھايۋانىي ھاياتتىن ئىنسانىي ھاياتقا، خام خىسلەتلەردىن كامىل خىسلەتكە ئۆتۈش دېگەنلىك. ئەخلاقنىڭ ئاساسىنى ھۆسنى مۇتلەق، يەنى رەببىمىزنى ياخشى كۆرۈش يۆنىلىشىدە تاپىمىز. بۇنىڭ يولى ئاللاھ يولىدىكى ھەر تۈرلۈك خىزمەتتىن ئۆتىدۇ.

خىزمەت ئەھلى قانداق بىر جەمئىيەتتە ياشىشىدىن قەتئىي نەزەر ئىمانىنى مۇھاپىزەت قىلالايدىغان؛ كۆڭلىنى مال-مۈلۈك، ماقام-مەنسەپ تاماسىدىن يىراق تۇتالايدىغان؛ خىزمەت كۈتۈۋاتقان، بولۇپمۇ ئىگە-چاقىسىزلارنىڭ ئاھۇ-زارىغا دەرمان بولالايدىغان كىشىدۇر.

ئۆلۈمنى ماتەم ئەمەس، «شەبى-ئارۇس» (توي كېچىسى) ھالىغا كەلتۈرۈش شەرەپلىك خىزمەت ھاياتى بىلەن دۇنيادىن كېتىشنى بىلىدىغانلارنىڭ ئىشى. ئۇلار، ئۆلۈمدىن ئىلگىرى ئۆلۈشنىڭ سىر-ھېكمىتىنى بىلگەن ئىنسانلاردۇر.

**رەببىمىز بۇ خىسلەتلەردىن لايىقىدا ھەسسە ئېلىشنى ھەممىمىزگە نېسىپ قىلسۇن! خىزمەت قىلىش ئىمكانىمىز بار تۇرۇپ، بارالمىغان ھەر يەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى كۆڭلىمىزدە ھېس قىلدۇرىدىغان پاراسەت ئاتا قىلسۇن! كۆڭۈللىرىمىزگە خىزمەت ھاياجانى ئاتا قىلىپ، رىزاسىغا مۇۋاپىق شەكىلدە غەيرەت قىلىشقا، ھەممىمىزنى نېسىپ قىلسۇن!**

**ئامىن!**

ئون يېرىم ئادەم، بىر مۇكەممەل ئادەمگە تەڭ ئەمەس.



# ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئەمىرنامىسىدىن پارچىلار

## ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مىسىر ۋالىسى مالىك بىن ئەشتەرگە ئەۋەتكەن «ئەمىرنامە»سى

ئەمىر ۋە ئىدارەڭ ئاستىدىكى خەلققە مەرھەمەتلە مۇئامىلە قىل! ئۇلارغا قارىتا غەنىمەت ئوۋلايدىغان شىرغا ئوخشاش بولما!

ئاھالىدىن مەلۇم سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن بەزى خاتالىقلار سادىر بولىشى، قەستەن ياكى سەھۋەنلىكتىن بەزى خاتالىقلار مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن. ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىگىنىڭگە ئوخشاش، ئۇلارنىمۇ ئەپۇ قىل.

ئەپۇ قىلغان بىر ئىش تۈپەيلىدىن پۇشايمان قىلما، جازا بەرگەندە خۇشال بولما. ھەل قىلىش چارىسى بولغان مۇددەتكىچە ئالدىراقسانلىق قىلما. ھەرگىز «مەن قۇدرەت ئىگىسىمەن، ئەمىر قىلىمەن، باشقىلار ئىتائەت قىلىدۇ.» دېمە. چۈنكى بۇ ئىش قەلبكە پاسات، دىنغا زىيان سېلىپ، ئىنسانىنى مەغرۇر قىلىدۇ، مەغرۇرلۇق ئىنسانىنى ھالاكەتكە كۆتۈرىدۇ.

سەن ئىگە بولغان ماقام-مەنسەپ، سەندە كىبىر پەيدا قىلسا، پۈتكۈل ئالەملەرنى قورشاۋىغا ئالغان ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى ئويلىغىنىكى، بۇ چۈشەنچە سېنىڭ يۈكسەكلەردە پەرۋاز قىلغان خىياللىرىڭنى زېمىنغا چۈشۈرىدۇ، سېنى تاشلاپ كەتكەن ئەقلىڭنى بېشىڭغا كەلتۈرىدۇ. دىققەت قىل! ئاللاھ بىلەن قۇدرەت سېلىشتۇرۇشقا ئۇرۇنما! چۈنكى ئەزىز ۋە جەلىل بولغان ئاللاھ ھەر مۇشتۇمزورنى رەسۋا، ھەر مەغرۇرنى خار قىلىدۇ.

ئاللاھتائالا خىزمەتلىرىمىزگە، ئىخلاسىمىز نىسبىتىدە بەرىكەت ئاتا قىلىدۇ.

ئادالەتتىن ئايرىلما. ئەگەر بۇنداق قىلمىساڭ، زۇلۇم قىلغان



بولىسەن. ھالبۇكى، ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىنىڭ ئۇلارغا ۋاكالىتەن دەۋاچىسى ئاللاھتائالادۇر. ئاللاھ بىر كىشىنىڭ رەقىبى بولسا، ئۇ كىشىنىڭ تايىنىدىغان ھۆججەتلىرى باتىل بولىدۇ. قۇدرەتۇللاھ قارشىسىدا ھېچ بىر تەسىرى بولمايدۇ. بەندە قىلغان زۇلمىغا تەۋبە قىلمىغان مۇددەتكىچە، ئىلاھىي لەنەت داۋاملىشىدۇ. ئىلاھىي نېمەتلەردىن مەھرۇم قىلىدىغان ۋە ئاللاھنىڭ غەزىپىنى تىزلەشتۈرىدىغان زۇلۇمنى داۋاملاشتۇرۇشتىن بۈيۈك گۇناھ يوقتۇر.

بىر ئىش قىلىدىغان ۋاقتىڭدا، شۇنداق بىر ئىشنى تاللىغىنكى، ھەققانىيەت ئېتىبارى جەھەتتىن ئەڭ مۆتىدىل؛ ئادالەت جەھەتتىن ئەڭ ئادىل؛ خەلقنىڭ رىزاسى جەھەتتىن ھەر ئىنساننىڭ ئەھۋالى نەزەرگە ئېلىنغان بىر ئىش بولسۇن.

خەلق ئارىسىدا، سەن خەلقنىڭ ئەيىپىنى ئىزدەيدىغان كىشىلەرگە نەپرەتلەن، ئۇلارنى يېنىڭغا يېقىنلاشتۇرما. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ شۇنداق ئەيىپلىرى باركى، ئۇلارنى يېپىش، ئالدى بىلەن ۋالىينىڭ ۋەزىپىسىدۇر.

ئىنسانلار ھەققىدىكى نەپرەت تۇخۇمىنى چاق. سېنى ئىنتىقامغا ئىتتىرىدىغان، يىپلارنىڭ ھەممىسىنى كەس. سېنىڭچە ئېنىقلانمىغان نەرسىلەرنى بىلمەسكە سال. ئۇنى، بۇنى بىر-بىرىگە چېقىشتۇرىدىغان سۇخەنچىلەرنىڭ سۆزىگە دەرھال ئىشەنمە، چۈنكى سۇخەنچى قانچىلىك سەمىمى كۆرۈنسىمۇ يەنىلا ھىيلىگەردۇر.

دىققەت قىل! سېنى قىيىنچىلىقتا ئۇچراش ئېھتىمالى بىلەن قورقۇتۇپ، ياخشىلىق قىلىشتىن ۋاز كەچتۈرىدىغان بېخىلنى؛ چوڭ ئىشلارغا قارىتا غەيرىتىڭنى ئاجىزلىتىدىغان قورقۇنچاقنى ۋە زۇلۇمغا پېتىپ قېلىپ، يامان نىيەتنى ياخشى كۆرسىتىدىغان تاماخورنى مەسلىھەتكە چاقىرما. چۈنكى بېخىللىق، قورقۇنچاقلىق، تاماخورلۇق شۇنداق ناچار ئادەتكى، بۇلارنى پەقەت ئاللاھ ھەققىدە قىلىنغان يامان گۇمان، بىر يەرگە يىغالايدۇ.

مۇتتەقى ۋە ئىخلاسمەن كىشىلەرنى ئۆزەڭگە سىرداش قىل.

«مەنمەنلىك» كىرگەن يەردە ماقام-مەنسەپنىڭ بۇتپەرەستلىكى باشلىنىدۇ، ئۇ يەردە رەھمەت نامايەندە بولمايدۇ. چۈنكى مەنمەنلىك روھانىي ھاياتنىڭ راك كېسىلىدۇر.



سىنى ئالقىشلىشىغا، سەن قىلمىغان بەزى ئىشلارنى، سىنى قىلدى دەپ كۆرسىتىپ، كۆڭلۈڭنى خوش قىلىشىغا قارىتا دىققەت قىل. چۈنكى ئالقىشنىڭ كۆپ قىسمى ئۆزىنى چوڭ كۆرۈشكە سەۋەپ بولىدۇ، ئىنساننى مەغرۇر قىلىدۇ.

ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە قارىتا ھۆسنى زان (ياخشى گۇمان) قىل. بۇنداق قىلساڭ، بىھۇدە ھىرىپ-چارچاشتىن قۇتۇلىسەن.

خىزمەتلەرنىڭ بېشىغا شۇنداق بىرەيلەننى مەسئۇل قىلغىنكى، ئاللاھ ۋە رەسۇلىغا قارىتا سېنىڭچە ھەممە ئادەمدىن ئىخلاسلىق؛ قەلبى زىيادىسى بىلەن پاكىز؛ ئەقلى جايىدا بولۇش جەھەتتە ھەممىدىن ئۈستۈن بولسۇن. غەزەپلەنگەن ۋاقتىتا ئېغىر-بېسىق، سالماق ھەرىكەت قىلسۇن، ئۆزۈرلەرنى سۈكۈتتە تىڭشىسۇن، ئاجىزلارغا ئىچى ئاغرىسۇن، نەپسگە رام بولغان كۈچلۈكلەردىن يىراق تۇرسۇن. ئۇنداق غەزەپ بىلەن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، پۇشايمان بىلەن لەسسىدە ئولتۇرىدىغانلاردىن بولمىسۇن.

خەلققە ئائىت ئىشلارنىڭ چوڭ-كىچىگىنى سۈرۈشتۈرۈشنى ئۇنۇتما.

ۋالىيلار ئۈچۈن مەملىكەتتە ئادالەتنىڭ تىكلىنىشى ۋە ئاھالىنىڭ ئۆزىگە قارىتا مۇھەببەت كۆرسىتىشىدىن ئارتۇق تەسەللى يوقتۇر. چۈنكى يۈرەك سالامەت بولمىغان ئەھۋالدا، مۇھەببەت ئىزھار قىلالمايدۇ. ئەھلى خىزمەتتىن ھەر بىرسىنىڭ پىداكارلىقىنى ياخشى بىل. بىرسىنىڭ خىزمىتىنى باشقىلارنىڭكى بىلەن بىرلىكتە زىكىر قىلما. ھېچ كىمگە كۆرسەتكەن شىجائىتىگە مۇناسىپ كەلمەيدىغان تۆۋەن بىر نەرسە بەرمە. بىر ئادەمنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ بۈيۈكلىكى ئۇنىڭ كىچىك خىزمىتىنى بۈيۈك بىلىشىڭگە، مەرتىۋىسىنىڭ كىچىكلىكى ئۇنىڭ بۈيۈك خىزمىتىنى كىچىك كۆرۈشۈڭگە سەۋەپ بولمىسۇن.

تەرەپپازلىق ۋە تەكەببۇرلۇق ھېس-تۇيغۇسى بىلەن خىزمەت تەقسىم قىلما. چۈنكى بۇ ئىككى سەۋەپ زۇلۇم ۋە خىيانەتكە تۈرتكە

فىسقىق كەبى
ئۆزىدە مېغىز بار
دەپ ئويلىغان
كىشى، پىيازغا
ئوخشاش پوست
چىقىرىدۇ.

-شەيخ سەئىد



بولىدۇ. ۋەزىپە بەرگەن كىشىلەرنىڭ ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى كۆزەت. ئارقىسىدىن ۋاپادار، راستچىل كىشىلەردىن كۆزەتكۈچىلەر ئەۋەت. چۈنكى ئىشنى قانداق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشۈڭ، ئامانەتنى مۇھاپىزەت قىلىشى ۋە پۇقرالارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشىغا سەۋەپ بولىدۇ.

يىراقتىكىلەرنىمۇ ئويلا ۋە ئۇ بىچارىلەرگە چىرايىڭنى پۈرۈشتۈرمە. بۇلاردىن كىچىك بولغانلىرى ۋە ئەتراپىڭدىكىلەرنىڭ ئۇلارغا ئەھمىيەت بەرمەسلىكى تۈپەيلىدىن ئىشنى ساڭا قەدەر ئېلىپ كېلەلمىگەن ئىشلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆر. لېكىن بۇ ۋاستىچى ئۈچۈن، ئاللاھتىن قورقىدىغان، ئىشەنچلىك بىر ئادەم تەيىنلىگىنكى، ئوتتۇرىدا ۋاستىچى بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ساڭا توغرا يەتكۈزسۇن. شۇنداق ئىشلىگىنكى، ئىلاھىي ھۇزۇرغا چىققان ۋاقتىڭدا، «پۈتۈن كۈچۈمنى سەرپ قىلدىم» دېيەلىگىن.

ھاجەتمەنلەر ئۈچۈن مەخسۇس ۋاقىت ئاجرىتىپ، بىرگە ئولتۇرۇپ، سېنى ياراتقان ئاللاھنىڭ رىزاسىنى جەلب قىلىدىغان كەمتەرلىك كۆرسەت. ئۇلارنىڭ ئۇرۇنسىز سۆز-ھەرىكەتلىرىگە كەڭ قورساق بول، ئۇلارغا قوپاللىق قىلما، ئۆزەڭنى چوڭ كۆرسەتمە، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتمىساڭ، جانابى ئاللاھ ساڭا رەھمىتىنى ئاچىدۇ، تائىتىڭگە چۈشلۇق ساۋاب ئېھسان قىلىدۇ. بېرىدىغان نەرسىنى كۈلۈمسىرەپ، كۆڭۈل خوشلىقى بىلەن بەر. بېرەلمىگەن ئەھۋالدا، قوبۇل قىلغۇدەك ئۆزرە تىلە.

نىيەت خالىس ۋە خەلقنىڭ ساغلاملىقىغا پايدىلىق بولۇش شەرتى بىلەن بۇ مەشغۇلىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھ ئۈچۈن بولسىمۇ، يەنە سەن ۋاقىتلىرىڭنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى ئاللاھ بىلەن سېنىڭ ئاراڭدىكى مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشقا ئايرى.

كېچەڭ، كۈندۈزۈڭ ۋە بەدىنىڭدىن ئاللاھقا ئائىت بولغان قۇللۇق ھەققىنى ئايرىغىن. سېنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا يېقىنلاشتۇرىدىغان بۇ تائەتنى ھەر نېمە كەتسە كەتسۇن كەمچىلىكسىز ئادا قىلىشقا

«مەغرۇرلانما! ئاللاھ مەغرۇرلانغانلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ.»

(قەسەس سۈرىسى، 76-ئايەت)



تىرىش. ئەگەر نامازدا خەلققە ئىمام بولساڭ، جامائەتنى زېرىكتۈرۈپ قويىدىغان ياكى بىرەر خەيرگە يارىمايدىغان شەكىلدە ئىماملىق قىلما. چۈنكى خەلقنىڭ ئىچىدە شۇنداق كىشىلەر باركى، بەزىلىرى كېسەل، بەزىلىرىنىڭ ئالدىراش ئىشى بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى يەمەنگە ئەۋەتكەندە:

- مەن نامازدا قانداق ئىمام بولىمەن؟ - دەپ سورىغان ئىدىم. پەيغەمبىرىمىز ماڭا:

- ئەڭ ئاجىزىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ. - دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدى.

❀

مۇئمىنلارغا مەرھەمەتلىك بول. خەلقتىن يىراق ياشىما! چۈنكى ۋالىيلارنىڭ خەلقتىن يىراق بولۇشى بىر تۈرلۈك دەرت بولۇش بىلەن بىرلىكتە، مەملىكەت ئىشلىرىدىن خەۋەردار بولۇشىغا توسالغۇ بولىدۇ. ۋالىيلارنىڭ پەردىنىڭ كەينىدە ئولتۇرۇشى، پەردىنىڭ سىرتىدا يۈز بەرگەن ئىشلاردىن خەۋەردار بولۇشنى توسىدۇ. بۇنداق بولغاندا نەزەر دائىرىسى تارىيىپ، ھادىسىنىڭ چوڭى كىچىك، كىچىكى چوڭ، گۈزەللىكى سەت، سەتى گۈزەل كۆرۈنىدۇ، ھەق بىلەن باتىل ئارىلىشىپ كېتىدۇ.

ساڭا يېقىن ۋە يىراق بولغان ھەممە ئادەمنى، ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشقا رازى قىل. ئەگەر خەلق ئارىسىدا، سېنى زۇلۇم قىلدى دەپ گۇمان پەيدا بولسا ئۇلارغا ئۆزرەڭنى ئېيتىپ، گۇمانىنى يوقاتقىن. چۈنكى بۇنداق قىلىش ئارقىلىق نەپسىڭ تەربىيىلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن خەلققە يۇمشاق مۇئامىلە قىلغان بولىسەن ھەمدە ئۆزەڭنى گۇناھسىز كۆرسىتىسەن.

ۋەدە قىلغان ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ۋاقتى كەلسە ھاياتىڭنى پىدا قىل. ۋەدىگە ۋاپاسىزلىق قىلما. دۈشمىنىڭنىمۇ ئالدىما. چۈنكى زىيان ۋە مەھرۇمىيەتكە مەھكۇم بولغان ئەقىلسىزلاردىن

«ئى مۆمىنلەر! سەۋر ئارقىلىق ۋە ناماز ئارقىلىق ياردەم تەلەپ قىلىڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن سەۋرى قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر.»

(بەقەرە سۈرىسى، 153 ـ ئايەت)



باشقىسى ئاللاھقا قارشى چىقىش جۈرئىتىنى كۆرستەلمەيدۇ. سېنى تولا چۈشەندۈرگىلى سېلىپ، ئاۋارە قىلىدىغان بەزى كېلىشمەلەرنى تۈزمە.

ئۆزەڭنى ياخشى دەپ ئويلىما. نەپسىڭنىڭ ساڭا تاتلىق كۆرۈنگەن تەرەپلىرىگە ئىشەنمە. يۈزۈڭگە قارىتىپ ماختىنىشنى ئارزۇ قىلما! چۈنكى ياخشىلارنىڭ قانچىلىك ياخشىلىقى بولسا، ھەممىسىنى يۇقۇتۇش ئۈچۈن شەيتاننىڭ قولىدىكى پۇرسەتلەرنىڭ ئەڭ يامىنى بۇدۇر. خەلققە قىلغان ئېھسانىڭنى مىننەت قىلما. قىلغان ئىشىڭنى مۇبالىغە قىلىپ كۆرسەتمە ياكى ئۇلارغا بەرگەن ۋەدەڭنى بۇزما. چۈنكى مىننەت ئېھساننى تۈگۈتىدۇ، مۇبالىغە ھەقىقەتنى ئۆچۈرىدۇ، ۋەدىدىن يېنىۋېلىش خالىق ۋە مەخلۇقنىڭ نەپرىتىنى جەلب قىلىدۇ.

ئىشنى ۋاقتىدىن ئىلگىرى قىلما. ۋاقتى كەلگەندە ئۆزەڭنى قاتتىق ئاتما. ماھىيىتىنى ئوچۇق بىلمىگەن ئىشلاردا چىڭ تۇرۇۋالما. بىلگەن ۋاقتىڭدا، بوشاڭلىق قىلما.

ئىشلەتكەن ئادەملىرىڭدىن كېلىپ چىققان خاتالىقلارغا قارىتا سەندىن كۈتۈلگەن ھەرىكەتتىن خەۋەرسىزدەك، مۇئامىلە قىلما! ئەكسى تەقدىردە باشقىسىنىڭ ھېسابىغا سەن جازالىنىسەن. ئىشلارنىڭ ئۈستىدىكى پەردىلەر كۆزۈڭنىڭ ئالدىدا ئېچىلىدۇ ۋە مەزلۇمنىڭ ھەققى سەندىن ئېلىنىدۇ.

غەزىپىڭگە، قولۇڭغا، تىلىڭغا، نەپسىڭگە ھاكىم بول! بۇلاردىن يىراق تۇرۇش ئۈچۈن پالاكەتلەردىن يىراق تۇر. ئاچچىقلىق يانسۇن ۋە ئىرادەڭگە ھاكىم بولغىن. شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، ئاللاھقا قايتىدىغانلىقىڭنى ئويلاپ ئەندىشە قىلمىغىچە، نەپسىڭگە ھاكىم بولۇشۇڭ مۇمكىن ئەمەستۇر.

بىزنىڭ دۇئا ۋە تىلىگىمىز ئاللاھقادۇر. ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا دۇرۇت ۋە سالام بولسۇن.

«مازار تەييارلاش
تاش، توپراق،
كەتمەن بىلەن
ئەمەستۇر. داغسىز
بىر كۆڭۈلدە ئۆز
ئىچىڭدىكى پاكلىق
ئالەمدە، ئۆزەڭگە
بىر مازار قېزىشىڭ،
ئاللاھنىڭ بارلىقى
ۋە قۇدرىتى
ئالدىدا ئۆزەڭدىكى
مەنمەنلىكنى
كىچىككىنە
مەۋجۇدىيىتىڭنى
دەپنە قىلىشىڭ،
يوق قىلىشىڭ
كېرەك.»

- ھەزرىتى مەۋلانا



# ئەدىبالى ھەزرەتلىرىدىن نەسىھەتلەر


## شەيخ ئەدىبالى ھەزرەتلىرىنىڭ ئوسمان غازىغا قىلغان نەسىھەتلىرى

ئەي ئوغۇل بەگ بولدۇڭ! بۇنىڭدىن كېيىن:
«بىز غەزەپلەنسەك، سەن سۈكۈت قىلىسەن.
بىز خاپا بولساق، سەن كۆڭۈل ئالىسەن.
بىز ئەيىپلىسەك، سەن سۈكۈت قىلىسەن.
بىز ئاجىزلىق قىلساق، سەن سەۋرى قىلىسەن.
بىز جەڭگى-جېدەللەشسەك، سەن ئادالەتنى ئورنىتىسەن.
بىز ناھاق سۆزلەپ، شۇم ئېغىزلىق قىلساق، سەن ئەپۇ قىلىسەن!
ئەي ئوغۇل!
بۇنىڭدىن كېيىن بىز تەپرىقچىلىك قىلساق، سەن ئىتتىپاقلاشتۇرىسەن.
بىز ھورۇنلۇق قىلساق، سەن ئاگاھلاندۇرىسەن.»
ئەي ئوغۇل!
«يۈكۈڭ ئېغىر، ئىشىڭ مۈشكۈل، كۈچۈڭ قىلغا باغلاغلىق. ئاللاھتائالا ياردەمچىڭ بولسۇن، بەگلىكىڭنى مۇبارەك، ھەقىقەت يولىدا پايدىلىق قىلسۇن. نۇرۇڭنى پارلاق قىلسۇن، يىراقلارغا يەتكۈزسۇن، ساڭا يۈكۈڭنى كۆتىرىدىغان كۈچ، پۈتۈڭ تېيىلىپ كەتمەيدىغان ئەقىل ئاتا قىلسۇن.»
ئەي ئوغۇل!
كۈچلۈك، ئەقىللىق، سۆزگە ماھىرسەن. ئەمما بۇلارنى قەيەردە، قانداق ئىشلىتىشنى بىلمىسەڭ، ساباھ شاماللىرىدا سورۇلۇپ كېتىسەن.

«ئى مۆمىنلەر! سىلەر نېمە ئۈچۈن قىلمايدىغان ئىشنى قىلىمىز دەيسىلەر؟»

(سەپ سۈرىسى، 2-ئايەت)

بىلىش كېرەككى، كىشىنىڭ ئەينىكى سۆزى ئەمەس، قىلغان ئىشىدۇر.




غەزەپ ۋە نەپسىڭ بىر بولۇپ، ئەقلىڭنى مەغلۇپ قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن داۋاملىق سەۋرى-تاقەتلىك، ئىرادىلىك بول!

«سەۋرى-تاقەت ناھايىتى مۇھىم. بىر بەگ سەۋر قىلىشنى بىلىشى كېرەك. ۋاقىتدىن ئىلگىرى چېچەك ئېچىلمايدۇ. خام ئامۇتنى يېگىلى بولمايدۇ، ئەگەر يېسە مەيدىگە تۇرۇپ قالىدۇ. بىلىمسىز قىلىچ، خام ئامۇتقا ئوخشايدۇ.»

«مىللىتىڭ ئىرپانىڭ ئىچىدە ياشىسۇن، ئۇنىڭغا كەينىڭنى قىلما. ھەر ۋاقىت ئۇنىڭ بارلىقىنى ھېس قىل. جەمئىيەتنى ئىلىم-ئىرفان ئاياقتا تۇتىدۇ.»

ئەي ئوغۇل!

«ئىنسانلار بار، شەپەق ۋاقتىدا تۇغۇلىدۇ، ناماز شام ئەزانىدا ئۆلىدۇ.»

«دۇنيا، سېنىڭ كۆزلىرىڭ كۆرگەندەك، بۈيۈك ئەمەس. ئېچىلمىغان سىرلار، بىلىنمىگەنلەر پەقەت سېنىڭ پەزىلەت، ئادالىتىڭ بىلەن يورۇقلۇققا چىقىدۇ.»

«ئاتا-ئاناڭنى ھۆرمەت قىل. بىلگىنىكى، بەرىكەت چوڭلار بىلەن بىرگە.»

«بۇ دۇنيادا ئەقىدەڭنى يوقۇتۇپ قويساڭ، يېشىل تۇرۇپ قۇرۇيسەن، چۆلگە ئايلىنىسەن.»

«ئوچۇق سۆزلۈك بول! ھەر سۆزنى كۆڭلۈڭگە ئالما! (مەخپى تۇتۇلىشى تېخىمۇ پايدىلىق ھەتتا ئەۋزەل بولغان جەھەتلەردە) كۆرگىنىڭنى سۆزلىمە، بىلگىنىڭنى دېمە! ياخشى كۆرۈلگەن يەرگە، (زىرىكتۈرۈپ قويىدىغان دەرىجىدە) داۋاملىق بېرىپ كەلمە! بۇنداق قىلساڭ، ئېتىبارىڭغا دەخلى يېتىدۇ.»

«شۇ ئۈچ كىشىگە: نادانلار ئارىسىدىكى ئالىم؛ باي ئىكەن يوقسۇل بولۇپ قالغان؛ ھۆرمەتلىك ئىكەن ئېتىبارىنى يوقۇتۇپ قويغانلارغا تېخىمۇ كۆپ رەھىم قىل!»

«ئونۇتمىغىنكى، يوقىرىدىكىلەر، تۆۋەندىكىلەر قەدەر بىخەتەر

ئىنسانلارنىڭ ئەڭ خەيرلىسى ئىنسانلارغا پايدىلىق بولغىنىدۇر.



ئەمەس.»

«ھەققانىي كۆرىشىڭدىن قورقما! بىلىسەنكى، ئاتنىڭ ياخشىسىنى تۇلپار، يىگىتنىڭ ياخشىسىنى باتۇر دەيدۇ.»

«ئەڭ بۈيۈك زەپەر، نەپسىڭنى تونىشىڭدۇر. دۈشمەن ئىنساننىڭ ئۆزىدۇر، دوست نەپسىنى تونىغۇچىنىڭ ئۆزىدۇر.»

«ئىنسان بىر قېتىم ئولتۇرغان بولسا، يېرىدىن ئاسانلىقچە ئۆرە تۇرمايدۇ. ئىنسان، ھەرىكەت قىلمىغانسىرى پۇت-قولى ئۇيۇشۇپ قالىدۇ، مۇشۇنداق ئولتۇرۇپ قالغاندا، سۆز-چۆچەك قىلىشقا باشلايدۇ، سۆز-چۆچەك غەيۋەتكە بارىدۇ. غەيۋەت باشلىنىغاندا، باشقىلار ئىسلاھ بولمايدۇ، دوست دۈشمەن بولىدۇ، دۈشمەن جاللاتقا ئايلىنىدۇ.»

«ئىنساننىڭ كۈچى بىر كۈنى تۈگەيدۇ، ئەمما بىلىم ياشايدۇ. بىلىمنىڭ نۇرى، يۇمۇلغان كۆزلەرنىڭمۇ ئىچىگە ئۆتۈپ، يورۇقلۇققا چىقىرىدۇ.»

«ھايۋان ئۆلسە، سۆڭەكچى قالىدۇ. ئىنسان ئۆلسە ئەسەرى قالىدۇ. كەتكەندىن ئەمەس، بىر نەرسە قالدۇرمىغاننىڭ كەينىدىن يىغلاش كېرەك. قالدۇرغاننىڭ قالغان يېرىدىن داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. جىم تۇرۇشقا، ئارام ئېلىشقا ھەققىمىز يوق. چۈنكى ۋاقتىمىز يوق، مۆھلەت ئاز!»

«سۆيگۈ داۋانىڭ ئاساسى بولىشى كېرەك. سۆيۈش جىمجىتلىقتا بولىدۇ، ۋارقىراپ سۆيگىلى، باشقىلارغا كۆرسىتىپمۇ سۆيگىلى بولمايدۇ.»

«ئۆتمۈشنى بىلمىگەن، كەلگۈسىنىمۇ بىلەلمەيدۇ. ئوسمان! ئۆتمۈشىڭنى ياخشى بىلگىنكى، كەلگۈسىگە ساغلام قەدەم تاشلىيالايسەن. قەيەردىن كەلگەنلىكىڭنى ئۇنۇتمىغىنكى، قەيەرگە كېتىدىغانلىقىڭنىمۇ ئۇنۇتمايسەن.»

شەيخ ئەدىبالىنىڭ ئوسمان غازىغا قىلغان بۇ نەسىھەتلىرى، ئوسمانىيە دۆلىتىدە سۇلتاندىن باشلاپ ئۆلىماسىغا، ئەسكىرىدىن باشلاپ دەرۋىشىگە قەدەر دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇپ، سان-ساناقسىز

يىراقتىن قۇماندانلىق قىلىپ، خىزمەت قىلغىلى بولمايدۇ. خىزمەتنىڭ بېشىدىكىلەر داۋاملىق ئالدىدا مېڭىشى كېرەك.



مۇۋەپپىقىيەتلەرگە ۋەسىلە بولغان. بۇ سەۋەپتىن ئوسمانىيەنىڭ ھەقىقىي قۇرغۇچىلىرى ئەدىبالى جەمەتى ۋە ئۇلارنىڭ بەرىكەتلىك قوللىرىدا يېتىشكەن كۆڭۈل سۇلتانلىرىدۇر. يەنى ئوسمانىيە تۇپرىقىدىكى پەزىلەت ۋە گۈزەللىك ئۇ گۈل تەبىئەتلىك كۆڭۈللەرنىڭ ئەسىرىدۇر. بۇ ھەقىقەتنى "گۈلىستان" ناملىق ئەسەردىكى شۇ ھېكايە گۈزەل تەسۋىرلەپ بېرىدۇ:

شەيخ سەئىد دەيدۇكى:

بىر كۈنى hاممامدا دوستلاردىن بىرى ماڭا خۇشپۇراق سۇپۇن (پاكىزلايدىغان سېغىز) پارچىسى بەردى. سۇپۇندىن:

-ئەي مۇبارەك! سەن ئەتىرمۇسەن ياكى ئەنبەرمۇ؟ سېنىڭ خوشبۇي پۇرىقىڭ بىلەن مەست بولدۇم. - دېدىم. سوپۇن ماڭا مۇنداق جاۋاب بەردى:

- مەن بىر گۈلنىڭ تۇپرىغى ئىدىم. ئۇ گۈلنىڭ يوپۇرماقلىرى سەھەر شەبنەملىرى بىلەن نەملىنىپ، مېنىڭ ئۈستۈمگە يىغلاپ تامچىلايتتى. مەن بۇ ياشلار بىلەن خېمىرغا ئوخشاش يۇغۇرۇلدۇم. مەن ئەسلىدە ئاددى بىر سېغىز پارچىسىمەن. بۇ پۇراق ئۇنىڭدىندۇر.

خۇلاسە قىلساق، ئوسمانىيە دۆلىتى كۆڭۈللەرگە تامغان شەبنەملەر بىلەن يوغۇرۇلغان ۋاقىتلاردا، جاھانغا تەسۋىرلىگۈسىز غۇنچىلار ئېچىپ، نىزامى ئالەمدىكى ۋەزىپىسىدە پەزىلەتلەر مەنبەسى بولغان. بولۇپمۇ ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ ئالدىنقى ئۈچ ئەسىرىدىكى داھىلار زەنجىرىنىڭ بەرىكىتى، بەئەينى بىر گۈلنىڭ تۇپرىقىدا ئوتتۇرىغا چىققان. ئۇ گۈلكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سىمۋولىدۇر. يەنى ئۇ كائىناتنىڭ پەخرى پەيغەمبەر ئەخلاقى بىلەن گۈللەر گۈلىدۇر، زاھىرى، باتىنى تەرىپى بىلەن گۈللەرنىڭ شاھىدۇر.

**رەببىمىز بىزگە ئۇنىڭ ھالىدىن بىر زەررە نېسىپ قىلىپ، دۇنيا-ئاخىرەتنىڭ ئۇ تەڭداشسىز گۈلىنىڭ بىر شەبنىمى بولۇشنى ئېھسان قىلسۇن! ئامىن!**

بىر ئىشقا رام بولماي، ئۇ ئىشقا ئىگە بولۇش مۇمكىن ئەمەس.

## لۇغەتچە



**ئارىف:** لۇغەتتە «بىلگۈچى، تونۇغۇچى، ھالىنى چۈشەنگۈچى» دېگەندەك مەنىلەردە كەلگەن. ئارىف كەلىمىسى بىر تەسەۋۋۇپى ئاتالغۇ بولۇپ، مەنىۋىي تەجرىبە بىلەن مەرىپەت ۋە ھەقىقەت مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن كىشى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئارىف كىشى ئىگە بولغان ئىلىم مەرىپەت دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئاناتولىيە:** ئاسىيا قىتئەسىنىڭ غەربىي جەنۇبى ئۇچىدىكى بىر يېرىم ئارال. پۈتۈنلەي تۈركىيە چېگرىسى ئىچىگە جايلاشقان. شىمال تەرىپىدە قارا دېڭىز، غەرب تەرىپىدە مەرمەر (مارمارا) ۋە ئېگەي دېڭىزى، جەنۇبىدا ئاق دېڭىز بار. غەرپلىكلەر بۇ يەرنى ئىلگىرى «كىچىك ئاسىيا» دەپ ئاتىغان.

**ئەھسەنى تەقۋىم:** «ئەڭ گۈزەل ئۆرنەك» دېگەن مەنىدە. قۇرئانى-كەرىم ئەھزاب سۈرىسى 21-ئايەتكە قاراڭ.

**تەسەۋۋۇپ:** سۆز مەنىسى «يۇڭ كىيىم كېيىش، ساپ بولۇش» بولۇپ، تەسەۋۋۇپنىڭ نۇرغۇن تەبىرى بار. بۇلاردىن بەزىسى مۇنداق: «يامان خۇيلارنى تەركېتىپ، ياخشى خۇيلۇق (گۈزەل ئەخلاقلىق) بولۇش»؛ «تەسەۋۋۇپ باشتىن-ئاخىرغىچە ئەدەبتۇر»؛ «پاكىز قەلب، پاك كۆڭۈل ئىگىسى بولۇش»؛ «باشقىلارنىڭ يۈكىنى كۆتىرىش، لېكىن ئۆزى باشقىلارغا يۈك بولماسلىق»؛ «ھېچكىمنى رەنجىتمەسلىك، ھېچكىمدىن رەنجىمەسلىك». قىسقىسى، تەسەۋۋۇپنى مۇنداق تەرىپلەش مۇمكىن: «كىشىگە ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك ئىبادەت قىلىش روھىي ھالىتىگە كېلىش يولىنى كۆرسىتىدىغان ئىلىم». تەسەۋۋۇپنى ئۆزىنىڭ ياشاش ئۇسۇلى قىلغان كىشى سۇپى ياكى مۇتەسەۋۋۇپ دېيىلىدۇ.

**خەيرىپەرۋەر:** خەيرپەرۋەر، ياخشىلىقپەرۋەر.

**خىزمەت ئەرى:** خىزمەت ئەھلى

«نەيىنىڭ ئاۋازى يۈرەكنى كۆيدۈرىدىغان ھەسرەت ۋە ئىشقى-مۇھەببەت ئۇتىدۇر. نەيىنىڭ ئاۋازىدىكى تەسىر، ئۇنىڭ ئىچىگە چۈشكەن ئىشق ئۇتى سەۋەبىدىندۇر. كىمدە بۇ ئوت بولمىسا، ئۇ يوقالسۇن (شەخسىيەتتىن ئايرىلىپ چىقسۇن!)»

- ھەزرىتى مەۋلانا



«(جىھاتتىن) بوشىشىپ قالماڭلار، شېھىد بولغانلار ئۈچۈن قايغۇرماڭلار، ئەگەر مۆمىن بولساڭلار، ئۈستۈنلۈك قازىنىسىلەر.»

(ئال-ئىمران سۈرىسى، 139-ئايەت)

**زارۇرەت:** زۆرۈرىيەت

**زەلىل بولغان:** خار، بىچارە بولۇش، پەسلىشىش

**زۇھد:** سۆز مەنىسى «قىزىقماسلىق، رىغبەتلەنمەسلىك» بولۇپ، تەسەۋۋۇپتىكى مەنىسى: ئاخىرەتكە بۇرۇلۇش، دۇنياغا مەپتۇن بولۇپ كەتمەسلىك، مال-دۇنيا قولدا، يانچۇقتا بولۇش، لېكىن ئۇنىڭ مۇھەببىتى كۆڭۈلدە بولماسلىق دېگەنلىكتۇر. زۇھد دۇنيانى تامامەن تەرك قىلىپ، ئىشلىمەسلىك، دۇنيا نېمەتلىرىدىن يۈز ئۆرۈپ، قۇرۇق نان يەپ، جەندە-كۈلا كىيىپ يۈرۈش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى لەززەتلىك نەرسىلەرنى ئازايتىش، ئۇلارغا بېرىلىپ كەتمەسلىك دېگەنلىكتۇر. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئاخىرەتنى ئۇنتۇپ، دۇنياغا ئەسىر بولۇپ قالماسلىق دېگەنلىكتۇر.

**زىكرە شاياندۇر:** ماختاشقا ئەرزىيدۇ.

**فىستىق:** پىستىق مېغىزى، پىستىق دەرىخى.

**كەرەم ساھىبى:** مەرت كىشى .

**لۇتۇف:** سۆز مەنىسى «ياخشىلىق، مۇۋەپپىقىيەت، يۇمشاق مۇئامىلە قىلىش» دېگەنلىك بولۇپ، دىنىي ئاتالغۇدىكى مەنىسى «ئاللاھنىڭ بەندىلەرگە قىلغان ياردىمى، ئۇلارنى مۇۋەپپىقىيەتكە ئېرىشتۈرۈشى، قوغدىشى» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. لۇتۇف ئىگىسى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «لاتىف» كەلىمىسى ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بىرىدۇر.

**مۇھەققەق:** ھەقىقەتەن، شۈبھىسىزكى.

**مىستىك ھەرىكەتلەر:** مىستىتىزىم ھەرىكەتلىرى.

**ۋەسىلە:** سەۋەپچى.

**ۋۇسلات:** ۋىسالغا يېتىش دېگەن مەنىدە. قارىمۇ-قارشى مەنىسى ھىجران.

**ئىرشاد:** لۇغەتتە: «توغرا يولنى كۆرسىتىش» مەنىسىدە كەلگەن ئىرشاد سۆزى بىر دىنىي ئاتالغۇ بولۇپ، مۆمىنلەرنى دىنىي ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلىشقا چاقىرىش دېگەننى بىلدۈرىدۇ.



**ئىسار:** ئۆزى موھتاج تۇرۇپ، ئۆز ھەققىنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىش؛ پىداكارلىق، مەرتلىكنىڭ يۇقىرى پەللىسى. مەسىلەن: پەيغەمبىرىمىز دەۋرىدە مەدىنىدىكى ئەنسارلارنىڭ مەككىدىن ھىجرەت قىلىپ كەلگەن مۇھاجىرلارغا قىلغىنىدەك.

**ئىستىشارە:** مەسلىھەت، كېڭەش.

**ئىستىقلال:** مۇستەقىللىق.

**ئېھسان:** لۇغەتتە «بىر ئىشنى ياخشى قىلىش، پايدىلىق ئىش قىلىش، ياخشىلىق قىلىش، ئىكرام ۋە ئىنئام قىلىش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: «ئېھسان دېگەن نېمە؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك ئىبادەت قىلىشتۇر. گەرچە سەن ئۇنى كۆرەلمىسەڭمۇ، ئۇ سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن. (بۇخارى، «ئىمان»، 37، 1 ـ جىلد، 18)

**ئىلاھىي كەلىمەتۇللاھ:** ئاللاھۇ ئەكبەر

**ئىمپېرىئالىزىم:** تاجاۋۇزچىلىق

(دىنىي ئاتالغۇلارنىڭ مەنىسى تۈركچە «دىنىي ئاتالغۇلار لۇغىتى» دېگەن كىتاپتىن قىسقارتىپ ئېلىندى.)

«ئاللاھنىڭ يولىدا (پۇل ـ مال) سەرپ قىلىڭلار، ئۆزەڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار.»

(بەقەرە سۈرىسى، 195 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

## كىتاب ھەققىدە پىكرىڭىز

.................................................................................

.................................................................................

.................................................................................

.................................................................................

.................................................................................

.................................................................................

.................................................................................

.................................................................................

.................................................................................

.................................................................................

.................................................................................

.................................................................................

.................................................................................

.................................................................................

.................................................................................

.................................................................................

.................................................................................

.................................................................................

.................................................................................

.................................................................................

.................................................................................